جۇڭگونىڭ يىڭى دىموكراتىزم
ئىنقىلاۋى تارىخى

ميللەتلەر نەشرياتى
بيجين

بۇكىتاپ 1953 ـ ژىلى يانۋاردا خەلىق نەشرىياتى تەرىپى‌ـ
دىن بىجىندە نەشىرقىلىنغان، تۈزۈتۈلگەن 12 ـ نەشرىگە ئاساسـ
لىنىپ تەرجىمە قىلىندى.
本書係根據人民出版社1953年1月北京修訂十二版翻譯

مۇندەرىجە

بەت

بىرىنچى قىسىم — جۇڭگو يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى — «4-ماي ھەرىكىتى»

(1921 — 1919)

بىرىنچى باب: جۇڭگو يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى — «4 — ماي ھەرىكىتى»...3

1 — بىرىنچى قېتىملىق ئىمپېرىيالىستىك دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ۋە ئۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە جۇڭگو كاپىتالىزمىنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەرەققى قىلىشى، جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭىدىن ئويغىنىشى — يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەرەققى قىلىشى..........3

2 — رۇسىيەدىكى سوتسىيالىستىك ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ھەم دۇنيا ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ جۇڭگونىڭ ئويغىنىشىغا بەرگەن تەسىرى بىلەن، جۇڭگو ئىنقىلابى، پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى... 13

3 — «4 — ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆتمۈشى..............................18

4 ـ «4 ـ ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ...24

5 ـ ماۋزېدۇڭنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى، «شاڭجاڭ ئوبزورى» نى چىقىرىشتىن تارتىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىدە ئىشلەشكىچە ـ «4 ـ ماي» مەزگىللىرىدىكى ئەڭ توغرى نىشانە ...29

6 ـ جۇڭگو يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىش دەۋرى بولغان «4 ـ ماي» ھەرىكىتى توغرىسىدا ئاخىرقى سۆز ...32

ئىككىنچى قىسىم ـ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بىرىنچى قېتىمقى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرى

(1921 — 1927)

ئىككىنچى باپ: جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ...39

1 ـ جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ سىنىپ بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ...39

2 ـ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، مەملىكەتلىك بىرىنچى قۇرۇلتايى، پارتىيەنىڭ توغرا تەشكىلىي پرىنسىپى بىلەن سىياسىي يولىنىڭ بەلگىلىنىشى ...44

3 ـ كومپارتىيەنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدىكى ھەرىكىتى، شاڭخاي ـ دىكى دېڭىزچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى، ماۋزېدۇڭ يېتەك ـ چىلىكىدىكى خۇنەن ئىشچىلىرى ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى...48
4 ـ «7 ـ فېۋرال ھەرىكىتى» نىڭ ئوتمۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەھەم ـ مىيىتى 57
ئۈچۈنچى باپ: جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ گومىن ـ داڭ بىلەن ھەمكارلىشىشى 62
1 ـ ئىمپېرىيالىزم ئالىقىنىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ ئۇرۇشى......62
2 ـ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىقنى ئالغا سۈرۈشى..........................72
3 ـ سۇنجۇڭسەننىڭ كومپارتىيە ياردىمى بىلەن جۇڭگو گومىن ـ داڭنى قايتا تەشكىللىشى 82
4 ـ ئىنقىلابىي بىرلىك سەپ قورۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو ئىنقىلا ـ بىي ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى... 94
تۆرتىنچى باپ: 1925 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە بولغان ئىنقىلاب 105
1 ـ «30 ـ ماي ھەرىكىتى» جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دولقۇنىنى ئورلەتتى 105
2 ـ گۇاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابىي بازىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە چاڭ ـ كەيشىنىڭ ئىنقىلابقا خىيانىتى..........................128
3 ـ شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى..........................144

4 ـ ئامميۋى ئىنقىلابى دولقۇنىنىڭ ژۇقۇرى كوتۇرۇلىشى ۋە چوڭ
بۇرژۇئازىيە ۋەكىلى جاڭكەيشىنىڭ خىيانىتى 156
5 ـ ماۋزەيدۇڭنىڭ «خۇنەندىكى دىخانلار ھەرىكىتىنى تەكشۇرۇ ـ
شتىن دوكلاد» نىڭ ئىلان قىلىنىشى، چىڭ دۇشۇنىڭ ئوڭچىل
تەسلىمچىلىك يولىغا قارشى كۇرەش، كومپارتىيەنىڭ مەملى ـ
كەتلىك 5 ـ قۇرۇلتايى 173
6 ـ جاڭكەيشى گوروھىنىڭ ئىسيانىدىن ۋاڭجىڭۋى گوروھىنىڭ
ئىسيانىغىچە، ئىنقىلابنىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيتى 186
7 ـ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بىرىنچى قىتىملىق ئىچكى
ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرى ھەققىدە ئاخىرقى سوز........ 197

ئۈچۈنچى قىسىم ـ ئىككىنچى قىتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرى

(1937 ـ 1927)

بەشىنچى باپ: بىرىنچى قىتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش
مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيە-
سى يىڭى قىزىل ھاكىمىيەت بازىغىنى كوتەردى...207
1 ـ بىرىنچى قىتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچ-
رىغاندىن كېيىنكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتلىك ھوكۇمرانلىغى؛
يىڭى قىزىل ھاكىمىيەت بازىغىنىڭ كوتۇرۇلۇشى: ماۋزەيدۇڭ
يىتەكچىلىگىدىكى ئىشچى ـ دىخان قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ۋە ئىنقى-

لابى بازيلارنىڭ بەربا بولۇشى 207
2 ــ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ چەكىنىش باسقۇچىدىن قىسمەن ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتۈشى؛ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 6 ــ قۇرۇلتايى؛ گومىنداڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ ئۆز-ئارا ئۇرۇشىشى؛ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابى بازىلىرىنىڭ كېڭىيىشى...230
ئالتىنچى باپ: ئىنقىلابقا قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئىنقىلابى كۈچنىڭ ھۇجۇمغا قارشى كۈرۈشى 254
1 ــ جاڭكەيشىنىڭ ئىنقىلابقا قارشى ھۇجۇمى ۋە ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو قىزىل ئارمىيەسى بىلەن ئىنقىلابى بازە خەلقلىرىنىڭ ھۇجۇمغا قارشى ۋۇرگۈزگەن 4 قېتىملىق غالىپ كۈرۈشى 254
2 ــ 5 ــ قېتىملىق ھۇجۇم ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش، جۇڭگو قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى ۋۇرۇشى، زۇنيى مەجلىسىنىڭ ئېچىلىشى...266
يەتتىنچى باپ: گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىنىڭ ۋەتەنگە خىيانىتى ۋە خەلىق ىشىغا كەلتۈرگەن بالايى ـ ئاپەتلىرى، جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرۈشى 282
1 ــ «18 ــ سېنتەبىر» ۋاقىئەسىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ياپونىيە ئىمپېرىيە

ئالىزمىنىڭ جۇڭگوغا جىددى تەجاۋۇز قىلىشى، ۋەتەن سات-
قۇچى جاڭگەيشى ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىنىڭ قارشى تۇر-
ماسلىق مەسىلىكى، جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقى-
نىڭ ياپونغا قارشى كۆرۈشى 282
2 ـ شىمالى جۇڭگونىڭ يېڭى خەۋپ ئاستىدا قېلىشى ۋە پۈ-
تۈن مەملىكەت بويىچە كوتۈرۈلگەن ياپونغا قارشى ھەرىكەت-
نىڭ يېڭى دولقۇنى، جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكىدە
«9 ـ دېكابىر» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ توغۇلۇشى.. 311
3 ـ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، شەرقى شىمال
خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ كۆرۈشى... 328
4 ـ ۋەزىيەتنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان شىئەن ۋاقىئەسى، ياپونغا
قارشى مىللى بىرلىك سەپنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىشى 338
5 ـ ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلى ھەققىدە ئاخىرقى
سوز.. 353

تۆرتىنچى قىسىم ـ ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى

(1937 ـ 1945)

سەككىزىنچى باپ: ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىس-
تراتېگىك مۇداپىئە باسقۇچى...... 361
1 ـ «7 ـ ئىيۇل» ۋاقىئەسىدىن تارتىپ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ
تەشەببۇسى بىلەن ياپونغا قارشى ئومۇمى يۈزلۈك ئۇرۇش قوز-

غالغانىغىچە بولغان ۋاقىئەلەر ۋە ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپىنىڭ قۇرۇلۇشى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا ئىككى يولنىڭ پەيدا بولۇشى.......................361
2 ـ نەنجىن قولدىن كەتكەندىن تارتىپ ئۇخەن قولدىن كەتكىچە، جاڭكەيشى گۇرۇھىنىڭ ئىككىلىنىشى، ماۋزەيدۇڭنىڭ «ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش ھەققىدە» دېگەن ئەسەرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى.................................391
3 ـ دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايون ـ ياپونغا قارشى دېموكراتىك بازىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆسۈشى 383
4 ـ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سىياسى ئابرويىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا زورىيى كۆتۈرۈلۈشى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ 6 ـ پلېنۇمىنىڭ ئېچىلىشى 399
توققۇزىنچى باپ: ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇچىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرى.................405
1 ـ ئۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىنىڭ تەسلىمچىلىكى ۋە كومپارتىيەگە قارشى ھەرىكەتلىرى، ماۋزەيدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ، كومپارتىيەگە قارشى بىرىنچى قېتىملىق دولقۇننى چېكىندۈرۈشى...397
2 ـ 8 ـ ئارمىيە بىلەن يېڭى 4 ـ ئارمىيە ياپونغا قارشى ئۇرۇش

نىڭ ئاساسى كۈچى بولۇپ يېتىشتى.............426
3 ـ «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋاقىئەسى» ـ ئىككىنچى قېتىملىق كوم-
پارتىيەگە قارشى دولقۇن ۋە ئۇنىڭ چېكىندۈرۈلىشى...437
4 ـ دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ، دۈشمەن،
قورچاق ۋە جاڭگەيشىنىڭ ئارىغا ئېلىپ قىلغان زەربىسى
ئاستىدا باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشى 448
ئونۇنچى باب: ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئىستىرا-
تېگىيىلىك تېركىشىش باسقۇچىنىڭ ئاخىرقى
مەزگىلى ـ قىسمەن قايتارما ھۇجۇم، ئىستىراتېگىيىلىك
قايتارما ھۇجۇم باسقۇچىنىڭ يېتىپ كېلىشى،
خەلقنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا قىلغان قاي-
تارما ھۇجۇمىنىڭ غالىبىيەت قازىنىشى.........470
1 ـ ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئىس-
تىل تۈزەش ھەرىكىتى 3 ـ قېتىملىق كومپارتىيەگە قارشى
دولقۇن ۋە ئۇنىڭ چېكىندۈرۈلىشى 470
2 ـ ئازات رايونلارنىڭ، جۇڭگودىكى دۈشمەن، قورچاق ئەس-
كەرلەرنىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىنا قارشى تۇرۇشى، ياپون
تاراقچىلىرىنىڭ يىگىۋاشتىن قىلغان ھۇجۇمى ئاستىدا گومىنداڭ
فرونتلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ـ خەنەن، خۇنەن، گۇاڭشى
ئۇرۇشلىرى 477
3 ـ گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى زۇلمەت ۋە

خەۋپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلىرى 488
4 - ئازات رايونلارنىڭ، قايتارما ھۇجۇمنىڭ ئاساسى كۈچىيـگە ئايلىنىشى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتايى 494
5 - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇمۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم باسقۇچىنىڭ يېتىپ كېلىشى، ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەسلىم بولۇشى 512
6 - ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئاخىرقى سۆز...519
تۈزۈتۈلگەن 11 - نەشرى ھەققىدە تۈگەنچى سۆز 526

بىرىنچى قىسىم

جۇڭگو يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى - «4 - ماي ھەرىكىتى»

(1921 – 1919)

بىرىنچى باب

جۇڭگو يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى - «4 - ماي ھەرىكىتى»

1

بىرىنچى قېتىمقى ئىمپېرىيالىستىك دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ۋە ئۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە جۇڭگو كاپىتالىزمىنىڭ يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلەپ تەرەققى قىلىشى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىككىنچى ئويغىنىشى - يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەرەققى قىلىشى

بىرىنچى قېتىمقى ئىمپېرىيالىستىك دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ۋە ئۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە جۇڭگو كاپىتالىزمىنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەرەققى قىلىشى — 1914 — يىلدىن 1918 - يىلغىچە ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلەر ئارىسىدا دۇنيا ئۇرۇشى قوزغالدى. بۇ ئۇرۇش، دۇنيانى قايتىدىن تەقسىم قىلىپ ئېلىش ۋە تەسىر دائىرىلىرى تا-

لاش مەقسىدىدە قوزغالغان بىر ئۇرۇش ئىدى. ئىمپېرىئالىسـ-تىك دۆلـەتلەر بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى بـولغان 2 چـوڭ گۇرۇھقا بۆلۈندى. بۇنىڭ بىرسى گېرمانىيە، ئاۋسترو - ۋېنگرىيە باشچىلىقىدا تـەشكىللەنگەن «ئىتتىپاقچىلار»، بۇنىڭغا بـولغارىيە بىلەن تۈركىيە ياردەملەشتى. يەنە بىرسى ئانگلىيە، فرانسىيە، رۇسىيە باشچىلىقىدا تـەشكىللەنگەن «ئانتانتا» دۇر. كېيىن بـۇ «ئانتانتا» غا ئىتالىيە، ياپونىيە ۋە ئامېرىـكىلار قوشۇلدى. ئۇ-رۇش ۋاقتىلىرىدا ئانگلىيە، فرانسىيە، رۇسىيە، گېرمانىيەۋە ئىتالىيە ئىمپېرىئالىستلىرى ھەربى قورال ئىشلەپچىقىرىشقا مەشغۇل بولۇپ قالغانلىقتىن، جۇڭگوغا قىلىۋاتقان ئىقتىسادى تەجاۋۇزىنى ۋاق-تىنچە بوشاشتۇرۇپ قويدى، جۇڭگو بازارلىرىدا چەت ئـەل ماللىرى يوقـىلىپ ئازىيىپ قالدى، بولۇپمۇ گېرمانىيە ماللىرى پە-قەتلا يوقۇلۇپ كەتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇسەۋەپتىن جۇڭگو-نىڭ مىللى سانائىتى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرلەپ تەرەققى قى-لىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىدى.

ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىرنەچچە ژىل ئىچىدە جۇڭگونىڭ مىللى كاپىتالىزم ئىقتىسادى چاپسان تە-رەققى قىلدى، يـەئنى ئاساسەن يېنىك سانائەت تەرەققى قىلـ-دى. توقۇمىچىلىق سانائىتى تـەرەپتە 1915 - ژىـلى 22 فابرىكا بار ئىدى، 1922 - ژىلغا يەتكەندە 64 گە يېتىپ باردى. 1915 - ژىلى 540 نەچچە مىڭ ژىلك بار ئىدى. 1922 - ژىلغا كەلگەندە

بىر مىللىئون 590 نەچچە مىڭغا يېتىپ باردى. ئۇن سانائىتى ساھەسىدە، 1900 - ژىلى ئاران ئىككىلا زاۋود بار ئىدى، 1916 - ژىلغا يەتكەندە 67 گە يېتىپ باردى، 1925 - ژىلدىكى تەكشۈرۈش-كە قارىغاندا ئۇن زاۋودلىرىنىڭ سانى 107 گە يەتكەن. ئاۋرۇپا ئۇرۇشى قوزغالغاندىن كېيىن ئۇن ئىمپورت قىلىدىغان جۇڭگو، بىر سەكرەپلا ئۇن ئېكسپورت قىلىدىغان جۇڭگوغا ئۆزگەردى. ژىپەك فابرىكىلىرىنىڭ سانىنى ئالساق، يالغۇز شاڭخەيدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1912 - ژىلدىن 1927 - ژىلغىچە جەمئى 63 ژىپەك فابرىكىسى ئېچىلدى. مانا بۇنىڭدىن شۇ مەزگىللەردە جۇڭگودا ژىپەكچىلىكنىڭ خېلى تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا سەرەڭگە، سېمونت سانائەتلىرىمۇ خېلىلا تەرەققى قىلدى. مۇشۇنداق يېڭىدىن پەيدا بولغان يە-نىك سانائەتنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن تەڭ، چەت مەملىكەت-لەردىن ئىمپورت قىلىنىدىغان ماشىنا-جابدۇقلارنىڭ مىقدارى كۆپەيدى. 1917 - ژىلى جۇڭگوغا 6 مىللىئوندىن ئارتۇق ئامې-رىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ماشىنا-جابدۇق كىردى، كېيىن بۇ، ژىلدىن-ژىلغا كۆپىيىپ، 1921 - ژىللىرى 44 مىللىئون ئامې-رىكا دوللىرىغا يېتىپ باردى. گەرچە ئىمپورت قىلىنغان شۇنچە ماشىنا-جابدۇقلار ئىچىدە ئىمپېرىيالىزمنىڭ جۇڭگودىكى سانا-ئىتىگە خىزمەت قىلىدىغان ماشىنا جابدۇقلار بار بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئالغاندا، بۇنىڭ جۇڭگو مىللى سانائىتىنىڭ تېخىمۇ-

رېۋاجلانغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن
ئەمەس.[6] بۇلاردىن باشقا، ئاۋروپا ئۇرۇشىدىن كېيىن بانكاچى-
لىقمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى: 1911-يىلدىكى ئىنقىلاب ۋاقتىدا
جۇڭگودا ئاران 6-7 بانكا بار ئىدى، 1923-يىلى بانكىلارنىڭ
سانى 100 دىن ئارتىپ كەتتى. گەرچە بۇنىڭ تولىسى بىيوروكرات
دەللال كاپىتالىستلار تەرىپىدىن ئېچىلغان بولسىمۇ، لېكىن مىل-
لىي كاپىتال ئاساسىدىكى بانكىچىلىق ھەقىقەتەن خېلىلا تەرەققىي
تاپتى. ئېغىر سانائەت تەرەپتە، كۆمۈر، تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش
ئىشلىرىمۇ بىر ئاز تەرەققىي تاپتى.

ئەمما، شۇۋاقىتتا ياپونىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن
قىلىۋاتقان سودىسىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەرەققىي قىلغانىدى تۇر-
دى. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن قىلىدىغان سودىسى 1912-
يىلدىن 1918-يىلغىچە بىر ھەسسە دېگىدەك كۆپەيدى. ياپونى-
يەنىڭ بىر يېرىم ھەسسىدىن ئارتىپ كەتتى. مانا بۇ ئەھۋال،
ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باشقا ئىم-
پېرىيالىستلارنىڭ جۇڭگودىكى بازارلىرىنى تارتىپ ئالغانلىقىنى
كۆرسۈتىدۇ. جۇڭگوغا ئىمپورت قىلىنغان ياپون ماللىرى ئاسا-
سەن پاختىدىن توقۇلغان رەختلەر بولۇپ، بۇ، شۇۋاقىتتىكى
جۇڭگو مىللىي سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزدى.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، ئەنە شۇ مەزگىللەردە جۇڭگونىڭ مىللىي
سانائىتى ياپونىيە، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ پۇرسەتتىن پاي-

دىلىنىپ كەڭەيتكەن تەجاۋۇزىنىڭ بېسىمىغا ۋە مىلىتارىستلار تو-
رۇشىنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي ئاۋرۇ-
پادىكى ئىمپېرىئالىزم دۆلەتلىرىنىڭ شەرىققە قاراشقا چولىسى
تەگمەي قالغانلىقتىن، جۇڭگودا مىللىي كاپىتالىزم بىر مۇنچە
يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ئالدى. ئەلۋەتتە، بۇ تەرەققىيات
چەكلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر سانائەتنىڭ تەرەققىياتى
ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، تەرەققىيات پەقەت يېنىك سانائەت
تەرەپتىكى تەرەققىياتتىنلا ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن
جۇڭگو كاپىتالىزمى يەنە ئىمپېرىئالىزمغا يۆلۈنۈشتىن، ئىمپېرىئا-
لىزمغا باغلىنىپ قېلىشتىن خالىي بولالمىدى. جۇڭگودا يېرىم مۇس-
تەملىكىلىك ئەھۋالنى ئاساسى بىلەن ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ،
جۇڭگو سانائىتىنى يەنىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش مۇمكىن
ئەمەس ئىدى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭىدىن ئويغۇ-
نۇشى، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ
تەرەققىي قىلىشى- جۇڭگو مىللىي كاپىتالىزمىنىڭ يەنىمۇ
تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەڭ، جۇڭگودا يېڭى سىنىپىي مۇناسىۋەت
تېخىمۇ روشەنلەشتى ۋە يېڭى سىنىپىي تەلەپلەر تېخىمۇ ئۆستى.

ھەممىدىن ئەۋۋەل، جۇڭگو پرولېتارىئاتىنىڭ ئەترىدى چو-
ڭايدى. دېگەندەك توغرا مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا
تەخمىنگە قارىغاندا، شۇ چاغلاردا تەخمىنەن $\frac{5}{1}$ 2-3 مىلليوندىن

ئارتۇق سانائەت ئىشچىسى بار ئىدى. شاڭخەي، تيەنجىن، چيڭداۋ، ئۇخەن قاتارلىق سانائەت مەركەزلىرىنىڭ ھەر قايسىسىدا يۈزمىڭ ھەتتا نەچچە يۈزمىڭ ئىشچى توپلانغان بولۇپ، بۇ جايلار پرولېتارىئاتنىڭ كانى ئىدى. جۇڭگو سانائەت ئىشچىلىرى يەڭگى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ۋەكىلىدۇر، ئۇلار ئىمپېرىئالىزم، بۇرژۇئازىيە ۋە فېئوداليزم كۈچىدىن ئىبارەت بولغان 3 تۈرلۈك زۇلۇمغا ئۇچرىغاشقا، ئۇلارنىڭ مىللىي ئازاتلىق ۋە دېموكراتىيە ئىنقىلابىنى قىلىشقا بولغان تەلىۋى ناھايىتى قەتئىي ئىدى.

شۇ چاغلاردا مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ كۈچىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇلار ئۆز سانائىتىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بازارلارنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، چەت ئەل كاپىتالىزمىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقۇتۇش، مىليتارىستلار پاراكەندىچىلىكلىرىنى يوقۇتۇش ئۈمىدىگە كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە مىللىي مۇستەقىللىقنى ۋە دېموكراتىك رېفورمىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇلاردا قەتئىي مەيدان بولمىغانلىقى، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغانلىقى ھەمدە ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئىنقىلاب بىلەن ئىنقىلابقا قارشىلىق ئوتتۇرىسىدا دەلدەڭلەپ قالدى.

جۇڭگونىڭ ئويغانغان خەلقى ئازاتلىق يولىنى ئىنقىلابتىن

تەلەپ قىلىشقا توغرى كەلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يولنى ئەڭ ئىلـ-
غار، ئەڭ ئىنقىلابچى پرولېتارلار سىنىپىدىن تەلەپ قىلىشقا توغـ-
رى كەلدى.

ئەنە شۇ شارائىت ئاستىدا، كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى ئىگىلەشـ-
كە قەدەم قويغان بىر تۈركۈم زىيالىيلار ۋە پرولېتارىيات ئىنـ-
قىلاۋىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى
پەيدا بولدى، بۇلار جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى ئويغۇنۇشىغا ۋەكىل بولۇپ
يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ باش رولىنى ئوينىغۇچىلارغا
ئايلاندى. شۇچاغدا بەزى بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرىمۇ يېڭى
مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قاتناشتى.

1915 -، 1916 - ژىللىرى، جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى ئاڭـ-
سىزىمىگە ۋەكىللىك قىلغان يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى مۇئارىپ
ھەرىكىتى ئۇز ۋاقتىدىكى مەشھور مۇئارىپ مۇتەپەككۇرى چېنـ-
دۇشيۇ تەھرىرلىكىدىكى «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنى مەركەز قىلـ-
غان ھالدا ئاستىلاپ تەرەققى قىلدى. ئۇزۋاقتىدىكى يېڭى
مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بىۋاسىتە تەلىۋىنى 3 تۈرلۈك دەپ ئېـ-
تىش مۇمكۈن: بىرسى، خەلقچىلىقنى يەنى «دېموكراتىيە»نى
تەشەببۇس قىلىش، «كۇڭفۇزى تەئلىماتى»نى يوقۇتۇش، فېئودال-
لىق سىياسەت ۋە فېئوداللىق قانۇن - قائىدە ۋە ئەخلاقلارغا قارـ-
شى تۇرۇش؛ يەنە بىرسى، پەننى يەنى «سەينس»نى تەرغىپ،
قىلىش، خۇراپاتلىقا، قارغۇلارچە ئەرگىشىشكە، مۇستەبىت فېئو-

دالليق پەلسەپىگە، دىنگە قارشى تۇرۇش؛ يەنە بىرسى، دىموك-
راتىك، يەنى يىڭى مەپكۇرىنى كىڭەيتىش، خەلقنى ئاقارتىش
ئۈچۈن يىڭى ئەدەبىيات، ۋە خەلق تىلىدىكى ئەدەبىياتنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇپ، فېئودالليق ئەدەبىياتقا، كونا ئەدەبىياتقا ۋە
«ميلىي خۇسۇسىيەت» دەۋالغان سەپسەتىلەرگە قارشى تۇرۇش.
شۇچاغلاردا يىڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار-
نىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى: رادىكال دىموكراتىيەنى ۋە كوم-
مۇنىزم مەپكۇرىسىنى ئىگىلەشكە باشلىغان زىيالىلاردىن بولغان
لى داجاۋ، چېگدۇشۇ، ئىنقىلاپچى ئەدىپ لۇشۇن ھەم ئوزۋاق-
تىدىكى بۇرژۇئازىيە زىيالىلىرىنىڭ ۋەكىلىرىدىن بولغان خۇ-
شى، چەن شۇەنتۇگلار ئىدى. جۇڭگودا ھەممىدىن ئەۋەل
كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى ئىگىلىگەن ئادەم لى دا جاۋ بولۇپ،
ئۇ، 1918 - ژىلى ئوكتەبردە ئوز ۋاقتىدىكى دۇنيا ئىنقىلاۋى
ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، «ئاۋام خەلق غالىبىيىتى»، «بول-
شۋىزم غالىبىيىتى» دىگەن ئىككى ماقالىسىنى ئىئلان قىلدى،
«دىموكراتىيە تۈرۈشى» ۋە «ئاۋام خەلق غالىبىيىتى» دىگەن
ئىككى شۇئارنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇڭگو
كوممۇنىستلىرىنىڭ خەلق دىموكراتىيە ئىنقىلاۋى، يەنى يىڭى
دىموكراتىيە ئىنقىلاۋى ھەققىدىكى دەسلەپكى مەپكۇرىسىنى
ئىپادەقىلدى. لىكىن، ئوز ۋاقتىدىكى بۇرژۇئازىيالىلىرىنىڭ
ۋەكىلى بولغان خۇشى «1917 ژىلى (مىڭگونىڭ 6 - ژىلى) ئىيۇلدا

دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ ...... 20 ژىلغىچە سىياسەتكە ئارىلاشـ
ماسلىققا بەل باغلىدىم، ......» ـ(«خۇشى ياد ناملىرى». 2ـ توم
«مېنىڭ چاتاق يولۇم» غاقارالسۇن) دەپ، جۇڭگودىكى ئاجىز
بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىنقىلاپ ۋە سىياسى ھەرىكەتلەردىكى ئاغـ
مىچىلىقنى ۋە پاسسىپلىقىنى كورسەتتى. ئەدەبىيات ئىنقىلاۋى مەـ
سىلىسىدە، چېگدۇشۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى ئەڭ جەسۇر جەڭچىلەر
ئىدى، شۇنىڭدەك كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى ئىگىلەشكە باشلىغان
زىيالىلار ئىدى. ئەدەبىيات ئىنقىلاۋى مەسىلىسىدە خۇشى بۇنداق
دىگەن ئىدى: «ئەدەبىيات ئىنقىلاۋىنى تەشەببۇس قىلىش، دەستـ
لەپتە ئازغىنە ئادەملەرنىڭ خۇسۇسى مۇزاكىرىلىرىدىنلا ئىباـ
رەت ئىدى. بۇ تەشەببۇس مىڭگونىڭ 6ـ ژىلى يانۋاردا ژۇر
نال يۈزىدە رەسمى ئىلان قىلىندى. بىرىنچى قېتىم خۇشى تەـ
رىپىدىن يېزىلغان «ئەدەبىيات رىفورمىسى ھەققىدە مەسلىھەت»
دىگەن ماقالە، ناھايىتى تىنچ ـ داۋراڭسىز مۇزاكىرىدىنلا ئىباـ
رەت ئىدى ...... ئەدەبىيات ئىنقىلاۋىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاۋانگارـ
دى چېگدۇشۇ ئىدى. «ئەدەبىيات رىفورمىسى ھەققىدە مەسـ
لىھەت» دىگەن ماقالە ئىلان قىلىنغاندىن كېيىن، چېگدۇشۇ
«ئەدەبىيات ئىنقىلاۋى توغرىسىدا» دىگەن بىر ماقالىنى ئىلان
قىلىپ، ئەدەبىيات ئىنقىلاۋىنىڭ بايرىقىنى رەسمى كوتۈرۈپ
چىقتى.» (خۇشى: «50 ژىلدىن بۇيانقى جۇڭگو ئەدەبىياتى»).
مانا بۇنىڭدىن ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەـ

ريكىتى كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى ئىگىلەشكە باشلىغان زىيالىيلار-نىڭ يېتەكچى رولنى ئۇينۇشى بىلەن قوزغالغانلىقى روشەن كورۇنۇپ تۇرۇدۇ.

يېڭى ماددى كۈچ ئاساسىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى ئىگى يەئنى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى پەيدا بولدى. بۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئالغاسۇردى. بۇ ئاممىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە خىلى ئوسۇپ ئاجايىپ بىر ۋەتەنپەرۋەرلىك سىياسى ھەرىكەت-كە ئايلاندى. بۇ ھەرىكەت «4-ماي» ھەرىكىتىدۇر. خۇددى ماۋزەيدۇڭ ئىيتقاندەك: «...... يېڭى مەدەنىيەت، ئىدىيالىك فورمىسىدا يېڭى سىياسەت ۋە يېڭى ئىقتىساتنى ئەكس قىلىـ-دىغان نەرسە؛ يېڭى سىياسەت ۋە ئىقتىساتقا خىزمەت قىلىدىغان نەرسە.» («يېڭى دىموكراتىيە ھەققىدە.» ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2-نەشرى 2-توم. 688-بەت※)

※ بۇ كىتاپتا كورسۇتۇلگەن «ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى» نىڭ نەشرى، تومى ۋە بەتلىرى تامامەن مەزكور ئەسەرنىڭ خەنسۇچىسىگە ئا-ساسلانغان. — ت.

2

روسيەديكى سوتسيئاليستيك ئوكتەبر ئينقيلاۋينيڭ ھەم دۇنيا ئينقيلابي ھەرىكيتينيڭ جۇڭگونيڭ ئويغۇنۇشيغا بەرگەن تەئسيري بيلەن، جۇڭگو ئينقيلابي پرولتارىيات سوتسيئاليستيك دۇنيا ئينقيلاۋينيڭ بير قيسميغا ئايلاندي

رۇسييەديكي سوتسيئاليستيك ئوكتەبر ئينقيلاۋينيڭ تەئسيري — 1917 - ژيلي نويابىردا (كونيچە ئوكتەبردە) رۇسييەدە جاھانني تيترەتكەن بۈيۈك سوتسيئاليستيك ئينقيلاپ قوزغولۇپ، پرولتارىيات سينيپي بارليق ئەمگەكچيلەرگە يېتەكچيليك قيليپ پومششيك، كاپيتاليستلارنيڭ ھوكۇمرانليغيني ئاغدۇرۇپ تاشلاپ سوۋېت (Совет - كەڭەش) ھاكيميتيني قۇردي. سوۋېت ھۆكۈميتي قۇرۇلۇپلا جۇڭگو ھەققيدە خيتابنامە ئېلان قيليپ: «چاررۇسييە ھوكۈميتي ئوز قوليغا كيرگۈزۈپ ئالغان بارليق ئالاھيدە ھوقۇقلارنيڭ ھەممىسي ھەچقانداق ھەق - بەدەلسيز جۇڭگونيڭ ئوز قوليغا قايتۇرۇپ بېريليدۇ» ديگەن ئۇختۇرۇشني قيلدي؛ ھەمدە جۇڭگونيڭ مۇستەقيلليق، ئازاتليق ھەرىكيتيگە ياردەم قيليدىغانليغيني بيلدۈردي.

لنين، ستالين پارتييەسينيڭ بەينەلميلەلچيليك سياسيتي،

جۇڭگو خەلقىغە ناھايىتى زور تەئسىر بەردى. تيەنجىن، بېجىڭ-
لاردا بىر بولۇم ئىشچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئوز-ئوزىدىن تەشە-
كىللىنىپ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غالىبىيىتىنى تەشۋىق قىلدى.
سوتسىئالىزم مەپكۇرىسىنى تەرغىپ قىلىدىغان كىتاپلارمۇ ئاستىلاپ
جۇڭگودا تونۇشتۇرۇلغىلى باشلىدى. روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ غالى-
بىيىتى جۇڭگوغا ئازاتلىق يولىنى كورسۇتۇپ بەردى. خۇد-
دى ماۋزەيدۇڭ ئيتقاندەك: «4-ماي ھەرىكىتى، ئوز ۋاقتى-
دىكى دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ چاقىرىغى، روسىيەدىكى ئىنقىلاپنىڭ
چاقىرىغى ۋەلىنىنىڭ چاقىرىغى بىلەن قوزغالدى.» («يېڭى
دېموكراتىيە ھەققىدە.» ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2-
توم 2-نەشرى، 693-بەت).

دۇنيا ئىنقىلاۋى ھەرىكىتىنىڭ تۇرتكۇسى -
روسىيەدە سوتسىئالىستىك ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن،
پۇتۇن دۇنيادا ئىنقىلاپ دولقۇنى قوزغالدى. 1918-، 1919-
ژىللىرى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، فىنلاندىيە، ۋىنگرىيە ۋە يا-
پونىيەلەردە ئىنقىلاپ قوزغالدى. مۇستەملىكە تەرەپلەردە بول-
سا، تۇركىيەدە مىللى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋى قوزغالدى.
ھىندىستان، مىسىرلاردا مىللى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى قوز-
غالدى. چاۋشەن خەلقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى قوزغۇلىڭى
كوتۇرۇلدى ۋە باشقىلار.

دۇنيا ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنى، خۇددى ماۋزەي-

دۇڭ كۆرسەتكەندەك، ئۆز ۋاقتىدىكى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابى
زىيالىيلىرىدا جۇڭگونىڭ مىللى ئازاتلىقىغا يېڭى ئۈمىت تۇغدۇ-
رۇپ، «4-ماي» ھەرىكىتىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

جۇڭگو ئىنقىلابى دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر
قىسمىغا ئايلاندى-ژۇۋۇرىدا بايان قىلىنغان دۇنيا ئىنقى-
لابى ھەرىكىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ئاستىدا، جۇڭگو ئىنقىلا-
بى يېڭى دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. ماۋزېدۇ-
ڭ ئۆزىنىڭ «يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە
بۇنداق دەپ كۆرسۈتىدۇ: «...... ئىككى تۈرلۈك دۇنيا ئىنقىلا-
بى بار. بىر تۈرلۈكى، بۇرژۇئازىيە ۋە كاپىتالىزم كاتېگورىيە-
سىگە كىرىدىغان دۇنيا ئىنقىلاۋىدۇر. بۇنداق دۇنيا ئىنقىلاۋى-
نىڭ ۋاقتى خېلى ئىلگىرىلا ئۆتۈپ كەتتى. يەئنى ئۇ 1914-
يىلدىكى ئىمپېرىيالىستىك بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان
ۋاقىتتىلا، بولۇپمۇ 1917-يىلدىكى رۇسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلابى
ۋاقتىدىلا تاماملانغان ئىدى. شۇندىن كېيىن، ئىككىنچى خىل
دۇنيا ئىنقىلابى يەئنى پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك دۇنيا
ئىنقىلابى باشلاندى. بۇنداق ئىنقىلاب، كاپىتالىستىك دۆلەت-
لەردىكى پرولېتارىياتنى ئۆزىنىڭ ئاساسى قوشۇنى قىلىپ، مۇس-
تەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەردىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنى ئۇ-
زىنىڭ ئىتتىپاقچىسى قىلىدۇ. ئېزىلگەن مىللەتلەر ئىچىدىكى
ئىنقىلاپقا قاتناشقان سىنىپ، پارتىيە، گۇرۇھ ياكى شەخسلەرنىڭ

قانداق سىنىپ، پارتىيە، گۇرۇھ، شەخسىلەرگە مەنسۇپ بولۇشىغا قارىماستىن، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بۇنى ئويلىغان - ئويلىمىغانلىقىغا قارىماستىن ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتىن بۇنى چۈشەنگەن ۋە چۈشەنمىگەنلىكىگە قارىماستىن، پەقەت ئۇلار ئىمپېرىيالىزمغا قارشى بولسىلا، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابى، پرولېتار - سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ بىر بۆلۈكى، ئۇلارنىڭ ئۆزى پرولېتار - سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولىدۇ.» («ماۋزېدۇڭ ئالاھىدە ئەسەرلىرى» 2- توم 2- نەشرى 664- بەت)

دېمەك، جۇڭگو ئىنقىلابى ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن دۇنيا پرولېتارىئات ئىنقىلابى ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشىشكە باشلىدى. بۇ بىرلىشىش، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قازىنىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك: «مۇستەملىكە ۋە بېقىندى دۆلەتلەرنىڭ ھەقىقىي غەلىبىسى، شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى غەرپ تەرەپتىكى ئىلغار دۆلەتلەردىكى پرولېتارىئات ھەرىكىتى بىلەن ھەقىقىي ھالدا بىرلەشمىسە، قولغا كەلمەيدۇ.» («لېنىن، ستالىن جۇڭگو ھەققىدە» 119- بەت. 1925- يىلى مايدا «شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلەنگەن شەرقتىكى مۇستەملىكە ۋە بېقىندى دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپىلىرى» دېگەن نۇتۇقتا قارالسۇن.)

جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونا دېموكراتىيە ئىن-

قيلاۋيدين يېڭى دېموكراتييه ئينقيلاۋيغا ئۆز گۆرۆشى ـ جۇڭگو ئينقيلابى ئوكتەبر ئينقيلاۋيدين كېيين پرولېتارىئات سوتسيئاليستيك دۇنيا ئينقيلاۋينيڭ بيرقيسميغا ئايلاندى، جۇڭگو پرولېتارىئات سينپينيڭ كۈچى ئۆسۈپ ئۇ، جۇڭگونيڭ سيياسى سەهنيسيگە چيقيشقا باشليدى، جۇڭگو ئينقيلابى شۇندين باشلاپ كونا، بۇرژۇئازييە يېتەكچيليك قيلغان بۇرژۇئادېموكراتييه ئينقيلاۋيدين، پرولېتارىئات يېتەكچيليك قيليدىغان يېڭى بۇرژۇئادېموكراتييه ئينقيلاۋيغا يەنى يېڭى دېموكراتييه ئينقيلاۋيغا ئۆزگۆرۆشكە باشليدى.

جۇڭگو ئينقيلاۋينيڭ تاريخى تەرەققياتيني ماۋزەيدۇڭنيڭ ئانالىزى بويىچە 2 باسقۇچقا ئايريش لازيم: بيرينچى باسقۇچى دېموكراتييه ئينقيلابى؛ 2 ـ باسقۇچى سوتسيئاليزم ئينقيلابى، بيرينچى باسقۇچنيڭ تەييارگەرليگى 1840 ـ ژيلديكى ئەپيۇن ئۇرۇشيدين تارتيپ باشلانغان ئيدى. 1911 ـ (شيڭ خەي) ژيلديكى ئينقيلاپ، بۇ ئينقيلاپنيڭ تولۇغراق ماهييەتتە باشلينيشى بولۇپ هيساپلينيدۇ. ئەمما، ژۇقۇريدا ئيتقاندەك، بيرينچى قېتيمقى ئيمپېرىئاليستيك دۇنيا ئۇرۇشيدين ۋە روسييەديكى ئوكتەبر ئينقيلاۋيدين كېيين، ئۇ، ئادەتتيكى دېموكراتييه (كونا دېموكراتييه) ئينقيلابى ئەمەس، يېڭى دېموكراتييه ئينقيلابى بولۇپ قالدى.

يېڭى دېموكراتييه ئينقيلابى قانداق ئينقيلاپ؟ ماۋزەيدۇڭ

ھەمىشە بىزگە ئىستقا ندەك، ئۇ: پرولىتارىئات يىتەكچىلىك قىلىدىغان، ئىشچى- دېخان ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان، خەلىق ئاممىسىنىڭ، ئىمپىرىئالىزمغا، فېئودالىزمغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا (1927-ژىلدىن كىيىن شەكىللەنگەن جاڭكەيشى، سۇڭ زى ۋن، كۇڭشاڭشى ۋە چېڭ لىفۇدىن ئىبارەت 4 زور ئائىلە باشچىلىغىدىكى بيۇروكرات كاپىتالىزمغا) قارشى ئىنقىلاپدۇر. جۇڭگو يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلابى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېڭى دېموكراتىزم باسقۇچىدىكى ئۇمۇمى يولى ۋە ئۇمۇمى سىياسىتى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

بۇ يېڭى ئىنقىلاپ، 1919-ژىلدىكى «4-ماي» ھەرىكىتىدىن تارتىپ باشلاندى.

3

«4-ماي» ۋە تەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇتمۇشى

پارىژ سولىھ كونفىرىنسىيەسىدە جۇڭگونىڭ خارجى مۇناسىۋەت جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتى-1918-ژىلى ئىمپىرىئالىستىك دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا گىرمانىيە ئىمپىرىئالىزمى مەغلۇپ بولدى. غالىپ كەلگەن دولەتلەردىن ئانگلىيە، ئامىرىكا، فرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ئىمپىرىئالىستلىرى ئۇرۇشتىن كېيىنكى

مەسىلىلەرنى يولغا سېلىش ئۈچۈن 1919 – يىلى يانۋاردا فرانـ
سىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدە سۈلھ كونفېرېنسىيەسى ئاچتى. بۇ كونـ
فېرېنسىيە ئەمەلىيەتتە ئىمپېرىيالىزم قاراقچىلىرىنىڭ ئولجا بۆلۈپ
ئېلىش كونفېرېنسىيەسى ئىدى.

جۇڭگو مۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشقا قاتناشـ
قان ئىدى. شۇڭا بۇ ھەم «غالىپ دۆلەتلەر»نىڭ بىرسى بو –
لۇپ سۈلھ كونفېرېنسىيەسىگە ۋەكىل قاتناشتۇردى. جۇڭگو ۋەـ
كىللىرى خەلقنىڭ زورى بىلەن سۈلھ كونفېرېنسىيەسىگە: كۈچـ
لۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى ئالاھىدە ھوقۇقلىرىنى كەرەك –
سىز قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز، دېگەن مەزمۇندا 7 ماددىلىق
تەلەپنى قويدى؛ ھەمدە: ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىنىڭ يۈەنشىكەي
بىلەن تۈزگەن 21 ماددىلىق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىسى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلسۇن دېگەن باياناتنى بەردى، ئۇرۇش ۋاقتىدا ياپونىيە
تارتىپ ئالغان گېرمانىيەنىڭ شەندۇڭدىكى ئالاھىدە ھوقۇقلىرى
جۇڭگوغا قايتۇرۇلسۇن – دېگەن تەلەپنى قويدى.

سۈلھ كونفېرېنسىيەسى ئاساسەن ئامېرىكا، ئانگلىيە، فرانـ
سىيە ئىمپېرىيالىستلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندى، بۇلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى پايدا – زىيان بىردەك ئەمەس ئىدى. ئامېرىـ
كىنىڭ ئىلگىرى جۇڭگودا قولغا كىرگۈزۈپ ئالغان نەرسىلىرى
ھەممىدىن ئاز بولغاچقا، ئۇ جۇڭگوغا يېڭىۋاشتىن تەجاۋۇز قىلىپ
كىرىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ياپونىيە شەندۇڭدا يالغۇز ئىـ

گیلەپ ئالغان مەنپەئەتلەرنی جۇڭگوغا قایتۇرۇپ بەرسۇن، دېگەن تەشەببۇسنی قیلیپ، جۇڭگونیڭ سەندۇڭدیکی هوقۇقلیرینی قایتۇرۇپ ئېلیشیغا یاردەم قیلیدیغانلیغینی بیلدۇردی. ئانگلییە بیلەن فرانسییەنیڭ ئیلگیری جۇڭگودا قولیغا کیرگۈزۈپ ئالغان ئالاهیدە هوقۇقلیری ناهایىتی کوپ ئیدی، گەرچە ئۇلارمۇ یاپونییەنیڭ سەندۇڭنی قایتۇرۇپ بېریشیگە رازی بولسیمۇ، لېکین مۇشۇ مۇناسیۋەت بیلەن جۇڭگو خەلقینیڭ ئیمپېریئالیزمغا قارشی كۈرەشتە غالیپ کېلیش ئیشەنچیسی ئوسۇپ کېتیدۇ، ئۇ چاغدا بیزنیڭ قولیغا کەلتۈرۈپ ئالغان ئالاهیدە هوقۇقلیریمیزغا خەۋپ کېلیدۇ، دېگەن غەرەزگە کېلیپ، یاپونییەگە تېرەکداش بولۇش تەرىپیگە ئوتتۇۋالدی. ئۇمۇمەن ئیمپېریئالیستیك دولەتلەرنیڭ جۇڭگودیکی ئالاهیدە هوقۇقلیری ئەمەلدین قالدۇرۇلسۇن، دېگەن تەلەپکە مەیلی ئامېریکا ئیمپېریئالیزمی بولسۇن، مەیلی ئانگلییە، فرانسییە ئیمپېریئالیزمی بولسۇن ئوخشاشلا قانتیق قارشیلیق قیلدی. سۇلھ کونفېرېنسییەسی ئاپریلدا سەندۇڭ مەسیلیسینی مۇزاکیریگە قویغاندا، ئانگلییە بیلەن فرانسییەنیڭ قولدیشیغا ئیگە بولالمای قالغان ئامېریکا، ئوزینیڭ جۇڭگوغا بەرگەن ۋەدیسیگە خیلاپلیق قیلیپ یاپونییە تەرىپیگە ئوتۇۋالدی. ئۇرۇشقا قاتناشقان جۇڭگو، سۇلھ کونفېرېنسییەسیدە هېچنەرسیگە ئیگە بولالمیدی، 7 ماددیلیق تەلەپمۇ مۇزاکیریگە قویۇلمیدی، یاپونییە جۇڭگوغا ئارتیپ قویغان 21 ماددیلیق تەڭ هوقۇقسیز شەرتنامی-

نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرۇسىدىكى تەلەپمۇ سۇلھ كونفرېن-سىيەسىنىڭ مۇزاكىرىسى دائىرىسىگە كىرمەس ئىمىش. ئەك-سىچە ئۇرۇش ۋاقتىدا ياپونىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تارتىپ ئال-غان گېرمانىيەنىڭ سەندۇڭدىكى بارلىق ئالاھىدە ھوقۇقلىرى «سۇلھ» شەرتنامىسىنىڭ 156 ـ ، 157 ـ ۋە 158 ـ ماددىلىرىدا ئاشكارا بەلگىلىنىپ ياپونىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىلدى.

«4ـ ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ قوزغولۇ-شى- سۇلھ كونفرېنسىيەسىدە جۇڭگو ۋەكىللىرىنىڭ خارجىي مۇنا-سىۋەت جەھەتتىن يېڭىلگەنلىكىنىڭ خەۋىرى دولەتكە ئاڭلانغان-دىن كېيىن، خەلق ئاممىسى قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئىمپېرى-ئالىزمغا قارشى دولقۇن كۆتەردى، يەنى «4 ـ ماي ھەرىكىتى»نى قوزغىدى. لى داجاۋ (جۇڭگو كومپارتىيەسىنى بەرپا قىلغۇ-چىلارنىڭ بىرسى) مانا شۇ ئۇلۇغ سىياسى ھەرىكەتنىڭ ئاساسى يېتەكچىلىرىنىڭ بىرسىدۇر.

«پارىژ تىنچلىق سۇلھ شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشىغا ھەممى-دىن ئەۋۋەل فرانسىيەدىكى جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى قارشى چىق-تى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، 4 ـ ماي كۈنى بېيجىڭنىڭ 5،000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى تيەنئەنمېنگە توپلىنىپ «تاشقى تەرەپتىن دولەت ھوقۇقىمىزنى قايتۇرۇپ ئالايلى، ئىچكى تەرەپتىن دو-لەت خائىنلىرىنى جازالايلى!»، «سۇلھ شەرتنامىسىغا ئىمزالاشنى رەت قىلايلى!»، «21 ماددىنى ئەمەلدىن قالدۇرايلى!» ، «جان

كەتسىمۇ چىگداۋنى قايتۇرۇپ ئالىمىز!»، «ياپون ماللىرىنى چەك-
لەيلى!»، دېگەن شۇئارلارنى ۋاقىراپ نامايىش قىلدى. ناما-
يىشچىلار ياپون پەرەست ۋەتەن خائىنى ساۋرۇلىڭ («21ماددە»
نى تۈزگەن ۋاقىتتا خارجى ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى ئىدى.
4 ـ ماي ھەرىكىتى ۋاقتىدا قاتناش مىنىستىرى بولۇپ تۇرغان)،
لۇزۇڭيۈي («21ماددە»نى تۈزگەن چاغدا جۇڭگونىڭ ياپونىيەدە
تۇرغۇچى ئەلچىسى ئىدى. 4 ـ ماي ھەرىكىتى ۋاقتىدا پۇل
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان)، جاڭزۇڭشاڭ (ياپونىيە-
دىن پۇل قەرز ئېلىشتا بىۋاستە رول ئوينىغان ئىدى، 4 ـ ماي
ھەرىكىتى ۋاقتىدا ياپونىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچى ئىدى). لارغا جا-
زا بېرىشنى بىردەك تەلەپ قىلدى. نامايىشچىلار جاۋجالۇغا
يېتىپ كېلىپ، ساۋرۇلىڭنىڭ ئۆيىنى قورشاپ ئېلىپ، ساۋرۇلىڭنىڭ
ئۆيىگە موكۇپ ئالغان جاڭزۇڭشاڭنى قاتتىق ئۇردى. شىمالى مىل-
لىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئەسكەر، ساقچى ئەۋەتىپ نۇرغۇن ئوقۇ-
غۇچىلارنى تۇتۇپ نامايىشنى باستى. 2 ـ كۈنى پۈتۈن بېجىن
ئوقۇغۇچىلىرى ئومۇمى يۈزلۈك دەرس تاشلاپ قارشىلىق بىل-
دۈردى. 6 ـ ماي كۈنى «بېجىن ئوتتۇرا دەرىجىدىن يۇقۇ-
رى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ،
ئومۇمى تېلېگراممىلار ۋەتەشۋىق ۋەرەقلىرى تارقاتتى، تەش-
ۋىق ئۆمەكلىرى ئۇيۇشتۇردى. بۇ ھەرىكەتكە تيەنجىن، باۋ-
دىڭ، شاڭخەي، نەنجىن، ئۇخەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، فۇ-

جەن، سەنشى، جەجياڭ، جاڭشى، خۇنەن، سىچۈەن
ۋە شەرقى شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە ئوقۇغۇچىلىرى ئارقا- ئارقىدىن
قوشۇلدى.

جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرەشكە قاتنىشىشى
ۋە ھەرىكەتنىڭ ئاخىرلىشىشى-3-ئىيۇندىن ئىلگىرى،
كۈرەشكە قاتناشقانلار پەقەت ياش زىيالىيلار بىلەنلا چەكلەنگەن
ئىدى. 3 - ئىيۇندا بېجىڭدىكى ۋەتەن خائىنلىرى ھۆكۈمىتى تەش-
ۋىقا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىڭدىن ئارتۇغىنى تۇتۇپ كەت-
كەنلىكتىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى قاتتىق غەزەپكە كەلدى،
شۇنىڭ بىلەن، ھەرىكەت 3 - ئىيۇندىن كېيىن يېڭى باسقۇچقا
كىردى. شاڭخەي ۋە باشقا سودا شەھەرلىرىدىكى سودىگەرلەر بازار
تاشلىدى. ئارقىدىن شاڭخەيدىكى ماشىنىسازلىق، مەتبۇئاتچىلىق،
توقۇمىچىلىق، تۆمۈر يول، تراموۋاي ئىشچىلىرى ئىش تاشلىدى.
يالغۇز شاڭخەيدە سىياسى ئىش تاشلاش ئۆتكەزگەن ئىشچىلار
60 - 70 مىڭغا يەتتى. شۇ چاغلاردا بېجىن - مۇكدېن تۆمۈر
يولىنىڭ تاڭسەن ستانسىيەسىدە 3،000 دىن ئارتۇق ئىشچى، بې-
جىن - خەنكۇ تۆمۈر يولىنىڭ چاڭشىڭدىيەن ستانسىيەسىنىڭ
ئىشچىلىرىمۇ بۇ ھەرىكەتكە پائال قاتناشتى، بولۇپمۇ شاڭخەي-
نەنجىن تۆمۈر يولىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى ناھايىتى
زور تەسىر بەردى. بۇ ئەھۋال، «4 - ماي ھەرىكىتى»نىڭ پۈ-
تۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى ئىشچى، سودىگەر ۋە ئوقۇغۇچى-

لارنىڭ بىرلەشكەن ئىنقىلابى ھەرىكىتى بولۇپ ئوسكەنلىگىنى كورسۇتۇدۇ.

ئىمپىرىيالىزمغا قارشى مەملىكەت بويىچە ئەۋج ئالغان ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ دولقۇنى، ئەكسىيەتچى ھوكۇمەتنى يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. بېجىن ھوكۇمىتى ئىيۇلنىڭ 7 - كۇنى قاماقىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئازات قىلدى، 9 - كۇنى بۇيرۇق چۇشۇرۇپ خائىن ساۋرۇلىك، لۇزۇڭيۇي، جانزۇڭشاڭلارنى ئوز خىزمىتىدىن قالدۇردى. جۇڭگو خەلىق ئەبكارىيىتنىڭ زورى بىلەن جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ پارىژدىكى ۋەكىللىرى ئىيۇننىڭ 28 - كۇنى سۇلىھ شەرتنامىسىغا قول قويۇشنى رەت قىلدى. بۇ خەۋەر پۇتۇن دۇنياغا تارقىلىپ، دۇنيا مەملىكەتلىرىنى چوچۇتتى.

4

«4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەرەققى قىلىشى

ۋەتەنپەرلىك ھەرىكەت بىلەن يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بىرلىشىشى - ئىمپىرىيالىزمغا، فېئوداليزمغا قارشى «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ باشلانغۇچ ئىپادە شەكلى بولغان ۋە ئالغا سۇرۇش رولىنى ئوينىغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى،

يەنى «كونا ئەخلاققا قارشى تۇرۇپ يېڭى ئەخلاقنى جارى قى-
لىشنى، كونا ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇپ يېڭى ئەدەبىياتنى جا-
رى قىلىشنى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا ئىككى زور تۇغ قىلغان ...»
(«يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى
2- توم 2- نەشرى 693 - بەت) ھەرىكەتمۇ، پۈتۈن مەملىكەت
بويىچە ئەۋج ئالدى. ۋەتەنپەرلىك ھەرىكەت بىلەن يېڭى مە-
دەنىيەت ھەرىكىتى بىرلىشىپ، يەنە بىر - بىرىگە تۈرتكە بول-
دى. ژۇرنال جەمئىيەتتىن «شىنچىڭنيەن» (يېڭى ياشلار) ژۇر-
نىلىدىن باشقا بېيجىڭدە «شىنچاۋ» (يېڭى دولقۇن)، «مىجۇپىڭ-
لۇن» (ھەپتىلىك ئوبزور) «شىنسىڭخو» (يېڭى ھايات) ژۇرنال-
لىرى، شاڭخەيدە «شىنچى پىڭلۇن»(يەكشەنبە ئوبزورى)ژۇرنى-
لى، خۇنەندە «شاڭجاڭ پىڭلۇن» (شاڭجاڭ ئوبزورى) ژۇرنىلى،
چىڭدۇدا «شىنچىرى» (يەكشەنبە) ژۇرنىلى ۋە باشقىلار چىق-
تى. يېڭى مەدەنىيەتنى تەرغىپ قىلىدىغان گېزىت جەمئىيەتتىن: بې-
يجىڭدە «چىڭباۋ» (سەھەر) گېزىتىنىڭ «چىڭباۋ فۇكەن ناملىق ئە-
دەبىيات سەھىپىسى، شاڭخەيدە «مىنگو رىباۋ» گېزىتىنىڭ «ئويغا-
نغان» ناملىق ئەدەبىيات سەھىپىسى ۋە «سىسى شىنباۋ» (ئىقىم مە-
سىلىلىرى) گېزىتىنىڭ «شۆدىڭ» (ئىلىم چىرىغى) ناملىق ئەدە-
بىيات سەھىپىسى ۋە باشقىلار چىقتى. بۇلاردىن باشقا نەشىر
قىلىنغان بىراشيۇرىلار، توپلاملارمۇ ناھايىتى كوپ. ئەدەبى-
يات جەمئىيەتلىرىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قۇرۇلغىلى تۇردى.

كېيىن شىڭ يەنبىڭ (ماۋدۇن)، جىڭ جېنگۇاۋلارنىڭ «ئەدەبىياتنى تەدقىق قىلىش جەمئىيىتى»، گومورو، چىڭفاڭۇلارنىڭ «ئىجادىيەت جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. شۇ چاغلاردا لى داجاۋ، چيۇ دۇشۇلارنىڭ كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى باشلانغۇچ ھالدا ئەكىلىگەن سىياسىي ئىلمىي ماقالىلىرى، لۇشۈننىڭ «سارالڭ خاتىرىسى» ۋە «كۆكچى» دېگەن ھېكايىلىرى ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە ئىدى؛ ماۋزېدۇڭ تەھرىرلىگىدە چىققان «شاڭجاڭ ئوبزورى» نىڭ تەسىرى جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ھەممە جايلىرىغا يېتىپ باردى. ماركسىزم-لېنىنىزم ئاستىلاپ سىستېمىلىق ھالدا جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلغىلى باشلىدى.

مەدەنىيەت بىرلىك سېپىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى — «4 — ماي» ھەرىكىتى دەسلەپتە كوممۇنىستىك زىيالىيلار، ئىنقىلابچى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى ۋە بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى (ئۇلار بۇ ھەرىكەت ئىچىدىكى ئوڭچىللار ئىدى) نىڭ بىرلىك سېپى ئاساسىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىدى. ئىيۇننىڭ 3 — كۈنىدىن كېيىن، «4 — ماي» ھەرىكىتى «زىيالىيلار دائىرىسىنى بۇزۇپ، كەڭ پرولېتارىيات، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيە قاتناشقان مەملىكەت دائىرىسىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە ئايلانغاندا، مەدەنىيەت مەپكۇرىسىدە جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى سوتسىيالىزم بولۇشقا تېگىشلىكمۇ ياكى كاپىتالىزم بولۇشقا تېگىشلىكمۇ، دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا چىققىلى تۇر-

دى. بۇ مەسىلىدە، زىيالىلار ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشۇ-
مايدىغان سىنىپى مەيدانلىرىنى ئوچۇق ئىپادە قىلىشقا باشلىدى ،
شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت بىرلىك سېپىمۇ بولۇنۇپ كېتىشكە باش-
لىدى .

بۇرژۇئازىيە زىيالىلىرىنىڭ ۋەكىلى خۇشى ئىيۇلدا «مەسىلىنى
كۆپرەك تەتقىق قىلىپ، مەسلەك سۆزىنى ئازراق قىلايلى» دې-
گەن بىر ماقالىنى ئېلان قىلىپ، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودا تارقى-
لىشىغا قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەقىقەتتىن قورقىدىغان-
لىقىنى ئىپادە قىلدى ھەمدە دۈشمەنلىك كەيپىياتنى قوللاندى.
ئۇلار پەلسەپە جەھەتتە ئامېرىكىلىق دۇۋى نىڭ ۋۇلگارىزمىنى
يەنى ئاۋرۇپا -ئامېرىكا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزمىنى
تەرغىب قىلىپ، خەلقنى ئوبيېكتىپ قانۇن ۋە ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى
چۈشۈنۈشتىن توستى. سىياسەتتە سۇلھىچى رېفورمىزمنى تەرغىب
قىلىپ، بۇرژۇئازىيە ئارزۇ قىلىدىغان «ياخشى ئادەملەر»، «ئىش
بىلەرمەنلەر» «ياخشىلار ھۆكۈمىتى»نى، «ئەڭ ماھىر ئىش بىلەر-
مەنلەر كابىنېتى» نى تەشكىل قىلىشۇن دەپ، ئىمپېرىيالىزم ۋە فې-
ئودال - مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بۇرژۇئازىيەنىڭ
ئاندا - ساندا ئېتكۈزىدىغان « رېفورما»سىنى ئېتكۈزۈپ ئىنقىل-
لابقا قارشى تۇرۇش قەستىگە چۈشتى. خۇددى ماۋزېدۇڭ كۆر-
سەتكەندەك: «شۇ چاغدىكى بۇرژۇئازىيە زىيالىلىرى 4-ماي ھە-
رىكىتىنىڭ ئوڭچىللىرى ئىدى، 2 - باسقۇچتا (يەنى 1921 -يىل-

دىن 1927 ــ يىلغىچە ــ خۇخوا) يەتكەندە، ئۇلارنىڭ زور قىسمى دۈشمەن تەرەپكە، ئەكسىيەت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.» («يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2 ــ توم 2 ــ نەشرى 693 ــ بەت).

لى داجاۋ، چېن دۇشيۇ، ماۋزېدۇڭ، چۈي چيۇبەي، سەي خېسېن، خۇي دەيىڭ لەرنى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا لۇشۇن لەرنى ئاساسى ۋەكىل قىلغان بىر قىسىم ئادەملەر، مەپكۇرىدە رادىكال ئىنقىلابى دېموكراتىيەدىن ۋە باشلانغۇچ ھالدىكى كوممۇنىزم مەپكۇرىسىدىن تەرەققى قىلىپ، ماركسىزم ــ لېنىنىزم مەپكۇرىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا يېتەكچىلىك قىلىش كىرەكلىكىنى قوۋەتلەشكە كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى تىخىمۇ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. لى داجاۋنىڭ 1919 ــ يىلى ئاۋغۇستتا خۇشى نىڭ سەپسەتەلىرىگە رەددىيە قىلىپ يازغان «يانا مەسىلە ۋە مەسلەك ھەققىدە» دىگەن ماقالىسى، ئەنە شۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مەپكۇرىسىنى ۋە ماڭىدىغان يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ماقالىدۇر. بۇ ماقالىدا جۇڭگونى جەمئىيەت تۈزۈمىدىن تارتىپ تۈپ ئاساسىدىن ئۆزگەرتىش يولى كۆرسىتىپ بېرىلدى. بۇ ھەم ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «4 ــ ماي ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىككى ئېقىمغا ئايرىلدى. بىر قىسىم ئادەملەر 4 ــ ماي ھەرىكىتىنىڭ پەننى ۋە دېموكراتىيە روھىنى داۋام ئەتتۈردى، ھەمدە ئۇنىڭغا ماركسىزم

ئاساسىدا ئوزگەرتىش كىرگۈزدى. بۇ، كوممۇنىستلار ۋە كومپارتىيە سىرتىدىكى بىر قانچە ماركسىستلارنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرىدۇر. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر بۇرژۇئازىيە يولىغا ماڭدى. بۇ، فورمالىزمنىڭ ئوڭچىللىق تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىدۇر.» («پارتىيە دوگماتىزمىغا قارشى تۇرايلى» «ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى» 3 ـ توم 1 ـ نەشرى 853 ـ بەت).

5

ماۋزېدۇڭنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرى، «شاڭجاڭ ئوبزورى»نى چىقىرىشتىن تارتىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىدە ئىشلەشكىچە «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىكى ئەڭ توغرا نىشانە

ماۋزېدۇڭنىڭ ياشلىق دەۋرى ـ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى ۋە داھىيسى ماۋزېدۇڭ 1893 ـ ژىلى (كونىچە كىچىك ژىلى، گۇاڭشۈينىڭ 19 ـ ژىلى) خۇنەن ئولكىسىنىڭ شاڭتەن ناھىيەسىگە قاراشلىق شاۋسەن يېزىسىدا دۇنياغا كەلدى. ئاتا كەسپى دېھقان بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىنلا ئەمگەك قىلىشقا باشلىدى. 17 يېشىدا چاڭشا شەھىرىگە بېرىپ گىمنازىيەگە كىردى. شىڭخەي ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئىنقىلاپقا بىۋاستە قاتنىشىش بىلەن باغلاپ ئەسكەرلىككە (يېڭى ئارمىيەگە) كىردى.

شىگخەي ئىنقىلابى بەرھەم يەرگەن، جەنۇپ بىلەن شىمال «بىرلەشكەن»چاغلاردا، يېرىم ژىل ئەسكەر بولغان ماۋزېدۇڭ، ئەسكەرلىكتىن قايتىپ چىقتى. كېيىن خۇنەن ئۆلكۆلۈك بىرىنچى دارىلمۇئەللىمىنگە كىردى.

1917 - ژىلى ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «يېڭى خەلىق ئىلىم جەمئىيىتى» تەشكىل قىلىندى. بۇ، ئىلمى تەدقىقات ۋە جەمئىي-يەتنى ئۆزگەرتىشنى نىشانە قىلغان ياشلار جەمئىيىتى ئىدى. كې-يىن ئۇ يوشۇرۇن ھالدىكى دەستلەپكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رو-لىنى ئوينىدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگو كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى ئۇنسۇرلىرى ۋە زىيالى كادىرلىرى بولۇپ قالدى.

«شاگجاڭ ئوبزورى» نى چىقىرىشتىن تارتىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىدە ئىشلەشكىچە «4 - ماي» ھە-رىكىتىنىڭ قوزغىلىشى بىلەن ماۋزېدۇڭ چاگسادا خۇنەن ئو-قۇغۇچىلىرى ۋە ئىلغار زىيالىلارنى تەشكىللەپ «شاگجاڭ ئوبزو-رى»نى چىقىرىپ ئىمپېرىيالىزمغا، فېئوداليزمغا ۋە مىلىتارىزمغا قارشى تەشۋىقات ژۈرگۈزدى، دېموكراتىيە ۋە يېڭى مەدەنىيەت-نى تەرغىپ قىلدى، «خەلىق ئاممىسى ئىتتىپاققا كېلەيلى» دې-گەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. بۇ ژۇرنالنىڭ تەسىرى جۇڭگو-نىڭ جەنۇپ تەرەپتىكى ئۆلكۆلىرىگە يېتىپ باردى.

مىلىتارىستلارغا قارشى ئەمىلى كۆرەشنى تەشكىللەش ئۈچۈن،

ئۇ بېجىن، شاڭخەيلەرگە كەلدى. 2 - قېتىم بېجىنگە كەلگەن ۋاق-تىدا رۇسىيە ھەققىدىكى نۇرغۇن كىتابلارنى، «كوممۇنىستىك مانىفېست» ۋە باشقا كىتابلارنى ئوقۇدى، ماركسىزمغا ئىشەنچ باغلىدى، شۇنىڭ بىلەن قىلچە دەككە - دۈككىدە بولۇپ تۇر-ماستىن زور قەدەم بىلەن كوممۇنىزم يولىغا قاراپ ماڭدى.

1920 - يىلى چاڭشاغا قايتىپ، بىرىنچى دارىلمۇئەللىمىن قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولدى، بىرىنچى دارىل-مۇئەللىمىننىڭ قايسى بىر سىنىپىدا تىل مۇئەللىمى بولدى. شۇ چاغ-لاردا «مەدەنىيەت كىتابخانىسى»، «ياشلار قىرائەتخانىسى» تەش-كىل قىلدى، چوڭشەن ئىلمى جەمئىيىتى، ئۆز - ئۆزىنى تەر-بىيەلەش دارىلفۇنۇنى، شاڭجاڭ گىمنازىيەسى ۋە باشقىلارنى يولغا قويدى، «ماركسىزمنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى» تەشكىل قىلدى. ھەمدە ئەمەلىي رەۋىشتە ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن شۇ-غۇللىنىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىر-لەشتۈردى. ئىشچىلار ھەرىكىتى بولسا، كومپارتىيەنى مەيدانغا چىقىرىشنىڭ سىنىپىي ئاساسىدۇر، پارتىيە ئىمپېرىيالىزمغا، فېئوداليزمغا قارشى بىرلىك سەپنى يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن تەييار-لاشقا تېگىشلىك بولغان ئۆز كۈچىنىڭ ئاساسىدۇر، شۇنىڭدەك كېيىنكى داغدۇغۇلۇق جۇڭگو ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچ-تىكى مەركىزى خىزمىتىدۇر. ماۋزېدۇڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن تارتىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىگىچە ھەممىشە ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا ماڭدى!

«شاگجاڭ ئوبزورى»نى چىقىرىشتىن ـ يېڭى مەدەنىيەت ھە ـ رىكىتىدىن ماركسىزم ـ لېنىنىزم تەرغىباتىنى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە باغلاشقا ئۆتۈش، ـ «4 ـ ماي»دەۋرىدىكى ئەڭ توغرا نىشانىدۇر، بۇ نىشانىنىڭ ۋەكىلى ماۋزېدۇڭدۇر.

6

جۇڭگو يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىش دەۋرى بولغان «4ـ ماي ھەرىكىتى» توغرىسىدا ئاخىرقى سۆز

1919 ـ ژىلدىكى «4ـ ماي ھەرىكىتى»، بىر سىياسى ھەرىكەتـ دۇر، شۇنىڭدەك بىر مەدەنىيەت ھەرىكىتىدۇر. رۇسىيەدىكى سوتـ سىيالىستىك ئوكتەبر ئىنقىلاۋىنىڭ ۋە شۇ ۋاقىتلاردىكى دۇنيا ئىنقىلابى داھىيلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى جۇڭگو تارىخىدا بىرىنچى قېتىم بولغان سىياسى ئىش تاشـ لاش يولى بىلەن مەملىكەتنىڭ خەلقىنىڭ ئىمپىرىيالىزمغا قارشى ئۇرۇشىغا قاتناشتى. شۇ چاغلاردا باشلانغۇچ ھالدا كوممۇنىـزم مەپكۈرىسىنى ئىگەللىگەن زىيالىيلار بۇھەرىكەتكە ئاكتىپ رەۋىشتە يېتەكچىلىك قىلىشقا قاتنىشىپ، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى ئۆتمۈشتىـ كى ئۇرغۇن دېموكراتىيە ھەرىكەتلىرىدىن خېلىلا پەرق قىلىدىغان بىر ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگو دېموكراتىيە ھەرىكىتىدە يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. بۇ، كونا دېموكراتىيە ئىنقىلابى ھە ـ

ریكیتیگە ئوخشومایدىغان یېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكەتدۇر.

«4 ـ ماي ھەرىكىتى» نىڭ تارىخى ئەھەمىيىتىنى ماۋزېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» دېگەن ئەسەرىدە توغرا ئىلمىي رەۋىشتە خۇلاسىلىدى. ئۇ بۇنداق دەپ كورسۇتۇدۇ: «4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ ھەممىدىن ئارتۇق تارىخى ئەھەمىيىتى، ئۇنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىدا بولۇپ باقمىغان قىياپەتلەرگە ئىگە بولغانلىقىدادۇر، يەنى قەتئى ۋە مۇرەسسەسىز رەۋىشتە ئىمپېرىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغانلىقىدادۇر، قەتئى ۋە مۇرەسسەسىز رەۋىشتە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرىدىغانلىقىدادۇر.» («ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 2 ـ نەشر 699 ـ بەت). «4 ـ ماي ھەرىكىتى» يولىنى قويغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى قەتئى رەۋىشتە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرىدىغان مەدەنىيەت ھەرىكىتىدۇر. جۇڭگو تارىخى پەيدا بولغاندىن بويان بۇنداق زور ۋە قەتئى مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولۇپ باقمىغان ئىدى. «4 ـ ماي ھەرىكىتى» جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا باغلاش ئىشىنى ئالغا سۈرۈپ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 1921 ـ يىلى قۇرۇلۇشىغا مەپكۇرە ۋە كادىر تەييارلاپ بەردى، ھەمدە «30 ـ ماي» ھەرىكىتى بىلەن شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىنى تەييارلاپ بەردى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو تارىخى ئۈچۈن قىلىنغان زور خىزمەتلەردۇر. «4 ـ ماي ھەرىكىتى» نىڭ كامچىلىقى بولسا: بۇ ھەرىكەت باشلانغان چاغدا

(يەئنى 3 ـ ئىيۇندىن ئىلگىرى) پەقەت زىيالىيلار بىلەنلا چەكـ
لىنىپ، ئىشچىلار ـ دېخانلار قاتناشمىدى. ئۇنىڭ مەدەنىيەت
ھەرىكىتىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىشچى ـ دېخانلار ئاممىسى ئىچىگە كىـ
گىيپ بارالمىدى. ۋاھالەنكى«....ئەگەر زىيالىيلار ئىشچى، دېـ
خانلار ئاممىسى بىلەن بىرلەشمىسە، ھېچقانداق مۇۋەپپىقىيەت
قازىنالمايدۇ.» («4 ـ ماي ھەرىكىتى» ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەـ
سەرلىرى 2 ـ توم 2 ـ نەشرى 546 ـ بەت).

ئىشچى، دېخانلار ئاممىسى بىلەن ھەقىقى، ئەمىلى رەۋىشـ
تە بىرلىشىپ، زور ئىنقىلابنىڭ ئوتىنى ياندۇرۇش، ـ بۇ، ماۋزېـ
دۇڭنى ۋەكىل قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ «4 ـ ماي»دىن
كېيىن ماڭغان يولىدۇر.

«4 ـ ماي» مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە كىم يېتەكچىلىك قىلـ
دى ؟

«4 ـ ماي ھەرىكىتى» جۇڭگودا مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنى قوز ـ
غاپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ژىلدىزلاپ كەتكەن كونا،
فېئودالىزم مەدەنىيىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، يېڭى دېموكراتىك
يېڭى مەدەنىيەتكە يول ئاچتى. بۇ ۋەزىيە بۇرژۇئازىيە يېتەكچى
لىكىدە ئەمەس، باشلانغۇچ ھالدا كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى ئىگىـ
لىگەن زىيالىيلار يېتەكچىلىكىدە ئىجرا قىلىندى. «4 ـ ماي ھەـ
رىكىتى»ۋاقتلىرىدا جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابى ئىشلار ـ
دىكى ئاۋانگارتلىرى مەسىلەن: لى داجاۋ قاتارلىق ئادەملەر، ئۆز

ئېشلىرىنىڭ توغرىلىغىغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ چوقۇم ئازات بولى-
دىغانلىغىغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىنى ئازات قىلىش كۈچىگە ئىگە
ئىكەنلىگىگە قەتئى ئىشەندى. ئۇلار قولىدا تومۇرنىڭ سۇنۇغى
بولماي تۇرۇپ ئىمپېرىئالىزم ۋە فېئوداليزم تەسىرىگە قارشى تۇ-
رۇپ، غالىبىيەتكە بولغان مۇستەھكەم قەتئى ئىشەنچىسىنى ۋەتەڭ-
دىشى بولمىغان جاسارىتىنى ئىپادە قىلدى. لى داجاۋ 1927-يى-
لى ئاپرىلنىڭ 28-كۈنى ئۆز ۋاقتىدىكى ياپون ئىمپېرىئالىزمى-
نىڭ قۇيرۇغى بولغان لياۋنىڭ سىستېمىسىدىكى مىلىتارىست جاڭ-
زۇلىننىڭ دارى ئاستىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى. ئۇنىڭ
مەپكۇرە، ئىنقىلابى ئىش ساھەسىدە جۇڭگو خەلقىغە يەتكۈزگەن
پارلاق تۆھپىسى، خەلىق ئىشىنىڭ ئالغا بېسىشى بىلەن تەڭ ئە-
بەدى ياشايدۇ! لېكىن شۇ چاغلاردا مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ
قاتناشچىلىرىدىن بولغان بۇرژۇئازىيە زىيالىلىرى خۇشى ۋەباشقى-
لار، كېيىنكى چاغلاردا ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى ۋە مۇستەبىت
جاڭكەيشىگە سادىق لالمىلاردىن بولۇپ قالدى، ئۇلار ئۆز ۋاق-
تىدا مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ھەقىقى يېتەكچىلىرىمۇ ئەمەس ئىدى؛
بۇ ناھايىتى روشەن گەپ.

ئىككىنچى قىسىم

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرى

(1927 – 1921)

ئىككىنچى باپ

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى

1

جۇڭگو پرولىتارىئاتىنىڭ سىنىپ بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

جۇڭگو پرولىتارىئاتىنىڭ سىنىپ بولۇپ شەكىللىنىشى- چەت ئەل ئىمپېرىئالىزم ئىقتىسادى بىلەن ئىچكى كاپىتالىزم ئىقتىسادىنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىمپېرىئالىستلار ۋە ئىچكى كاپىتالىستلار زاۋۇت - فابرىكىلىرىدا كېيىنكى زامان سانائەت پرولىتارىئاتى توپلاندى. بۇلارنىڭ سانى ژۇقۇرىدا ئېيتقاندەك تەخمىنەن $2\frac{1}{2}$ ـ 3 ميلليونغا يەتتى. بۇ سان پۈتۈن خەلق نوپۇسى بويىچە ئالغاندا ناھايىتى ئاز بولسىمۇ،

لېكىن ئۇلار تۇراق جاي جەھەتىدىن مەركەزلەشكەن ، كۆچـ
لۈك سىنىپدۇر. بۇندىن باشقا، شەھەرلەردىكى ئۇششاق سانائەت
ۋە قول سانائەتلەردىكى ياللانما ئەمگەكچىلەر ۋەسودا دۇكانـ
لىرىدىكى پرىكازچىكلەر تەخمىنەن 12 مىلليونغا يېتىپ بارىدۇ .
يەنە كەڭ ياللانما دېخانلار، يەنى يېزا پرولېتارىئاتى بار ،
شەھەر ۋە يېزىلاردىكى باشقا پرولېتارلارنى قوشقاندا بۇلارنىڭ
سانى ناھايىتى كۆپ.

«4 ـ ماي ھەرىكىتى» دىن ئىلگىرى، جۇڭگو پرولېتارىئاتىنىڭ
سىنىپى كۆچى يېتەرلىك تەرەققىي قىلمىغاچقا، جۇڭگو ئىنقىلابى
ھەرىكىتىگە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بىلەن بۇرژۇئازىيە (بۇلارنىڭ
زىيالىيلىرى) يېتەكچىلىك قىلدى. مەسىلەن: سۇنجۇڭشەن يېتەك
چىلىكىدە 1911 ـ يىلى بولغان بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى (شىنخەي
ئىنقىلابى) غا ، پرولېتارىئات ئەگەشكۈچى بولۇپ قاتناشتى .
ئەمما «4 ـ ماي» دىن كېيىن جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈچى
تېخىمۇ زورايدى، دۇنيا ئىنقىلاۋى ھەرىكىتى ئۇلارغا تەئسىر
قىلدى، ئۇلار «4 ـ ماي ھەرىكىتى» گە قاتنىشىپ تاۋلاندى ،
شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسى ئاڭدا كۈندىن ـ كۈنگە ئۇيغۇرى كۆـ
تۈرۈلۈپ ، ئاستىلاپ كۈچلۈك، مۇستەقىل سىياسى كۈچكە ئايـ
لىنىپ، جۇڭگونىڭ سىياسى سەھنىسىگە چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىـگە
ئۇ جۇڭگودىكى ئەڭ ئىلغار ، ئەڭ دەرتمەن سىنىپ بولغاشقا،
«4 ـ ماي ھەرىكىتى» دىن كېيىن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يېتەكـ

چېسى ئۇششاق بۇرژۇئازىيەبىلەن مىللى بۇرژۇئازىيە ئەمەس، بەلـ
كى پرولىتارىئات سىنىپى بولۇپ قالدى.

جۇڭگو پرولىتارىئاتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ــ

جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا پرولىتارىئات يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.
چۇنكى، ھەممىدىن ئەۋۋەل، بۇسىنىپ ئەڭ ئىلغار ئىقتىسادى
فورمابىلەن ئالاقىدار ۋە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ۋەكىلى
بولغان تارىختىكى ئەڭ ئىلغار سىنىپ. ئۇ، باشقا ھېچقانداق سىـ
نىپلاردا بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. لىۇشاۋچى بۇنداق
دەپ يازىدۇ: پرولىتارىئات چوڭ سانائەتكە توپلىنىپ ئىشلەپـ
چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمىتى بەك نازۇك بولىدىغان، بارلىق
ھەرىكەتلىرى ماشىنا تەرىپىدىن چەكلەنگەن ۋە بىر ـ بىرسىگە
باغلانغان. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى يوق، ئۇلار ئەمـ
گەك كۈچىنى ئىش ھەققى ئۈچۈن ساتقۇچى ئەمگەكچىلەر بولۇپ،
ئىش ھەققىگە يۆلىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ. ئۇلار بىلەن باشقا بارلىق
ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدا تۈپ، مەنپەئەت توقۇنۇشى يوق. شۇنداق
بولغانلىقتىن، ئۇلاردا ئۇلۇق ئىتتىپاقچىلىق، بىر ـ بىرىگە ھەمـ
كارلىق، تەشكىللىك، ئىنتىزاملىق، ئىلغارلىق، مۇلۇكنى ئورتاق قىلىشقا
ئىنتىلىش ھەم بارلىق ئېكسپلوئاتاتورلارغا قارشىلىق، كۆرەشچانلىق،
قاتتىقلىققا ئوخشاش خىسلەتلەر پەيدا بولىدۇ. مانا بۇلار پرولىـ
تارىئات سىنىپىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرلىرىدۇر.» («ئىنساننىڭ سىنىپى
خاراكتېرى» «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيەسى توغرىسىدا»)

جۇڭگو پرولتارىئاتىدا ژۇڭگو پرولتارىئاتىدا ژۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، ئومۇمەن پرولتارىئاتتا بولىدىغان ئاساسى ئوبدان نۇقتىلاردىن باشقا يەنە قانداق ئايرىمچە ئوبدان نۇقتىلار بار؟

1 . جۇڭگو پرولتارىئاتى 3 تۈرلۈك زۇلۇمغا (ئىمپىرىئالىزم زۇلمى، بۇرژۇئازىيە زۇلمى، فېئودالىزم زۇلمىغا) ئۇچرىدى. بۇ زۇلۇملار ئېغىرلىق ۋە قەبىھلىكتە دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە ئاز ئۇچرايدۇ. ئىمپىرىئالىستلار ئىشچىلارنى هايۋان قاتارىدا خاھلىغىنىچە ئەزدى، ئىشتىن بوشاتتى، شاگىرد قىلىپ ئېلىش، بىقىپ قاتارغا قوشۇش دېگەندەك يېرىم فېئودالىلاشقان ئېكسپلو- ئاتاتسىيە ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇزلىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق پايدىسىنى كوپەيتتى.

جۇڭگو كاپىتالىستلىرى چەت ئەل ماللىرى بىلەن رىقابەت- لىشىشكە ئاجىز كەلگەنلىكتىن، ئىشچىلارنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۇزار- تىش، ئىش ھەققىنى كامايتىش يولى بىلەن ئۆز پايدىسىنى تەئمىن قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو ئىشچىلىرى دۇنيا بويىچە ھەم- مىدىن كەمبىغەل ياشىدى، ئىش ھەققىمۇ ھەممىدىن تۆۋەن بول- دى. ئادەتتە كۈنىگە 12 سائەت ھەتتا 20 سائەتتىنمۇ كوپ ئىش- لىدى. ئىشچىلارنىڭ ھاياتى ۋە كۈندۈلۈك تۇرمۇشى زادىلا كاپالەتسىز ھالدا ئوتتى، ئۇزلىرىنىڭ ئىشچى ئۇيۇشمىلىرى ئاز، ئىجتىمائى ئورنى تۆۋەن، سىياسەتتە قىلچە ئەركىنلىكى يوق، تامامەن «پەس ئادەم» قاتارىدا ياشىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار

ئىنقىلابى كۇرشلەردە باشقا هەرقانداق سىنىپتىن قەتئى ۋە سۇباتلىق ئىكەنلىكىنى كورسەتتى. مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە هالىدا قالغان جۇڭگودا ئاۋرۇپاغا ئوخشاش ئىجتىمائى رفورمىزمنىڭ ئىقتىسادى ئاساسى يوق ئىدى، شۇڭا پۈتۈن ئىشچىلار سىنىپى، ئازسانلىق ئىشچى خائىنلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ هەممىسى ناهايىتى قەتئى ئىنقىلابچىدۇر.

2. جۇڭگو پرولتارىئاتى ئىنقىلاپ سەهنىسىگە دەستلەپتىلا ئوز سىنىپىنىڭ ئىنقىلابى پارتىيەسى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىگىدە چىقىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىدە هەممىدىن ئاڭلىق سىنىپقا ئايلاندى.

3. جۇڭگو پرولتارىئاتىنىڭ دېهقانلار ئاممىسى بىلەن تەبىئى مۇناسىۋىتى بار (چۇنكى بانكروت بولغان دېهقانلاردىن كەلىپ چىققانلار كوپ)، بۇ ئەهۋال ئۇلارنىڭ دېهقانلار بىلەن يېقىن ئىنقىلابى ئىتتىپاق تۇزۇشىگە ئاسانلىق بېرىدۇ.

تەبىئىكى، جۇڭگو پرولىتارىئاتىدا خالى بولمايدىغان ئاجىزلىقلارمۇ بار، مەسىلەن: ئۇلارنىڭ سانى ئاز (دېهقانلارغا نىسبەتەن)، ئوزى ياش (كاپىتالىستىك دولەتلەردىكى پرولتارىئاتقا نىسبەتەن)، مەدەنىيەت سەۋىيەسى توۋەن، (بۇرژۇئازىيەگە نىسبەتەن)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دېهقانلار ئىدېئالوگىيەسى، كەسىپ ئايرىمىچىلىق ئىدىيەسى، سەرگەردانچىلىق ئادەتلىرىگە ئوخشاش ئاجىزلىقلار مەۋجۇت. ئەمما ژۇۋۇرىدىكىدەك

خۇسۇسىيەت (ئوبدان نۇقتا) لەر بولغاشقا، ئۇلار بەرپىر جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەڭ ئاساسى كۈچى بولۇپ قالدى. ئەگەر پرولې- تارىئات يىتەكچىلىك قىلمىسا، جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبە قازىنالمايدۇ.

2

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ دۇنياغا كەلىشى، مەملى- كەتلىك بىرىنچى قۇرۇلتايى، پارتىيەنىڭ توغرا تەشكىلى پرىنسىپى بىلەن سىياسى يولىنىڭ بەلگۈلىنىشى

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ دۇنياغا كەلىشى- ۋۇقۇرىدا سوزلەپ ئوتتۇك، روسىيەدىكى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غالىبىيىتى ۋە جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ «4 - ماي» كۈرەشىگە قاتناشقانلىغى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بۈيۈك كۈچىنى كورسەتتى. جۇڭگونىڭ ئىنقىلابى زىيالىلىرىدىن بولغان لىيداجاۋ، چېندۇ- شۇ، ماۋزەيدۇڭ ۋە باشقىلار «يىڭى ياشلار»، «ھەپتىلىك ئوب- زور»، «شاڭجاڭ ئوبزورى» ۋە «جەجياڭ ئوبزورى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىق رەۋىشتە كوممۇنىزم مەپ- كۈرىسىنى تەشۋىق قىلىپ روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ غالىبىيىتىنى تونۇش- تۇردى...... بۇ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تۇغۇلۇشىغا بولغان مەپ- كۈرىۋى تەييارلىقدۇر.

بىر قىسىم كوممۇنىستىك زىيالىلار ئىشچىلار ئىچىگە كىرىپ ئىشچىلار
ھەرىكەتلىرىگە قوشۇلدى. ماۋزېدۇڭ خۇنەندە ئىشچىلار ئىچى-
گە كىرىپ ئىشچىلارغا خىزمەت قىلدى، تەشۋىق قىلدى. ماۋ-
زېدۇڭ ھەربىر زاۋود - فابرىكا ۋە ھەر ساھەدىكى كەسىپ
ئىچىگە كىرىپ، ئۇ يەرلەردىن ئاكتىپلارنى، كادىرلارنى ئوت-
تۇرىغا چىقىرىپ شۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ۋە ھەرىكەت قىلىش،
كۈرەش قىلىش يوللىرى بىلەن ئاستىلاپ بارلىق سانائەت ئىشچى-
لىرىنى ۋە قول سانائەتچىلەرنى تەشكىللەپ پارتىيەنىڭ ئۇلىنى
قۇرۇشقا باشلىدى. شۇۋاقىتلاردا، شاڭخەيدىكى كوممۇنىستىك
زىيالىلارمۇ ئىشچىلارغا ياردەملىشىپ نۇرغۇن تەشكىلاتلارنى قۇر-
دى. شىمال تەرەپتە لىۋشاۋچى، دېڭ جۇڭشالار ئىشچىلارغا
ياردەملىشىپ ئەمگەكچىلەر مەكتىۋى ئاچتى، ئىشچىلارنىڭ 10 كى-
شىلىك تەشكىلات دېگەن تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە يار-
دەملەشتى. بۇ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تۇغۇلۇشىغا سىنىپىي ئاساس-
تىن قىلىنغان تەييارلىق خىزمەتلەردۇر.

كومىنتېرن جۇڭگودا پارتىيە تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا ياردەملى-
شىش ئۈچۈن 1920 - ژىلى باھاردا ۋويىتىنسكىي (خەنسۇچە ئىسمى
ئۇتىڭكاڭ) نى جۇڭگوغا ئەۋەتتى. ئۇ لى داجاۋ ۋە چېن دۇشيۇ بىلەن
ئۇچراشتى. كومىنتېرننىڭ پائال ياردىمى بىلەن چېن دۇشيۇلار ما-
دىن باشلاپ شاڭخەيدە، لى داجاۋلار بېيجىڭدە، ماۋزېدۇڭ ۋە
خې شۇخېڭلەر خۇنەندە، دۇڭ بىۋۇ، چېن تەنچيۇلار خۇبېيدە، ۋاڭ جىڭ-

مىلەر جىنەندە ماركسىستلار گرۇپپىلىرىنى قۇردى. كېيىن چېڭ دۇشۇ گۇاڭدۇڭغا كېلىپ گۇاڭدۇڭدىمۇ ماركسىستلار گرۇپپىسىنى قۇردى. سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىمۇ شۇچاغدا قۇرۇلدى. ياپونىيەدىكى جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىمۇ شۇنداق گرۇپپىلار قۇرۇلدى. جۇئېنلەي، ۋاڭرافى، سەيخەسېڭ، لى لىسەن، لىفۇچۇڭ، لاۋمەي، شاگجىگيۇيلەر پارىژدا جۇڭگو ياش كوممۇنىستلار ئىتتىپاقىنى قۇردى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 1 - قۇرۇلتايى - جۇڭگو كومپارتىيەسى 1921 - ژىلى 1 - ئىيۇل كۈنى شاڭخەيدە بىرىنچى قېتىم مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي - يەنى قۇرۇلۇش ژىغىنى ئاچتى (ژىغىن ئاياغلىشىۋاتقاندا ساقچىلار تەكشۈرۈش ژۈرگۈزگەنلىكتىن ۋەكىللەر جەجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جاشىڭ شەھىرىنىڭ نەنخۇ ناملىق كولىگە يوتكۇلۇپ بىرىپ ژىغىننى داۋاملاشتۇردى). قۇرۇلتايغا كومپارتىيەنىڭ 57 نەپەر ئەزاسىغا ۋاكالىتەن 12 ۋەكىل قاتناشتى. بۇ ۋەكىللەر: ماۋزەدۇڭ، خەشۇخېڭ، دۇڭبىئو، چېڭتەنچۇ، ۋاڭجىگمى، دىڭئېنمىن، لى دا، لىخەنجۈن، لىۇرېنجىڭلەر ئىدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا كومىنتېرنمۇ ۋەكىل قاتناشتۇردى.

قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، لىگاللاشتۇرۇش نۇقتەئى نەزەرىگە ۋە ھەددىدىن ئاشقان «سول» چىللىق نۇقتەئى نەزەرىگە قارشى تۇردى. لىخەنجۈن ۋەكىللىگىدىكى

ليگاللاشتۇرۇش نۇقتەئى نەزىرى: بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو كوم-
پارتىيەسى نەزىرى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللانسىلا بولدى، پار-
تىيە تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ لازىمى يوق، ئىشچىلار
ھەرىكىتىنىڭ لازىمى يوق...... دەپ قارىدى. ليۇرىنجيڭ ۋەكىل-
لىگىدىكى ھەددىدىن ئاشقان «سول» چىللار بولسا، توپ - توغ-
رى پرولىتارىئات دىكتاتۇرىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى، بۇر-
ژۇئازىيە دىموكراتىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا قارشى تۇرۇشنى،
ھېچقانداق ليگاللاشتۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانماسلىقنى
تەشەببۇس قىلىپ، زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيە مەپكۇرى-
سىنىڭ ۋەكىللىرى، ئۇلارنى ئادەتتە پارتىيەگە كىرگۈزمەسلىك
لازىم...... دىگەن قاراشتا بولدى. (كېيىن ليۇرىنجيڭ تروتسكى-
نىڭ قۇيرۇغى بولۇپ كەتتى. لى خەنجۈن پارتىيەدىن چىقىرىلدى).

«سول» ۋە ئوڭچىل ئوپپورتونىزم نۇقتەئى نەزىرىگە قارشى
كۈرەشلەردە ماۋزەيدۇڭلار توغرا تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا ئاتتى.
چۈنكى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنى قۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت
داۋام قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، ماۋزەيدۇڭ خۇنەندە پارتىيە-
نىڭ ئۇلىنى ئاللىقاچان راسلاپ بولۇپ، ماركسىزم نەزەرىيە-
سىنى تەشۋىق قىلغان ئىدى. ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇل-
لانغان ئىدى. ئۇ ۋە باشقا خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقىسى بول-
غان ۋەكىللەر پارتىيەنى، سوۋېت كومپارتىيەسىنى ئۈلگە قىلىپ
قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، پارتىيەنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى:

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دىكتاتۇرىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولۇدۇ، ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقىلابى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب بولماستىن بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ئىنقىلاب بولۇدۇ، پارتىيەنىڭ ھازىرقى مەركىزى ۋەزىپىسى ئىشچىلار ھەرىكىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇدۇ - دەپ قارىدى. ئۇلار- نىڭ بۇ توغرى پىكرى قۇرۇلتايدا غەلىبە قازاندى. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ توغرى بولشېۋىكلەرچە تەشكى- لى پرىنسىپى ۋە سىياسى يولىنىڭ ئاساسى ئورناپ، جۇڭگو كوم- پارتىيەسىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ قا- نات يېيىشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلاندى.

1 - قۇرۇلتايدا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچى ئورگانى- مەركىزى خىزمەت باشقارمىسى، مەيدانغا چىقتى ھەمدە پارتىيە سىرتىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىشلەش شەكلى بويىچە سۇڭجۇڭ- سەننىڭ ئىنقىلابى ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىشكە قارار قىلىندى.

3

كومپارتىيەنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدىكى ھەرىكىتى، شاڭخەيدىكى دېڭىزچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى، ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى خۇنەن ئىشچىلىرى ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى

پارتىيەنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدىكى ھەرىكەت

لىيرى ـ جۇڭگو كومپارتىيەسى يىڭى قۇرۇلغان ۋاقىتلاردا ئىش
چىلاردىن چىققان پارتىيە ئەزالىرى ناھايىتى ئازبولۇپ، ئەت
زالارنىڭ تولىسى ئوقۇغۇچى ، زىيالىلار ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئىش
چىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىدى. بۇنىڭغا ھەيران بولۇشنىڭ ئورنى
يوق؛ چۈنكى ئۇچاغلاردا بەلگۈلۈك بىلىم سەۋىيە بولماي تو-
رۇپ ماركسىزمنى چۈشۈنۈش مۇمكۈن ئەمەس ئىدى. جۇڭگو
كومپارتىيەسى قۇرۇلغاندىن كىيىن ئىشچىلار ھەرىكەتلىرىگە قوشۇ-
لۇپ جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا
ئەھەممىيەت بەرگىلى تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى قۇرۇلتايدىن
كىيىن ئاشكارا رەۋىشتە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەرىكەتلىرى بىلەن
شۇغۇللۇنىدىغان باش ئورگان ـ «جۇڭگو ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى
نىڭ سكرىتارىئاتى » قۇرۇلۇپ، مەملىكەتتىكى ئىشچىلار ھەرى
كىتىگە يىتەكچىلىك قىلدى. سكرىتارىئاتنىڭ مەملىكەتلىك باشقار-
مىسى ۋە شۆبە باشقارمىلىرى بولۇپ، مەملىكەتلىك باشقارمىسى
(دەسلەپ شاڭخەيدە ، كىيىن بىجىندە) نىڭ مۇدىرى دىڭ-
جوڭشا ئىدى، خۇنەن شۆبىسىنىڭ مۇدىرى ماۋزەيدۇڭ ، ئۇ-
خەن شۆبىسىنىڭ مۇدىرى لىگيۇنەن، جىنەن شۆبىسىنىڭ مۇ-
دىرى ۋاڭجىگمى ئىدى. شاڭخەي ، گۇاڭدۇڭلاردىمۇ شۆبە
قۇرۇلغان ئىدى. مەملىكەتلىك باشقارما ئوزىنىڭ ئورگانى قىلىپ
«لاۋدۇڭ جۇكەن» (ھەپتىلىك ئەمگەك گىزىتى) نى چىقاردى، باشقا
شۆبىلەرمۇ جۇڭگو ئىشچىلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن گىزىتلەر چىقاردى.

شۇ جاغلاردا بجين ـ خەنكۇ تومۇر يولينيڭ چاگشيگديەن ستانسيەسيدە، جيڭجۇدا، خەنكۇنيڭ جاگئەن ستانسيەسيـ دە، گۋاگدۇڭ ـ خەنكۇ تومۇر يولينيڭ شۇيجاپك ستانسيە ـ سيدە، شاگخەيدە، جاگشيديكى پيگشاڭ كومۇر كانينيڭ ئەنيـ ۋەن قيسميدا، گۋاگجۇ ۋە خاگجۇلاردا ئيشچيلار مەكتەپليري (ئەمگەكچيلەرنيڭ بيليمينى تولۇقلاش مەكتەپليري)، ئيشچيلار باليليري مەكتەپليرى ئچيلدى، بۇلارنيڭ تولۇسيغا كومپارتييە ئەزاليري مۇئەلليمليك قيلدى، ئۇلار ئاستيلاپ ئيشچيلار بيلەن ئوبدان يقينلاشقاندين كيين ئيشچيلار كلۇبليري ئچيپ ياـ كى «ئيشچى ـ خيزمەتچى يولداشلار ئۇيۇشميسى»، «ئون كيـ شيليك ئيشچيلار جەمئييتى» ۋە «كەسيپ ئوگۇنۇش ئورنى» ديـ گەندەك ناملار بيلەن ئيشچيلارنى تەشكيلليدى.

شاگگاڭ دېڭيزچيليرينيڭ كەڭ كولەمليك ئيش تاشـ لميشى ـ ئيشچيلار تەشكيلاتليرينيڭ قۇرۇلۇشى بيلەن تەڭ، ئيشچيلارنيڭ ئينقيلابى كۆرەشليريمۇ جانلانغيلى تۇردى. بولۇپـ مۇ شاگگاڭ دېڭيزچيليرينيڭ زور كولەمدە ئيش تاشليشى، جوگـ گو ئيشچيلار سينيپينيڭ ئيمپريئاليزمغا قارشى كۆرۈشيدە يىگى سەھيپە ئاچتى.

دېڭيزچيلار هەميشە چەت ئەللەرگە بريپ كىليپ ژۇرۇپ، چەت ئەل ئيشچيليرى بيلەن هەميشە ئۇچرۇشۇپ تۇرغاشقا، ئيشچيلار ئۇيۇشميسى تەشكيل قيليشنى هەمميدين ئيلگيرى بيلگەن ئدى.

ئۇلار دېڭىز ئىشچى سۇسىجاۋجېڭنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن شاڭـ
گاڭدا «جۇڭخۇا دېڭىز ئىشچىلىرىنىڭ مەركىزى بىرلەشمىسى»
نى تەشكىل قىلدى. دېڭىز ئىشچىلىرى ئىمپېرىئالىزمنىڭ بىۋاسـ
تە زۇلمىغا ئۇچراپ تۇرمۇشتا ئېغىر كۈن كۆچۈرگەچكە، جەت
ئەللەرگە بېرىپ زۇرۇپ ئۆز ۋاقتىدا قايناپ تېشىۋاتقان دۇنيا
ئىنقىلابى دولقۇنىدىن تەسىر ئالغاچقا، ئۇلاردا سىنىپى ئاڭ ھەمـ
مىدىن ئىلگىرى تۇغۇلدى.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىش ھەققىنى ئارتتۇرۇپ بېرىش توغـ
رىسىدا كاپىتال تەرەپكە تەلەپ قويۇپ نەتىجە چىقىرالمىغانلىقتىن
پۈتۈن دېڭىزچىلار 1922 ـ ژىلى يانۋاردا ئىش تاشلاشقا باشـ
لىدى. بۇ ھەرىكەتكە 20 مىڭدىن ئارتۇق دېڭىزچى قاتناشتى؛
بۇلارنىڭ كەينىدىن شاڭگاڭ شەھىرىدىكى پۈتۈن كۆنۈلۈكچىلەر ۋە
نەچچە ئون مىڭلىغان ترانسپورت ئىشچىلىرىمۇ ھەمكارلىق بىلـ
دۈرۈپ ئىش تاشلىدى. دېڭىزچىلارنىڭ ئىش تاشلىغان خەۋىـ
رىنى ئاڭلىغان شىمال تەرەپتىكى تۆمۈر يول ئىشچىلىرى ئىئانە
توپلاپ ئۇلارغا ياردەم قىلدى. تۆمۈريول ئىشچىلىرى بېجىنـ
خەنكۇ تۆمۈر يولى بويىچە تۇرىسىدا قاتنايدىغان پويىزدنىڭ بېشىغا «شاڭگاڭ دېڭىز
چىلىرىگە ياردەم قىلايلى» دەپ شۇئار يېزىلغان چوڭ بايراقنى
قاداپ بېجىندىن توپ ـ توغرى خەنكۇغا، خەنكۇدىن بېجىنگە
يەلپۈلدىتىپ باردى. بۇ ھەرىكەتلەر دېڭىزچىلارغا ناھايىتى زور
ئىلھام بەردى. ئىش تاشلىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن پاراخوتلار

شاڭگاڭدا تۇرىۋىلىپ ئانگلىيە ئىمپىرىئالىزمىنىڭ سودىسىنى زور زىيانغا ئۇچراتتى . ئانگلىيە ئىمپىرىئالىزمى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى بسىپ، ئىشچىلارنى تۇتۇپ قامىدى، شۇنىڭ بىلەن شاڭگاڭ ئىشچىلىرى يۇرتتىن چىقىپ گۇاڭجۇ شەھرىگە كىلىپ ئالدى. ئانگلىيە ئىمپىرىئالىزمى دېڭىزچىلارنى يۇرتتىن كەتتۇرمەسلىك ئۈچۈن ساتىيەن دىگەن جايدا گۇاڭجۇغا كىتىپ بارغان ئىشچىلارنى توسۇپ، ئوق چىقىرىپ ئىككى ئىشچىنى ئىتىپ ئولتۇردى، 8 ئىشچىنى يارىدار قىلدى. (كىيىن بۇلاردىن تىخىر يارىلانغان ئىككى كىشى ئولدى). ئەمما ئىشچىلار ئوز ئۇيۇشمىسىنىڭ يىتەكچىلىگىدە، جان كەتسىمۇ يانمايمىز، دەپ يۇرتتىن كەتتى. ئىش تاشلاش ھەرىكىتى 8 ھەپتە داۋام قىلدى . نائىلاج بولغان ئانگلىيە ئىمپىرىئالىزمى ئىش ھەققىنى ئارتتۇرۇشقا، ئىلگەركى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تىكلەشكە، قاماپ ئالغان ئىشچىلارنى قويۇپ بىرىشكە ، ئولگەن ۋە يارىدار بولغان ئىشچىلارغا ياردەم قىلىشقا ۋەئدە بەردى ، ھەمدە ئىلگىرى شاڭگاڭ ھوكۇمىتى ئىلىپ تاشلىغان «جۇڭخۇا دېڭىز ئىشچىلىرىنىڭ مەركىزى بىرلەشمىسى» دىگەن ۋىۋىسكىنى ئىززەت - ئابروي بىلەن قايتۇرۇپ بەردى . بىرلەشمىنىڭ ۋىۋىسكىسى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۇمىد كوزلىرى ئالدىدا ئىسىلغان ۋاقىتتا ، خوشاللىق ئاۋازلىرى ياڭرىدى ، پوجاڭزىلار ئىتىلدى، پۈتۈن يۇرتتى ھاياجانلىق قاپلىدى. دىمەك، ئىش تاشلاش ھەرىكىتى تولۇق غەلىبە قازاندى .

ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتايى ۋە ئەمگەك قانۇنى
چىقىرىش ھەرىكىتى ـ شاڭگاڭ دېڭىزچىلىرىنىڭ ئىش
تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسى جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتى دول-
قۇنىنى ئالغا سۈردى. كېيىن شاڭخەيدىكى دېڭىزچىلار، ژىپ
ئىگىرىش فابرىكىسى ۋە تاماكۇ فابرىكىسىنىڭ ئىشچىلىرى، پوچ-
تا ئىشچىلىرى ئىش تاشلىدى؛ خەنياڭدا تۆمۈر- پولات زاۋو-
دىنىڭ ئىشچىلىرى ئىش تاشلىدى؛ ئەنيۈەندە 15 مىڭ كانچى
ئىش تاشلىدى. 1922 ـ ژىلى 1 ـ مايدا گۇاڭجۇدا ئەمگەكچى-
لەرنىڭ 1 ـ قېتىمقى مەملىكەتلىك ژىغىنى ئېچىلدى، ژىغىنغا
تەخمىنەن 200 مىڭ ئىشچىغا ۋاكالىتەن 162 ۋەكىل قاتناشتى.
ژىغىندا ئىشچىلارنى دېموكراتىيە ئىنقىلاۋىغا قاتناشتۇرۇش، مەم-
لىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىل قىلىش مەسىلى-
لىرى قىزغىن مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە جۇڭگو ئەمگەكچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ سېكرىتارىئاتى مەملىكەتتىكى ئىشچىلار جەمئىيەت-
لىرىنىڭ خەۋەرلىشىش ئورنى قىلىپ بەلگۈلەندى. بۇ ژىغىن
مەملىكەتتىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە
بولدى.

ئىشچىلار ژۇڭۇرىدا بايان قىلىنغاندەك ئىش تاشلاش كۈرەشـ-
لىرى جەريانىدا مىلىتارىست ۋە ئىمپېرىئالىستلارنىڭ زۇلمىغا
ئۇچرىغانلىقتىن، سىياسى ئەركىنلىكنىڭ مۇھىملىگىنى چۈشەندى.
شۇنىڭ بىلەن ئاۋغۇستتا يەنە ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك قانۇنى

چيقيريش ھەريكيتى قانات يايدى. ئەمگەكچيلەر بيرلەشميسينيڭ سىكريتاريئات ئەمگەك قانۇنى لايىھەسينى تۈزەپ چيقيپ، ئۇنى مەملىكەتنيكى گىزيت-ژۇرناللاردا ئىئلان قيليپ، ئيشچيلارنيڭ قانۇنى ھوقۇقليرينى كاپالەتلەشنى تەلەپ قيلدى. مەسيلەن، ھوكۇمەتكە: ئيشچيلارنيڭ ژيغيليش، تەشكيلات قورۇش ۋە ئيش تاشلاش ئەركينليكليرينى ئيقرار قيلسۇن، ئيشچيلار جەمئييەتليرينيڭ ئيشچيلارغا ۋاكاليتەن توختام تۈزۈشيگە يول بەرسۇن، ئيشچيلارنى چەكلەيديغان تىجليق ساقلاش ھەققيديكى ساقچى قانۇنى ديگەنلەرنى كىرەكسيز قيلسۇن- ديگەن تەلەپلەرنى قويدى. ئۆز ۋاقتيديكى ميليتاريستلار ھوكۇميتينيڭ، ئەمگەك قانۇنى چيقيريش ديگەن تەلەپكە ماقۇل بولماسليغى تەبيئى. ئەمما ئيشچيلارنيڭ ئاڭ-سەزگۈسى ژۇقۇرى كوتۇرۇلگەن ئىدى، ئۇلار سياسى ئەركينليك بولميسا قولغا كەلتۈرگەن ئيقتيسادى مەنپەئەتنى ساقلاش مۇمكۇن ئەمەسليگينى بيلگەن ئىدى، شۇنيڭ ئۇچۈن ئۇلارنيڭ سياسى ئەركينليكنى قولغا كەلتۈرۈش تەليبى تىخىمۇجيددىيلەشتى.

ئۇكتەبردە تاكسەنيڭ كەيلوەن ديگەن جايديكى 5 خاكنيڭ 40 ميڭدين ئارتۇق خاكچيليرى ئانگلييە كاپيتاليستليرينيڭ خارلاشليريغا قارشى زور كولەمدە ئيش تاشليدى. بۇ ھەريكەت ئانگلييە ئيمپىرىئاليزمينيڭ قوراللىق كۈچينيڭ زورلۇغى بيلەن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ مۇناسيۋەت بيلەن جۇڭگو ئيش-

چىلارسىنىپىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇپ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈ-
رۈش يولىدىكى ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى.

ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى خۇنەن ئىشچىلار
ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى - ماۋزېدۇڭ شاڭخەيگە كېلىپ
جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 1 - قۇرۇلتايىغا قاتناشقان-
دىن كېيىن چاڭشاغا قايتىپ كېلىپ پارتىيەنىڭ خۇنەندىكى تەشكىلا-
تىنى رەسمى قۇرۇپ، پارتىيەنىڭ خۇنەن رايون (خۇنەن ئۆلكىسى
ۋە جاڭشىنىڭ پىڭشاڭ، ئەنيۈەن رايونلىرى)لۇق كامىتېتىنىڭ
سېكرېتارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ (1921 - 1923 - ژىللىرى) ئىش-
چىلار ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا داۋاملىق رەھبەرلىك قىلدى.
1921 - ژىلىنىڭ ئاخىرىدا نەچچە ئون مىڭلىغان ئىشچىنى تەشكىللەپ
ئالدى. 1922 - ژىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىش تاشلاش كۈرەشىنى باش-
لىدى. بۇ كۈرەشنىڭ ھەممىدىن چوڭى، جاڭشى ئۆلكىسىنىڭ
پىڭشاڭ، ئەنيۈەن كۆمۈر كانى ۋە خۇنەننىڭ چاڭنىڭ ناھىيە-
سىدىكى شۈيكۈشەن قوغۇشۇن كانىدىكى ئىش تاشلاش ھەرىكەت-
لىرىدۇر؛ قول سانائەت ئىشچىلىرى ۋە مەدىكارلارمۇ تامامەن
دېگىدەك ئىش تاشلىدى، ھەتتا پۈتۈن شەھەردىكى ئۇششاق
ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق دوكاندارلارمۇ ھەمكارلىشىپ ئىش تاش-
لىدى. ماۋزېدۇڭ بۇ كۈرەشلەرنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى.
مەسىلەن: چاڭشا شەھىرىدىكى تامچى ۋە ياغاچچىلار ئىش تاش-
لىغاندا، ئۇ، ئىشچىلارغا ۋەكىل بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ باشقا

ۋەكىللىرىنى باشلاپ ئۆلكەمەھكىمىسىگە بىرىپ زاكونلاشتى. ئۇ-نىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرىنىڭ تولىسى غەلىبە قازاندى. مانا بۇ، خۇنەندىكى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئەۋج ئالغان بىردەۋرى ئىدى. 1922 - ژىلى يازدا يالغۇز چاڭسا شەھرىدىلا 10دىن ئارتۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى. مەيدانغا چىقتى. شۇ ئاساستا يەنە «خۇنەن ئۆلكىسىدىكى ئىشچىلار جەمـ-ئىيەتلىرى بىرلەشمىسى» قۇرۇلدى. بۇ، كومپارتىيە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان خۇنەن ئۆلكىسىدىكى تەشكىللىك ئىشچىلارنىڭ باش ئۇيۇشمىسىغا ئايلاندى. بۇنىڭغا رەئىس ماۋزېدۇڭ باش ئىش باشقۇرغۇچى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇيۇشمىنىڭ قانۇنلۇق موۋقەئىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماۋزېدۇڭ ئىشچىلار ۋەكىللىرىنى باشلاپ بىرىپ خۇنەن ئۆلكە رەئىسى بىلەن كۆرەش قىلدى. 1923 - ژىلى خۇنەن ئۆلكىسى بويىچە گۇاڭدۇڭ - خەنكو تۆمۈر يول ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بولۇپ 230 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەيدانغاچىقتى، 1-مايدا ئۆلكە بويىچە زور ئىش تاشلاش ھەرىكىتى بولدى. شۇ چاغلاردا خۇنەندىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا زورايدى. كىيىن، 1924 - 1927 - ژىللاردىكى زور ئىنقىلاپ مەزگىللىرىدە خۇنەندىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى ماۋزېدۇڭ قۇر-غان ئاساس بىلەن ئالغا قاراپ تەرەققى قىلدى، 1927 - ژىلى مايدىكى «21 - ماي ۋاقىئەسى» گىچە يەقەت چاڭسا شەھرىدىلا 130 نەچچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەيدانغاچىقتى. خۇنەن ئۆلكۈ-

سىدە ھەرقايسى كەسىپتىن بولۇپ تەشكىللەنگەن ئىشچىلار 400 مىڭغا يەتتى.

4

«7 – فېۋرال ھەرىكىتى» نىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

«7 – فېۋرال ھەرىكىتى» نىڭ ئوتتۇرىسى – جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاڭلىق كۈرەشنى داۋاملىق ئەۋج ئالغان تۇردى. بېجىن – خەنكۇ تۆمۈر يول ئىشچىلىرى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىمپېرىيالىزمغا ۋە مىلىتارىزمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن «7 – فېۋرال ھەرىكىتى» نى قوزغىدى.

1923 – يىلى 1 – فېۋرالدا بېجىن – خەنكۇ تۆمۈر يولىدىكى شۆبە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىللىرى جېڭجۇدا بېجىن – خەنكۇ تۆمۈر يولىدىكى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ يالاقچىسى – ئەكسىيەتچى مىلىتارىست ۋۇ پېيفۇ، جېڭجۇدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى جىن يۈن ئوغا ئەسكەر ۋە ساقچى ئەۋەتىپ يىغىنغا توسقۇنلۇق قىلىپ بۇيرۇق ئەۋەتىپ ئىشچىلار ۋەكىللىرىنى قورشاپ ئالدى. ئىشچىلار ۋەكىللىرى ھەددىدىن ئارتۇق غەزەپلىنىپ يىغىن مەيدانىغا كىرىپ يىغىنىنى

رەسمى رەۋىشتە ئىچىپ باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قورۇلتا-
يىغىنى ئىلان قىلدى. ژىغىندىن كېيىن، ئەسكەر، ساقچىلار ژىغىن
مەيدانىنى بۇزۇپ تاشلىدى ھەمدە ۋەكىللەر چۈشكەن سارايلار-
نى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ ۋەكىللەرنى ئېختىيارى ھەرىكەت
قىلدۇرمىدى. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئىخىمۇ
غەزەپلىنىپ، يوشۇرۇن ھالدا ئۇمۇمى ۋەكىللەر ژىغىنى ئىچىپ
باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى شىمالى خەنكۇدىكى جاڭگەنگە يوت-
كەشكە قارار قىلدى. بېجىڭ-خەنكۇ تومۇر يولىدىكى ئىشچىلار
4-فېۋرالدىن باشلاپ ئۇمۇمى ئىش تاشلىدى ھەمدە ئىشچىلارغا
«ئەركىنلىك ئۈچۈن، ئىنسانى ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز،
ھەرگىز ئارقىغا قايتماڭلار!» دەپ چاقىرىق قىلدى. 4-فېۋرال
چۈشتىن باشلاپ پۈتۈن بېجىڭ-خەنكۇ تومۇر يولىدىكى ئۇمۇمى
ئىش تاشلاش ھەرىكىتى رەسمى باشلاندى.

ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ 3-كۈنى (فېۋرالنىڭ 6-كۈنى)
خەنكۇدىكى ئىشچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە جاڭگەن-
دىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى توپلىنىپ زور نامايىش ئۆتكەز-
دى. بۇ نامايىش 2 سائەت داۋام قىلدى، ساقچى ۋە قاراۋۇللار
نامايىشچىلارنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

7-فېۋرال كۈنى ئۇ-پېيفۇ ئاستىدىكى خۇبەي ئەسكەرلىرى-
نىڭ قوماندانى شياۋياۋنەن خەنكۇدىكى چەت ئەل كاپىتالىست-
لىرى بىلەن مەخپى مەسلىھەت ئۆتكۈزۈپ، نەتىجىدە زور قىرغىنغا

ھازىرلىق كوردى. ئۇلار «مۇرەسسەقىلىمىز» دىگەن باھانە بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئالداپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشخانىسىغا ۋەكىل ئىۋەتىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن، شۇيەردە ئۇچرۇشۇپ سوھبەتلىشەيلى، دەيدۇ؛ شۇگەپ بىلەن ئىشچىلار ۋەكىللىرى ئىشخانىغا كىتىۋالغاندا ئەسكەر، ساقچىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسىنى قورشاپ ئالىدۇ. شۇچاغدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان نەچچە يۈز ئىشچىنىڭ 32سى ئەسكەر ۋە ساقچى قولىدا قىرىپ تاشلىنىدۇ، 200گە يىقىنى يارىلىنىدۇ. ئارقىدىن ئەسكەر، ساقچىلار ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇدۇ، باسقۇنچىلىق قىلىدۇ، بۇلاپ تالايدۇ. بىر كوچىنى بىركىچە ئىچىدە 3 نۇۋەت تالاپ ھىچ نەرسىنى قويماي ئىلىپ كىتىدۇ.

شۇ چاغدا مىلىتارىستلار جاڭگەندىكى شۇئبە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى لىڭشياڭچەن بىلەن نەچچە ئون ئىشچىنى تۇتۇپ ئىلىپ، پويىزد ستانسىيەسىدە ئېلكترىك سىم ياغىچىغا باغلاپ، لىڭشياڭچەنگە قىلىچ تەگلەپ، ئىشچىلارغا ئىشقاچىقىشقا بويرۇق بىرىسەن-دەپ زورلايدۇ، لىكىن لىڭشياڭچەن قاتتىق تەئەددى بىلەن رەت قىلىپ، باتۇرانە ھالدا: «پۈتۈن تومۇر يولدىكى ئىشچىلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئىش تاشلىدۇق، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بويرۇغى بولمىسا، كاللام كەتسىمۇمەيلى، ئىشقاچىقمايمىز!» دەپ ۋاقىرايدۇ. ئاخىرى ئۇ، مىلىتارىستلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا قۇربان بولۇدۇ. كوممۇنىست لىڭشياڭچەن كوم-

پارتىيە ئەئىزالىرىنىڭ بشىغا ئۆلۈم كەلسىمۇ باش ئەگمەستىن، ئادالەت يولىدا مەردانىلىك بىلەن قۇربان بولۇش روھىنى ئىپادە قىلدى.

شۇ كۈنى جاڭشىگدىيەندىمۇ قىرغىن بولدى. باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇن مۇشاۋىرى سىياڭ (كوممۇنىست)مۇ ئۇخەندە تۇتۇلۇپ 15-فېۋرال كۈنى باتۇرلارچە قۇربان بولدى. دېمەك، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تەخمىنەن 40 ئىشچى قۇربان بولدى، 300 ئىشچى يارىدار بولدى، 40 نەچچە ئىشچى قاماپ كەتتى، 1،000 دىن ئارتۇق ئىشچى ئىشتىن بوشىتىلدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىمۇ بۇزۇپ تاشلاندى، تاقالدى. مانا بۇ ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تارىخىدىكى «7-فېۋرال قانلىق ۋاقىئەسى»دۇر.

«7-فېۋرال» نىڭ ئەھمىيىتى-شاڭگاڭ دېڭىزچىلىرىنىڭ 1922-يىلى يانۋاردا قىلغان زور ئىش تاشلاش ھەرىكىتى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى دولقۇنى باشلاندى. بۇ دولقۇن 1923-يىلدىكى «7-فېۋرال ھەرىكىتى» بىلەن چېكىگە يەتتى. جەمئىي 13 ئاي ئىچىدە چوڭ-كىچىك بولۇپ 100 نەچچە قېتىم ئىش تاشلاندى، بۇنىڭغا 300 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى قاتناشتى. «7-فېۋرال» قىرغىنچىلىقى بۇ دولقۇننى ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. لېكىن، «7-فېۋرال»دا تۆكۈلگەن قانلار بوشقا كەتمىدى. «7-فېۋرال ھەرىكىتى»نىڭ قۇربانلىرى-كوممۇنىست سىياڭ، لىڭشياڭچە نەسلەرنىڭ شەرەپلىك

خىزمەتلىرى ئەبىدى ئۆچمەيدۇ. «7-فېۋرال»، جۇڭگو ئىشچىلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىم تەشكىللىك ھالدا ئىقتىسادى كۆرەشتىن سىياسى كۆرەشكە كۆچۈش ھەرىكىتىدۇر، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىمپېرىيالىزم، فېئوداليزم ۋە مىلىتارىزمغا قارشى ئاگلىق كۆرەشىنىڭ باش پەردىسىدۇر. كومىنتېرن شۇچاغدا بۇ ھەقتە خىتابنامە چىقىرىپ، جۇڭگو ئىشچىلىرى دۇنيانىڭ سىياسى سەھنىسىگە چىقتى-دېدى. ئىشچىلار ياۋۇز دۈشمەن ئالدىدا قەتئى، باتۇرلۇق قىلىپ، قىلچە بويۇن ئەگمىدى، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسى ئاڭ-سەزىمى ۋە تەشكىللەنگەنلىكىنى ئىپادە قىلدى، ئىشچىلار سىنىپى جۇڭگو خەلقى ئىچىدىكى ئىلغار ۋە ئەڭ ئىنقىلاپچى سىنىپ ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلدى. شۇنىڭدەك پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنە ئىشچىلار سىنىپى بولسا، پۈتۈن خەلقنىڭ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سىنىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن نەڭ قانلىق پاكىتلار ئىشچىلارغا: ئىمپېرىيالىزم ۋە مىلىتارىزمنى يوقاتمىغىچە ئىشچىلار قەددىنى كۆتۈرەلمايدىغانلىغىنى، باشقا ئىنقىلابى سىنىپلار بىلەن بىرلىشىپ بىرلىكتە كۆرەش قىلمىغىچە ۋە ئىنقىلابى قوراللىق كۈچنى تەشكىللىمىگىچە، ئىنقىلاپ غالىبىيەت قازىنالمايدىغانلىغىنى ئۇقتۇردى. ئۇز ۋاقتىدا «7-فېۋرال» بىلەن چىكىگە يەتكەن جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتى، كېيىنكى كۈنلەردە جۇڭگودىكى ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئوداليزمغا قارشى بىرلىك سەپ كۈچىنىڭ ئاساسى بولۇپ شەكىللەندى.

ئۈچۈنچى باپ

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىشى

1

ئىمپېرىيالىزم ئالقىنىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ ئۇرۇشۇشى

ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىشتىكى تالاش - تارتىشى - ۋاشىنگتون كونفېرېنسىيەسى - بىرىنچى قېتىمقى ئىمپېرىيالىستىك دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇرۇش قوراللىرى سېتىپ، قەرزپۇل تارقىتىپ بېيىپ ئالغان ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى ئاستىلاپ دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىنى ئىدارە قىلىدىغان خوجايىن بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇلۇق ئوكياننىڭ خوجا بولۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتى كۈچەيگىلى تۇردى. ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى ئاۋرۇپادا بولغان ئۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگودا بىر مۇنچە زور ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈپ ئالدى. ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى بىلەن ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى جۇڭگونى بۇلاپ - تالاشتا بىر - بىرلىرى بىلەن بەسلىشىپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك قارىمۇ - قارشىلىق پەيدا بولدى. بۇ قارىمۇ - قارشىلىق ئىمپېرىيالىستىك دولەتلەرنىڭ ئوز -

ئارا تالاش ـ تارتىشىشنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى.
ئانگلىيە ئىمپېرىيالىزمىنىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ جۇڭگودا زور تەسىرى بار ئىدى، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئانگلىيەنىڭ جۇڭگودىكى تەسىراتىنىڭ كېمىيىشى ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىغا نىسبەتەن توختاپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنە جۇڭگونى بۇلاپ ـ تالىغۇچىلار نىڭ مۇھىم بىرقىسمى ئىدى.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار سەركاتىپى ر. لانسىڭ بىلەن ياپو- نىيەنىڭ ئامېرىكىغا ئەۋەتكەن ئادىمى ئىشىئى 1917 ـ يىلى 2 ـ نويابىردا جۇڭگوغا نوتا ئەۋەتتى، ھەمدە ئامېرىكا جۇڭگو ھۆكۈمى- تىگە: ياپونىيەنىڭ جۇڭگودىكى ئالاھىدە ھوقۇقلىرى ئېقرار قى- لىنسۇن، سودا ـ سانائەت ئىشلىرىدا تەڭ پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت بېرىلىسۇن، دەپ ئۇختۇرۇش قىلدى. ئامېرىكا 1919 ـ يىلى ياپو- نىيە ئامېرىكىنىڭ ژىراق شەرىقتىكى ئۈستۈنلۈك مەۋقەئىنى ئېقرار قىلارمىكىن دېگەن غەرەز بىلەن پارىژدىكى سۈلھ كونفىرنسىيە- سىدە ياپونىيەنىڭ سەندۇڭنى بېسىپ ئالغانلىقىغا ماقۇللۇق بىلدۈر- دى. ئەمما ياپونىيەنىڭ ئۆلكۆلىگى ۋە جۇڭگونى ئۆزى يالغۇز بېسىپ ئېلىش ھەرىكىتى بارغانسىرى كۈچىيىپ، ئامېرىكىنى يا- پونىيەنىڭ ئۈستۈنلۈك مەۋقىئىنى چەكلەشتىش ئارزۇسىغا يەتكۈز- مەي قويدى. شۇنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش داۋاملىق ئەۋج ئېلىۋەدى. 1921 ـ يىلى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى ۋاشىنگتوندا

ئۇلۇق ئوكيئان كونفىرىنسىيەسى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلدى.
بۇ كونفىرىنسىيە ئىمپىرىئالىستىك دولەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئامىرىكا
بىلەن ياپونىيە ئىمپىرىئالىزمىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆرۈشتىن كېيىنكى ئۇ-
لۇق ئوكيئاننىڭ ھاكىملىق ھوقۇقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش،
بولۇپمو جۇڭگونى تالىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش
ئۈچۈن ئېچىلدى. ياپونىيە ئىمپىرىئالىزمىنىڭ جۇڭگو ۋە ژىراق
شەرىقتىكى تەسىراتىنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە ۋە ئۇ-
رۇشتىن كېيىن كېڭىيىپ كىتىشى، يالغۇز ئامىرىكىغا تەھدىد كەلتۈرۈپلا
قالماستىن، بەلكى ئانگلىيەنىڭ جۇڭگو ۋە ژىراق شەرىقتىكى
مەنپەئەتىگىمۇ تەھدىد كەلتۈرۈپ، ئامىرىكا بىلەن ئانگلىيەنى شىرىك
بولۇپ بۇ كونفىرىنسىيەدە ياپونىيەگە بىللە قارشى چىقىشقا مەجبۇر
قىلدى. ئىمپىرىئالىستىك دولەتلەرنىڭ جۇڭگو ۋە ژىراق شەرىققە
تەجاۋۇز قىلىش داۋامىدىكى يېڭى كېلىشىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ،
ئامىرىكا، ئانگلىيە ۋە ياپونىيە دولەتلىرىنىڭ ھاكىملىق تالىشىش
قارىمۇ-قارشىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇ كونفىرىنسىيەدە
ئانگلىيە بىلەن ياپونىيە بلوكى (ئىتتىپاقى) تارقىتىلدى، ئانگلىيە،
ئامىرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ ئۇلۇق ئوكيئاندىكى ھەربى پاراخوتلىد-
رىنىڭ توننا ژى 5=5=3 نىسبەتتە بولۇدۇ، دەپ بەلگۈلەندى.
جۇڭگونى تالاش مەسىلىسىدە، ئامىرىكىنىڭ « دولەتلەرنىڭ
جۇڭگودىكى ھوقۇقى باراۋەر بولسۇن » ۋە « جۇڭگو
دەرۋازىلىرى ئېچىپ بېرىلسۇن » دىگەن تەجاۋۇزچىلىق

پرىنسىپى بويىچە ئامېرىكا، بېلگىيە، ئانگلىيە، جۇڭگو، فرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، گوللاندىيە ۋە پورتۇگالىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا «9 دۆلەت ۋەئدىنامىسى» ئىمزالاندى. ئۇلار بۇ ۋەئدىنامىدا گەرچە ئاتاقتا «جۇڭگونىڭ ئاساسى ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلغان» دەك بولسىمۇ، ئەمەلىياتتا ئامېرىكا باش بولۇپ ئانگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىپ، جۇڭگونى «قانۇنى ھالدا» مۇستەملىكىلەشتۈرمەكچى بولدى. يەنى «جۇڭگونى ئورتاق تەجاۋۇزغا «دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بەرسۇن» دېگەن سىياسەت ئاستىدا قالدۇردى». (جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 1922-يىلى ئېيۇلدىكى 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتايىنىڭ خىتابنامىسى).

ۋاشىنگتون كونفرېنسىيەسىدىن كېيىن، ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش كورۇنۇشتە بىر ئاز پەسەيگەندەك بولۇپ، يېڭى كېلىشىم پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىياتتا ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلەر بۇندىن كېيىن قىلىدىغان كۆرەشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى، ئۇلار جۇڭگونى تالاش مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساسەن ۋاستىلىق ئۇسۇلنى قوللاندى، يەنى ئۇلار جۇڭگودا زېمىن ئېلىش ئۈچۈن جۇڭگودا قىسمەن مىلىتارىستلارنى ئۆزلىرىگە يالاقچى قىلىپ يۆلىدى ۋە ئۇلاردىن پايدىلاندى.

شىمالى مىلىتارىستلارنىڭ باشلىغى يۈەنشىكەي ھايات ۋاق-

تیزا ، ئۇنی هەر قایسی ئیمپریئالیستیك دولەتلەر ئوزلیرینیڭ جوڭگودیکی قوراللیق قیلیپ ئالغان ئىدی. یوەنشیکەی ئولگەنـ دین کیین، ئیمپریئالیستیك دولەتلەر کوچلوك قوراللارنی ئیزدەشکە کیریشتی. ئەسلیدە یوەنشیکەی ئولگەندین کیین شیمالی میلیتاریستلار ئەنخوی وە خەبەی گروهی بولوپ 2 گروهقا بولونوپ کەتکەن ئىدی، بو 2 گروهنیڭ ئورۇشیغا یاپونییە ئیمپریئالیزمی وە ئانگلییە، ئامریکا ئیمپریئالیزمی پەردە ئارقیسیدا یىتەكچیلیك قیلغان ئىدی. واشینگتون کونفرنسییەسیدین کیین، ئیمپریئالیستیك دولەتلەرنیڭ جوڭگودا هوقوقمەنپیئەت تالیشیپ قیلغان تالاشلیری، هەر قایسی گروهلارغا بولونوپ کەتکەن زور یومششیك، زور کومپرادورلارغا وەکیللیك قیلیدیغان میلیتاریستلارنیڭ توختوماستین ئیچکی ئورۇش قیلغانلیقیدا ئاشکارا کورۇندی.

خەبەی ، ئەنخوی گروهینیڭ ئورۇشۇشلیری ژۇقوریدا سوزلەپ ئوتتوك، 1916 ـ ژیلی یوەنشیکەی ئولگەندین کیین، شیمالی میلیتاریستلار خەبەی وە ئەنخوی گروهی دیگەن 2 گروهقا بولونوپ کەتکەن ئىدی. خەبەی گروهی فیڭ گوجاڭ (فیڭ ئولگەندین کیین ساۋ کوڭ، ئۇپیفو) باشچیلیغیدا ئانگلییە، ئامریکا ئیمپریئالیزمی کوچیگە یولەندی. ئەنخوی گروهی دوەنچیرۇی باشچیلیغیدا یاپونییە ئیمپریئالیزمینیڭ قولتوغیغا کیردی. بوندین باشقا شەرقی شیمالدا لیاۋنیڭ

گروھىدىكى مىلىتارىست جاڭزۇلىڭمۇ ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ ئالدى.

يۈەنشىكەي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا دۈەنچىرۇي ئولتۇرۇپ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئالقىنىغا ئالدى. ئۇ جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلىرىنى ئۇرغۇن مىقداردا سېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياپونىيەدىن قەرز پۇل ئالدى. خەبەي گروھىدىكى مىلىتارىست ئۇپېيفۇ (دىۋىزىيە كوماندىرى) ساۋكۇڭ (خەبەينىڭ گېنېرال گوبېرناتورى)لار باشچىلىغىدا 1919 - ژىلى «4 - ماي ھەرىكىتى» دىن كېيىن خەلقنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى دۈەنچىرۇيگە قارشى كەيپىياتى ۋە كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھەمدە لياۋنىڭ گروھى بىلەن بىرلىشىپ 1920 - ژىلى ئىيۇلدا خەبەي ئۆلكىسىنىڭ ياڭسۇڭ ۋە جاۋجۇ دېگەن جايلىرىدا ئەنخۇي گروھى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئەنخۇي گروھىنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيەنىڭ جۇڭگودىكى كۈچى ۋاقتىنچە زەربە يېدى. شۇندىن تارتىپ ئەنخۇي گروھىنىڭ ئورنىغا خەبەي گروھى چىقىپ بېيجىڭدىكى ئەكسىيەتچى مەركىزى ھۆكۈمەتتە ھوقۇقنى قولىغا ئالدى. ساۋكۇڭ بىلەن ئۇپېيفۇ يەنە يۈەنشىكەي بىلەن دۈەنچىرۇينىڭ كونا ھۈنىرىنى داۋام ئەتتۈرۈپ، ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ يارديمى ئاستىدا ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قەست قىلدى.

خەبەي، لياۋنىڭ گروھلىرىنىڭ ئۇرۇشۇشى-

خەبەي گروهيديكى ميليتاريستلار ئەنخۇي گـروهينى مەغلۇپ قيلغاندين كيين شيمالى جۇڭگو ۋە چاڭجاڭ دەرياسى ۋادىـ سيديـكى زيمينلەرنى ئىگيلەپ ئېليپ، ئانـگلييە بيلەن ئامريكا ئيمپريئاليزميـنيڭ جۇڭگوديـكى تەئسيراتينى تخيمۇ كڭەيتيپ قويدى. ئەنخۇي گروهينى قولداپ كەلگەن ياپونييە ئيمپريئاـ ليزمى ئەنخۇي گـروهى مەغلـۇپ بولغانديـن كيين لياۋنيڭ گروهينى يولەشكە تيريشتى. لياۋنيڭ گروهى خەبەي ۋە ئەنـ خۇي گـروهينيڭ ئۆرۈشيشيدين پايدىلينيپ ئيچكى ئولكيلەرگە كيريپ ئالغانديـن كيين، ئۆز تەئسيراتيـنى بجين ـ مۇكديـن (بجين ـ سەنخەيگوەن) تومۇر يولـى بويليريديكى جايلارغا ۋە ئيچكى موڭغۇلييەگە يەتكۈزدى. خەبەي گروهى بيلەن لياۋنيڭ گروهى ئوتتۇريسيديكى قاريمۇ ـ قارشيلىق بارغانسيرى ئوتكۈرـ لەشكيلى تۇردى. دەل شـۇ چاغدا، سۇڭجۇڭسەن گۇاڭدۇڭدا كۇنا ميللەت مەجليسينيڭ بەزى ئەزاليريغا يولۇنۇپ «پەۋ قۇلـ ئاددە ميللەت مەجليسى» تەشـكيل قيليپ، ئوزى پەۋ قۇلئاددە رەئيس جۇمهۇر بولۇپ سايلاندى (1921 ـ ژيلى 7 ـ ئاپريلدا) ۋە شەرقى شيمالديكى جاڭزوليڭ بيلەن بيرليشيش سيياسيتينى قولـ لۇنۇپ ساۋ كۇڭ بيلەن ئۇيپەڧۇغا قارشى تۇردى. 1922 ـ ژيلى ئاپريل، ماي ئايليريدا خەبەي گروهى بيلەن لياۋنيڭ گروهيـ نيڭ ئەسكەرليرى چاڭشيڭديەن، ماچاڭ ديگەن جايلاردا ئۇـ رۇشۇپ، نەتيجيدە لياۋنيڭ گروهى مەغلۇپ بولۇپ ئيچكى ئولـ

کیلەردین چکینیپ چیقیپ کەتتی .

گوٴاڭجوٴدیکی ھەربی ھوکوٴمەتنیڭ پارچیلینیپ کەتیشی ۋە چیڭجوٴنمیننیڭ ئیسیانی - شیمالدیکی میلیتاریستلار ئوٴروٴشوٴپ زوٴرگەن ۋاقیتلاردا ، جەنوٴپ تەرەپتیکی بیرقیسیم میلیتاریستلار شیمالدیکی میلیتاریستلار بیلەن بیرلیشیپ ئالغان ئىدی ، شوٴ سەۋەپتین جەنوٴپ تەرەپنیڭ سیاسی ۋەزئییتیدیموٴ ئوٴزگیروٴش توٴغوٴلدی . 1918 - ژیلی ، شیمالدا ئەنخوٴی گوروھی ھاکیمییەت بېشیغا چیققان ۋاقیتلاردا ، گوٴاڭشی گوروھیدیکی میلیتاریست لوٴروٴڭتیڭ ئەنخوٴی گوروھینیڭ ئوٴندیشی بیلەن ، جەنوٴپ بیلەن شیمال كېلیشەيلی ، دیگەن تەشەببوٴسنی ئوتتوٴریغا ئاتتی . سوٴڭجوٴڭسەن ھەربی ھوکوٴمەتتیکی رەئیس جوٴمھوٴرلوٴق خیزمیتیدین ئیستیپا بېریپ گوٴاڭجوٴدین يوتکوٴلوٴپ کتیشکە مەجبوٴر بولدی . کیین ، سوٴڭجوٴڭسەن گوٴاڭدوٴڭ ئەسکیریدین چیڭجوٴڭمینتیڭ گوٴاڭشی گوروھینی مەغلوٴپ قیلغاندیلیغیدین پایدیلینیپ ، يەنە شاڭخەيدین گوٴاڭجوٴغا قايتیپ 1921 - ژیلی ئاپریلدا يەۋ قوٴلئاددە رەئیس جوٴمھوٴر بولوٴپ سايلاندی (1921 - ژیلی) ، ۋە شیمالغا ھەربی ژوٴروٴش قیلیشقا تەييارلیق قیلدی . خەبەی گوروھی بیلەن لیاۋنیڭ گوروھی بیر - بیری بیلەن ئوٴروٴشوٴپ ، خەبەی گوروھی غەلیبە قازانغاندین کیین ، ساۋ كوٴڭ بیلەن ئوٴيیفوٴ پوٴتوٴن دولەتنیڭ ھوقوٴقینی ئوٴز قولیغا کیرگوٴزوٴش ئوٴچوٴن ئانگلییە ئیمپریئالیزمی بیلەن بیرلیشیپ ،

جيگجوگميتى سىتىپ ئېلىپ ئىسيان كۆتەرتتۈرۈپ، رەئىس جۇڭ-
خۇر ئىدارىسىنى توپىقا تۇتتى(1922 - ژىلى)، سۇگجوگسەن نائى-
لاجلىقتىن شاگخەيگە قېچىپ بىرىپ خىتاپنامە ئېلان قىلىپ،
«ئەسكەرلەرنى تارقىتىپ ئىشچى قىلىش پىلانى» نى ئوتتۇرىغا
قاتتى ۋە ساۋكوۋك بىلەن ئوپيفونى ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمىنى ئىشـ-
چىغا ئۆزگەرتىشكە تەشەببۇس قىلدى. ساۋكوۋك بىلەن ئوپيفو
كورۇنۇشتە بۇ تەشەببۇسنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيات
سۇگجوگسەننى ئەكسىيەتچىلەر گروھى ئىچىگە تارتىپ كىرىپ،
ئىنقىلابى كۈچنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇندى. شۇ چاغدا جوگگو كومـ-
پارتىيە ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ نەشىر ئەپكارى بولغان«شاگداۋ»-
(باشلىغۇچى) گىزىتىدە ئۇرغۇن ماقالىلارنى يېزىپ ساۋكوۋك
بىلەن ئوپيفونىڭ سۇئى قەستلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، سۇگجوگـ-
سەننى ئالدانماستىن ئىنقىلابى مەيدانىنى قەتئى ساقلاشقا ئۈنـ-
دىدى، بۇنىڭ بىلەن سۇگجوگسەنگە زور ياردەم قىلدى.
1923 - ژىلى ئەرتىيازدا، جيگجوگمىن يۈننەن-گۇاگشى بىر-
لەشمە ئارمىيەسى تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. سۇگـ-
جوگسەن يەنە گۇاگجوغا كىلىپ، باش مارشال بولۇپ سايـ-
لاندى.

ساۋكوگنىڭ پارە بىلەن سايلىنىشى - خەبەي
گروھى 2 قىتىم غەلىبە قازانغاندىن كىيىن، خۇاگخە، چاگجاڭ
دەريالىرى ۋادىسىدىكى ئۇرغۇن جايلارنى بىرلىككە كەلتۈردى،

شۇنىڭ بىلەن ساۋكۇڭ ۋە ئۇيىفۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھوقۇقنى ئوز قولىغا ئېلىش نەپسى تەخىمۇ ئەۋج ئالدى. نەتىجىدە ئۇيىفۇ ئالدى بىلەن رەئىس جۇمھۇر شۈيشىچاڭنى ئورۇندىن چۈشۈشكە قىستىدى، لىيۇەنخۇڭنى ۋاقىتلىق رەئىس جۇمھۇر قىلدى. ساۋكۇڭ، ئۇيىفۇلار ھەممە جايدا خەلىقنى رەھىمسىز رەۋىشتە ئەزدى، 1923-يىلى 7-فېۋرالدا بېجىن-خەنكو تومۇر يولىدا ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنى قىرغىن قىلدى. بۇ قىرغىن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن جىنايەتلىرىنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. 1923-يىلى ئىيۇندا خەبەي گروھىدىكى مىلىتارىستلار لىيۇەنخۇڭنى رەئىس جۇمھۇرلۇقتىن ھايدىدى. 5-ئوكتەبردە مىللەت مەجلىسىنىڭ 590 ئەئىزاسىنىڭ ھەر بىرسى 5،000 دوللاردىن تەڭگە چىكىنى قولىرىغا ئالغاندىن كىيىن، ساۋكۇڭ رەئىس جۇمھۇر بولۇپ «سايلاندى». شۇنىڭ بىلەن «چوشقىچى مىللەت مەجلىسى»، «چوشقىچى ئەئزالار» دىگەن لەقەملەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھاقارەتلەش تىلىغا ئايلاندى.

مىلىتارىستلار ئورۇشى سەۋەبى بىلەن دىخانلار تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىشىشى، خەلىقتىكى ئىنقىلابى تەلەپنىڭ ئوسۇشى- ئىمپېرىيالىزمنىڭ يېڭى تەجاۋۇزى ۋە مىلىتارىستلارنىڭ ئورۇشۇشى ئارقىسىدا، دىخانلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ئېغىرلاشتى، تۇرلۇك ئالۋاڭ-ياساقلار، ھىساپتىن تاشقىرى پارچە-پۇرات باجلار تۈگىمەستىن

چىقىۋەدى ، ئەسكەرلىككە، ئالۋاڭغا ئادەم تۇتۇش ئىشلىرى، سېنى ئاپەت كۆپەيدى، يەر ئىجارە ھەققى، جازانە ئىغىرلاشتى، شۇنىڭ بىلەن دېخانلار ھەرىكىتى نۇرلۇك شەكىللەر بىلەن كۆتۈرۈلگىلى تۇردى. جەنۇپ تەرەپتە (گۇاڭدۇڭ، دۇڭجاڭلاردا) دېخانلار ئۇيۇشمىلىرى تەشكىللىنىشكە باشلىدى، شىمال تەرەپنىڭ دېخانلىرى ئېلگىركى ئۆزىنى قوغداش كۆرەشلىرى (مەسىلەن: قىزىل نەيزە ئۇيۇشمىسى) نى تېخىمۇ تەرەققى ئەتتۈردى.

ئىشچىلار ئۆستىدىكى ئېكسپلوئاتاتسىيەمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاڭ ـ سەزىمى ۋە ئىتتىپاقىمۇ كۈچەيدى.

سودا ـ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ زەربە يېگەنلىكى ئۈچۈن شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلاردىمۇ تەگسىز نەرتنا مىلارنى كىرەكسىز قىلىش ، مىلىتارىستلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش تەرەپلەردە يېڭى ئاڭ پەيدا بولدى.

ھەر قايسى ئىنقىلاپچى سىنىپ خەلقلىرىنىڭ ئىمپېرىئالىزم ۋە فېئودالىزمغا قارشى تەلەپلىرى تېخىمۇ ئۆستى.

2

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىقنى ئالغا سۈرۈشى

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتايى ۋە

ئىمپېرىئالىزم ـ فېئودالىزمغا قارشى پروگراممىـ
نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ـ 1922 ـ يىلى ئىيۇلدا جۇڭگو
كومپارتىيەسى شاڭخەيدە 2 ـ قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەتلىك قۇ ـ
رۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتايغا 123 ئەزاغا ۋاكالىتەن دېڭجۇڭشا،
سەيخەسېن، شاڭجىڭيۈي بولۇپ 12 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا
مۇزاكىرىگە قويۇلغان مەركىزى مەسىلە، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ
ئاساسى مەسىلىلىرى ۋە پارتىيەنىڭ تاكتىكاۋى يولىدىن ئىبارەت
بولدى.

قۇرۇلتاي جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 2 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك
قۇرۇلتايىنىڭ خىتابنامىسىنى تەستىقلىدى. بۇ خىتابنامىدا كېيىنكى
دەۋرلەردىكى خەلق كۈرەشلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى خۇلاسە قىلىن ـ
نىپ، جۇڭگو تارىخىدا ئىمپېرىئالىزمنى ۋە مىلىتارىزمنى يوقىتىش
دېگەن شوئار بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خىتابنامىدا:
«مىلىتارىزم ۋە خەلقئارا ئىمپېرىئالىزم زۇلمىنى يوقاتمىغىچە،
ھەقىقى بىرلەشكەن دېموكراتىك دۆلەتنى ۋە ئىچكى تىنچلىقنى
قۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس» دەپ يېزىلدى. ھەمدە مىللى
دېموكراتىك بىرلىك سەپ ۋە خەلق ھەرىكىتى سىياسىتى بەلـ
گىلەندى، «پەقەت پرولېتارىئات ئىنقىلابى كۈچى بىلەن دې ـ
موكراتىزم ئىنقىلابى كۈچى بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلغاندىلا،
ئاندىن ھەقىقى دېموكراتىزم ئىنقىلاۋىنى ناھايىتى چاپسان ۋۇ ـ
جۇتقا چىقارغىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى.

بۇ خىتابنامىدا، خەلىقئارا ئىمپىرىئالىزم ئالقىنىدا تۇرغان جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىق جەمئىيەت خا-راكتېرى ئانالىز قىلىنىپ، ئىشچى دېھقانلار دېموكراتىك ئىنقى-لابىغا پەئئال قاتنىشىشقا چاقىرىلدى. ئىمپىرىئالىزم ۋە فېئودالىزمغا قارشى بۇنداق پروگرامما بەلگىلەندى: «1- ئىچكى پاراكەندە-چىلىكنى بېسىقتۇرۇش، مىلىتارىستلارنى يوقوتۇش، ئىچكى تىنچ-لىقنى ئورنىتىش: 2- خەلىقئارا ئىمپىرىئالىزمنىڭ زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنى تولۇق مۇستەقىل قىلىش؛ 3- جۇڭگونىڭ ئەسلى تېررىتورىيەسىنى (شەرقىتىكى 3 ئۆلكە قو-شۇلۇپ) بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەقىقى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش؛ 4-، موڭغۇلىيە، تىبەت ۋە خۇيجاڭ (شىن-جاڭ) لاردا مۇختارىيەت ئىجرا قىلىپ ئۇلارنى دېموكراتىك مۇختارىيەتلىك جۇمھۇرىيەتلەرگە ئايلاندۇرۇش؛ 5- ئەركىن قوشما جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قوللۇنۇپ، جۇڭگونىڭ ئەسلى قىسمى، موڭغۇلىيە، تىبەت، خۇيجاڭلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا قوشما جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش؛ 6- ئىشچى، دېھقانلارنى ۋە ئەر-ئاياللارنى ھەر دەرىجىلىك ژىغىنلاردا، شەھەرلىك كېڭەشلەردە چەكسىز سايلاش ھوقۇقىغا، سۆز، مەتبۇئات، ژىغى-لىش، تەشكىلات قۇرۇش، ئىش تاشلاش جەھەتلەردە مۇتلەق ئەركىنلىككە ئىگە قىلىش؛ 7- ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئايال-لارغا دائىر قانۇن چىقىرىش: (1) ئىشچىلار تەمىناتىنى ياخشى-

لاش: ئا ـ بوتۇگلۇق تۈزۈمىنى كىرەكسىز قىلىش، ب ـ 8 سائەت
ئىشلەش تۈزۈمىنى قوللۇنۇش، ۋ ـ زاۋود ـ فابرىكىلاردا ئىشچىلار
دوختۇر خانىلىرى ۋە باشقا سەھىيە قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قو ـ
يۇش، گ ـ زاۋود ـ فابرىكىلاردا سۇغۇرتا ئىشلىرىنى يولغا قو ـ
يۇش، د ـ ئايال ۋە بالا ئىشچىلارنى قوغداش، ي ـ ئىشسىز
ئىشچىلارنى قوغداش ۋە باشقىلار؛ (2) ئادەم بېجى ۋە توشۇغان
لەگىنىڭ يولدا خوراپ كەتكەنلىكى ھېساۋىغا ھەق تولەتتۇرۇپ
ئىلىش دېگەندەك ئىغىر باجلارنى كىرەكسىز قىلىپ، مەملىكەت
بويىچە ـ شەھەر ۋە يېزىلاردا ـ يەر بېجى قانۇنى تۈزەش؛ (3)
ئورتەك بولى ۋە بارلىق ھېساپتىن تاشقىرى باج قانۇنلىرىنى كى ـ
رەكسىز قىلىپ، پروگرىسسىۋ دارامەت بېجى بەلگۇلەش؛ (4) يەر
ئىجارە ھەقىنى چەكلەيدىغان قانۇن چىقىرىش؛ (5) ئاياللارنى
ئاسارەتتە تۇتۇدىغان بارلىق قانۇنلارنى كىرەكسىز قىلىپ، ئاياللارنى
سىياسەت، ئىقتىسات، جەمئىيەت ۋە مائارىپ تەرەپلەردە باراۋەر
ھوقۇقلۇق قىلىش؛ (6) مائارىپ تۈزۈمىنى ياخشىلاپ، ئومۇمى
مائارىپنى يولغا قويۇش.» ئەمما، خىتاپنامىدا دېموكراتىك ئىن ـ
قىلاپقا پرولېتارىئات رەھبەرلىك قىلىدۇ، دەپ كورسۇتۇلمىدى،
ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ ھاكىمىيەت تەلىۋى ۋە دېھقانلارنىڭ
يەر تەلىۋى ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى، بۇ، خىتاپنامىنىڭ كامچىلىقى
ئىدى. كىيىن بۇ كامچىلىقنى ئوپپورتۇنىست چىگدۇ شۇ تەرەققى
ئەتتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يەتەكچى ئورگانىنىڭ 1927 ـ ژىلى

يولدا خاتاليشيشقا سەۋەپ بولدى . شۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا كو-مىتېرنگە قاتنىشىش ھەققىدە قارارمۇ قوبۇل قىلىندى .

جۇڭگو كومپارتىيەسى 15- ئىيۇندا بىرىنچى قېتىم ۋەزىيەتكە قارىتا تەشەببۇس ئېلان قىلىپ، ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئودالىزمغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇش چارىسىنى كونكرېت ھالدا ئوتتۇرىغا قاتتى: «جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ چارىسى ، گومىنداڭ ۋە باشقا ئىنقىلابىي دېموكراتچىل گۇرۇھلار ھەم ئىنقىلاپچىل سوتسىيالىستىك تەشكىلاتلارنى تەكلىپ قىلىپ، بىرلىكتە مەجلىس ئېچىپ ...... بىرلىكتە دېموكراتىيەلىك بىرلىك سەپ قۇرۇپ، فېئودال مىلىتارىستلارغا قارشى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ بىرلىكتىكى ئۇرۇش، جۇڭگو خەلقىنى كۈچلۈك دۆلەتلەر ۋە مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلىدىغان، شۇنىڭدەك ھازىر جۇڭگودا قىلماي بولمايدىغان ئۇرۇشتۇر.» بۇ تەشەببۇسلار، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆلەمدە يېڭى نۇرمىدىكى ئامىۋى ھەرىكەتنى قوزغاشتا روشەن سىياسىي نىشانغا ۋە كۆرەشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرىگە ئىگە قىلدى. بۇ، سۇڭجۇڭگەنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىغا ناھايىتى چوڭ ئىلھام بەردى . بۇ پروگرامما ۋە سىياسىي تەدبىرلەر سۇڭجۇڭگەن ۋە كېيىنكىدىكى ئوتتاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيە سىياسىي گۇرۇھلىرىنىڭمۇ ماقۇل كۆرۈلدى .

ئەپيۈن ئۇرۇشىدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاپ قۇربانلىرى

مىللەتنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىنى ۋە ئىسسىق قانلىرىنى ئايىمىدى، بۇ، ناھايىتى زور ھۆرمەتكە لايىق بىر ئىش. ئەمما ئۇلار ئىمپېرىيالىزم بىلەن فېئوداللىزمنىڭ جۇڭگو خەلقىغە زىيان كەلتۈرىۋاتقان ئىككى زور دۈشمەن ئىكەنلىكىنى روشەن چۈشەنمىگەن ئىدى. مەسىلەن: بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسى ۋەكىلى بولغان ئىنقىلابى دېموكراتچى سۇڭجۇڭسەن، ھەمىشە جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا ئىمپېرىيالىزم ياردەم قىلىدۇ، دىگەن خىيالدا بولدى. ئۇ فېئودال، مىلىتارىست يۈەنشىكەي بىلەن سۈلھ ياساپ ئىنقىلاپقا بەرھەم بەردى. ئەمما جۇڭگو كومپارتىيەسى دۇنياغا كىلىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ ژۇڭۇرىدا سوزلەنگەندەك روشەن پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا ئاتقاندىن كىيىن جۇڭگو ئىنقىلابى ياپ-يىڭى بىر تۈسكە كىردى. مەغلۇبىيەت، يىڭىلىش ۋە سۈلھ قىلىش خاتالىقلىرىنى ئوز بىشىدىن خىلى ۋاقىتچە ئوتكەزگەن سۇڭجۇڭسەن، مانا شۇ چاقتا يەتكەندە كوممۇنىستلار بىلەن بىرىش-كىلىش قىلىپ، يىقىنلىشىپ، كوممۇنىستلاردىن ئىلھام ۋە ياردەم ئىلىپ، ئىنقىلاپنىڭ يىڭى يولىنى تېپىشقا باشلىدى، كىيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، دىخان ۋە ئىشچىلارغا ياردەم قىلىش دىگەن

3 بۈيۈك سىياسەتنى بەلگۈلەپ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گومىنداڭنى قايتا تەشكىللەپ، ئىنقىلابى بىرلىك سەپ قۇردى. سۇڭجۇڭسەن سەنمىنجۇيىغا يىڭىۋاشتىن تەبىر بىرىپ، كونا دېموكراتىيەدىن يىڭى

دېموكراتىيەگە قاراپ ئىلگىرلىدى، ئىنقىلابى بىرلىك سەپنىڭ شەكىللىنىشى، جۇڭگو ئىنقىلابىنى خېلىلا ئالغا سۈردى.

جۇڭگو كومپارتىيەسى، جۇڭگو پرولېتارىئاتىنىڭ پارتىيەسى؛ ئىلمى كوممۇنىزم — يەئنى ماركسىزم، لېنىنىزم پارتىيەسىدۇر. بۇ پارتىيەنىڭ دۇنياغا كۆز قارىشى ۋە نەزەرىيە ئاساسى دىئالېكتىك ۋە تارىخى ماتېرىئالىزمدۇر. بۇ پارتىيەنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى، كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى — يەئنى سىنىپسىز، ئېكسپلوئاتاتسىيە ۋە زۇلۇم بولمايدىغان، ھەركىم ئۆز ئىقتىدارىچە ئىشلەپ، ئېھتىياجىغا قاراپ ئالىدىغان ئىنسانلارنىڭ غايىسىدىكى جەمئىيەتنى قۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەمما جۇڭگو پرولېتارىئاتى ۋە جۇڭگو كومپارتىيەسى سىياسى سەھنىگە چىققاندا، جۇڭگونىڭ مىللى دېموكراتىيە ئىنقىلابى تېخى مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇرژۇئازىيە ئورۇندىيالمىغان ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا توغرى كەلدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ 2- قۇرۇلتايى ۋاقتىدا، ئىلمى كوممۇنىزم نەزەرىيەسىگە ئاساسەن يېڭى بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ئىنقىلاپ (يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلاپ)نىڭ ئاساسى سىياسى پروگراممىسىنى ئۆز كۈرۈشىنىڭ مىنىمۇم پروگراممىسى قىلىپ ئېلىشقا قارار قىلدى. بۇ پروگرامما كېيىن ماۋزېدۇڭنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە يازغان «يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە»، «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن ئەسەرلىرىدە ۋە 1947

ژىلى يازغان « هازىرقى ۋەزئىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەن ئەسىرىدە، 1949 ـ ژىلى يازغان «خەلىق دېموكراتىيە دىكتاتورىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە، «جۇڭگو خەلىق سىياسى كېڭىشىنىڭ ئۇمۇمى پروگراممىسى»دا ئېلمى رەۋىشتە تولۇق تەرەققى ئەتتۈرۈلدى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ماكسىمۇم پروگراممىسى، سوتسىئالىزم ـ كوممۇنىزم ئىنقىلابى توغرىسىدىكى پروگراممىدۇر.

2 ـ قۇرۇلتايدىن كېيىن پارتىيەنىڭ ئىشچىلار ئىچىدىكى خىزمىتى تېخىمۇ قانات يايدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىگىدە تەخمىنەن 150 مىڭدىن ئارتۇق ئەزاغا ئىگە بولغان نەچچە ئونلىغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ياشلار ئاممىسى ئىچىدىمۇ خىزمەت كۈچەيدى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىگى بىلەن 1922 ـ ژىلى مايدا «جۇڭگو سوتسىئالىستىك ياشلار ئىتتىپاقى» (جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىركى تەشكىلى) گۇاڭجۇدا بىرىنچى قېتىم بۈتۈن مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ئۆتكەزدى. شۇ چاغدا ئىتتىپاق ئەزالىرى بۈتۈن مەملىكەت بويىچە 4،000 غا يەتكەن ئىدى. 2 ـ قۇرۇلتايدىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزى ئورگان گېزىتى بولغان «شياڭداۋ» ھەپتىلىك گېزىتىنى مۇنتەزىم رەۋىشتە چىقىرىشقا باشلىدى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتايى ۋە

ماۋزەيدۇڭنىڭ توغرا بىرلىك سەپ سىياسىتىنى قەتئىي قۇۋۋەتلىشى ــ جۇڭگو كومپارتىيەسى 1923 ــ يىلى ئىيۇندا گۇاڭجۇدا 3 ــ قۇرۇلتاي ئاچتى. قۇرۇلتايغا 432 ئەزاغا ۋاكالىتەن 30 ۋەكىل قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە ماۋزەيدۇڭ، چۈيچيۇبەي، جاڭتەيلىۋى، سەيخەسېڭ، چېڭدۇشيۇ، جاڭگوتاۋلار بار ئىدى. قۇرۇلتايدا گومىنداڭ بىلەن ئىنقىلابى بىرلىك سەپ قۇرۇش مەسىلىسى مەركىزى مەسىلە قىلىپ مۇزاكىرە قىلىندى.

قۇرۇلتايدىكى مۇزاكىرە داۋامىدا زور مۇنازىرىلەر تۇغۇلدى. بومۇنازىرىلەرنىڭ بىر تەرىپىدە ئوڭچىللارنىڭ ۋەكىلى چېڭدۇشيۇ تۇراتتى، ئۇ، بۇرژۇئا دېموكرات ئىنقىلابىغا بۇرژۇئازىيە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم، پرولېتارىئات پەقەت پاسسىپ هالدا ياردەم بېرىش مەۋقەئىدە تۇرسىلا بولىدۇ، يېتەكچىلىك ئورنىدا تۇرۇشى لازىم ئەمەس، ــ دېدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن كومپارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى گومىنداڭغا جۇغلاپ بېرىش لازىم دېدى. بۇپىكىر، ئەمەلىيەتتە كومپارتىيەنى گومىنداڭغا قوشۇۋېتىپ، كومپارتىيەنى يوق قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىدى، بۇنداق خاتا پىكىر قىسمەن هالدا قۇرۇلتاينىڭ خىتاپنامىسىغىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى.

يەنە بىر تەرىپىدە، «سول» چىللارنىڭ ۋەكىلى جاڭگوتاۋ تۇراتتى، ئۇ، گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىشكە قارشى چىقتى: گومىنداڭ

دېموكراتىيە ئىنقىلابىنى ئىجرا قىلالمايدۇ، پەقەت پرولېتارىياتلا ئىنقىلاپ قىلالايدۇ، گومىنداڭ بىلەن بىرلەشسەك، «پرولېتارىيات مەپكۇرىسى بۇلغۇنۇپ كېتىدۇ» دېدى، شۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ ۋە جۇيېچۇبەي لەر بىرلىكتە، چېگىدۇشۇنىڭ ئوڭچىل قوربۇقچىلۇق نۇقتەئى نەزىرىگە قارشى ۋە جاڭگو تاۋنىڭ «سول» چىل تارلىق نۇقتەئى نەزىرىگە قارشى قەتئىي كورەش قىلدى، نەتىجىدە قۇرۇلتايدا سۇڭجۇڭسەن يېتەكچىلىگىدىكى گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىنقىلابى بىرلىك سەپ قۇرۇش، دېگەن توغرا قارار رەسمى ماقۇللاندى.

شۇ قۇرۇلتايدا ماۋزېدۇڭ، جۇيېچۇبەيلەر پارتىيەنىڭ مەركىزى كومىتېت نەزالىرى بولۇپ سايلاندى.

3 — قۇرۇلتايدىن كېيىن ماۋزېدۇڭ پارتىيەنىڭ مەركىزى كومىتېتىدە ئىشلەشكە يوتكەلدى.

شۇندىن باشلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئودال مىلىتارىزمغا قارشى بىرلىك سەپى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئوزۋاقتىدىكى تارىخى شارائىت ئاستىدا، بۇنداق بىرلىك سەپ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سۇڭجۇڭسەن يېتەكچىلىگىدىكى گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىدا كونكرېت ئىپادىلەندى.

3

سۇڭجۇڭسەننىڭ كومپارتىيە ياردىمى بىلەن جۇڭگو گومىنداڭنى قايتا تەشكىللىشى

جۇڭگو گومىنداڭنىڭ تارىخى تەرەققىياتى — جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ئىلگىركى تەشكىلاتى 1911 ـ يىلدىكى ئىنقىلابتىن ئىلگىركى تۇڭمېڭخۇي ئىدى. تۇڭمېڭخۇي، 1911 ـ يىلدىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ ئاساسى تەشكىلاتچىسى بولۇپ، ئۇ، سۇڭجۇڭسەن ۋەكىللىك قىلغان جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيەسىدىن، ئۇششاق بۇرژۇئازىيەدىن، «خۇيدالىڭ» ـ جۇڭگونىڭ «تۇۋەن قاتلام» جەمئىيىتىنىڭ (ئىشچى ۋە دېھقانلارنىڭ) باشلانغۇچ تەشكىلاتلىرىدىن ۋە مانجۇ خاندانلىقىغا قارشى كونازىيالىلاردىن تەشكىللەنگەن ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان ئىنقىلابى ئىتتىپاق ئىدى. بۇنىڭ ئاساسى غولى سۇڭجۇڭسەن ۋەكىللىك قىلغان مىللى بۇرژۇئازىيە بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدى.

1911 ـ يىل (شىڭ خەي يىلى) ئىنقىلابى، مانجۇ ئىستىبداتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلغان بۇرژۇئازىيە ئاجىز بولغاچقا، ئاممىنى ھەقىقى ھالدا سەپەربەر قىلالمىدى، ئىنقىلابنى ئاخىرغا يەتكۈزۈش ئورنىغا ئوتتۇرا يولدىلا ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئوداللىق تەسىرلىرى بىلەن سۈلھە قىلىشىپ، ھاكىمىيەتنى شىمالى مىلىتارىست يۈەنشىكەينىڭ قولىغا

كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئىنقىلابنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. 1911 ـ ژىل ئىنقىلابىدىن كېيىن، تۇڭمېڭخۇي گومىنداڭغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ ۋاقىتلاردا پارتىيە (گومىنداڭ)نىڭ ژۇقۇرى قاتلىمىدىكى ئادەملەر سۇلىھ قىلىپ چېكىنىشكە باشلىغانلىقتىن، پارتىيە ئىچىگە نۇرغۇن ئەكسىيەتچىلەر ـ فېئودال «سىياسەتچى»لەر گۇرۇھى، دەللاللار كىرىپ ئالدى. شۇڭا ئۇچاغدا گومىنداڭ ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابچانلىغىنى تامامەن يوقۇتۇپ قويغان ئىدى.

1913 ـ ژىلى يۇەنشىكەيگە قارشى كۆتۈرۈلگەن «2 ـ قېتىملىق ئىنقىلاب» ئۇزۇنغا قالماي يۇەنشىكەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، يۇەنشىكەي گومىنداڭنى تارقىتىۋېتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمەلىيەتتە، بۇندىن ئىلگىرى گومىنداڭ بەزى «سىياسەتچى»لەر گۇرۇھلىرىنىڭ ئۇششاق تەشكىلاتلىرىغا ئايرىلىپ، ئۆزىچىلا تارقىلىپ كەتكەن ئىدى.

سۇنجۇڭسەن 1914 ـ ژىلى توكيوغا بېرىپ «جۇڭخۇا گومىنداڭ» (جۇڭخۇا ئىنقىلاب پارتىيەسى)»نى تەشكىللەپ، 1911 ـ ژىلدىن ئىلگىركى ئىنقىلاب پارتىيەسىنى تىكلەشكە ئۇرۇندى، لېكىن بۇنىڭغا كىرگەنلەر ئاز بولدى، كۈچى ئۆسمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئاز بولدى.

1919 ـ ژىلى «4 ـ ماي ھەرىكىتى» ۋاقتىدا سۇنجۇڭسەن شاڭخەيدە ئىدى. ئوقۇغۇچىلار سۇنجۇڭسەنگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، «4 ـ ماي ھەرىكىتى»گە ياردەم سورىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچى بولمىغانلىقتىن، چارىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، «4 ـ ماي» دىن

كىيىن، «4ـ ماي» خەلق ھەرىكىتىدىن تەئسىرلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇسـ
تىگە رۇسىيە ئىنقىلابى ۋە دۇنيا ئىنقىلاۋىدىن تەئسىرلىنىپ، «جۇڭـ
خۇا گومىنداڭ»نى «جۇڭگو گومىنداڭ»غا ئۆزگەرتتى. بۇنى «جۇڭـ
گو گومىنداڭ» دەپ ئاتاشتىن مەقسەت، 1911ـ ژىلدىن كىيىنكى
«گومىنداڭ» دىن پەرق قىلىپ كۆرسۈتۈش ئىدى. شۇ چاغلاردا
ئەڭ ئىلغار ئىنقىلاپچىلار سۇڭجۇڭسەنگە پەئال ياردەم بەردى،
لېكىن چۇڭى جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ئۆمۈمى ئىشلار باشقارمىسىدا
ئىشلەپ (بۇ باشقارما، تەشكىلات ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.)، ئىنقىلابنى
قايتا قوزغاشقا ئۈندىدى. ئەمما جۇڭگو گومىنداڭنىڭ كۈچى
ناھايىتى ئاجىز ئىدى. پارتىيەنىڭ چەت دولەت (جەنۇبى ئوـ
كيانىيە، ئامرىكا) لەردىكى تەشكىلاتلىرى سۇڭجۇڭسەنگە ئىقتىسات
تەرەپتە ياردەم بېرالىغاندىن تاشقىرى، مەملىكەت ئىچىدە ھېچـ
قانداق يولەنچۈكى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇڭجۇڭسەن ناھايىتى
پەرىشان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئامال قىلالىمىدى.

كومپارتىيەنىڭ سۇڭجۇڭسەنگە ياردەملىشىپ
ئۇنىڭ پارتىيەسىنى قۇرۇشۇپ بېرىشى ـ دەل 1920ـ
ژىلى ئىيۇل، ئاۋغۇست ئايلىرىدا كومىنتىرنىنىڭ 2ـ سانلىق زور
ژىغىنى ئېچىلىپ، «كومىنتىرن بۈگۈنكى كۈندە سىياسەت ۋە ئىقـ
تىساتتا ئەزىلگەن مەملىكەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىمپىريالىزمنى ئاغـ
دۇرۇش ئىشىغا قاتناشقان ئىنقىلابى كۈچلەر بىلەن يېقىن ئالاقە
باغلاش لازىم» («كومىنتىرنىڭ 2ـ سانلىق زور ژىغىنىنىڭ قارا

ری»)دەپ بەلگولەندی. لنین بۇ ژیغیندا «میللەت ۋە مۇستەمـ
لیکە مەسیلیلیری هەیئیتی»گە ۋەکیل بولۇپ دوکلاد بـریپ،
ئەزیلگەن میللەتلەرنیڭ ئازاتلیق ئینقیلابی هەریکەتلیریگە یاردەم
بیریشنی قوزغین تەئکیتلیدی.

«میللەت ۋە مۇستەملیکە مەسیلیلیری هەیئیتی» نیڭ کاتیـۋزی
مارینگ 1921 ـ ژیلی مارتتا بیجینگە کیلیپ، لی داجاۋنیڭ ۋاسیـ
تیسی بیلەن ئاۋغۇست، سینتەبر ئایلیریدا گوۋاڭشیغا بیریپ سوڭـ
جوڭسەن بیلەن کوروشۇپ جۇڭگو ئەهۋالی ۋە ئوکتەبر ئینقیلابی
توغریسیدا سۆهبەتلەشتی. مارینگ سۇڭجوڭسەنگە بۇنداق 2 تۈرـ
لۈك پیکیرنی کورسەتتی: (1) جۇڭگودا ئینقیلاپ قیلیش ئۈچۈن
ئوبدان پارتییە کیرەك، بۇ پارتییە هەر قایسی قاتلاملار، بولـ
لۇپمۇ ئیشچی ـ دیهقانلار ئاممیسی بیلەن بیرلیشیش کیرەك؛ (2) ئینـ
قیلابی قورالیق کۈچنیڭ مەرکیزی بولۇشی لازیم (ئوتمۇشتە
سوڭجوڭسەنلەر پەقەت میلیتاریستلار ئەسکەرلیری بیلەن بیرلەشـ
کەن ئیدی)، هەربی ئوفیتسەرلەر مەکتیۋی ئیچیش لازیم. سوڭـ
جوڭسەن بۇ پیکیرلەرنی ئاڭلاپ ناهایتی خۇرسەن بولدی ۋە
بۇ پیکیرلەرنی ماقۇللیدی. بولۇپمۇ پارتییە قۇرۇش دیگەن پیکیر
سوڭجوڭسەننیڭ 1914 ـ ۋە 1919 ـ ژیللیریدین بۇیانقی پیکیریگە
ناهایتی ئۇیغۇن کەلدی. سوڭجوڭسەننیڭ روسیەدیکی ئوکتەبر
ئینقیلاۋیدین کیین، ئینقیلاپ قیلیش ئۈچۈن ئوزینیڭ قورالیق
کۈچی بولمیسا بولمایدیغانلیغینی چۈشەنگەن ئیدی.

ئەمما، كوگوڭدىكىدەك پارتىيەنى قانداق قۇرۇش كېرەك؟ ئۆز ۋاقتىدا گومىنداڭنىڭ مەملىكەت ئىچىدە ئاساسى يوق ئىدى، تەشكىللەش خىزمىتىنى قىلىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. شۇڭا كومپارتىيە گومىنداڭغا ياردەملىشىپ مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا گومىنداڭنىڭ يوشۇرۇن تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. شىمال تەرەپتە لى داجاۋ، خۇبېيدە دۇڭبىۋ، سىچۇەندە ئۇيۇيجاڭ، خۇنەندە ماۋزېدۇڭ، شاشىلار مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. گومىنداڭنىڭ خۇنەندىكى تەشكىلىگە نامدا تەنجىڭ رەھبەر بولۇپ تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خۇنەنگە قايتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن، ئەمەلىياتتا ماۋزېدۇڭ، لىگبە چۇى، شاشىلەر ئىشلىدى،

سوۋېت ئىتتىپاقى 1922-يىلى ئاۋغۇستتا ئىئوففېنى جۇڭگوغا ئەۋەتتى. ئۇ گومىنداڭنى قايتا تەشكىللەش ۋە ئارمىيە قۇرۇش توغرىسىدا سۇنجۇڭسەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكەزدى، ھەمدە كومىنتېرن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن 1923-يىلى يانۋاردا «سۇنۋېن، ئىئوففې خىتاپنامىسى» ئېلان قىلىندى.

1923-يىلى مارتتا سۇنجۇڭسەن گۇاڭجۇدا ئالىي مارشاللىق مەھكىمىسىنى قۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە بورودىن ۋە بىر قانچە ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنى گۇاڭجۇغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇنجۇڭسەن گۇاڭجۇدا جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ۋاقىتلىق مەركىزى كومىتېتىنى قۇرۇپ (ئۆز ۋاقتىدا كومپارتىيە ئەزاسى تەنپىڭسەنلەر

بۇ مەركىزى كومىتىتكە قاتىناشقان ئىدى)، بورودىنى مەسلىھەتـ
چىلىككە تەكلىپ قىلدى، 1923 ـ ژىلى نو يابىردا قايتا تەشكىللەش
خىتابنامىسى ۋە پارتىيە پروگراممىسىنىڭ لايىھەسىنى ئېلان قىـ
لىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كومپارتىيە بىلەن بىرـ
لىشىش، ئىشچى ـ دېھقانلارغا ياردەم قىلىش» دېگەن ئۈچ زور
سىياسەتنى روشەن بەلگۈلىدى.

گومىنداڭنىڭ قايتا تەشكىللىنىشى ۋە مەماـ
كەتلىك 1 ـ قۇرۇلتايى ـ 1924 ـ ژىلى 20 ـ يانۋاردا جۇڭگو
گومىنداڭ گۇاڭجۇدا مەملىكەتلىك 1 ـ قۇرولتايىنى ئاچتى، قۇرۇلـ
تاي ۋەكىللىكىگە سۇڭجۇڭسەن ھەربىر ئۆلكىدىن 3 دىن ۋەكىل
كورسەتتى، ئۆلكىلەر ئۆزلىرى 3 دىن ۋەكىل كورسەتتى.

بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا كومپارتىيە ئەزالىرى، سوتسىيالىستىك
ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى، ئۆز نامىدىن گومىنداڭغا كىرىش
مەسىلىسى رەسمى تەستىقلەندى، يېڭى سىياسى پروگرامما، پارـ
تىيەنىڭ يېڭى نىزامنامىسى ۋە گومىنداڭنى قايتا تەشكىللەش
توغرىسىدا ھەرخىل كونكرېت چارىلار تەستىقلەندى. قۇرۇلتاى
تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەشھۇر خىتابنامە ـ جۇڭگو گوـ
مىنداڭنىڭ مەملىكەتلىك 1 ـ قۇرۇلتايىنىڭ خىتابنامىسى»نى ئېلان
قىلدى. خىتابنامىدا جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئانالىز قىلىنغانـ
دىن تاشقىرى، كوناسەنمىنجۇيى، ئىنقىلابى سەنمىنجۇيى قىلىپ
تەھلىل قىلىندى. شۇندىن باشلاپ، سۇڭجۇڭسەن يىتەكچىلىكىـ

دىكى ئىنقىلابچى گومىنداڭ، ئىمپېرىئالىزمنى يوقۇتۇش ۋەمىلىتا -
رىستلارنى يوقۇتۇشنى ئۆزىگە كۆرەش نىشانەقىلىپ ئالدى، سو-
ۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش،
ئىشچى- دېھقانلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزىگە سىياسى يول قىـ-
لىپ ئالدى. بۇ، بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە گۇرۇھـ-
لىرىنىڭ ئىنقىلابچى ۋەكىلى بولغان سۇنجۇڭسەننىڭ جۇڭگو كوم-
پارتىيەسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئالغانلىغىنىڭ
نەتىجىسىدۇر. جۇڭگو كومپارتىيەسىدىن ماۋزېدۇڭ، لى داجاۋ،
لىگبە چۇي، چۇيچۇبەيلەر بۇقۇرۇلتايغا قاتنىشىپ، مۇھىم روللارنى
ئوينىدى ھەمدە قايتا تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى گومىنداڭ مەر-
كىزىنىڭ ئىجرائى ھەيئەت ئەزاسى ۋە كاندىداتى بولۇپ سايـ-
لاندى. بۇ قۇرۇلتاي ئەمەلىياتتا ئىنقىلابى دولەتنىڭ بېشى
بولۇپ قالدى.

قۇرۇلتايدىن كېيىن ئۇزۇن ئوتمەستىن، يەنى 27- يانۋاردا
سۇنجۇڭسەن جاڭكەيشى قاتارلىق 7 ئادەمنى تەييارلىق كورۇش
ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ، خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنى ئېچىشقا تەيـ-
يارلىق كوردى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەسلىھەتچىلەر تەكلىپ قىلـ-
دى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربى تۈزۈمىنى ئۆلگەقىلىپ قوللاندى.
كومپارتىيە بۇ مەكتەپنىڭ سىياسى بولۇم مۇدىرلىكىگە جۇئېنلەينى،
مۇئەللىملىككە يەجەنيىڭ، خۇيۈەنيىڭ، شياۋچۇنۈي، نيەرۇڭجېڭ-
لارنى ئەۋەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى نۇرغۇن ھەربى قورال ياردەم بەردى.

سوڭجوڭسەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى-دېھقانلارغا ياردەم قىلىش سىياسىتى روشەن بەلگىلەنگەنلىكتىن ئۆز ۋاقتىدا قايتىدىن تەشكىللەنگەن گومىنداڭ ئۆزىنىڭ ئوتتۇشتىكى خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ ئىشچى، دېھقان، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىنقىلابىي بىرلىك سىپىدىن ئىبارەت بىرخىل تەشكىلاتقا ئايلاندى. ئەسلىدە گومىنداڭ تەشكىلاتى، ژۇڭقۇرىدا ئىتىلغاندەك نۇرغۇن ئەكسىيەتچى گۇرۇھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، قايتا تەشكىل قىلىدىغان چاغدا بۇ ئەكسىيەتچى گۇرۇھلار-كومپرادورلار، فېئوداللار تەئسىراتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاشكارا قارشى چىقتى، بەزىلىرى ئاشكارا ھالدا پارتىيەدىن چىقتى. ئەمما بەزى فېئودال، كومپرادور تەئسىراتلىرى-چوڭ بۇرژۇئازلار گومىنداڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ئېلىپ، قايتىدىن باش كوتۇرۇشكە پۇرسەت كۈتتى. شاڭخەيدە خەلىقئارا كومپرادورلار بازىرىدا كوز بوياپ ژۇرگەن ھەمدە كومپرادورلار بازىرىدىكى قارا پەردە ئىچىدە تۇرغان خوجايىنلارنىڭ ماشكىسى جاڭگەيشى، ئەنە شۇ چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ «ئىنقىلاپ» دېگەن پەردە ئاستىدا 2 يۇزلۇك سۇئى قەست ژۇرگۇزۇدىغان مۇھىم ۋەكىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

سەنمىنجۇيىنىڭ يىڭى تەرەققىياتى-سەنمىنجۇيى، كېيىنكى زامانلاردا جۇڭگودا بولغان تارىخى قارىموقارشىلىقلاردىن تەرەققى قىلغان 3 زور مەسىلە (مىللەت مەسىلىسى،

دېموكراتىيە مەسىلىسى، يەر مەسىلىسى) ئىچىدىن ئېلىنغان، جۇڭگو خەلقى بۇ 3 مەسىلىنى ھەل قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلاتتى، جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيەسىمۇ ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئودالىزمنىڭ زۇلۇمىغا، چەكلىمىسىگە ۋە زىيانداشلىقىغا ئۇچرىغاچقا، ئۇلاردىمۇ بەلگىلىك ئىنقىلابچانلىق بار ئىدى. بۇ ئىنقىلابچانلىق مىللىي بۇرژۇئازىيە بىلەن ئوخشاش بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابچىسى دېموكراتچىلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان سۇن جۇڭشەننىڭ مەبدەئىيىسىدە ئىنئىكاس قىلدى. يەنى ئۇ مىللەت، خەلق ھوقۇقى، خەلق تۇرمۇشى دېگەن 3 مەسىلە توغرىسىدا پرىنسىپ ۋە پروگراممىنى، توتتۇرىغا ئاتتى.

ئەمما، جۇڭگونىڭ مىللىي بۇرژۇئازىيەسى ئاجىز ۋە دەلدەڭگەللەپ قالغان پرىنسىپ، جۇڭگو گومىنداڭنىڭ مەملىكەتلىك 1-قۇرۇلتايىنىڭ خىتابنامىسى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پروگراممىسى، سۇن جۇڭشەن تەرىپىدىن قايتا تەھلىل قىلىنغان يېڭى سەنمىنجۇيىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، قالغان سەنمىنجۇيى تەلىماتلىرى كونا دېموكراتىك سىياسىي پروگراممىلاردىن ئىبارەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسى يوق، رېفورمىچى يۇمشاقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. 1911- يىلدىكى ئىنقىلاب ۋاقتىدا، سۇن جۇڭشەننىڭ مىللەت مەسىلىگى پەقەتلا مانجۇلارغىلا قارشى ئىدى؛ ئۇ، ئىمپېرىيالىزمغا قارشى تۇرۇش دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا ئاتمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنچىڭ خاندانلىقى تەختىدىن

چۇشكەندىن كىيىن ، سۇنگجۇڭسەن مىللەت مەسلىگىنىڭ ئىشى
ئۆزگەردى ، «2 مەسلەك» بولسىلا كىپايە، دەپ ھىس قىلدى (مە-
سىلەن: جۇڭخۇا گومىنداڭنىڭ سىياسى پروگراممىسى). ئۇ چاغدا
ئۇنىڭ خەلق ھوقۇق مەسلىگىمۇ قەتئى ۋە روشەن ئەمەس ئە-
دى. خەلق تۇرمۇش مەسلىگىنى ئاساق، ئۇنىڭدا پەقەت ئابست-
راكت ھالدا «يەر ھوقۇقىنى تەكشىلەش» دىگەنلا سۆزبار ئىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بۇ مەسلەكلەرنى ئىجرا قىلىش چارىلىرى
كام ئىدى. خەلققە ھەقىقى ھالدا يۆلۈنەلمەيتتى.

پرولىتارىئات ۋە كومپارتىيەنىڭ ياردىمىگە ئۇلاشقان سۇنگ-
جۇڭسەن مەپكۇرىدە زور ئالغا باستى، گومىنداڭنىڭ مەملىكەتلىك
بىرىنچى قۇرۇلتاينىڭ خىتاپنامىسىدا كۆرسۈتۈلگەندەك ، مىللەت
مەسلىگى توغرىسىدا «مىللەت مەسلىگىنىڭ 2 تەرەپلىك ئەھەممىي-
يىتى بار: بىرسى، جۇڭخۇا مىللىتى ئۆز ئازاتلىغىنى قولغا كەلتۈ-
رۈش: يەنە بىرسى ، جۇڭگو زىمىنىدىكى مىللەتلەرنى باراۋەر
قىلىش» دىگەن تەئسىرنى بەردى؛ خەلق ھوقۇقى مەسلىگى تە-
رەپتە «خەلق ھوقۇقى مەسلىگى ۋاستىلىك خەلق ھوقۇقىدىن باشقا
يەنە بىۋاسىتە خەلق ھوقۇقىنى ئىجرا قىلىدۇ... كىيىنكى ۋاقىتلاردا
دۇنيا مەملىكەتلىرىدىكى خەلق ھوقۇقى دىگەن تۈزۈم بۇرژۇ-
ئازىيەگە خاس بولۇپ قېلىپ، خەلقنى ئېزىدىغان قورالغا ئايلىنىپ
قالدى ؛ گومىنداڭنىڭ خەلق ھوقۇق مەسلىگى ئومۇمى خەلققە
ئورتاقتۇر، ئازسانلىق ئادەملەرگە خاس ئەمەستۇر ... كىڭەيتىپ-

رەك ئىتتىپاق، ئۇمۇمەن ھەقىقەتەن ئىمپىرىيالىزمغا قارشى تۇرۇ-
دىغان شەخس ياكى جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى بارلىق ئەركىن-
لىك ۋە ھوقۇقلاردىن بەھرى ئالىدۇ، ئۇمۇمەن ۋە تەنگە، خەلىق-
قە خىيانەت قىلىدىغان، ئىمپىرىيالىزمغا ۋە مىلىتارىستلارغا سادا-
قەتلىك بىلەن ئىشلەيدىغان جەمئىيەت ياكى شەخسلەر، بۇنداق
ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقلاردىن بەھرى ئالالمايدۇ.» دېگەن تەئ-
سىرنى بەردى. خەلىق تۇرمۇش مەسلىگىگە كەلسەك، يەر ھوقۇقىنى
تەكشىلەش، كاپىتالنى چەك قويۇش چارىسىنى ئوتتۇرىغا ئاتتى،
«تېرىغۇچىلارنى يەرلىك قىلىش»نى ئىقرار قىلدى، ھەمدە ئىش-
چى-دىخانلار تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا
ئاتتى، ئىنقىلابى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ خىتاپنامە ۋە
سىياسى پروگرامما، ئۆز ۋاقتىدا كوممۇنىستلار ياردىمى بىلەن
يېزىلدى ھەم تۈزۈتۈلدى. بۇنىڭ كامچىلىقلىرى (مەسىلەن پروگ-
رامميدا دۆلەت قۇرۇشنىڭ 3 باسقۇچى دېگەندەك سۆزلەر)
بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇمۇمەن ئالغاندا بۇ پروگرامما ئۆز ۋاقتى-
دىكى ئىنقىلابى بىرلىك سەپكە سىياسى ئاساس بولۇپ قالدى.
بۇ خىتاپنامەۋە سىياسى پروگرامما جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مىنىمۇم
پروگراممىسى بىلەن كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتا تامام ئوخشىشىپ
كەتمىسىمۇ، لېكىن دېموكراتىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىدا
(يەنى ئىمپىرىيالىزمغا قارشى تۇرۇپ مىللى مۇستەقىللىق ۋە ئازادى-
لىقنى قولغا كەلتۈرۈش-مىللى مەسىلەك، ئىنقىلابى سىنىپلارنىڭ

بىرلەشكەن دېموكراتىيە سىياسىتىنى ئەمەلگە قويۇش ـ خەلىق ھوقۇقى مەسلىگى، فېئودالىلىق يەر ئېكسپلوئاتاتسىيىسى تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش ۋە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ يالغۇز پايدائېلىشىغا چەك قويۇش ـ خەلىق تۇرمۇش مەسلىگى) ئوخشاشدۇر. 1924 ـ ژىلدىن 27 ـ ژىلغىچە بولغان ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىياتى، جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن سۇنجۇڭسەن ۋە ئۇنىڭ ھەقىقى ئىنقىلاپچى مۇرىتلىرى بىرلىشىپ مەيدانغا چىقارغان موۋەپپىقىيەتىدۇر. بىر تەرەپتىن، سەنمىنجۇيى مەپكۇرىسى يېڭى تەرەققىياتقا ئۇلاشتى (كوناسەنمىنجۇيى يېڭى سەنمىنجۇيىغا ئوزگەردى)، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى ئىنقىلابى ئۇسۇل ـ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى ـ دېخانلارغا ياردەم قىلىش سىياسىتى تۇغۇلارى (سەنمىنجۇيى 3 زور سىياسەتلىك سەنمىنجۇيىغا ئوزگەردى). سۇنجۇڭسەن: «بۇگۇنكى كۇندە ئىنقىلاپ قىلغاندا رۇسىيەنى ئوگەنمەي بولمايدۇ» دېگەن ئىدى. ۋاپات بولۇش ۋاقتىدا: «خەلىقنى ئويغۇتۇپ، دۇنيادا بىزنى ئوزى بىلەن باراۋەر كورۇپ مۇئامىلەقىلىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە كورەش قىلىڭلار!» دېگەن ئىدى.

سۇنجۇڭسەنگە خائىنلىق قىلغان ـ مەلئۇن جاڭكەيشىلەر ئوز ۋاقتىدا يالغاندىن يېڭى سەنمىنجۇيى ۋە 3 چوڭ سىياسەتنى ھىمايەقىلغان بولۇپ، ئىسيان قىلىپ ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن، يېڭى سەنمىنجۇيى بىلەن 3 چوڭ سىياسەتنى

چەتكە قايرىپ قويۇپ، سۇگجۇگسەننىڭ كونا سەنمىنجۇيىسىدىكى بەزى قالاق قىسىملارنى ئېلىپ، ئۇنى ئىنقىلاپقا قارشى نەزەرى ئاساس قىلىۋالدى.

4

ئىنقىلابى بىرلىك سەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە ئۆزىمىزنىڭ تەرەققى قىلىشى

سودىگەرلەر گروھىنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى ھەرىكەتلىرىنى بەسىش — ئىنقىلابى بىرلىك سەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابنىڭ كۈچى ئۆسۈپ، ھەرقايسى جايلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرى ئۇچقاندەك ئالغا باسقىلى تۇردى. ئىمپېرىيالىستلار، مىلىتارىستلار، كومپرادورلار، زادىكان بايلار بۇ نىگەدىن ناھايىتى چوچۇپ «سۇگجۇگسەن قىزىللاشتى» دەپ ۋالاقلاشقىلى تۇردى. ھەممىدىن ئەۋۋەل گومىنداڭ ئىچىدە كومپرادور، زادىكان بايلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان جاڭجى، شەچىش، زولۇ قاتارلىق گومىنداڭنىڭ ئوڭچىللىرى ئاشكارىدىن — ئاشكارا ئىنقىلابى بىرلىك سەپكە قارشى چىقىپ، «كومپارتىيە گومىنداڭغا كىرگەندىن بۇيان ...... ئانگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە فرانسىيە ئىمپېرىيالىستلىرىنى بىزۇۋتىمىز دەپ تەشۋىق قىلماقتا، ئۇنىڭ بۇ تەشۋىقاتلىرى گومىنـ

داڭنىڭ خەلىقئارا جەھەتتە بولغان ياخشى تەسىرىگە زىيان
يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت . ئۇ بىرتەرەپتىن، گومىنداڭنىڭ مەملىكەت
ئىچىدىكى ھەر قايسى ئەمەلىي كۈچقا ئىگە بولغان گۇرۇھلار (ئىزا
ھات: ئۇز ۋاقتىدىكى مىلىتارىستلار گۇرۇھلىرىنى دەيدۇ) بىلەن
بولغان بىرلىكىنى بۇزۇدۇ...... ئۇنىڭ پىلانى گومىنداڭنى يۇ-
ۋۇتۇشتىن ئىبارەت» (جاڭچىلارنىڭ «پارتىيەنى قوغداش» خىتاپنا-
مىسىنا قارالسۇن) دەپ ۋالاقلاشتى . ئىنقىلاب بىلەن تەتۈر
ئىنقىلابنىڭ بۇكۈرەشلىرى كۈندىن - كۈنگە ئۇتكۈرلەشتى . بۇ-
نىڭ ئەڭ كەسكىن بىر پەردىسى سودىگەرلەر گۇرۇھىنىڭ ئىنقى-
لاپقا قارشى ئىسيانىنىڭ پەيتتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

گۇاڭدۇڭدىكى سودىگەرلەر گۇرۇھى، كومپرادور بۇرژۇئا-
زىيە، زادىكان بايلار ۋە پومېشچىكلارنىڭ ئەكسىيەتچى قۇ-
راللىق تەشكىلاتى ئىدى. بۇگۇرۇھ ئەنگلىز سودىگىرى ئاچقان
«خۇيفۇڭ بانكىسى» نىڭ كومپرادورى چېڭلىيەنبە ۋە چېڭ-
گۇڭشۇ (بۇلار گومىنداڭنىڭ ئوڭچىللىرى) باشچىلىقىدا شاڭگاڭ-
دىكى ئانگلىيە ئىمپېرىيالىزمى ۋە گومىنداڭنىڭ ئوڭچىل مى-
لىتارىستلىرى فەنسى سىڭلارنىڭ ھەربى ياردىمىگە يۆلۈنۈپ،
سۇنجۇڭسەننىڭ گۇاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلاش قەستىگە چۈشتى. گومىنداڭنىڭ سولچىللىرى 1924
يىلى 10 - ئۆكتەبىردە كومپارتىيە بىلەن بىللە گۇاڭجۇدا خەلق
ئاممىسىنىڭ نامايىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، سودىگەرلەر گۇرۇھى-

نىڭ قىرغىنىغا ئۇچراپ 20 نەچچىسى ئۆلۈپ، بىر مۇنچىسى يارىدار بولدى. قىرغىندىن كېيىن سودىگەرلەر گۇرۇھى تامامەن ھەرىكەتلىنىپ، سۇنجۇڭسەننى ئورنىدىن چۈشۈشكە قىستاپ ئىلان چاپلىدى، سودىگەرلەرنى بازار تاشلاشقا قوراللىق كۈچ بىلەن زورلىدى ھەمدە ئىمپېرىيالىزم يالاقچىسى مىلىتارىست چېنجۇنمىڭدىن ئۆلكىگە قايتىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشنى تەلەپ قىلدى. شۇچاغدا سۇنجۇڭسەن ئىنقىلابچىلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمىگە يۆلۈنۈپ قوراللىق ئىنقىلابى كۈچ بىلەن سودىگەرلەر گۇرۇھىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇردى.

فېڭيۈشياڭنىڭ «بېيجىڭدە سىياسىي ئۆزگۈرۈش» ئۆتكۈزۈشى — شىمال تەرەپتە، ساۋ كۇڭ پارا بېرىپ ژۇرۇپ «رەئىس جۇمھۇر» لىققا سايلىنىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ بېشىغا چىقىپ ئالغاندىن كېيىنلا تارىخ ئۇنىڭ تەختىدىن ژىقىلىپ چۈشۈشىگە ھۆكۈم چىقىرىپ قويغان ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ساۋ كۇڭ بىلەن ئۇپېيفۇغا قارشى ھەرىكەت قوزغىدى. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن بۇخەلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتىغا ئايلاندى. نارازى بولۇپ تۇرغان باشقا مىلىتارىستلار خەلقنىڭ ساۋ كۇڭ ۋە ئۇپېيفۇغا قارشى كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ ساۋ كۇڭ بىلەن ئۇپېيفۇغا قارشى چىقتى، ساۋ كۇڭ بىلەن ئۇپېيفۇ «دۆلەتنى بىرلەشتۈرۈش» دېگەن شۇئاردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بېسىقتۇرماقچى بولدى. شۇنداق قىلىپ 1924 - ژىلى

4 ـ سىنتەبىردە جاڭسۇ، جەجياڭ ئۇرۇشى قوزغالدى. لياۋنىڭ گۇرۇھى بىلەن ئالاقىسى بولغان جەجاڭ ئارمىيەسى باشلىقى لۇيۇڭشاڭ شاڭخەيـنى تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن خەبەي گۇرۇھى-دىكى جاڭسۇ ئارمىيەسى باشلىقى چى شەيۈەن بىلەن ئۇرۇش قىلدى. 13 ـ ئوكتەبىر كۈنى لۇيۇڭشاڭ مەغلۇپ بولدى.

جاڭسۇ ـ جەجياڭ ئۇرۇشى، 2 ـ قېتىمقى خەبەي ـ لياۋنىڭ ئۇرۇشىنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ قالدى، 18 ـ سىنتەبىر كۈنى 2 ـ قېتىملىق خەبەي لياۋنىڭ ئۇرۇشى قوزغىلىپ، 2 تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى سەنخەيگۇەن ئەتراپىدا قاتتىق ئۇرۇشتى.

2 ـ قېتىملىق خەبەي ـ لياۋنىڭ ئۇرۇشى قوزغىلىشىنىڭ ئەرە-پىسىدە يەئنى 10 ـ سىنتەبىر كۈنى جۇڭگو كومپارتىيەسى «ۋەز-ىيەتكە قارىتا 3 ـ قېتىملىق تەشەببۇس» ئېلان قىلىپ، خەلىققە: ھەرقايسى گۇرۇھلاردىكى مىلىتارىستلارنىڭ بىر ژىلدىن بۇيان ئىمپېرىيالىزم يولىيورۇقى ئاستىدا بىردەم بىرلىشىپ، بىردەم ئاجرىشىپ ئۆزگۆرۈپ ژۆرگەنلىكلىرىنى تەھلىل قىلىپ بىرىپ: «ھازىر جۇڭگونى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىن ـ بىريو-لى، خەلىق تەشكىللىنىپ، مىللى ئىنقىلاب تۇغى ئاستىغا توپلۇ-نۇپ، خەبەي گۇرۇھىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، بارلىق مىلىتا ـ رىستلارنى قۇراللىسىزلاندۇرۇش، بولۇپمۇجەت ئەل ئىمپېرىيالىزمى-نىڭ جۇڭگودا قولىغا كىرگۈزۈپ ئالغان ھوقۇقلىرىنى ۋە ئۇلار-نىڭ تەئسىراتلىرىنى ئاساسى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن

ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا، مەزگىللىك قىرغىن ۋە ئۇرۇش-
لاردىن قۇتۇلۇپ، ئەبەدىي تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ»
دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا ئاتتى.

شۇ چاغلاردا، كومپارتىيەنىڭ گومىنداڭ بىلەن بىرلىكتە-
قوزغىغان ئىنقىلابى بىرلىك سەپنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكەتتىكى
تەرەققىياتى ھوكۇمران سىنىپلارنى ئىچكى تەرەپتىن بولۇنۇشكە
ئىلىپ كەلدى. خەبەي گوروھىدىكى فېڭيۇشاڭنىڭ غەربىي شى-
مال ئارمىيەسى ئىنقىلاپ تەرەپكە ئۆتىشقا باشلىدى. 1924-ژىلى
ئوكتەبىردە، خەبەي-لياۋنىڭ ئۇرۇشى راسا جىددىيلەشكەن ۋا-
قىتتا، فېڭيۇشاڭ ئۇرۇشنى تاشلاپ قويۇپ بېجىنگە قايتىپ سىيا-
سى ئوزگورۇش قىلدى، تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ئۇمومى
تىلگرامما تارقاتتى: ئوز قولىدىكى ئارمىيەنى مىللىي ئارمىيە دەپ
ئاتىدى، لياۋنىڭ ئارمىيەسى بىلەن بىرلىشىپ، خەبەي ئارمى-
يەسىگە زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن خەبەي ئارمىيەسى پۈ-
تۈن سەپ بويىچە مەغلۇپ بولدى. بىر مەزگىل دەۋرسۇرگەن،
ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلەر ئىچىدە ئوزىگە تەڭدىشى يوق
دەپ داۋراڭ سېلىپ ژۈرگەن خەبەي گوروھىدىكى مىلىتارى-
ستلار يەر بىلەن يەكسەن بولۇپ، ساۋ كۇڭ قولغا چۈشتى.
ۋۇپېيفۇ ئۇخەنگە قېچىپ كەتتى. بېجىندە لياۋنىڭ-ئەنخۇي
گوروھى ماقۇللىغان دۇەنچىرۇينىڭ ۋاقىتلىق ھوكۇمىتى مەيدانغا
چىقتى. شۇ چاغدا، مىللىي ئارمىيە مىلىتارىستلار ئارمىيەلىرى

ئىچىدىن ئىنقىلاپ تەرەپكە ئوتۇشكە باشلىغان بىر ئارمىيە بولغاشقا، بۇنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا شىمال تەرەپتىكى ئىنقىلابى ھەرىكەت تەرەققى قىلغىلى تۇردى. ئەمما، لياۋنىڭ گروھىدىكى مىلىتارىستلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىچكى ئولكىلەرگە كىرىپ خەبەي، سەندۇڭ، ئەنخۇي، جاڭسۇ ئولكىلىرىنى ھەتتا شاڭخەينى ئىگىلەپ ئالدى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 4-قۇرۇلتايى ۋە مىللەت مەجلىسىنى ۋوجۇتقا چىقىرىش ھەرىكىتى-«مىللەت مەجلىسى» دىگەن بۇشۇئار، ساۋ كۇڭ بىلەن ئۇپېيفۇ 1923-ژىلى ئىيۇندا لىيوەنخۇڭنى بېجىڭدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كىيىن، جۇڭگو كومپارتىيەسى ئىيۇلدا ئىلان قىلغان «ۋەزىيەتكە قارىتا 2-قىتىملىق تەشەببۇس» دا ئوتتۇرىغا ئىتىلغان ئىدى. 1924-ژىلى ئوكتەبردە فېڭيۇيشاڭ ئىنقىلاپ تەرەپكە ئوتۇپ، خەبەي گروھىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كىيىن، جۇڭگو كومپارتىيەسى 25-نويابردا ئىلان قىلغان «ۋەزىيەتكە قارىتا 4-قىتىملىق تەشەببۇسى» دا يەنە: «مىللەت مەجلىسىنى ۋوجۇتقا چىقارغاندىلا، جۇڭگونىڭ سىياسى مەسىلىلىرىنىڭ ھەل بولۇشىدىن ئۇمىت كۇتكىلى بولىدۇ، گومىنداڭنىڭ مىللەت مەجلىسىنىڭ تەييارلىق ژىغىنىنى تىزرەك بېجىڭدە ئىچىشىنى ئۇمىت قىلىمىز» دىگەن تەشەببۇسنى قىلدى. شۇچاغدا بۇتۇن مەملىكەت خەلقى مىللەت مەجلىسىنى ئىچىپ، ئاساسى قانۇن تۇزەپ، دىموكرا-

تيك جوُمهوُرييەت تـوُزوُمى قوُروُشنى قيزغين تـەلەپ قيلماقتا ئىدى. شوُنيڭ ئوُچوُن سوُڭجوُڭسەن 1924 - ژيلى نوُيابرداشيـمال تەرەپكە كمليپ، بجينده ميللەت مەجليسى چاقيريشقا ئوُ-روُندى . شوُچاغدا ئوُنيڭ ئئلان قيلغان «شيمالغا بىريش خيـتاپناميسى» ئيمپريئاليزمنيڭ جوُڭگوغا يوُكليگەن بارليق تەڭـسيزليك شەرتناميليرينى ئەمەلدين قالدوُروُشنى ، ميللەت مەجـليسى ئچيپ جوُڭگونى بير ليككەكەلتوُروُش ۋە تـەئمىرقيليش مەسيليليرينى هەل قيليشنى تەشەبوُس قيلدى. يەنى، ئوُموُمەن ئالغاندا، جوُڭگو كومپارتييەسينيڭ تەشەبوُسليرينى قوبوُل قيلـدى. سوُڭجوُڭسەن شيمالغا ژوُروُپ شاڭخەيدين ئوتكەندە، شاڭخەيديكى خەليق ئامميسينيڭ ئينقيلابى هەريكيتيدين تەئسير ئالدى، هەمدە ئيمپريئاليزمنيڭ يەنە بيرقىتيملق ئەميلى دەكـكيسيگە ئوُچريدى (شاڭخەيديكى ئيمپريئاليستلار سوُڭجوُڭسەنـنيڭ پورتقاچيقيشيغا قارشى توُردى). شوُنيڭ ئوُچوُن ئوُ ئيمـپىرئاليزمغا قارشى تەخيموُمەهكەم بەل باغليدى . شوُچاغلاردا شاڭخەى، جەجياڭ، گواڭدوُڭ، خوُنەن ۋە خوُبەيلەردە ميلـلەت مەجليسينى تيزۋوُجوُتقاچيقيريش ئوُيوُشميليرى قوُروُلدى، هەرقايسى جايلارديكى خەليق تـەشكيلاتليرى ميللەت مەجـليسى ئچيش تەشەبوُسينى هيمايە قيليپ ئوُموُمى تلگراميلار تارقاتتى، خيتاپناميلار چيقاردى.

جوُڭگو كـومپارتييەسى 1925 - ژيلى يـانۋاردا شاڭخەيـدە

مەملىكەتلىك 4 ـ قۇرۇلتاي ئوتكەزدى. قۇرۇلتايغا 980 ئەزاغا- ۋاكالىتەن 20 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا: ئىشچىلار سىنىپى مىللى ئىنقىلابى ھەرىكەتكە قاندداق قاتنىشىش كىرەك ۋە بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىش ئۇچۇن پارتىيە تەشكىلات ۋە ئاممىۋى خىزمەتلەردە قانداق تەيارلىق كۆرۈش كىرەك، دىگەن مەسى- لىلەر ئايرىمچە موزاكىرىگە قويۇلدى. قۇرۇلتاي، پۈتۈن مەملى- كەت دائىرىسىدە پارتىيە تەشكىلاتىنى قۇرۇش، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە دىخانلار ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە دىخانلار جەمئىيەتلىرىنى كوپەيتىش توغرىسىدا قارارچىقاردى. قۇرولتاي يەنە مىللەت مەجلىسىنى چاقىرىش ھەرىكىتىگە يىتەكچىلىك قى- لىش ئۇچۇن بۇ ھەيكەتنىڭ كونكرىت نىشانىلىرىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. بۇ قۇرۇلتاي، يىقىن كەلگۈسىدە بولۇدىغان ئاممىنىڭ ئىنقىلابى دولقۇنىغا، تەشكىلى جەھەتتىن تەيارلىق كوردى.

سۇگجۇگسەننىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيىتى- بجىنديكى ئەكسىيەتچى دۇەنچيرۇي ھوكۇمىتى ئاممىنىڭ تە- لەپلىرىنى توسۇش ئۇچۇن بىر تەرەپتىن، سۇگجۇگسەننى شىمال تەرەپكەكىلىشكە تەكلىپ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئۇرۇش- تىن كىيىنكى ژيغىن» چاقىرىمىز- دەپ كومپارتىيە بىلەن گومىن- داڭ تەشەببۇس قىلغان مىللەت مەجلىسىگە قارشى چىقتى.

سۇگجۇگسەن بجىنگە كىلىپ، دۋەنچىرۇۋىنىڭ تەكلىپىنىڭ يا-
مان نىيەتلىك تەكلىپ ئىكەنلىگىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپ-
لەندى. دۋەنچىرۇۋى 1925-ژىلى 1-فىۋرالدا ئۆز ئىلكىگە
ئىلىۋالغان ئۇرۇشتىن كىيىنكى ژىغىننى ئاچتى. مىللەت مەجلى-
سىنىڭ چاقىرىلىشىنى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەملىكەت-
لىك قۇرۇلتايىمۇ 1-مارتتا بجىندە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇرۇشتىن
كىيىنكى ژىغىنغا قارشى چىقتى. ھەددىدىن ئارتۇق چارچىغان
سۇگجۇگسەننىڭ كونا كىسىلى قوزغۇلۇپ 12-مارتتا بجىندە ۋا-
پات قىلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەزىيە-
بىلدۈردى. سۇگجۇگسەن ۋاپات بولۇش ۋاقتىدا سوۋەت ئىتتى-
پاقى مەركىزى كومىتېتىگە بۇنداق دەپ مەكتۇپ يازدى:

«سوۋەت سوتسىيالىستىك رىسپوبلىكىلار ئىتتىپاقى مەركىزى
كومىتېتىدىكى سۆيۈملۈك يولداشلارغا:

مەن بۇيەردە ساقايماس كېسەل بىلەن ياتقان بولسامۇ،
مېنىڭ كۆڭلۈم سىلەرگە، پارتىيەمگە ۋە ۋەتىنىمنىڭ ئىستىقبا-
لىغا قارىماقتا.

سىلەر، ئەركىن رىسپوبلىكىلارنىڭ ئۇلۇق ئىتتىپاقىنىڭ رەھ-
بەرلىرىسىزلەر. بۇ ئەركىن رىسپوبلىكىلارنىڭ ئۇلۇق ئىتتىپاقى،
ئۆلمەس لىنىننىڭ مەزلۇم مىللەتلەرگە قالدۇرغان دۇنياۋى مى-
راسىدۇر. ئىمپېرىيالىزم ئاستىدا قالغان بىچارە خەلىق ئەنەشۇ
مىراسقا تايىنىپ ئۆز ئەركىنلىكلىرىنى قوغدايدۇ، قەدىمقى زا-

ماندىن قالغان قوللاشتۇرۇش نۇرۇش ئاساسىدىكى خەلىقئارا تۈزۈمدىن ئازات بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

مەندىن گومىنداڭ باقى قالدى. گومىنداڭ ئۆزىنىڭ جۇڭگونى ۋە باشقا مەزلۇم ئەللەرنى ئازات قىلىش دىگەن تارىخى خىزمەتلىرىنى ئاداقىلىشتا، سىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. تەقدىر مىنى، ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلىرىمنى گومىنداڭ مەسلىكىگەۋە تەئلىماتلىرىغا رىئايە قىلىپ مىنىڭ ھەقىقى يولداشلىرىمنى تەشكىللەيدىغان ئادەملەرگە قالدۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭغا جۇڭگونى ئىمپىرىئالىزم ژۆكلىگەن يېرىم مۇستەملىكىلىك كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مىللى ئىنقىلابى ھەرىكەتنى يولغا قويۇشنى ۋەسىيەت قىلدىم. بۇمەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن گومىنداڭغا دائىم سىلەر بىلەن داۋاملىق قول تۇتۇشۇپ ئىشلەشنى بۇيرۇدۇم. ھۆكۈمىتىڭىزلەرنىڭ مەملىكىتىمىزگە قىلىۋاتقان ياردىمىنى داۋام ئەتتۈرۈدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

سۆيۈملۈك يولداشلار: سىلەر بىلەن خوشلۇشۇش ۋاقتىمدا، قىزغىن ئۈمىدىمنى بىلدۈرۈمەن، ئۈمىدىم يېقىن كەلگۈسىدە ئايان بولۇدۇ، شۇچاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ياخشى دوست ۋە ئىتتىپاقداش دولەتلىك سۈپىتىدە كۈچلۈك، مۇستەقىل جۇڭگونى قارشى ئالىدۇ. ئىككى دولەت دۇنيادىكى مەزلۇم مىللەتلەر-

نىڭ ئازاتلىغىنى قولغا كولتۇرۇش ئۇرۇشىدا قولغا-قول تۇتۇ-
شۇپ غالىبىيەت قازىنىدۇ.

بۇرادەرلەرچە سەمىمىيەت بىلەن سالامەتلىكلىرىگىزلەرنى
تىلەپ:

«سۇنياتسىن (ئىمزا)».

بۇ مەكتۇپ، سۇگجۇگسەننىڭ جۇگگو-سوۋىت مىللەتلىرى-
نىڭ دوستانە هالدا هەمكارلىشىپ ئىشلىشى هەققىدىكى قىزغىن
ئۈمىد بىلەن تولغاندۇر. كومپارتىيە ۋە سۇگجۇگسەننىڭ سادىق
مۇرىتلىرى جۇگگو-سوۋىت دوستلۇغى ۋە هەمكارلىغىنى ناها-
يىتى قەدىرلىدى. سۇگجۇگسەن ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىدىمۇ، جۇگ-
گونىڭ ئەركىن ۋە باراۋەرلىگىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۈچۈن «خە-
لقنى ئويغۇتۇپ، دۇنيادا بىزنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كۆرىدى-
غان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ بىرلىكتە كۆرەش قىلىش لازىم»
دەپ كورسەتتى. بۇ ئۇلۇق، مىللى ئىنقىلابىدا هىنىڭ ۋە-
سىيىتى، ۋە تەنپەرۋەر جۇگگو خەلقىنىڭ هۆرمىتىگە مۇيەسسەر
بولدى.

تۆرتۈنچى باپ

1925 - ژىلدىن 1927 - ژىلغىچە بولغان ئىنقىلاپ

1

«30 - ماي ھەرىكىتى» جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دولقۇنىنى ئۆرلەتتى

«30 - ماي ھەرىكىتى» نىڭ دەۋرى ئارقا كورۇنۇشى - دۇنيادىكى كاپىتالىستىك دولەتلەر 1923 - ژىلدىن 1924 - ژىلغىچە سوتسىئال دەموكرات پارتىيەلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى داھىيلىرىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، پرولىتارىئات ئىنقىلابى ھەرىكىتىنى رەھىمسىز رەۋىشتە باسقانلىقتىن، كاپىتالىزمنىڭ نىسپى ئىستابىلىزاتسىيە دەۋرى باشلاندى. 1925 - ژىلى دۇنيادىكى مۇھىم كاپىتالىستىك دولەت-لەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سودا-مۇئامىلىسى ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىكى نورمىغا يېقىنلاشتى، ياكى يېتىپ باردى. بىر نەچچە كاپىتالىستىك مەملىكەتلەر - مەسىلەن: ئامىرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشى (مەسىلەن، ئامىرىكىنىڭ سانائىتى، كانچىلىغى)

خۇددى سەكرىگەندەك ئالغا باستى، ئۇنىڭ سودا ـ مۇئامىلىسى ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىكى نورمىدىن ئارتىپ كەتتى. دۇنيا كاپىتا ـ لىزمىنىڭ تەرەققىياتتىكى ئېگىز ـ پەسلىكى ئىچىدە كاپىتالىستىك مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدا چىقىشالمايدىغان قارىمۇ ـ قارشىلىقلار بارە بۇ قارىمۇ ـ قارشىلىقلار مۇستەملىكىلەرنى يېڭىۋاشتىن تالاشقا ئېلىپ بارىدۇ. ھەتتا نىسپى ئىستابىلىزاتسىيە كاپىتالىستك دولەت ـ لەردىكى بۇرژۇئازىيەنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە بارلىق ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى «ئېقىلغا مۇۋاپىق» ھالدا غال ـ جىرلارچە بۇلاش، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەرنى يەنىمۇ تالاش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئىدى؛ بۇنداق ئىستا ـ بىلىزاتسىيە ئۇلارنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە بارلىق ئەمگەكچىلەر ئاممىسى بىلەن بولغان قارىمۇ ـ قارشىلىقنى، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە خەلقلىرى بىلەن بولغان قارىمۇ ـ قارشىلىقىنى يوقۇتىۋاتالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىسپى ئىستابىلى ـ زاتسىيە ئوتتۇرغا چىقىشى مۇقەررەر بولغان يەنىمۇ ئېغىر كرىزىس ـ لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا يېڭى ئۇرۇش خەۋپىمۇ ئوسىدۇ. بۇ ئەھۋال دۇنيا ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ تېخىمۇ ژۇقۇرى كوتۇرۇلۇشىگە سەۋەپچى بولماي قالمايدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، سوتسىئالىستىك دولەت ـ سوۋېت ئىتتىپاقى بۇدەۋردە ھەقىقى ئىستابىلىزاتسىيە ۋە مۇستەھكەملىنىشكە ئېرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1925 ـ ژىلى يېڭى ئىقتىسادى سىياسەت يولىدا

خەلق ئىقتىسادىنى تىكلەشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇۋەپپىقىيەتلەرنى قازاندى ھەمدە دولەتنى سوتسىيالىزم ئاساسىدا سانائەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان يېڭى باسقۇچقا كۆچتى.

شۇچاغلاردا ئىمپېرىيالىستلار دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يېڭىۋاشتىن تەجاۋۇزچىلىقنى كۈچەيتكەنلىكتىن يېرىم مۇستەملىكە ھالىغا چۈشكەن جۇڭگودا ئىقتىسادى بۆھران ئەۋجى ئالدى. بۇ بۆھران بولۇپمۇ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ توختاپ قالغانلىغىدا ئىپادە بولدى ۋە بۇ بۆھران 1925-ژىلنىڭ باشلىرىدا تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئىمپېرىيالىستلار- بولۇپمۇ ياپونىيە ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ جۇڭگودا قۇرغان كارخانىلىرى ھېساپتىن تاشقىرى - تېخىمۇ ئۇرغۇن پايدا ئېلىش ئۈچۈن جۇڭگو ئەمگەكچىلىرىنى تېخىمۇ رەھىمسىز رەۋىشتە قاتتىق ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلدى. مەسىلەن، شاڭخەيدىكى ياپون سودىگىرىنىڭ «نىۋەي» (ئىچكى- تاشقى پاختا ژىپ فابرىكىسى ئىشچىلارنىڭ ئىش ۋاقتىنى ناھايىتى ئۇزارتتى، كىچىلىك ۋە كۈندۈزلۈك ئىسمىنىلارنى مەيدانغا چىقىرىپ ھەر ئىسمىنىنىڭ ئىش ۋاقتىنى 12 سائەتكە يەتكۈزدى. ئىشچىلارنىڭ كىچىلەردە ئىشلىگەن ئىشىگە ئىش ھەققى تولىمىدى؛ ئىش ھەققىنى ناھايىتى ئاز بەردى، ئۇمۇمەن كۈنىگە 200 ياماق تولىدى. ياپون كاپىتالىستلىرى «ئامانەت قويدۇرۇش» ئۇسۇلى ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قالدى.

جۇڭگو كاپىتالىستلىرىنىڭ زاۋود ـ فابرىكىلىرىمۇ چەت ئەل كاـ
پىتاللىرىنىڭ بىسىمى ئاستىدا قالغانلىقتىن، ئۇز پايدىلىرىنى ئىشـ
چىلارنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ۋە ئىش ھەقـقىنى ئازايتىش
ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، ئىشچىلار تۇرمۇشىنى تېخىمۇ
ناچارلاشتۇرىۋەتتى. دېھقانلار مىلىتارىستلار ئۇرۇش كاساپىتى ۋە
يەر ئىجارە بەجىنىڭ ئېغىرلىشىشى بىلەن خانەۋەيران بولۇپ كەتـ
تى. مەسىلەن، خەنەن ئۆلكىسىنىڭ لۇسى ناھىيەسىدىكى دېھقانـ
لار مىلىتارىستلارنىڭ ئالۋاڭغا ئادەم تۇتۇش، پۇل چىچىش دېـ
گەندەك زۇلۇملىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم شەھەرنى
قورشاپ قوزغولاڭ كوتەردى. باشقا نۇرغۇن جايلاردىكى دېھقانـ
لارمۇ ئېغىر باج، ئالۋاڭ ـ ياساقلارغا قارشى، زادىـكان باىـ
يومششىكلارنىڭ تۇرلۇك زۇلۇملىرىغا قارشى تۇش ـ تۇشـتە كوـ
رەش قوزغىدى. شەھەرلەردىـكى ئۇششاق بۇرژۇئازىـيەمۇ ئۇز
ۋاقتىدىكى ئىقتىسادى بۇھـران كـاساپىـتى بىلەن نۇرغۇنـلاپ
ئىشسىز قالدى، بانكروت بولدى. مىللى بۇرژۇئازىيەنىڭمۇ مىللى
سانائەت تەرەققىياتى زەربە يىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئىمپىرىئالىزم
بىلەن بولـغان قارىمۇ ـ قارشىلىغى تەخىمۇ كۈچەيـدى. ئۇمۇمەن
ئالغاندا، ئۇز ۋاقتىدا ئىمپىرىئالىزم تەجاۋۇزىنىڭ ياما نـلىشىشى
كـاساپىتىدىن كەلگەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى بۇھرانى، جۇڭگوـ
نىڭ مىللى خەۋپىنىڭ ئىشارىتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگوـ
دىكى ئىنقىلابى سىنىپلارنىڭ ئىنقىلاپ قىلىش تەلەپلىرىمۇ كۈنـ

دىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى. مانا شۇ ئاساستا، ئىنقىلابى بىرلىك سەپقۇرۇلغاندىن كېيىنكى جۇڭگو ئىنقىلابى ھەرىكىتى تېز تەرەققى قىلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، جۇڭگودا پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرىدىكى ئىنقىلابى دولقۇننىڭ مۇقەررەر قوزغولۇدىغانلىقىنى كورسۇتىدۇ.

دەل شۇ چاغلاردا (يەنى 1925 ـ يىلى) دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇستازى ستالىن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ باھالىقلىقى بولمايدىغان زور قۇۋۋەت بىلەن تەرەققى قىلىدىغانلىقىنى ئالدىدىن كورۇپ بۇنداق دىدى:

«جۇڭگودىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتنىڭ كۈچلىرى ناھايىتى چوڭ، بۇكۈچلەر تېخى ئوزىنى يېتەرلىك دەرىجىدە كورسەتكىنى يوق. ئۇلار تېخى كەلەچەكتە ئوزىنى كورسۇتىدۇ. بۇكۈچلەرنى كورمەيۋاتقان ۋە ئۇلار بىلەن لازىم دەرىجىدە ھىسابلاشمايۋاتقان شەرق ۋە غەرپ ھوكۇمدارلىرى بۇنىڭدىن زىيان تارتىدۇ.» («لىنىن ـ ستالىن جۇڭگو ئىنقىلابى ھەققىدە» 133 ـ بەت: «ۋ.ك.پ(ب)نىڭ 14 ـ سىيزددىدا قىلىنغان مەركىزى كومىتېتنىڭ سىياسى دوكلادى».)

ستالىننىڭ بۇ ئىلمى پەرەزى، جۇڭگونىڭ سىياسى، ئىقتىسادى شارائىتلىرى ھەم جۇڭگو جەمئىيىتى ئىچىدىكى ھەر تۈرلۈك كۈچلەرنىڭ چىقىشتۇرمىسى ئاساسىدىكى ئىلمى تەھلىلىدىن ۋە دۇنيانىڭ سىياسى، ئىقتىسادى شارائىتلىرى ھەم دۇنيادىكى

تۇرلۇك كۇچلەرنىڭ چقىشتۇرمىسى ئاساسىدىكى ئىلمى تەھلىلدىن كىلىپ چىققاندۇر. 1925 ـ ژىلدىن باشلاپ كوتۇرۇلگەن جۇڭگو-دىكى كەڭ كولەملىك ئىنقىلابى دولقۇن، ستالىنىڭ بۇ پەرەزىنى توغرا تەھقىقلەپ بەردى.

«30 ـ ماي ھەرىكىتى» نىڭ ئىپتىداسى ـ ئىشچى-لارنىڭ ئىمپەرىئالىزمغا قارشى كۇرەشىنىڭ غۇلاچ يىيىشى ـ ياپونىيە، ئانگلىيە، ئامرىكا باشچىلىقىدىكى ئىمپە-رىئالىزم قاراقچىلىرى ئوز- ئارا قارىمۇ-قارشى بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما شۇ پەيتتە جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى بسىش ئۇچۇن بىرلىشىپ ئلىشىپ، جۇڭگو خەلقىنى زورمۇ-زور ئۇرۇشقا تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن قاتتىق ئزىلگەن ۋە ھەممىدىن قەتئى ئىنقىلابچى كەلگەن ئىشچىلار سىنىپى بىرىنچى بولۇپ ئىمپىرىئا-لىزمغا قارشى كۇرەش باشلىدى.

«7 ـ فەۋرال» ۋاقىئەسىگە بىر ژىل توشقاندا (1924 ـ ژىلى) مەملىكەتلىك تومورىول ئىشچىلىرىنىڭ باش ئويۇشمىسى قۇرۇلدى. 1925 ـ ژىلى «1 ـ ماي» ئەمگەكچىلەر بايرام كۇنى يەنە گۋاڭجۇدا ئەمگەكچىلەرنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتايى ئوتكۇ-زۇلدى. قۇرۇلتاي 540مىڭدىن ئارتۇق تەشكىللىك ئىشچىلارغا ۋاكالىتەن قىزىل ئىشچى ۋە خىزمەتچىلەر ئىنتىر ناتسىئونالىغا كىرىش قارارىنى چىقاردى. بۇ قۇرۇلتايدا جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئويۇشمىسى تەشكىللىنىپ، ئىجرائى ھەيئەت رەئىس-

لىكيگە ليگۆيمىن، رەئىس ئورۇنباسارلىغىغا ليۇشاۋچى، باش كاتىپ ھەم تەشۋىقات بولۇم باشلىقلىغىغا دېگجۇگشا سايلاندى. قۇرۇلتاي ئۆزقارارىدا: ئىشچىلار سىنىپى دېخانلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىمپېرىئالىزم ۋە مىلىتارىزمغا قارشى مىللى ئىنقىلابى ھەرىكەتكە قاتنىشىش لازىم ـ دەپ كورسەتتى؛ ھەمدە: جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى مىللى ئىنقىلابى ھەرىكەتنىڭ مەركىزى كۈچى ۋە يېتەكچىسى بولۇش لازىم، دەپ كورسەتتى.

شاڭخەي شياشادۇدىكى ياپون سودىگەرلىرىنىڭ «نېۋەي» باختا ژىپ فابرىكىسىدا ياپون كاپىتالىستلىرى ئىشچىلارنى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان رەھىمسىز ئىزىپ، بىر بولۇم ئەر ـ ئايال ئىشچىلارنى ھايداپ چىقىرىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا قۇللارچە «بىقىپ ئىشچى قاتارىغا قوشۇدىغان ئىشچى»لارنى ئالغاشقا، 1925 ـ ژىلى فېۋرالدا زور ئىش تاشلاش ھەرىكىتى باشلاندى. بۇنىڭ كەينىدىن شاڭخەينىڭ ساۋجادۇ، ياڭشۇپۇ دىگەن جايلىرىدىكى ژىپ فابرىكىلىرىنىڭ ئىشچىلىرىمۇ ئىش تاشلىدى. ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنىڭ سانى جەمئى 40 مىڭغا يېتىپ باردى. بۇقېتىمقى ئىش تاشلاش ھەرىكىتى باتۇر كوممۇنىست ۋە ئىشچىلار رەھبىرى دېگجۇگشا بىلەن ليۇخۇانىڭ يېتەكچىلىگىدە بولۇپ، خىلى ئوبدان غەلىبە قازاندى.

كېيىن، چىڭداۋدىكى ياپون كاپىتالىستلىرىنىڭ داكاڭ، نېۋەي، لۇڭشىڭ، ليگمۇ دىگەن فابرىكىلىرىدا 18مىڭ ئىشچى ئاپرىل

ئىچىدە كەينى ـ كەينىدىن ئىش تاشلاپ، ياپون كاپىتالىستلىرىنىڭ ئىشچىلارنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىشتىن توسقانلىقىغا قارشى چىقتى. بۇقېتىمقى ئىش تاشلاش ھەرىكىتى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ توغرا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ۋە شاڭخەيدىكى ياپون ژىپ فابرىكىلىرىنىڭ ئىشچىلىرى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى تومۇر يول ئىشچىلىرىنىڭ ياردەم قىلغانلىقى نەتىجىسىدە تولۇق غەلىبە قازاندى.

قىرغىننىڭ باشلىنىشى ـ فۇجۇ ۋە چىڭداۋدىكى قىرغىنلار ـ 1925 ـ يىلى 8 ـ ئاپرېلدا، فۇجۇ ئوقۇغۇچىلىرى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ جۇڭگوغا مۇئارىپ جەھەتتىن قىلغان تەجاۋۇزىغا قارشى تەكلىپ قويۇش ھەرىكىتى قوزغىغانلىقتىن قىرغىنغا ئۇچرىدى. شۇ كۈنى فۇجۇدا نەچچە مىڭ ئەر ـ ئايال ئوقۇغۇچى تەكلىپ قويۇش ھەرىكىتى ئوتكۈزۈپ، ئولكە مەھكىمىسى ئالدىدا تونەۋاتقاندا، مىلىتارىستلار ھوكۇمىتىنىڭ قوروغلوقتا تۇرۇش قىلىش نەتىجىدى، ساقچىلار نەتىجىدى ۋە باشقا ھەربى قىسىملىرى ئۇلارنى قاتتىق ئوقتا تۇتتى، مىلتىق پايىنەكلىرى بىلەن ئۇردى، نەيزە سانجىدى، شۇنداق قىلىپ نەچچە ئون ئوقۇغۇچىنى قاتتىق يارىدار قىلدى. بۇ، «30 ـ ماي پاجىئەسى» نىڭ ئىپتىداسى بولغان «فۇجو قىرغىنى» دۇر.

بۇنىڭ كەينىدىن، ماينىڭ 28 ـ كۈنى ياپون ئىمپېرىيالىزمى يەنە «چىڭداۋ قىرغىنى» نى چىقاردى. چىڭداۋ ئىشچىلىرى ئىش

تاشلاپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، فابرىكا (ياپون) تەرەپ ئۆز ئىـ
نىڭ ۋەدە ــ شەرتلىرىگە ئەمەل قىلىش بوياقتا تۇرسۇن، بەلكى
تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئىشچىلارنىڭ چىشىغا تەگدى ھەمـدە
جۇگگو ئىدارىلىرىغا: «ئىشـچىلار كوگۇللۇك ئىشلىمە يـۋاتىدۇ،
ئىشچىلار ئۈيۈشمىسىنى تارقىتىش كېرەك» دەپ «بۇيرۇق» چۈشـ
ۈرسە، لياۋنىڭ گروھىدىكى مىلىتارىستلار ئىدارىسى ئىشچىلار
ۋەكىللىرىگە: «ئىشچىلار ئۈيۈشمىسىنى تارقىتىۋېتىش لازىم. چۈنكى
ياپونلار ئۇنىڭدىن قورقىدىـكەن.» دىـدى. ئىشـچىلار بۇنىڭغا
قاتتىق قارشىلىق كورسۇتۇپ تۇرىۋالسا، ياپون قاراقچىلىرى ئوز
لالمىسى لياۋنىڭ گروھىدىكى مىلىتارىستلارنى كۇشكۇرتـۇپ،
قوراللىق كۈچلەرنى توپلا تتۇرۇپ، تۈن سائەت 8دە ئۇشتۇمتۇتلا
فابرىكىنى قورشاپ ئىلىپ قىرغىن باشـلىدى. نەتىجىدە 8ئىشچى
ئولتۇپ، 10 نەچچە ئىشچى ئېغىر ياردار بولدى، 70دىن ئارتۇق
ئىشچى تۇتقۇن بولدى.

«30 ــ ماي پاجىئـەسى» ــ ماينىڭ 15 ــ كۇنى شاڭخەيدىكى
ياپون سودىگەرلىرىنىڭ ژىپ فابـرىكىسىدىـكى كاپىـتالىستلار
ئىمپىرىئالىزم زۇلمىغا قەتـئى قارشىلىق بىلدۇرگەن ئىشچى گۇ-
جىڭخۇڭ (كوممۇنىست)نى ئېتىپ ئولتۇردى. شـۇ قاتاردا يەنە
ئون نەچچە ئىشچىنى ئېتىپ ياريدار قىلىدى. بۇقىرغىن ھەممە
ساھەنىڭ بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى.
ماينىڭ 21 ــ كۇنى شاڭـخەي ۋۇنجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇـ

چىلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان ئىشچىلارغا ياردەم قىلىش ئۈ- چۈن ئىئانە توپلاپ ژۈرسە، خەلقئارا كانسىسىيەدىكى ساقچى ئىدارىسى ئۇلارنى قۇتۇپ كىتىپ، 30- كۈنى ئوچۇق سوت زالىدا سوت قىلىشقا قارارقىلدى. شۇچاغلاردا ئىمپېرىيالىستلار جۇڭگو- نىڭ مىللى سودا- سانائىتىگە تەھدىت قىلىپ «4 تۈرلۈك تەكلىپ» - يەنى (كانسىسىيەدە - ت) مەتبەئە ئىشلىرى توغرىسىدا قوشۇمچە قانۇن چىقىرىش، پورت بېجىنى ئارتتۇرۇش، بىرژىلارنى ئەنگە ئالدۇرۇش ۋە ياش بالا ئىشچىلار توغرىسىدىكى قانۇننى ئەمەل- دىن قالدۇرۇش - دىگەن تەكلىپلەرنى قويدى. مۇشۇ 2 تۈرلۈك ۋاقىئە سەۋىبى بىلەن شاڭخەي ئوقۇغۇچىلىرى 30- ماي كۈنى تەشۋىقات ژۈرگۈزۈشكە قارار قىلدى.

ماينىڭ 30- كۈنى 2.000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى خەلقئارا كانسىسىيە ۋە جوڭ رەستىلەرگە بىرىپ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقاتتى، گۇجېڭخۇڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىگىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىگىگە ۋە سانائەت ئىدارىسىنىڭ 4 تۈرلۈك تەك- لىپىگە قارشىلىق بىلدۈرۈپ نۇتۇق سۆزلىدى. ئەنگلىز ساقچىلىرى نۇتۇق قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇپ قامىدى. يالغۇز نەنجىن رەستىسىنىڭ لاۋجا دىگەن جايىدىكى ساقچى ئىدارىسى نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىنى تۇتۇپ قامىدى. سائەت 3 لەردە ئون مىڭغا يېقىن خەلق، ساقچى ئىدارىسى ئالدىغا توپلۇنۇپ، «يوقالسۇن ئىمپېرىيالىزم» دەپ شۇئار ۋارقىراپ، تۇتقۇن بولغان ئوقۇغۇچى-

لارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. راساتاتىشماق بولۇپ تۇر-
غان بىر پەيتتە، ئانگلىيە ئىمپېرىئالىستلىرىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن
قوراللىق خەلىققە ئوق چىقىرىلىپ قىرغىن قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن
بىردەمنىڭ ئىچىدە شۇ يەردە 10 ئادەم قۇربان بولدى، 15 ئادەم
ئېغىر يارىلاندى. 53 ئادەم تۇتۇلۇپ كەتتى. مانا بۇ پۈتۈن مەم-
لىكەتتى ھاياجانغا كەلتۈرگەن «30-ماي پاجىئەسى» دۇر.

شاڭخەي خەلقىنىڭ ئىمپېرىيالىزمغا قارشى
كۈرۈشى ـ 3 ساھەنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتى ـ شاڭخەي-
نىڭ نەنجىن رەستىسىدە قىرغىن بولغاندىن كېيىن، خەلق ئام-
مىسى تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، تەرەپ-تەرەپكە توپلىنىپ تەشۋى-
قات ژۈرگۈزدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى ئالاھىدە «ھەرىكەت
ھەيئىتى» تەشكىل قىلىپ بۇ ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلدى.
كوممۇنىست ليۇشاۋچى، سەيخېسىڭ، چۈيچۇبەي، لى ليسەن ۋە
ليۇخوالەر يېتەكچىلىكىدە 31-كۈنى شاڭخەيدە 200 مىڭدىن ئار-
تۇق تەشكىللىك ئىشچىلار شاڭخەي باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى
تەشكىل قىلدى. (رەئىسلىككە لى ليسەن مۇئاۋىن رەئىسلىككە ليۇ-
خوا سايلاندى). جۇڭگو كومپارتىيەسى بۇقېتىمقى ھەرىكەتتى
ھەر قايسى سىنىپلارغىمۇ كېڭەيتىپ، سىنىپلارنىڭ بىرلىك سېپىنى
ئۇيۇشتۇرۇشقا قارار قىلدى. 1-ئىيۇندا شاڭخەيدە «3 ساھەنىڭ
ئىش تاشلىشى» ئۇلۇغۋارلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشتى-يەنى 200-
مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ئوموم ئىتتىپاق بولۇپ ئىش تاشلىدى،

50مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى دەرس تاشلىدى، سودىگەرلەرنىڭ ئەڭ كوپچۇلۇك قىسمى بازار تاشلىدى (ئوتتۇرا، ئۇششاق سو دىگەرلەر ئەۋۋەل باشلاپ ئىش تاشلىدى)، ھەتتا خەلقئارا كانسىسىيەدىكى جوڭگولۇق ساقچىلارمۇ قارا ۋۇللۇقاتۇرغان ئو- رۇنلىرىنى تاشلاپ قارشىلىق بىلدۇردى.

شۇچاغدا ئانگلىيە، ياپونىيە، ئامرىكا ئىمپرىئالىستلىرى ئورغۇن ھەربى پاراخسود كەلتۇردى. دېڭىز ئەسكەرلىرىنىڭ قورۇغلۇقتا ئۇرۇش قىلىش قىسمى شاڭخەيگەلىق تولۇپ شاڭخەي- دە خۇددى ئۇرۇش ۋاقتىدىكىدەك بىر ئەھۋال پەيدا بولدى. ئىمپرىئالىستلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئالدىغا ئۇچرىغان ئىشچى-ئو- قوغۇچىلارنى ۋە شۇ كورۇنۇشتىكى ئاددەملەرنى ئۇدۇل كەلگەنلا يەرلەردە ئۇرۇپ ژۇردى، ھەر كۇنى ئاددەم ئولدى-دېگەن گەپ بولۇپ تۇردى. شاڭخەي ئونىۋېرسىتىتى (شۇچاغلاردا جوڭگو كومپارتىيەسىنىڭ كادىر يتىشتۇرۇش مەكتىۋى) تاقاتتۇ- رۇلدى، چۇيچۇبەيلەرنى قولغا ئېلىشقا ئۇمۇمى بۇيرۇق تارقىتىلدى. ئىيۇننىڭ 7-كۇنى، شاڭخەيدە ئىمپرىئالىزمغا قارشى ھەرىكەتنىڭ ئالى يتەكچى ئورگانى-ئىشچى، سودىگەر، ئوقۇغۇچىلار بىر- لەشمىسى قورۇلدى. بۇ تەشكىلاتقا: شاڭخەي باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، شاڭخەي ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ۋە شاڭخەي رەستىلىرىدىكى سودىگەر- لەر بىرلەشمىلىرى قاتناشتى (چوڭ بۇرژۇئازىيەگە ۋەكىللىك

قىلىدىغان سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى قاتناشمىدى) . ئىشچى، سودىگەر، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، ئىمپېرىيالىزمغا قارشى كۆرەشتە ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ بىرلىك، ئىتتىپاقىنى ئىپادە قىلدى.

ئىيۇننىڭ 11 ـ كۈنى، شاڭخەيدە ئىشچى، ئوقۇغۇچى ۋە سودىگەر بولۇپ 200 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ژىغىن ئۆتكەزدى. بۇلارنىڭ ئىمپېرىيالىزمغا قارشى كەيپىياتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. بۇلار ئاساسەن؛ (1) جۇڭگودىكى تۈرلۈك قۇراللىق كۈچلەر دەرھال چېقىپ كەتسۇن، ھەربىي ھالەت بۇيرۇغى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن؛ (2) قاماقتا ئالغان ئوقۇغۇچىلار بوشۇتۇلسۇن، ئىشغال قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان مەكتەپلەر ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈلسۇن؛ (3) قاتىللار جازالانسۇن، زىيانلار تولەنسۇن، ئۆزرە ئەيتىلسۇن؛ (4) جۇڭگو ئادەملىرىگە كانسېسسىيەلەردە سوز قىلىش، ژىغىلىش، مەتبۇئاتتا مۇتلەق ئەركىنلىك بېرىلسۇن؛ (5) ئىشچىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىنسۇن، ئىشچىلارنىڭ ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىش ۋە ئىش تاشلاش ئەركىنلىكلىرى ئىقرار قىلىنسۇن؛ (6) (كانسېسسىيەلەردىكى ـ ت) مەتبۇئات قوشۇمچە قانۇنى، پورت بەجىنى ئوستۇرۇش، بىرژىيالارنى ئەنگە ئالدۇرۇش دېگەن گەپلەر يوقوتۇلسۇن؛ (7) كانسېسسىيەدىن چېقىپ يول ياساشقا يول قويۇلمۇسۇن؛ (8) ئورتاق سوت قايتۇرۇپ بېرىلسۇن؛ كونسۇللارنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن؛ (9) ساقچى باش-

لىقلىرى جۇڭگو ئادەملىرىدىن قويۇلسۇن؛ (10) ئانگلىيە، ياپو-نىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇۋاتقان دېڭىز ۋە قۇرۇغلۇق ئەسكەرلىرى ئەبىدى چېكىندۇرۇلسۇن دېگەن مەزمۇنلاردا 17 تۈرلۈك شەرتنى ئوتتۇرىغا ئاتتى.

بۇ 17 تۈرلۈك شەرتنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ دىپلوماتىيە روھىنى ئىپادە قىلدى.

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكەتنى بۇزۇشى — خەلق ئامىسىنىڭ ئىمپرىيالىزمغا قارشى بۈيۈك دولقۇنى ئاستىدا قالغان ئىمپرىيالىستلار «30-ماي» دەۋرىنىڭ «بوكسىور» دەۋر ئەمەسلىكىنى، ئاممىنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكىتىنى قانلىق قىرغىن قىلىش يولى بىلەن ئاسانلا بېسىقتۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ، چارە-تەدبىرلىرىنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشتى. ئىشچى ۋە ئىنقىلابچى ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىن داۋام-لىق قىرغىن قىلىش ۋە بېسىش سىياسىتىنى قوللانغاندىن تاش-قىرى، يەنە تېخىمۇ زەھەرلىك چارە قوللاندى: ئۇلار كومپرا-دور بۇرژۇئاز يۈيىچاچىڭ (شاڭخەي سودىگەرلىرى باش ئۇ-يۇشمىسىنىڭ رەئىسى) لەر بىلەن سوزىنى بىرقىلىپ، ئىمپرىيالى-زمغا قارشى بىرلىك سەپنى بۇزۇش، ئالدى بىلەن شاڭخەي مىللى بۇرژۇئازلىرىنى زورلاپ ئۇلارنى ئىمپرىيالىزمغا قارشى ھەرىكەتتىن ئاجرىتىپ، ئاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئىنقىلابچى ئوقۇغۇچىلارنى بېسىپ، بۇلارنى

ئايرىم ـ ئايرىم يوقۇتۇش قەستىگە چۈشتى.

شۈنىڭ بىلەن بىرتەرەپتىن «ئەدىلىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش»، «چىگارا باج مەجلىسى» دىگەن ھەرىكەتلەر بىلەن شاگخەيدىكى مىللى بۇرژۇئازلارنى ئازدۇرۇپ ئالدىغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن، قەرىز پۇل، پىرۋوت، نەقلىيات ۋە ئىلىكتىرىك كۈچى تەئمىناتىنى توختۇتۇش يولى بىلەن شاگخەيدىكى سودا ـ سانائەتچىلەرگە تەھدىت قىلغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە دەيجىتاۋ، لىەگچىچاۋ، خۇشى ۋە باشقا «ئىسىل جۇڭگو ئادەملىرى» ئارقىلىق «دائىرىنى تارايتىش»، «دوستانە ھالدا كىڭىشىش» دىگەن شۇ ئارلارنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. ئەنە شۇ بىر تەرەپتىن، ھۇجۇم قىلىش يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز يىنىغا تارتىش دىگەن 2 يۈزلۈك سىياسەت ئاستىدا، شاگخەيدىكى مىللى بۇرژۇئازلار دىلىغۇل بولۇشقا باشلىدى. كومپرادۇر بۇرژۇئازلارنىڭ باش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى يۈيچاچىڭ ۋە باشقىلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ناھايىتى پەستلىكلەرنى قىلدى: 17 تۈرلۈك تەلەپنى تۈزۈتۈپ، ئىيۇننىڭ 26 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا بازار تاشلاش ھەرىكەتلىرىنى توختۇتۇپ بازارنى ئىچىشقا قارار قىلدى. ھەر قايسى جايلاردىن ئىشچىلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن توپلانغان پۇللارنى تۇتۇپ قىلىپ، ئىشچىلارنى ئىشىنى داۋام ئەتتۈرۈشكە قىستىدى. لياۋنىڭ گروھىدىكى مىلىتارىستلار ئىشچى، سودىگەر، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنى، شاگخەي باش ئىشچىلار ئۇ-

يۇشمىسىنى پىچەتلىدى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى لى لىسەن، مۇئاۋىن رەئىسى ليۇخوانى تۇتۇشقا ئۇنىڭ بۇيرۇق چىقاردى (ليۇخوا ئۇيابىردا سۇڭچۇەنفاڭ تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، دېكابىرنىڭ 17- كۈنى مەرتلەرچە قۇربان بولدى).

سېنتەبىرنىڭ 7- كۈنى (شىڭچىۇتەچلىق توختۇمى ئىمزالانغان. لىقىنىڭ خاتىرە كۈنى) شاڭخەيدە 200 مىڭ خەلق «سېنتەبىر»نى خاتىرىلەپ دۆلەت نامۇسىنى ئاقلاش نامايىشى ئۆتكۈزۈپ، يەنە ئىمپېرىئالىستلار ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ قىرغىنىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن شاڭخەيدىكى ئاممىۋى ھەرىكەت ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

بۇتۇن مەملىكەتتىكى، ئىمپېرىيالىزمغا قارشى ھەرىكەت ۋە گۇاڭجۇ- شاڭگاڭدىكى زور ئىش تاشلاش ھەرىكىتى - «30- ماي» ۋاقىئەسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئىمپېرىيالىزمغا قارشى كۈچلۈك دولقۇن كوتۇرۇلدى. بېيجىڭدىكى 50 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ نامايىشى ۋە 200 مىڭدىن ئارتۇق خەلقنىڭ مىللەت مەجلىسى تامامەن ئەسكەر ۋە ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشتى. ئۇخەندە ھەر ساھە خەلقى ئىش تاشلاپ، دەرس تاشلاپ ۋە بازار تاشلاپ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇلاردىن باشقا چاڭسا، جۇجاڭ، چىڭداۋ، تيەنجىن، نەنجىن، شامىن، فۇجۇ، جىنەن، كەيفۇڭ ۋە خاڭجۇلاردا ئىمپېرىيالىزمغا قارشى بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ

ئەسكەر ۋە ساقچىلار بىلەن تۇقۇنۇشۇپ قانلىق باجىئەلەرچىقار-
مىغىنى يوق. گۇاڭدۇڭ، خەنەنلەردىكى دېھقانلارمۇ كۈرەشكە
قاتناشتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى غەزەپ ئىچىدە يەڭلىرىنى
تۈرۈپ، مۇشلىرىنى تۈگدى.

ھەر قايسى جايلاردا بولغان ئىمپېرىئالىزمغا قارشى ھەرىكەت-
لەر ئىچىدە شاڭگاڭ بىلەن گۇاڭجۇدا بولغان ھەرىكەتنىڭ تەئ-
سىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. ئىيۇننىڭ 19- كۈنى شاڭگاڭدا
100 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ئىش تاشلىدى ھەمدە: (1) شاڭ-
خەيدىكى ئىشچى، سودىگەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ 17 تۈرلۈك شەر-
تىنى ھىمايە قىلىمىز؛ (2) شاڭگاڭ ھوكۇمىتىگە: سىياسەتتە ئەركىن-
لىك، قانۇندا باراۋەرلىك بەرسۇن، ئۇمۇمى سايلام ئۆتكۈز-
سۇن، ئەمگەك قانۇنى چىقارسۇن، ئۆي ئىجارىسىنى ئارزانلات-
سۇن، ئولتۇرۇش ئەركىنلىكى بەرسۇن - دېگەن 6 ماددىلىق تە-
لەپنى قويدى. ئەمما شاڭگاڭدىكى ئانگلىيە ھوكۇمىتى دەرھال
ھەربى ھالەت ئېلان قىلدى، ھەمدە ئىشچىلارنىڭ ھەققانى
ھەرىكىتىنى قولدىغان گۇاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابى ھوكۇمەتكە مۇھا-
سىرە ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گۇاڭجۇ، شاڭگاڭ خەلقى
تېخىمۇ غەزەپلەندى. ئىيۇننىڭ 23- كۈنى گۇاڭجۇدا 70 مىڭ-
دىن ئارتۇق ئىشچى، ئوقۇغۇچى، شەھەر خەلقى ۋە ئەسكەرلەر
«شاڭخەي باجىئەسى» گە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىش يولىدا
زور نامايىش ئۆتكەزدى. نامايىشچىلار سامىيەن دېگەن كان-

سىيسىيە ئۇدۇلىدىكى ساجى دېگەن جايدىن ئۆتكەندە ، ئانگ-
لىيە ئەسكەرلىرى ئوق چىقاردى، ئانگلىيە، فرانسىيە ۋە پور-
تۇگالىيە ھەربىي پاراخودلىرى توپ ئاتتى. نەتىجىدە شۇ يەر-
دىلا 52 ئادەم ئۆلۈپ، 170 نەچچە ئادەم يارىلاندى. بىر ۋا-
قىتلاردا داۋرىڭى كەتكەن «ساجى پاجىئەسى» ئەنە شۇنىڭ-
دىن ئىبارەت. ساجى قىرغىنى توغۇلغاندىن كېيىن، گۇاڭجۇ-
شاڭگاڭ خەلقىنىڭ ئىمپېرىيالىزمغا قارشى غەزىۋى تېخىمۇ قايني-
دى. گۇاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئانگلىيە بىلەن ئىقتى-
سادىي ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، دېڭىز يوللىرىنى
توسۇۋەتتى. ئىيۇننىڭ 29- كۈنى، شاڭگاڭدىكى جوڭگو ئىشچى-
لىرى جوڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى، جوڭگو
كومپارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى سۇ جاۋجېڭ، دېڭجۇڭشيا،
چېڭيەنيەن ۋە لاۋدىڭشيەنلەر يېتەكچىلىكىدە 250 مىڭ كىشى-
لىك زور ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى قوزغىدى، ھەمدە 130 مىڭ
ئىشچى ئارقا-ئارقىدىن گۇاڭجۇغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ
بىلەن شاڭگاڭ خېلى ۋاقىتقىچە ھاياتسىز، سېسىق شاڭگاڭ بولۇپ
قالدى، ئانگلىيە ئىمپېرىيالىزمنىڭ جەنۇبىي جوڭگودا ئۇزۇن ۋاقىت
ھۆكۈم سۈرۈش ئاساسى لەيلەڭشىپ قالدى. ئىشچىلار گۇاڭجۇ-
غا قايتقاندىن كېيىن گۇاڭجۇدىكى ئىشچىلار بىلەن بىرلەشتى.
بىر ۋاقىتلاردا پۈتۈن مەملىكەتكە داۋرىڭى كەتكەن «گۇاڭجۇ،
شاڭگاڭدىكى زور ئىش تاشلاش ھەرىكىتى» ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت.

ئىش تاشلىغان ئىشچىلار «گۇاڭجۇ ـ شاڭگاڭدا ئىش تاشلاش ھەيئىتى»نىڭ يېتەكچىلىكىدە رەسمىي رەۋىشتە ئىشچى جىسەك ـ چىلىرى (2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم) تەشكىللەپ، ئانگلىيە ۋە ياپونىيە ماللىرىنى چەكلەش ھەرىكىتىنى يولغا قويدى. ھەمدە ھەر قايسى جايلاردىكى ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسىنى جىددىي تەشكىللەپ، گۇاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابىي بازىنى مۇستەھكەملەپ، كېيىنكى كۈنلەردىكى شىمالىي يۈرۈشنىڭ ئارقاسىنى مۇستەھ ـ كەملىدى.

گۇاڭجۇ ـ شاڭگاڭدا بولغان ئىش تاشلاش ھەرىكىتى، گۇاڭ ـ دۇڭدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ گۇاڭدۇڭدىكى نەچچە مىل ـ لىيون تەشكىللىك دېھقانلارنىڭ قوللىشى بىلەن بىر يىل 4 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋام قىلدى. بۇ، يالغۇز جۇڭگو تارى ـ خىدا شەرەپلىك بىر بەت بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭدەك دۇنيا ـ نىڭ ستاچكا (ئىش تاشلاش) تارىخىدىمۇ ئەڭ ئۇزۇن داۋام قىلغان بىر ئىش تاشلاشتۇر.

«30 ـ ماي ھەرىكىتى» داۋامىدا، شاڭخەي، ئۇخەن بولۇپمۇ گۇاڭجۇ ـ شاڭگاڭ ئىشچىلىرى زور ئىش تاشلاش ھەرىكىتى ئوتكۇزۇپ، بىر تەرەپتىن دېھقان، زىيالىي ۋە شەھەرلەردىكى ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ ئىمپېرىيالىزمغا، مىلىتارىستلارغا قارشى كۆرەشلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، 1925 ـ يىلدىن 27 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلابقا ئاساس قويدى.

«30 ـ ماي» دىن كېيىنكى ئىچكى ۋەز ئىيەت ـ جەجياڭ ـ لياۋنىڭ ئۇرۇشى، 18 ـ مارت پاجىئەسى، مىللىي ئارمىيەنىڭ چېكىنىشى ـ «30 ـ ماي ھەرىكىتى» ۋاقىتلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە ئىمپېرىئالىزمى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىق تەخىمۇ كۈچەيدى، نەتىجىدە جەجياڭ ـ لياۋنىڭ ئۇرۇشى كېلىپ چىقتى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىمپېرىئالىزمىنىڭ قورالى بولغان سۈن چۇەنفاڭ (جەجيا ئارمىيەسىنىڭ باشلىقى) 1925 ـ يىلى ئۆكتەبىردە خەلقنىڭ لياۋنىڭ گۇروھىغا قارشى كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ جەجياڭ، فۇجەن، جاڭسۇ، ئەنخۇي ۋە جاڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسىدىن پايدىلىنىپ شاڭخەي، نەنجىن (لياۋنىڭ گۇروھى ئىگەللىۋالغان جايلار) لارغا ھۇجۇم قىلىپ، لياۋنىڭ گۇروھىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. ئۆزىنى ئومۇمىي يۈرۈشتىن پايدىلىنىپ يەنە باش كوتۇرۇپ ئۆزىنى 14 ئۆلكىدە ئىسيانى يوقۇتۇش بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى دەپ ئېلان قىلىپ، خەبەي، سەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى لياۋنىڭ گۇروھىغا قاراشلىق ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ئىمپېرىئالىزمىنىڭ قورالى ـ لياۋنىڭ گۇروھىدىكى مىلىتارىستلار شاڭخەي ۋە تيەنجىن ـ پۇكۇ تومۇر يوللىرىدا چاپسانلا مەغلۇپ بولدى.

لياۋنىڭ گۇروھىدىكى مىلىتارىستلار چېكىنىۋاتقاندا، جاڭزولىن جاڭشوليەڭ، گاۋسۇگلىگىنى ئىچكى ئۆلكىگە كىرگۈزۈپ

تۇرۇشقا ياردەملەشتۇردى . ئىنقىلابى ھەرىكەتنىڭ تەرەققىي قى-
لىش ۋەزىيىتى قىسمەن مىليتارىستلارنىڭ ئىنقىلاپ تەرىپىگە
ئۆتۈشىگە سەۋەپ بولدى. گاۋسۇگلىڭ نويابرنىڭ 23- كۈنى
لوەنجۇدا ئىنقىلاپقا قارشى پەيلىدىن يېنىپ ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى
باشلاپ ئىچكى ئولكىدىن چىقىپ ھېچقانچە ئەۋارە بولماستىن
جىگجۇنى ئاسانلا ئىشغال قىلىپ شىگياگىغا قىستاپ باردى. شۇ-
نىڭ بىلەن ياپونىيە ئىمپىرىئالىزمى ياپون ئەسكەرلىرىنى لياۋنىڭ
گروھىدىكى ئەسكەر نامىغا كىرگۈزۈپلا توپ-توغرى گاۋسۇگ-
لىگغا ھۇجۇم قىلدى. ياپون ۋە لياۋنىڭ گروھى ئەسكەرلىرى
ئارىسىغا ئورۇلۇپ قالغان گاۋسۇگلىڭ ديكابردا مەغلۇپ بولۇپ،
ئولدى .

«30- ماي»ھەرىكىتىدىن كېيىن ، فېگيۈيشاڭ قول ئاستىدىكى
مىللى ئارمىيە ئامىۋى ئىنقىلاپتىن تەئسىرلىنىپ ئىنقىلاپ تەرەپكە
ئوتتى. جۇڭگو كومپارتىيەسى داھىيلىرىنىڭ بىرسى بولغان لى دا-
جاۋ شىمال تەرەپتە مىللى ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ خەبەي ،
لياۋنىڭ گروھىدىكى مىليتارىستلارغا قارشى تۇرۇش تاكتىكى-
سىنى قوللاندى. مىللى ئارمىيە جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە خە-
لىق ئاممىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىجىن، تيەنجىن، خەبەي ،
ئىچكى مەڭغۇلىيە ۋە خەنەن قاتارلىق جايلارنى قولغا ئالدى.
مىللى ئارمىيە گەرچە مىليتارىستلار ئىچىدىن ئىنقىلابى تەرەپ-
كە ئوتكەن ئارمىيە بولسىمۇ، ئەمما بۇلار ھوكۇمرانلىق قىلغان

جايلاردا ئىنقىلابىي ھەرىكەت تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بېجىن، تيەنجىنلەردىكى، بېجىن-سۇيىۋەن تۆمۈر يولىدىكى ۋەجاگجا كۆدىكى ئىشچىلار ھەرىكەتلىرى ئەنە شۇ چاغلاردا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ئەۋج ئالدى، خەنەن ئۆلكىسىنىڭ ھەر قايسى ناھىيەلىرىدىكى دېھقان-لار ھەرىكەتلىرىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلدى.

مىللىي ئارمىيە كۆچىنىڭ زور يېۋاتقانلىقىنى ۋە شىمال تە-رەپتە ئامىۋى ھەرىكەتنىڭ ئوسۇۋاتقانلىقىنى كورگەن ئانگلىيە، ئامرىكا، ياپونىيە ئىمپىرىئالىستلىرى يەنە يىگىۋاشتىن بىرلىشىپ ئىنقىلابقا ھوجۇم قىلدى. 1926-ژىلى مارتتا ياپون پاراخود-لىرى داگۇپورتىغا كىرىپ، مىللىي ئارمىيەنى توپقا تۇتتى، مىللىي ئارمىيەمۇ ئۇلارغا قارشى توپ ئاتتى. 13-كۇنى ياپون ئىمپې-رىئالىزمى جۇڭگوغا نارازىلىق بىلدۈردى. 16-كۇنى ئانگلىيە، ئامرىكا، ياپونىيە باشچىلىقىدىكى 8 دولەت ئەلچىلىرى جۇڭگوغا قاتتىق ئۇلتىماتۇم ئېلان قىلدى، شۇ سەۋەپ بىلەن بېجىن خەلقىنىڭ غەزىۋى تېخىمۇ ئۆرلىدى. مارتنىڭ 18-كۇنى بې-جىندە ھەر ساھەدىن بولۇپ نەچچە مىڭ ئادەم تيەنئەنمىنگە توپلۇنۇپ ئىمپىرىئالىزمغا قارشى نامايىش ئۆتكەزدى. نامايىشچى-لار دولەت ئىشلار پالاتاسى ئالدىدىن ئۆتكەندە، دۇەنچىرۇي ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بېرىپ، نەتىجىدە 40-50 ئادەم ئۆل-دى، 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئېغىر يارىلاندى. «18-مارت»

دىكى تارىخى پاجىئە ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. شۇ نۆۋەت يا-
پونىيەگە قارشى ھەرىكەتكە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغانلىقى دا-
جاۋ گەرچە بېشى قاتتىق يارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە
بىلدۈرمەستىن ئارمىيىنىڭ چېكىنىشىگە رەھبەرلىك قىلدى.

ئانگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى لىياۋنىڭ، خەبەي
گۇرۇھىدىكى مىلىتارىستلارنى كۈشكۈرتۈپ ئۇلارنى يىڭىۋاشتىن
بىرلەشتۈرۈپ دۆلەت خەلق ئارمىيىسىگە قارشى قوزغاتقان ئۇرۇ-
شى 1926 - يىلى مارتتا باشلاندى، دۆلەت خەلق ئارمىيىسى
ئاپرېلدا نەنكۇغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، كېيىن يەنە جاڭجيا-
كۇ، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە غەربى شىمال تەرەپلىرىگە چېكىندى.

شۇندىن كېيىن شىمال تەرەپتىكى ئىنقىلابى ھەرىكەت ۋاق-
تىنچە جىمىقىپ قالدى. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ لالمىسى بول-
غان لىياۋنىڭ گۇرۇھىدىكى مىلىتارىست جاڭزۇلىڭ يەنە خەبەي،
ساخار، سەندۇڭ ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلىپ ئالدى. ئانگلىيە،
ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ لالمىسى بولغان خەبەي گۇرۇھىدىكى
مىلىتارىست ئۇ پېيفۇ بولسا خەنەن بىلەن خۇبېينى بېسىپ ئالدى
ھەمدە خۇنەنگە ئەسكەر كىرگۈزدى. سۇڭ چۇەنفاڭ بولسا جاڭ-
سۇ، جېجياڭ، ئەنخۇي، جاڭشى ۋە فۇجەن ئۆلكىلىرىنى بېسىپ
ئالدى.

2

گۇاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابى بازىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە جاڭكەيشىنىڭ ئىنقىلابقا خىيانىتى

(1) گۇاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابى بازىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى

بىرىنچى قېتىمقى شەرقىي قىلىنغان ئۇرۇش ۋە ياڭ بىلەن لىيۇنىڭ يوقۇتۇلۇشى ـ سۈڭجۇڭسەن شىمالغا كىلىشتىن ئىلگىرى، ۋە كىيىن، مىلىتارىست چېڭجۇنمىن گۇاڭدۇڭنىڭ خۇيجۇ، چاۋجۇ ۋەسەنتۇ دىگەن جايلىرىنى ئىگى-لەپ ياتقان ئىدى، ھەمدە ئانگلىيە ئىمپىرىيالىزمى بىلەن دۇنچىرۇينىڭ ھەربى ياردىمىگە ئىگەبولۇپ گۇاڭجۇغا تەھدىت سالماقتا ئىدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن گومىنداڭنىڭ سول-چىلىرى ئاچقان خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنىڭ 2 پولك ئوقۇغۇچى-سى 1925 ـ ژىلى فىۋرالدا بىرىنچى قىتىم شەرقتە ئۇرۇپ، كوم-مۇنىست پىگەي باشچىلىقىدىكى گۇاڭدۇڭ ـ دۇڭجاڭ دىخانلىر-رىنىڭ ياردىمى بىلەن چاۋجۇ، سەنتۇنى قولغا ئىلىپ زور غا-لىبەت قازاندى.

«30 ـ ماي»دىن كىيىن، 1925 ـ ژىلى ئىيۇننىڭ باشلىرىدا، گۇاڭدۇڭدا تۇرۇۋىغان يۈننەن ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى ياڭشىۋىن بىلەن گۇاڭشى ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى لىيۇ-

جيڭخوەن بىر- بىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، گوۋاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش قەستىگە چۈشكەن ئىدى. (بۇ 2 ئارمىيە گوۋاڭجۇدا خەلقنى زورلاپ پۇل ئېلىپ، ئەپيۇن سېتىپ، قىمار ئويناشقا ئوخشاش بارلىق ئەسكىلىكلەرنى قىلماقتا ئىدى).
جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ۋە گومىنداڭ سولچىلىرىنىڭ رەھبىرى لياۋ جۇڭكەيىنىڭ قەتئىي تەشەببۇسى بىلەن، شەرقتە زۇرگەن خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە گوۋاڭدۇڭ ئارمىيەسى گوۋاڭجۇغا قايتىپ، ياڭشىۋىن، ليۇجيڭخۇەنلەر بىلەن بىرىنچى كۈن ئۇرۇشتى. نەتىجىدە يۇننەن، گۇاڭشى ئارمىيەلىرىمۇ تامام تار- مار بولۇپ، ئىنقىلابى ھۆكۈمەت خەۋۇپتىن قۇتۇلۇپ كەتتى.
بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى، گوۋاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابى ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىنى ئالاھىدە مۇستەھكەملىدى. بۇ پاكىتلار دەسلەپكى ھالدا شۇنى ئىسپات قىلدىكى: ئىشچى- دېھقانلار ئاممىسىنىڭ كۈچى بىلەن بىرلەشكەن ئىنقىلابى ئارمىيە، مىلىتارىستلارنىڭ كۈچىنى- گەرچە بۇ مىلىتارىستلارنىڭ ئارقىسىدا ئىمپېرىيالىزم ھىمات بولۇپ تۇرسىمۇ- مەغلۇپ قىلالايدۇ.
مىلىتارىست ياڭشىۋىن بىلەن ليۇجيڭخۇەن بېسىقتۇرۇلغاندىن كىيىن، ئىيۇلنىڭ بىرىنچى كۈنى، گوۋاڭجۇدا مىللى ھۆكۈمەت (گومىنجىڭفۇ) (بۇ ھۆكۈمەت ئىلگىرى مارشال مەھكىمىسى دەپ ئاتىلاتتى) قۇرۇلدى. ھەمدە خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنىڭ ئوقۇ- غۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئىنقىلاپقا قاتناشقان ئارمىيە-

لەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نامى مىللى ئىنقىلابى ئارمىيە دەپ ئۆز-
گەرتىلدى. بۇ، ئىمپرىئالىزمغا قارشى «30- ماي» ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك ھەرىكىتى مەملىكەت بويىچە ئەۋج ئالغان بىر ۋاقىت
ئىدى. گۇاڭجۇ- شاڭگاڭدا ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ۋە دۇڭ-
جاڭدىكى ئىنقىلابچى دېھقانلار، گۇاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابى با-
زىنى قولدىغۇچى زور تۈبرۈك بولدى.

«2- قېتىملىق شەرققە ئۇرۇش – چېڭجۇڭمىڭنى-
ڭ يوقىتىلىشى- گۇاڭدۇڭدىكى ئىنقىلابى ئارمىيە
ئۆكتەبىردە يەنە گۇاڭجۇ- شاڭگاڭدىكى ئىنقىلابچى ئىشچىلار ۋە
دۇڭجاڭدىكى ئىنقىلابچى دېھقانلارنىڭ ياردىمى بىلەن 2-
قېتىم شەرققە ئۇرۇش قىلدى. 14- ئۆكتەبىردە چېڭجۇڭمىڭنىڭ
كونا ئۇۋىسى بولغان خۇيجۇنى تارتىپ ئالدى، نويابىردا چېڭ-
جۇڭمىڭنىڭ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ دۇڭجاڭنى قاي-
تۇرۇپ ئالدى. بۇندىن باشقا يىجاڭ ۋە جەنۇپ، ئوتتۇرا يول-
لاردا تۇرغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرمۇ تامامەن مەغلۇپ بولدى.
1925- يىلى دېكابرنىڭ ئاخىرىغىچە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ
جۇڭنەندىن باشقا ھەممە جايلىرى ئىنقىلاب ئارمىيەسى قولىدا
بىرلىككە كەلدى.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلابى ئۇرۇش داۋامىدا كومپارتىيە ئەزالىرى
ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى باتۇر ئاۋانگاردلىق
رولىنى ئوينىدى.

ئەمگەكچىلەرنىڭ 3 ـ قۇرۇلتايى ۋە گۇاڭدۇڭدا دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققى قىلىشى ـ «30 ـ ماي ھەرىكىتى» ۋە گۇاڭجۇ ـ شاڭگاڭدىكى زور ئىش تاشلاش ھەرىكىتىدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا، 1926 ـ يىلى 1 ـ مايدا ئەمگەكچىلەرنىڭ مەملىكەتلىك 3 ـ قۇرۇلتايى گۇاڭجۇدا ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا بىر مىللىيون 241 مىڭدىن ئارتۇق تەشكىللىك ئىشچىنى ۋاكالىتەن 500 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاي ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسەچىقاردى، سۇ جاۋچېڭنى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشما ئىجرائىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى.

«30 ـ ماي ھەرىكىتى»دىن كېيىن مەملىكەت بويىچە تەرەققىي قىلغان دېھقانلار ھەرىكىتى ئاساسىدا، گۇاڭدۇڭدىكى دېھقانلار ھەرىكىتى كوممۇنىست پېڭ بەيلەرنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ئۈچقاندەك تەرەققى قىلدى. ھەمدە 1926 ـ يىلى مايدا گۇاڭجۇدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى دېھقانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتايى بولۇپ ئۆتتى. شۇ چاغدىكى ھېساباتقا قارىغاندا، 620 مىڭ دېھقان، دېھقانلار جەمئىيەتلىرىگە كىرگەن ئىدى.

(2) جاڭگەيشىنىڭ ئىنقىلاپقا قىلغان خىيانىتى، ئىنقىلاپ بىلەن تەتۈر ئىنقىلاپ كۈرۈشى

جاڭگەيشىنىڭ باش كۈتورۈشى ـ جاڭگەيشى ئەسلىدە ئۆز ۋاقتىدىكى ئىنقىلابى سەپ ئىچىگە كىرىپ ئالغان سوئى قەستچى ئىدى. ئۇ، 1911 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپ ۋاقتىدا، شاڭخەيدىكى سىياسى لۈكچەكلەر گروھىنىڭ باشلىغى چېڭچىمېينىڭ قولتۇغىغا كىردى، كېيىن يەنە شاڭخەيدىكى «فرانسىيە كونسىسىيەسى» ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاگېنت باشلىغى خۇاڭجىڭرۇڭ نىڭ قولتۇغىغا كىرىپ، ئۇنى ئۆزىگە «پىر» قىلىپ ئالدى ھەمدە تىجارەت ئورۇنلىرىدا دەللاللىق قىلدى. سۇنجۇڭسەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە باغلىغاندىن كېيىن، سۇنجۇڭسەننىڭ قولتۇغىغا كىرىشنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىگىنى بىلىپ، ئۇنىڭ قولتۇغىغا كىردى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ساياھەتكە باردى. ساياھەتتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۆزىنى سولچى قىلىپ كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى سۇنجۇڭسەن ئىنقىلاپچى ئىكەن ـ دەپ بىلدى ۋە ئۇنىڭ ياپونىيەدە «ھەربى ئىشلار» نى ئۆگەنگەنلىگى ئۈچۈن سۇنجۇڭسەن بىلەن لياۋ جۇڭكەي ئۇنى خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىگە مۇدىر قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ لۈكچەك ئەنە شۇ مۇھىم ئورۇننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، بارلىق ئىمپېرىيالىستلارنىڭ ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشتى،

ئۇ، شۇندىن باشلاپ چوڭ بۇرژۇئازىيە ـ بولۇپمۇ جەجىياڭ ، جاڭسۇدىكى چوڭ بۇرژۇئازلارغا ۋەكىل بولغان سۇ پەتتە ئىنقى ـ لابى سەپ ئىچىگە كىرىپ ئېلىپ ، ئۆزىنى ئىنقىلابچى قىلىپ كورسىتىپ، ئىنقىلاپ، دىگەن شوئارلارنى ۋە قىراپ ، كىيىنكى ۋاقىتلاردا ئىنقىلابقا خىيانەت قىلىش قەستىگە چۈشتى .

1925 ـ يىلى ئاۋغۇستىنىڭ 20 ـ كۈنى ، گومىنداڭنىڭ سولچىل ئىنقىلابى رەھبىرى لياۋجۇڭكەي سۇئى قەستكە ئۇچراپ ئولتۇ ـ رۇلدى ، گومىنداڭنىڭ كومپارتىيەگە قارشى ئوڭچىل ئۇنسۇرى خۇخەنمىن گوماندار بولۇپ گۇاڭدۇڭدىن ھايدالدى ، خۇخەنمن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئالغان گۇاڭدۇڭ ئارمىيەسىنىڭ شۈيچۇڭجى (بۇ، ئۇز ۋاقىدا گۇاڭدۇڭدىكى كۈچلۈك گروھلارنىڭ بىرسى ئىدى) قىسمى قۇراللىزلاندۇرۇلدى . جاڭكەيشى پۇرسەتتىن پاي ـ دىلىنىپ بىرسەكرەپلا گۇاڭدۇڭدىكى ئەڭ زور كۈچكە ئىگە بىر گروھ بولۇپ قالدى (چۈنكى ئۇ، خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى بولغاشقا، ئوقۇغۇچىلار ئارمىيەسى ئۇنىڭ رەھبەرلىگىگە بو ـ يۇن سۇناتتى) ، ھەمدە ھەربى باش نازىر بولۇپ، ھەممە ئارمىيەنى ئوز ئىدارىتى ئاستىغا ئېلىپ، ئىنقىلاپنىڭ ھەربى يىتەكچىلىك ھوقۇ ـ قىنى قولىغا كىرگۈزۈپ ئالدى .

ئوڭچىللارنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى ھەرىكىتى ـ شىيەن مەجلىسى ، دەيجىتاۋ ۋە مۇگۇيىن تەئلىماتى ئۇيۇشمىلىرى ـ خۇخەنمىن ئەسلىدە گومىنداڭ ئوڭچىللىرىنىڭ

رەھبىرى ئىدى. ئۇ، ھايدالغاندىن كېيىن لىگىسىك، جولۇ، شە-
چىش، جۇبېجىك ۋە جارگىجى قاتارلىق ئون نەچچە ئوگچىلار-
دىكابىرنىڭ 23-كۈنى بېجىن شىسەندەمەجلىس ئېچىپ، «پارتىيەنى
ھىمايە قىلىش» دېگەن نام ئاستىدا، كومپارتىيەگە، ئىنقىلاپقا قارشى
چىقتى؛ شاڭخەيدە يەنە گومىنداڭ مەركىزىنى تەشكىل قىلىپ،
«شىسەن مەجلىسچىلىرى» دېگەن گۇروھنى شەكىللەندۈردى. ئوگ-
چىللاردىن بولغان دەي جىتاۋ بولسا، ئىيۇلدا ئىنقىلاپقا قارشى
«جۇڭگو مىللىي ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو گومىنداڭ» دېگەندەك بىر
نەچچە رىسالىلارنى ئىلان قىلىپ، سۇگۇيىن مەسىلىگىنى كۆزگىنو-
زىپچىلارنىڭ «بىتەرەپ يولى» دەپ تەتۈرىگە بۇرىدى، سۇگ-
جۇگسەننىڭ 3 زور سىياسىتىگە ۋە كوناسەنسىنجۇيىنىڭ يېڭى سەن-
سىنجۇيى تەرەپكە قاراپ تەرەققى قىلىشىغا قارشى تۇردى. گومىن-
داڭ ئوگچىللىرىدىن بولغان ۋاڭ بەيلىڭ، خەجوگخەن ۋە جياۋبىڭ
دېگەن ئادەملەر يەنە گۇاگجودا «سۇگۇيىن تەئلىماتى تۇيۇشمىسى»
قۇردى. جاڭكەيشى بىر تەرەپتىن «شىسەن مەجلىسچىلىرى» گە
قارىتا-ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى ۋە ئۆز گۇروھىدىكى
ئوگچىلارغا قارىتا ئەمەس-چەتكەقېقىش ۋە زەربە بېرىش پوزىتسىيە-
سىنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ «ئىنقىلاپچى» ئىكەنلىگىنى كورسەتتى؛ يەنە
بىر تەرەپتىن «سۇگۇيىن تەئلىماتچىلىرى تۇيۇشمىسى»غا قارىتا يې-
لەش، يول قويۇش، ئۆزىگە جەلىپ قىلىش پوزىتسىيەسىنى قول-
لىنىپ، ئۆزىنىڭ شەخسى تەسىراتىنى ئوستۇردى. جاڭكەيشى:

ئاساسەن كوممۇنىستلارنىڭ تىرىشچانلىغىدىن كەلگەن مۇۋەپپىيە-قىيەتلەرنى ئۇغۇرلاپ ئېلىپ، شۇيول بىلەن گومىنداڭنىڭ ھەربى رەھبىرلىك ئورۇنىغا چىقىپ ئالغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بىلىدۇ. جىرەنكى، جۇئېنلەي، يەجەنىڭ، خۇيدەيىڭ، شۇگشۇڭ، شياۋ جۇنوي ۋە نىيەرۇڭجېڭ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ سىياسى خىزمىتى، تەلىم، تەربىيە خىزمىتى بولمىغان بولسا، خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋى 6 ئايدىن بىر ژىلغىچە ھىچقانداق كارغا يارارلىق ئادەم يىتىشتۇ-رۇپ چىقالمايتتى. سوۋىت ئىتتىپاقى ياردەم قىلمىغان بولسا ئارمىيە تەشكىل قىلغىلى بولمايتتى. بۇلاردىن باشقا گومىنداڭ سولچىلد-لىرى لياۋجۇڭكەي ۋە دېڭيەندالار قوللىمىغان ۋە ياردەم قىد-لمىغان بولسا، مەكتەپنى ئاچالمايتتى. جاڭكەيشى ئوز قانات - قوي-رۇقىنى كوپەيتىش ئۈچۈن خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىدە ئوزىگە شەخسى كۈچ يىتىشتۇرۇپ، ئەنە شۇ ئىنقىلابى كۈچلارغا قارشى چىقتى. ئۇ، مىلىتارىستلار ئىچىدە ئورۇن تاپالمىغان خەي يىڭچىڭنا ئوخ-شاش ھەربى لوكچەكلەر بىلەن تىل بىرىكتۇرگەندىن تاشقىرى، كومپارتىيەگە قارشى فېئودال، كومپرادور، ھەربى فاشىستلار گروھى-«سۇگۇين تەلىماتچىلىرى ئۇيۇشمىسى» ئارقىلىق ئىنقىلابقا قارشى كۈچ ھازىرلىدى.

ئىنقىلاب بىلەن تەتۈر ئىنقىلابنىڭ كۈرۈشى-گومىنداڭنىڭ 2-قورۇلتايى - گومىنداڭنىڭ ئوڭچىللىرىغا ئوخ-شاش ئىنقىلابقا قارشى ھەررەڭدىكى ئۇنسۇرلەر ئىمپېرىيالىستلار-

نىڭ قۇتۇرتۇشى بىلەن ئىنقىلاپقا پائال ھۇجۇم قىلىۋاتقان بىر
ۋاقىتتا، 1926 – يىل يانۋارنىڭ بىرىنچى كۈنى گومىنداڭ گۇاڭ-
جۇدا 2 – قۇرۇلتايىنى ئاچتى. قۇرۇلتايغا 256 ۋەكىل قاتناشتى.
جۇڭگو كومپارتىيەسى گومىنداڭ سولچىللىرى (مەسىلەن: سۇڭچىڭ-
لىڭ، خەشاڭنىڭ، دېڭ يەندالار – بۇلار ھەقىقىي سولچىللاردىن
بولۇپ، ئىنقىلاپ قىلىش ئۈچۈن سەۋەت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيە
بىلەن بىرلىشىشنىڭ، ئىشچى، دېھقانلار مەنپەئىتىنى ھىمايە قى-
لىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەنگەن. ۋاڭجىڭۋېي، سۇڭزىۋېن،
چيەڭ گوڭباۋلار بولسا پۇرسەتچى ساختا سولچىللار ئىدى،
جاڭگەيشىمۇ شۇچاغدا ساختا سولچى ئىدى)نىڭ ئىنقىلابىي كۆ-
چىنىڭ يار – يۆلىكى بىلەن ئىنقىلابىي قارارلار قوبۇل قىلىندى،
سۇڭجۇڭسەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتى ۋە 3 زور سىياسىتى قوبۇل
قىلىندى. «شىشەن مەجلىسچىلىرى» گە ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى
(بەزىسى پارتىيەدىن چىقىرىلدى، بەزىسىگە ئاگاھ بېرىلدى)، شۇ
قۇرۇلتايدا 36 كىشى مەركىزىي ئىجرائىي ھەيئەت ئەزالىقىغا ساي-
لاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كوممۇنىستلاردىن لى داجاۋ، لىڭ بە-
چۈي، ئۇيۇيجاڭ، خۇيدەيىڭ بولۇپ 7 كىشى بار ئىدى. 24 كىشى
مەركىزىي ئىجرائىي ھەيئەتنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا سايلاندى.
بۇلارنىڭ ئىچىدە كوممۇنىستلاردىن ماۋزېدۇڭ، دېڭيىڭچاۋ بولۇپ
7 كىشى بار ئىدى. ماۋزېدۇڭ تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ مۇۋەق-
قەت باشلىقلىقىغا (باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېي خىزمەتكە كەلمىگەن ئە-

دى)، ئۇيۇيجاك قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىپلىقىغا، لىك بە چىۋى دىخانلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، تەن پىڭسەن تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

ماۋزەيدۇڭ گومىنداڭنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتايىغا قاتنىشىپ قايتـ قاندىن كېيىن، شاڭخەيدە جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزى تەشكىـ لات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى، ھەم گومىنداڭنىڭ شاڭخەيدىكى ئىجرائىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. 1925 ـ ژىلى خۇنەنگە قايتقاندىن كېيىن دىخانلار ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن دىخانلار جەمئىيەتلىـ رىنى تەشكىللەپ، ئۇز ۋاقىتدا خۇنەندە ھوكۇم سۈرگەن مىلىتاـ رىستلارغا قارشى قەتئى كۈرەش قىلدى ھەم كېيىنكى كۈنلەردە شىمالغا ژۈرگەن ئارمىيەنىڭ خۇنەندىن غەلىبىلىك ھالدا ئۆتۈپ كېتىشىگە ئاممىۋى ئاساس ھازىرلىدى. ئۇ، گومىنداڭنىڭ مەملىكەتـ لىك 2 ـ قۇرۇلتايىغا قاتناشقان ۋاقتىدا مەركىزى ئىجرائىي ھەيئەتكە كاندىدات ئەزا بولۇپ سايلىنىپ، گومىنداڭ مەركىزى تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى، ئۇز ۋاقتىـ دىكى گومىنداڭنىڭ نەشىر ئەپكارى بولغان «جىڭ جىجۇباۋ» (ھەپتىلىك سىياسەت) گېزىتىگە مەسئۇل تەھرىر بولۇپ مەيۈرە ۋە سىياسەت جەھەتتە دەي جىتاۋلارنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىگە ۋە تەتۈر تەسىر بېرىدىغان «سوگۇيىن مەسلىكى»گە زەربە بەردى، بۇگېزىت ئىنقىلاپ پارتىيەسى ئادەملىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تىلىگە

ئايلاندى. شۇچاغدا ماۋزېدۇڭ يەنە «دېھقانلار ھەرىكىتى كۇرسى» — خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىگە ئوخشاش مۇھىم بولغان، ئىنقىلابى كادرلارنى يېتىشتۇرۇدىغان مەكتەپ — نى تەشكىللەپ، ئوزى كۇرس مۇدىرى بولدى ھەمدە دەرس بەردى.

مارتنىڭ 20 — كۇنىدىكى جۇڭسەن پارا خودى ۋاقىئەسى — گومىنداڭنىڭ 2 — قۇرۇلتايىدا، سولچىللار كورۇنۇشتە ئۇستۇنلۇك ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنقىلابى سەپ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ئالغان چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋەكىلى جاڭكەيشى ۋە ئۇنىڭ ئاتارمەن — چاپارمەنلىرى سولچىللارنىڭ تەسىرىنى چەكلەپ تاشلاش قەستىگە چۇشتى.

كوممۇنىستلارنى ئاساس قىلغان مىللى ئىنقىلابى ئارمىيە گۇاڭدۇڭنى بىرلىككە كەلتۇرگەندىن كېيىن، بۇنى كورگەن جاڭكەيشى: شىمالغا ژۇرۇش ھەرىكىتى پات — يېقىندا باشلىنىدۇ، ئەگەر كوممۇنىستلارنىڭ مىللى ئىنقىلابى ئارمىيە ئىچىدىكى ۋە گومىنداڭ ئىچىدىكى رەھبەرلىك مەۋقىئىگە زەربە بەرمىسەم، بۇ ئىنقىلابنى ئىلگىمگە ئالالماي قالىمەن — دە، بۇ ئىمپىرىيالىزم ۋە فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابنى، ۋاقتى يەتكەندە خانلىقنى، فېئودالىزم تۇزۇمىنى ھىمايە قىلىدىغان تەتۇر ئىنقىلابقا ئوزگەرتەلماي قالىمەن، دېگەن پىكىرگە كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن ئەۋۋەل جاڭكەيشى ۋە ئۇنىڭ بىر بولۇم ھەربى فاشىست قويرۇقلىرى — «سۇگمۇين تەئلىماتچىلىرى

ئۇيۇشمىسى» ئۇنسۇرلىرى بىرلىشىپ بىر ئەكسىيەتچىلىك سۇئىقەس-تىنى — «جۇڭسەن پاراخودى ۋاقىئەسى»نى پىلانلاپ، 1926 - يىلى مارتنىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە مەيدانغا چىقاردى.

18 - مارت كۈنى، جاڭكەيشىنىڭ ساۋاقداش ئىنىسى گوياڭگا (ئۇ ۋاقىتتا دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىنىڭ تەلىم مۇدىرى، سۇڭ-ۋېن تەلىماتچىلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇنسۇرلىرىدىن بىرسى ئىدى) لار، جاڭگەيشى بىلەن قىلغان مەسلىھەتى بويىچە، مۇدىر جاڭكەيشىدىن تېلېفون كەلدى، دېڭىز ئارمىيە بۇروسى ئۆز قولىدىكى جۇڭسەن پاراخودىنى خۋاڭپۇ مەكتىپىنىڭ خىزمىتىگە ئىشلەتسۇن، دەيدۇ، دەپ، خۋاڭپۇ ھەربى مەكتىپىنىڭ گۇاڭجۇدىكى باشقارمىسى نامىدىن پايدى-لىنىپ، دېڭىز ئارمىيە بۇروسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ھەم جۇڭسەن پاراخودىنىڭ باشلىقى لى زىلۇڭ (كوممۇنىست) غا بىر پارچە بۇيرۇقنى ئىۋەتىدۇ. جۇڭسەن پاراخودى خۋاڭپۇغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۇئى-قەستچىلەر دەرھال پىتنە-ئىغۋا ياساپ، كومپارتىيە ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بوپتۇ - دەيدۇ، ھەممە يەردە-ۋالنى كورۇنۇشكە مەخپى قىلىپ جاڭكەيشىگە خەۋەر قىلغان بولۇ-شىدۇ. جاڭكەيشى مۇقەستەنگە بىلمىگەن بولۇپ «ھاڭ-تاڭ» بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، پاراخودنى يۆتكەش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرمىگەن ئىدىم، دەپ قويىدۇ، مارتنىڭ 20 - كۈنى سەھەر سائەت 3 دە، جاڭكەيشى «كومپارتىيە قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى» دېگەن باھانىنى قىلىپ قۇراللىق كۈچلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ھەربى ھالەت

ئىلان قىلىپ، گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قاتناش ئالا ـ قىلىرىنى توسۇپ، ئەسكەر ۋە ساقچىلار بىلەن «گۇاڭجۇ ـ شاڭگاڭ ئىش تاشلاش ھەيئىتى»نى ۋە دۇڭسەندىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى ئىشخانىسى ھەم ياتاقلىرىنى قورشاپ ئالدى، لىزىلوڭ ۋە ھەر قايسى ئارمىيەلەردىكى جۇڭگو كومپارتىيە ئەز ـ زالىرىدىن 50 نەچچە كىشىنى، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ۋە مىللى ئىنقىلابىي ئارمىيەنىڭ 1ـ كورپۇسىدىكى جۇئېنلەي (1ـ كورپۇسنىڭ سىياسىي بولۇم مۇدىرى) باشلىق پۈتۈن كوممۇنىستلارنى قولغا ئالدى ھەمدە كوممۇنىستلارنى 1 ـ كورپۇستىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. (1 ـ كورپۇسنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە ئورۇشتا كور- سەتكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى كوممۇنىستلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلمايتتى).

20 ـ مارتتىكى سۇئىقەستتىن كېيىن، گومىنداڭ ئوڭچىللىرىنىڭ كومپارتىيەگە قارشى ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. جاڭكەيشى 15 ـ مايدا يەنە گومىنداڭنىڭ بىرىنچى سانلىق مەركىزى ھەي ـ ئەتلەر يىغىنىدا كوممۇنىستلارنى چەكلەيدىغان «پارتىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەسىلىدە: كوممۇنىستلار گومىنداڭ مەركىزىدە باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەش مۇمكىن ئەمەس، دەپ كۆرسىتىپ، چوڭ پومىشچىك ۋە چوڭ بۇرژۇ ـ ئازىيەگە ۋەكىللىك قىلىدىغان گومىنداڭ ئوڭچىللىرىنى مۇھىم ئورۇنلارغا چىقارماقچى بولدى. بۇ يىغىندىن كېيىن، جاڭكەي ـ

شىمۇ گومىنداڭ مەركىزىنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئۆز قولىغا تۇپلاشقا كىرىشتى.

شۇ چاغلاردا، جاڭكەيشى ۋە ئۇنىڭ قانات-قۇيرۇقلىرى كومپارتىيەگە ئاشكارا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئىشچى-دېھقانلار كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىنقىلاپ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئوغرىلاش قەستىگە چۈشتى، «پارتىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسى»دىن كېيىن، جاڭكەيشى داۋاملىق رەۋىشتە 2 يۈزلۈك چارە قوللاندى. يەنى بىر تەرەپتىن ئاغزىدا، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىمىز-دەۋەردى، يەنە بىر تەرەپتىن 20-مارتتىكى سۇيىقەستنى تەكرارلاشقا ھەمىشە تەييار تۇردى.

ماۋزېدۇڭنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى-جاڭكەيشى بۇ قەستىنى ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولغان ئوڭچىل ئوپپورتۇنىزم ئەقىمىدىن پايدىلىنىپ قىلدى. 20-مارت ۋەقەسىدىن كېيىن ماۋزېدۇڭ، جاڭكەيشىنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە قايتارما زەربە بېرىشنى قۇۋۋەتلىگەن ئىدى. لېكىن چېن دۇشۇ ۋەكىللىكىدىكى ئوڭچىل ئوپپورتۇنىستلار ئۇنداق قىلغىلى ئۇنىماستىن، بىر تەرەپلىمە ھالدا «بىرلىشىش»نى تەكىتلەپ، كۈرەش قىلىشقا پېتىنالمىدى. بۇنداق يول قويۇش سىياسىتى جاڭكەيشىنىڭ قارانىيىتىگە پايدا يەتكۈزۈپ قويدى.

1926-يىلى مارتتا، ماۋزېدۇڭ «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلارنى تەھلىل قىلىش» دېگەن بىر ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

بۇ ماقالىدا بۇنداق مەسىلىلەر كورسۇتۇلدى: «بىزنىڭ دوشمىنىمىز- كىم؟ دوستىمىز كىم؟ مانا بۇمەسىلە، ئىنقىلاپنىڭ مۇھىم مەسىلىسى- دۇر.»(ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 1- توم 2- نەشرى 3- بەت) بۇماقالە ئۇز ۋاقتىدا پارتىيە ئىچىدە مووجۇتبولۇپ تۇغان ئىككى تۇرلۇك ئىقىمغا قارشى يېزىلدى. بۇ ئىمتىنىڭ بىرسى، چىڭ دوشۇ ۋەكىللىگىدىكى ئوڭچىل ئوپپورتۇنىزم؛ يەنە بىرسى جاڭ گوتاۋ ۋەكىللىگىدىكى «سول» چىل ئوپپورتۇنىزم: ئىدى. ماۋزەيدۇڭ سىنىپلارنى ماركسىزم- لېنىنىزمچە تەھلىل قىلىش ئۇ- سۇلى بىلەن جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلارنىڭ ئىقتىسادى مەۋ- قىئى ۋە سىياسى پوزىتسىيەلىرىنى كونكرەت تەھلىل قىلىپ، توغرا خۇلاسە چىقاردى، توغرى يولنى كورسەتتى.

ماۋزەيدۇڭ ئوزىنىڭ بۇ ماقالىسىدا: «سانائەت پرولىتارىئاتى، ئىنقىلاۋىمىزنىڭ يەتەكچى كۇچىدۇر، بارلىق يېرىم پرولىتارىئات، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، بىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىمىزدۇر.» دەپ كورسەتتى (ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 1- توم 2- نەشرى 9- بەت)، ئۇ يەنە: يېرىم پرولىتارىئات، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە- ئەڭ كوپچۇلۇگى دىخانلار (كەمبەغەل ۋە ئوتتۇراھال دىخانلار- مۇبۇنىڭ ئىچىدە) دۇر- دەپ كورسەتتى. ماۋزەيدۇڭ شۇچاغ- لاردا جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ كوپ ۋە ئەڭ سادىق ئىتتى- پاقچىسى دىخانلار ئىكەنلىگىنى بىلگەن ئىدى. لېكىن ژۇقۇرىدا ئىتىلغان ئوڭچىل ۋە «سول» چىل ئوپپورتونىستلار بۇنى بىلمە-

دى. جاڭگوتاۋ بولسا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىلا بىلىپ، دېھقانلارنى ئۇنتۇپ قالدى. چىڭ دۇشۇ بولسا گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىشكىلا ئەھەممىيەت بەردى، ئۇھەم دېھقانلارنى ئۇنتۇتتى. شۇنىڭ ئۇ- چۇن ئۇ گومىنداڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاجىزھىس قىلىپ گومىنداڭ- نىڭ، ئوڭچىللىرى ئەكسىيەتلىك سوئى قەست بىلەن شۇغۇللانسىمۇ ئۇ، ئۇلارغا قايتارما زەربە بېرىشكە پېتىنالمىدى.

ماۋزېدۇڭ ئۆز ماقالىسىدا يەنە: «... چوڭ پومەششىكلار ۋە چوڭ كومپرادور سىنىپلار ئاداقىيچە ئىمپېرىيالىزم تەرىپىدە تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇچىغا چىققان تەتۈر ئىنقىلاپچىلاردۇر.» — دەپ كۆرسەتتى. (ژۇقۇرقى كىتاب 3 - بەت) يەنە: ئوتتۇراھال مۈلكدار سىنىپلار «جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا قارىمۇ-قارشى پوزىتسىيەدە تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى (شۇ كىتاب 3 - بەت)، ماۋزېدۇڭ شۇچاغدا، ئوتتۇرا- ھال مۈلكدارلار سىنىپى (مىللىي بۇرژۇئازىيە) نىڭ بۆلۈپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوڭچىلارنىڭ ئىنقىلاپ ئىچىدە دولقۇنلۇنۇپ تۇرۇ- دىغان بىر سىنىپ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. 1927 - يىلى تۇغۇلغان ۋاقىئە، ئۇنىڭ بۇ ئىلمى پەرەزىنى ھەقىقەتلەپ بەردى. ماۋزې- دۇڭ ئۆز ماقالىسىدا: «دولقۇل بولۇپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ھال مۈلكدارلار سىنىپىنىڭ ئوڭچىللىرى بىزگە دۈشمەن بولۇشى مۇم- كۈن، سولچىللىرى بىزگە دوست بولۇشى مۇمكۈن، ئەمما بىز ئۇلار- دىن ھەر ۋاقت ئېھتىيات قىلىپ، ئۇلارنىڭ سېپىمىزنى قالايمىقان- لاشتۇرۇشىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم» دەيدۇ (ماۋزې-

دۆلەت سايلامنا ئەسەرلىرى 1-توم 2-نەشرى 9-بەت)، ئوڭ-چىل ئوپپورتۇنىستلار بۇنۇقتىنى چۈشەنمىدى. ھەتتا دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى كورۈنگەن ئىشەنچسىز ئىتتىپاقداشلىرىدىنمۇ ئېھتىيات قىلماي، نەتىجىدە ئوزىنى ئاجىز-ئىقتىدارسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈۋالدى.

3

شىمالغا ژۈرۈش ئۇرۇشى

شىمالغا ژۈرگۈچى ئارمىيەنىڭ يولغا چىقىشى ۋە جاڭكەيشىنىڭ شىمالغا ژۈرگۈچى ئارمىيەنىڭ باش قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈپ ئېلىشى-گوانگدۇڭ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابى، ئىنقىلابى ئۇرۇش قىلىش شەكلى ئارقىلىق مەملىكەتتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. يولداش ستالىن شىمالغا ژۈرۈش بولغاندا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئارتۇقلىقلىرىنىڭ بىرسى قىلىپ «ئىنقىلابچى قارشى قوراللىق كۈچلەرگە قوراللىق ئىنقىلاپ يولى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتىدۇ»-دەپ كورسەتكەن ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە ئىنقىلابچى ئىشچى-دېخانلار ئاممىسى شىمالغا ژۈرۈشنى قەتئى تەشەببۇس قىلدى. سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى جۇڭگونىڭ شىمالغا

ژۇرۇش ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئستراتېگىيەلىك پلانىنى مەھ‑ كەم قولللۇنۇشىغا ياردەملەشتى.

«ئىمپېرىئالىزمنى يوقۇتىمىز! مىلىتارىستلارنى يوقۇتىمىز! فېي‑ئودال تەسىراتلىرىنى تازىلايمىز!» دېگەن نىشانە بىلەن، شىمالغا ژۇرۇش ئىشى باشلىنىش ئالدىدا، جاڭكەيشى ئىمپېرىئالىزم ۋە فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلاپقا خىيانەت قىلىش ئۈچۈن، ھەربى ئىس‑تىبداتلىق تورىنى قۇردى: 20 ـ مارت ۋاقىئەسىدىن كېيىن قولىغا كىرگۈزۈپ ئالغان پارتىيە، ھوكۇمەت تەرەپلەردىكى ھوقۇقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى شىمالغا ژۇرگۈچى ئارمىيەنىڭ باش قوماند‑دانى قىلىپ تەئىينلىدى. جاڭكەيشىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە، مىللى ھوكۇمەت ئاستىدىكى قورۇغلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيە‑لىرى تامامەن ئۇنىڭ ئۆز قولىغا قارايدۇ؛ سىياسى باشقارما، شتاپ، ھەربى تەئمىنات باشقارمىسى، دېڭىز ئارمىيە ئىدارىسى، ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى، ھەربى قورال زاۋودى ۋە باشقا ئورگاند‑لار توپ ـ توغرى باش قوماندانلىق شتاۋىغا قارايدۇ؛ ھەتتا مىللى ھوكۇمەت ئاستىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئىچكى ئىش‑لىرى، مالىيە ئىشلىرى تامامەن باش قوماندانىنىڭ ھوكۇمىگە قا‑رايدۇ، ئۆلكىلەردىكى ئارمىيەلەرنىڭ كوماندىرلىرى باش قوماند‑دانىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن قويۇلۇدۇ ۋە ئېلىنىدۇ. دېمەك، باش قوماندان «ھەربى ۋە مەئمۇرى ئەمر ـ پەرمانىنى بىرلىككە كەل‑تۈرۈدۇ»، باش قوماندانلىق شتابى ـ مىللى ھوكومەت؛ مىللى

ھوكۇمەت ـ باش قوماندانلىق شتابى بولۇپ قالدى . شۇنداق قىلىپ جاڭكەيشى «باش قوماندان دېگەن نام بىلەن، تولۇق بىر ھەربى ئىستىبداتچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى .

ئەمما ، ھەر قايسى ئارمىيەلەر ئىچىدە ئىنقىلابنىڭ تەسىرى چوڭ بولۇش بىلەنلا قالماستىن بەلكى يەنە تەرەققى قىلماقتا ئىدى . بۇنداق تەسىراتنىڭ دەرىجىسى ھەرقايسى ئارمىيەلەرنىڭ كۈرەش كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى بەلگۈلىدى . مەسىلەن : مىللى ئىنقىلابى ئارمىيەنىڭ 4 ـ كورپۇسى كۈرەشتە داڭقى چىققان «تۆمۈر كورپۇس» ئىدى . بۇ ئاتاق ئاساسەن 4 ـ ئارمىيەنىڭ بىر مۇستەقىل پولكى ئۇرۇشتا ئەڭ زور ۋە ئەڭ كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن مەشھۇر گېنېرال ـ مەشھۇر كوممۇنىست يەتىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولغانلىقىدىن كېلىپ چىقتى . ئۇنىڭ كادىر ۋە جەڭچىلىرى تامامەن باتۇر كوممۇنىست، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ۋە ئىنقىلابچى ياشلار (مەسىلەن : ليگېياۋ، سۇيۇي، جۇسىدى ۋە باشقىلار) ئىدى . ھەرقېتىمقى ئۇرۇشتا كېمىگەنلەرنىڭ ئورنى جۇڭگو كومپارتىيەسى تەرىپىدىن مەسئۇل بولۇپ تولدۇرۇلدى . بۇندىن باشقا، 2 ـ ۋە 6 ـ كورپۇسلار گۇاڭدۇڭدىكى ۋاقىتدا نامى چىقمىغان ئىدى . كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىمالغا ئۇرۇش داۋامىدا ئوبدان مۇۋاپپىقىيەتلەرنى قازاندى . بۇنىڭ سەۋەبى، 2 ـ كورپۇستا سىياسى بولۇم مۇدىرى ليفۇچۇڭ باشلىق نۇرغۇن كوممۇنىستلارنىڭ بولغانلىقى، 6 ـ كورپۇستا بولسا

سىياسى بولۇم مۇدىرى لىيڭ بەيجۇي باشلىق ئۇرغۇن كوممۇنىستلار -
نىڭ بولغانلىقىدۇر. ئىنقىلاپ تەرەپكە ئۆتكەن 8- كورپۇسنىڭ
كېيىنكى شىمالغا ئۇرۇش داۋامىدا ئالاھىدە جەڭگىۋارلىق كور-
سۇتۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنداق ئىدى. بىرىنچى كورپۇس شەرق-
قە ئۇرگەن ۋاقىتلىرىدا، جۇئېنلەينى باش قىلغان كوممۇنىستلار
باشچىلىقىدىكى بۇ ئارمىيە ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىپ
ناھايىتى داڭقى چىققان ئىدى. ئەمما 20- مارت ۋاقىئەسىدىن
كېيىن، كوممۇنىستلار جاڭكەيشىنىڭ مەجبۇرىيىتى بىلەن ئارمى-
يەدىن قايتىپ چىقتى، شۇندىن كېيىن بۇكورپۇس جاڭكەيشىنىڭ
مەخسۇس قىسمىغا ئايلىنىپ، ئۇ كورپۇسقا ئۇنىڭ مۇرىدى مۇئاۋىن
كورپۇس كوماندىرى ۋاڭ بەلىڭ قوماندانلىق قىلدى. بۇكور-
پۇس شەرققە ئۇرۇشتە ھەممە جايدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.
بولۇپمۇ نەنچاڭدا سۇڭچۇەنفاڭ بىلەن ئۇرۇشقاندا! ھۇشىغا كېلال-
مايدىغان دەرىجىدە زەربە يېدى.

شىمالغا ئۇرۇش - بۇ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسى
بىلەن ئەلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتۇر؛ ئىشچى - دېھقان، شەھەرلەردى-
كى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە قىسمەن مىللى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىن-
قىلابى بىرلىك سەپى ئاساسىدا ئەلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتۇر. ئۇرۇش-
نىڭ غەلىبە قازىنىشىدا كومپارتىيە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

شىمالغا ئۇرۇش ئارمىيەسىنىڭ غالىپ سەپى-
رى - ئىنقىلاپ ئارمىيەسى 1926 - ژىلى ئىيۇلدا شىمالغا ئۇ -

رۇشنى باشلىدى. شىمالغا ئىلگىرلەپ ژۇرگۇچى قىسىملار ـ يەتىك ۋە باشقىلارنىڭ قىسىملىرى مايىنىڭ ئاخىرىدا گۇاڭدۇڭدىن يولغا چىقىپ خۇنەنگە يىسىپ كىرىپ، خۇنەنىڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، شىمالغا ژۇرۇش ئارمىيەسىنىڭ ئالدىنقى سەپىنى مۇستەھكەملىدى. 9 ـ ئىيۇلدا شىمالغا ژۇرۇش ئارمىيەسىنىڭ ئاساسى قىسىملىرى يولغا چىقتى. گۇاڭدۇڭ ـ شاڭگاڭلاردا ئىش تاشلىغان ئىشچىلار 3مىڭ كىشىلىك نەقلىيات ئەترىدى ۋە تەشۋىقات، سەھىيە ئەترەتلىرى تەشكىل قىلىپ، ئارمىيە بىلەن بىللە يولغا چىقتى. (خۇنەن بىلەن گۇاڭدۇڭنىڭ ئارىلىغىدا، مەسىلەن: ئۇلىڭ تاغلىرى ۋە جۇڭسەن تاغلىرىدا يول ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاۋا چوغدەك قىزىق ئىدى. ئىشچىلار جاپا مەشەقەتلەردىن قورقماستىن ئېغىر يۇكلەرنى كوتۇرۇپ تاغ چوققىلىرىدىن ئوتۇپ شىمالغا ژۇرگەن ئارمىيەگە زور ياردەملەرنى بەردى.)

جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزى كومىتېتى 12 ـ ئىيۇلدا «ۋەزىيەتكە قارىتا 5 ـ قېتىملىق تەشەببۇس»نى ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى سىنىپلاردىكى ئىنقىلابچى خەلىق ئامىسىنى ئىنقىلابى بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەپ مەملىكەت ئىچىدىكى مىلىتارىستلارنى ۋە ئىمپېرىئالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى.

شىمالغا ژۇرۇش ئارمىيەسى خۇنەنگە كىرىش بىلەنلا، ماۋ ـ زەيدۇڭ ئىلگىرى تەشكىللەپ قويغان ئىشچىلارلا ئەمەس، بەلكى

ماۋزېدۇڭ تەشكىللىگەن نەچچە يۈزلىگەن دېخانلار جەمئىيەتلىرىمۇ ئۆزلىرىنى قوغداش ئارمىيەسى تەشكىل قىلىپ پائاللىق بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشتى. پىڭجاڭ - جۇڭجۇ تۆمۈر يول ئىشچىلىرى ئىنقىلاپ ئارمىيەسىنىڭ لىلىڭگە هۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىگەللىشىگە ياردەملەشتى.

شىمالغا ئۇرۇش ئارمىيەسى بارغانلا جايدا دېخانلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇنفۇڭ، خڭسەن، شاڭشاڭ قاتارلىق جايلاردىكى دۈشمەنلەرنى چاپسانلا تارمار كەلتۈرۈپ 12 - ئىيۇلدا چاڭشانى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە دېخانلارنىڭ يول باشلاپ بېرىشى بىلەن، يوللارنى ئايلىنىپ دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، دۈشمەننى ئارىغا ئېلىپ تۇرۇپ زەربە بەردى. 21 - ئاۋغۇستتا يۆجۇنى قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن خۇنەندىكى مىلىتارىست جاۋخېڭتى ۋەباشقىلارنىڭ قىسىملىرى شىمال تەرەپكە قاچتى.

خۇنەندىكى ئۇرۇش ھەل بولغاندىن كېيىن شىمالغا يۈرگەن ئارمىيە خۇبەي ئۆلكىسىگە كىردى. شۇ چاغلاردا ئاممىۋى كۈچىنىڭ يار - يۆلىگى ئاستىدا شىمالغا يۈرگۈچى ئارمىيەنىڭ روھى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. ئەمما ئۇيىڭفۇ باشچىلىقىدىكى مىلىتارىستلار بۇ جايلاردا قاتتىق مۇداپىئە سېپىلىرىنى قۇرۇپ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا دىڭسىچاۋ ۋە خەشىڭچاۋلاردا مەشھۇر

زور ئۇرۇشلار تۇغۇلدى. دىڭسىچاۋ بىلەن خەشىگچاۋ، خۇبەي ئۆلكىسىدە گۇاگدۇڭ - خەنكۇ تۆمۈر يول بويىدىكى يەر ناراىتى ناھايىتى قىيىن بولۇپ ھىساپلانغان بازىلاردۇر. ئىنقىلاپ ئارمىيەسى ھەممىدىن ئەۋۋەل دىڭسىچاۋدا بولغان ئۇرۇشتا باتۇرانە ھۇجۇم باشلاپ، يەر شارائىتىنىڭ قىيىنلىقىغا يولۇقۇپ قاتتىق تۇرۇپ، ئالغان دۈشمەنلەرنى پۈتۈن سەپ بويىچە تار-مار كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇپيفۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ خەشىگچاۋغا چېكىندى. ئەمما ئىنقىلاپ ئارمىيەسىنىڭ ئاۋانگارد قىسمى ئازغىنە كۈچ بىلەن نەچچە تۈمەنلىگەن دۈشمەننى تار-مار كەلتۈردى. بۇ ئىككى قېتىمقى ئۇرۇش: ئىنقىلاپ ئارمىيەسىنىڭ ئادالەت تەرىپىدە، خەلق تەرىپىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن تۈگۈمەس كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى، مىلىتارىستلار ئەسكەرلىرى ئىمپېرىيالىزمنىڭ يۇشۇرۇن يار- يۆلۆگى ئاستىدا تۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئىنقىلابى كۈچكە ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسەتتى.

دىڭسىچاۋ ۋە خەشىگچاۋلاردا بولغان قاتتىق ئۇرۇشلاردا ئۇپيفۇنىڭ ئاساسى كۈچلىرى تامام مەغلۇپ بولدى. بۇنى غەنىمەت بىلگەن ئىنقىلاپ ئارمىيەسى توپ- توغرى ئوتتۇرا جۇڭگودىكى مۇھىم ھەربى بازە - ئۇچاگنا قاراپ ئىلگىرلىدى.

ئىنقىلاپ ئارمىيەسىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى سېنتەبىر ۋە ئوكتەبىر ئايلىرىدا ئۇچاگنى ئوراپ ئېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، 10 -

ئوكتەبىردە ئۇنى قولغا چۈشۈردى، ئۇچاڭغا ھەممىدىن ئەۋۋەل يەتىڭ يىتەكچىلىكىدىكى مۇستەقىل پولك بىسىپ كىردى. بۇ پولك شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۆز ئىنتىزامىنى ناھايىتى قاتتىق ساقلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇنەن، خۇبەي خەلقى مۇستەقىل پولكقا «پولات ئارمىيە» دىگەن شەرەپلىك بىر ئۇنۋاننى بەردى

جاڭشى تەرەپتە: ئىنقىلاپ ئارمىيەسى 20-ئاۋغۇستتا نەنچاڭ شەھىرىنى قولغا ئالغان ئىدى. كېيىن سوڭچۇەنفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قايتارما ھۇجۇم قىلغانلىقتىن شەھەردىن قايتىپ چىقتى، جاڭكەيشىنىڭ ئىشەشلىك «ئەسىل ئەسكەر»لىرى- بىرىنچى كورپۇسنىڭ تەربىيە دىۋىزىيەسى شۇ چاغلاردا ۋاڭبەيلىڭ (دىۋىزىيە كوماندىرى) جاۋبىڭ (پارتىيە ۋەكىلى) قوماندانلىقىدا ئۇمۇمى زاپاس قىسىمغا ئايلاندۇرۇلۇپ جاڭشىغا كەلگەندە سوڭچۇەنفاڭنىڭ 4-دىۋىزىيەسىگە دوقۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە پۈتۈنلەي ھالاك بولدى؛ ۋاڭبەيلىڭ بىلەن جاۋبىڭ يىگانە ھالدا قىچىپ قۇتۇلدى. جاڭكەيشىنىڭ شىمالغا ژۈرۈش ئۇرۇشىدا كورسەتكەن «خىزمەت»لىرى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت. كېيىن، ھەر قايسى ئارمىيەلەر داۋاملىق رەۋىشتە قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىرى، سوڭچۇەنفاڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئىنقىلاپ ئارمىيەسى 4-نويابىردا جۇجاڭنى قولغا چۈشۈرۈپ 8-نويابىردا نەنچاڭغا ئىككىنچى قېتىم كىردى.

فۇجەن تەرەپتە: جاڭكەيشىنىڭ يالاقچىسى خەيـگچيگنىڭ ئەسكەرلىرى 6 ـ نوكتەبر كۈنى يۇندىن، شاڭخاڭ دىگەن جايـ لاردا دۈشمەن بىلەن توقۇشتى؛ دىكابىرنىڭ ئاخىرىدا ئوز ۋاقـ تىدىكى سوڭچوەنمانىڭ ئاساسى كۈچلىرى چاڭشىدا تۇرغانلىـ قى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلىتارىست جۇيگرىنىڭ قىسمى ئىچىدە بوـ لونۇش توغۇلغانلىقى ۋە فۇجەن ئولكۇلۇك مۇداپىئە قوماندانى ۋە باشقىلارنىڭ تەسلىم بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ھىچقانداق ئوـ رۇش قىلماستىنلا توپ ـ توغرى فۇجەنگە كىرىۋالدى ۋە ئۇيەردە ئوز گروھىنىڭ ئەسكىرى كۈچلىرىنى كىگەيتتى.

شىمال تەرەپتە: فىڭ يۇشاڭ 15 ـ سىنتەبر كۈنى سوۋىت ئىتـ تىپاقىدىن قايتىپ كەلدى. سوۋىت مەسلىھەتچىلىرى ئومىگى ۋە جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرى (دىڭ شاۋپىڭ، شاۋمىڭ ۋەباشـ قىلار) نىڭ ياردىمى بىلەن 17ـ سىنتەبر كۈنى سۇيۈەن ئولكىـ سىنىڭ ئۇيۈەن شەھىرىدە قەسەم بىرىپ («ئۇيۈەن قەسىمى» دەپ ئاتىلىدۇ) مىللى بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ باش قوماندانلىق خىزـ مىتىنى ئوز ئۈستىگە ئىلىپ، ھەربى قىسىمغا يىتەكچىلىك قىلىپ شەنشى ئولكىسىگە كىردى. ھەمدە پۈتۈن ئارمىيەنىڭ گومىنـ داڭغا كىرگەنلىگىنى ئىئلان قىلدى. مىللى ئارمىيە ژىلنىڭ ئاـ خىرىدا پۈتۈن شەنشى ئولكىسىنى خاتىرجەملىككە كەلتۈردى.

شۇ چاغلاردا گۇاڭجۇدا چىقىدىغان «مىڭگوژىباۋ» گىزىتىدە ئىشچى ـ دىخانلارنىڭ شىمالغا ژۈرۈش ئورۇشىغا قاتنىشىپ مەيـ

دانغا چىقارغان تەسىرلىك ھىكايىلىرى داۋاملىق بېسىلىپ تۇردى.
مەسىلەن: «دېخانلار كەڭ كولەمدە ياردەم قىلدى...»، يامغۇر-
دەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا قارىماستىن ئاتاكا قىلدى، باتۇرلارچە
تاققا چىقتى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى سەرسان بولۇپ كەتتى»؛
«دېخانلار ھايات ماماتىغا قارىماستىن قاتتىق ھۇجۇم قىلغانلىق-
تىن نۇرغۇنلاپ قۇربان بولدى»؛ «بەيشاڭ، شىشاڭ، پىسكو ۋە
شىڭجياڭلاردىكى دېخانلار دۈشمەنلەرنى ئولتۇرمەكتە»؛ «بۇ
قېتىم خەلق قولىدا ئۆلگەن دۈشمەنلەرنىڭ سانى نەچچە يۈز-
دىن كام ئەمەس»...... ئىشچىلارنى ئالساق گۇاڭدۇڭ-خەن-
كو ۋە پېكىن-جۇجۇ تۆمۈر يولىلىرىدىكى ئىشچىلار، خەنيە-
پىڭ خەنكىدىكى ئىشچىلار يوللارنى بۇزۇپ ئۇرۇشقا ياردەم قىل-
دى. خەنياڭ قورال زاۋۇتىدىكى ئىشچىلار بىرىنچى ئاۋغۇست
كۈنى ئۆمۈمى يۈزلۈك ئىش تاشلاپ شىمالغا ژۇرۇش ئارمىيەسى-
نىڭ ھۇجۇمغا ئوتتۇشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. شىمالغا ژۇ-
رۇش ئارمىيەسى بېسىپ كىرگەندىن كېيىن دەرھال ئۇلارغا قو-
رال-ياراغ ئىشلەپ بەردى...

شىمالغا ژۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غالىبىيىتى سانسىز ئىشچى، دې-
خانلار ۋە ئىنقىلابچى جەڭچىلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە
كەلدى. جاڭكەيشى شىمالغا ژۇرۇش ئۇرۇشىدا ئىنىزغا ئالغۇدەك
خىزمەت كورسەتمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ شىمالغا ژۇرۇش ئۇرۇ-
شىدا بەرپا بولغان مۇۋەپپىقىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ «مۇۋەپپىقىيەت

دەپتېرى» گە يازدى. باشقىلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە كەلگەن غالىبىيەتنى ئۇزىنىڭ ئىمپېرىئالىزم ۋە فېئودالىق تەئ- سىراتىدىن ئالىدىغان موۋقىئى بەدىلىگە تولەيدىغان كاپىتال قىلىپ ئالدى.

پايتەختنى يوتكەش ماجىراسى ۋە پايتەختنىڭ ئۇخەنگە يوتكۇلۇشى - مەملىكەت خەلقىنىڭ، ئىمپېرىئالى- زم ۋە فېئودالىزمغا قارشى دىموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ دولقۇنلۇ- نۇشى جاڭكەيشىنىڭ ئۇزىگە مەخسۇس قىسىملىرىنىڭ شىمالغا ژۇ- رۇش ئۇرۇشىدا كارغا يارىمىغانلىغى، جاڭكەيشىنىڭ گومىنداڭ مەركىزى ئىدارىسىنى ئۇز قولىدا تۇتۇش تەدبىرلىرىدە زور ئوزگۇرۇش تۇغدۇرۇشقا سەۋەپ بولدى. كوممۇنىست ئويۇيجاڭ ۋە باشقىلارنىڭ پائالىيىتى بىلەن 1926 - ژىلى سىنتەبىردە گومىنداڭنىڭ مەركىزى ئىجرائى تەپتىش ھەيئەت ئەئزالىرى ۋە ئولكىلەردىكى پارتىيە بولۇملىرىنىڭ ۋەكىللىرى گۇاڭجۇدا باش قوشقان مەجلىس ئىچىپ پارتىيە ئىچىدىكى دىموكراتىيەنى ژۇقۇرى كوتۇرۇش، ئىستىبداتچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىشچى - دىخانلار- ھەرىكەت- لىرىنى تەرەققى ئەتتۇرۇش ۋە ئىجارە ھەققىنى 25% كەمەيتىش دى- گەندەك ئىمپېرىئالىزم ۋە فېئودالىزمغا قارشى پروگراممىنى قارار- دىن ئوتكەزدى. بۇ پروگرامما جاڭكەيشىنىڭ نىيىتىدىكىدەك بو- لۇپ چىقمىدى. نويابىردا شىمالغا ژۇرۇش ئارمىيەسى نەنچاڭنى قولغا چۇشۇرگەندىن كىيىن جاڭكەيشى شۇ يەردە باش قوماندا-

لىق شتابىنى ۋۇردى. شۇنىڭ بىلەن پايتەختنى يۆتكەش مەسىلى-
سىدە ماجرا باشلاندى. گومىنداڭ مەركىزى پايتەختىنى ئۇخەنگە
يۆتكەشكە قارار قىلدى. شۇ چاغلاردا خۇنەن، خۇبەي ۋە ئۇ-
خەنلەردە ئاممىۋى ھەرىكەت ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئىدى.
شىمالغا ژۇرگۈچى ئاۋانگارد قىسىم- يەتتىنچى قىسىمۇ ئۇخەن-
دە گارنىزونلۇق خىزمىتىنى ئورۇنداپ تۇرغان ئىدى. پايتەختنى
ئۇخەنگە كوچۇرۇش، ئىنقىلاپقا پايدىلىق ئىدى. ئەمما چوڭ بۇر-
ژۇئازىيە ۋەكىلى جاڭكەيشىگە پايدىسى يوق ئىدى. شۇڭا جاڭ-
كەيشى ئوزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن
پايتەختنى نەنچاڭغا يۆتكەيمىز دەپ تالاشتى. نەتىجىدە جاڭ-
كەيشى يېڭىلدى. گومىنجىڭفۇ ۋە گومىنداڭ مەركىزى 1927-
ژىلى بىرىنچى يانۋاردا ئوز خىزمىتىنى ئۇخەندە يولغا قويدى.

شۇ چاغلاردا سۇڭچىڭلىڭ، دىڭيەندا ۋە خەشاڭنىڭلەرنى
مەركەز قىلغان گومىنداڭنىڭ سولچىلىرى سۇڭجۇڭسەننىڭ 3 زور
سىياسىتىنى ھىمايە قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە گومىنداڭدا كومپار-
تىيە ئەزالىرى مەركىزى ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلىمەكتە
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ مەركىزىدە يەنە ئىنقىلابى
كۈچ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەۋەدى.

4

ئاممىۋى ئىنقىلابىي دولقۇننىڭ ژۇقۇرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋەكىلى جاڭكەيشىنىڭ خىيانىتى

ئىمپېرىئالىزىم ۋە تەتۈر ھەربىكەتچىلەرنىڭ «جەنۇپ تەرەپكە سىياسى ھۇجۇمى» ، جاڭكەيشىي- نىڭ ئىسيانغا تەييارلىنىشى - جاڭكەيشى نەنچاڭغا كې- رىپ ئورۇنلاشقاندىن كىيىن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى ستيشقا خېرىدار تېپىش ئۇچۇن دەي جيتاۋنى ياپون ئىمپېرىئالىزمى بىلەن تىل بىركتۈرۈشكە ياپونىيەگە ئەۋەتتى (1926 - ژىلى قىشتا). شۇچاغ- دا ئىمپېرىئالىستلار جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ«جە- نۇپ تەرەپكە سىياسى ھۇجۇم» دىگەن ھۇجۇمنى يولغا قويدى. ئۇلار شىمال تەرەپتىن - شۇ چاغلاردىكى ئەكسىيەتچى كۈچ- لەرنىڭ ئۇگۇسىدىن ئورغۇنلىغان سىياسى بيوروكراتلارنى جەنۇپ- قا بىرىپ ئىنقىلابى ئەترەد ئىچىگە كىرىپ سىياسى سۇئى قە- ست زۇرگوزۇشكە ئەۋەتتى. خۇاڭفو، جاڭچۇن (ياپون پەرەست ھەمدە جۇڭگودىكى فېئودالليق ھۇكۇمرانلىقتا ئوستا ۋە شىمال- دىكى مىليتارىستلار بىلەن يېقىن ئالاقىسى بولغان جىڭشۇەشى(1)

(1) 政學系 - گومىنداڭنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى بىر گروھىنىڭ ئىسمى-ت.

گروھىدىكى سىياسەتچىلەر) ۋە ۋاڭجىڭخېڭ (بۇ، ھەرقاي-
سى ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن خېلىلا ئالاقە باغلىغان ۋە-
تەن ساتقۇچى كونا دىپلومات) قاتارلىق ئادەملەر جەجاڭ
ۋە جاڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ ئاقساقال بايلىرى دېگەن ۋەزىپە بىلەن
جاڭكەيشېنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ جىقىپ ژۈرۈپ جۇڭگونىڭ
ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا قەست
قىلدى. خەلەن بانكىسىنىڭ دەللىلى ھەم شاڭخەيدىكى ئانگلى-
يە كونسۇلخانىسىنىڭ جۇڭگولۇق ئىگىسى يۈچاچىڭ (ئۇ ۋاقىتدا
جاڭكەيشىنى ئۆيىدە قوندۇرۇپ ئۇنىڭ قۇرسۇغىنى باققان شاڭ-
خەيدىكى مەھسۇلات بىرژىسىنىڭ باشلىقى؛ بۇ، جاڭكەيشىگە
شەپقەت قىلغان) ئانگلىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە ئىمپېرىيالىستلىرى
ھەم جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە كومپرادورلار سىنىپىنىڭ تاپشۇرۇ-
غى بىلەن نەنچاڭغا سۆھبەتكە كېلىپ، جاڭكەيشى شاڭخەي
ۋە نەنجىڭگە كەلگەندە ئۇنىڭغا «كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇش
ۋە كومپارتىيەنى يوقۇتۇش شەرتى» بىلەن 60 مىللىئون دوللار
بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئىمپېرىيالىستلار «جەنۇبقا قارىتا سىياسى
ھۇجۇم» نى يولغا قويغاندىن تاشقىرى يەنە قىرىش ۋە تەھدىت
سېلىش سىياسىتىنى قوللاندى. 1926 - ژىلى 5- سېنتەبىردە ئان-
گلىيە باراخودى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ۋەنشەن ناھىيەسىدە بىر
ياغاچ كېمىگە دوقۇرۇپ كېمىنى چۆكۈرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن سى-
چۈەن ئارمىيەسىگە قاراشلىق ياڭسېڭ قىسمى باراخودنى قاماپ

قويغان ئىدى. ئانگلىيە ئىمپېرىئالىزمى شۇ باھانە بىلەن ۋەنشەن شەھىرىنى توپقا تۇتۇپ خەلىق، ئەمەلدار ۋە ئەسكەر بولۇپ 6 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. «ۋەنشەن ياجىئەسى» ئەنە شۇنىڭ-دىن ئىبارەت. شۇندىن كېيىن ئۇخەن ۋە جۇجاڭ شەھەرلى-رىدە قىرغىن بولدى. خەلىق ئامميىسى بۇنىڭغا قارشى ئۇلۇق كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى.

ئۇخەن ئىشچىلىرىنىڭ لىيۇشاۋچى يېتەكچىلىكىدە كونسسىيەنى قايتۇرۇپ ئېلىشى-ئۇخەن ئىشچىلىرى كومپار-تىيەنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بولغان لىيۇشاۋچىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، شىمالغا ژۈرۈش ئارمىيەسى ئۇخەننى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى ئىككى ئايغا يەتمىگەن قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەئزالىرىنى 3 يۈزمىڭغا يەتكۈزدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكى-لاتلىرىنى 2 يۈزدىن ئارتتۇردى. ئۇخەن خەلقى 1927-ژىلى 3-يانۋاردا غالىبىيەتنى تەبرىكلەش ئۈچۈن زور ژىغىن ئوتكۈزۈپ، ئانگلىيە ئىمپېرىئالىزمىنىڭ دېڭىز ئەسكەرلىرىنىڭ قىرغىنىغا ئۇچرىدى. نەتىجىدە 30 نەچچە ئادەم نەيزە ئاستىدا ئۆلدى ۋە ياريلاندى. شۇ-نىڭ بىلەن ئىشچىلار ئامميىسى باتۇرلارچە نامايىش ئوتكۈزۈپ، ئانگلىيە ئىمپېرىئالىزمىنىڭ ساقچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ ئانگلى-يە كونسسىيەسىنى ئىگىلەپ ئالدى. شۇ كۈنى كەچتۈرۈندا ئۇ-خەن خەلقى كومپارتىيە يېتەكچىلىگى بىلەن جىددى مەجلىس ئېچىپ ئانگلىيە كونسسىيەسىدىكى ساقچىلارنى ۋە «پىدائىيلار»

نى قۇرالسىزلاندۇرۇشقا ، كونسسىيەنى جوڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىشقا قارار قىلدى. ئۇخەندىكى مىللىي ھۆ- كۈمەت ئاممىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىپ ئانگلىيەكونسسىيەسىنى قايتۇرۇپ ئالدى.

6 ـ كۈنى ئانگلىيە ئەسكەرلىرى جوجاڭدا ئىشچىلارنى يە- نە قىرغىن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسى بۇيەردىمۇ كونسسىيەنى ئىگىلەپ ئالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇخەن ۋە جو- جاڭ شەھەرلىرىدىكى ئانگلىيە ئادەملىرى ھەربىي پاراخودقا چۈشۈپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇق ھەرى- كىتى ئىمپېرىيالىستلارنى يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ، ئىم- پېرىيالىزمنىڭ جوڭگوغا تەجاۋۇز قىلىپ كەلگەن نەچچە ئون ژىللىق تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىشتۇر. ئىمپېرىيالىستلار ۋە جوڭگونىڭ چوڭ پومېشچىك ، چوڭ بۇرژۇئازلارسىنىپى بۇئەھ- ۋاللارنى كۆرۈپ ئىچىدىن تىت - تىت بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمپېرىيالىستلار گومىنداڭنى ئىچىدىن پارچىلاپ تاشلاش خىزمىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. ئانگلىيەئىمپېرىيالىزمى شاڭ- خەيدىكى ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتتى، ھەمدە ئانگلىيە ئىمپېرىيالى- زمىنىڭ شاڭخەيدىكى «زىلىگشى باۋ» گېزىتى گومىنداڭ ئىچى- دىكى « چەت ئەللەر (ئىمپېرىيالىستلار) گە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش گۇرۇھى» نى تەقدىرلەشكە باشلىدى . يەنە بىر تەرەپتىن، قورقۇتۇش مەزمۇنىدا ماقالىلارنى يازدى . جاڭكەيشى دەي

جيتاۋنى ياپونيەگە ئۆتكەن ئىدى. مانا ئەمدى ياپونيە ئىمپېرىئالىزمى جۇڭگوغا ئادەم ئۆتكۈزۈپ قوتۇرغىلى تۇردى. ئىمپېرىئالىستلار بىلەن جاڭ كەيشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئىمپېرىئالىستلارنىڭ شەپقىتىنى قازانغان جاڭ كەيشىنىڭ ئىسيان قىلىش زورلۇقى كۈندىن - كۈنگە يوغىنىغىلى تۇردى.

جاڭ كەيشىنىڭ ئىنقىلابقا قارشى چىقىشى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ ئەنجىنتى توپقا تۇتۇشى - جاڭ كەيشى 11 - مارتتىن باشلاپ ئىنقىلابقا قارشى چاقىلى تۇردى - ئۇز يالاقچىسىنى قوتۇرتۇپ، گۇاڭجۇدىكى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى چېڭ زەنشەن (كومپارتىيە ئەزاسىنى ئۆلتۈردى. 16- كۈنى جاڭ كەيشىنىڭ يالاقچىسى دۇەن شىپېڭ جاڭ كەيشىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە سۇن ياتسېننىڭ 3 سىياسىتىنى ھىمايە قىلىدىغان گومىنداڭنىڭ نەنچاڭدىكى پارتىيە بۆلۈمىنى تارقىتىۋەتتى. 19-كۈنى 3 سىياسەتنى ھىمايە قىلىدىغان گومىنداڭنىڭ جۇجاڭ پارتىيە بۆلۈمىنى ۋە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇراللىق كۈچ بىلەن تارقىتىۋەتتى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىرقانچە ئادەملىرى يارىلاندى. ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلار نەنچاڭ ۋە جۇجاڭ شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىدا ئىنقىلابقا قارشى ئاشكارىدىن- ئاشكارە ۋالاقلاپ زورىيدىغان بولدى. جاڭ كەيشى كۈشكۈرتكەن قانخور باندىتلار مارتنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنچىن ۋە فۇجۇ شەھەرلىرىدە تىرور ۋە قىرغىن باشلىدى. جاڭ كەيشى جۇنچىڭگە ئۆتكەن ياڭ يىگزىدىكەن قانخور 31 - مارتتا ۋاڭ-

ليجى بىلەن بىرلىشىپ جۇنچىن خەلىق ژىغىنىدا زور قىرغىن قىلـ
دى. مەشھۇر 31 ـ مارت پاجىئەسى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت.

يېتەكچىلىك ۋە ئۇرۇشتا كومموُنىستلار (لىيۇ بەيچۇى، لى فۇـ
چۇنلەر ۋە كىللىگىد يكى) قاتناشقان 6 ـ 2 ـ كورپۇسلار 24 ـ مارتـ
تا نەنجىنگە توپلانغان مىڭلىغان يۈز مىڭلىغان خەبەى، سەندۇڭ
بىرلەشمە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، نەنجىننى قايتۇرۇپ ئالـ
دى، ئەكسىيەتچى ئەسكەرلەر قېچىش ۋاقتىدا نەنجىن شەھىرىدە
بۇلاڭ ـ تالاڭ تۇغۇلدى. شۇكۇنى كەچىدە ئامېرىكا، ياپونىيە،
فرانسىيە ۋە ئىتالىيە دولەتلىرىنىڭ كونسۇللىرى لوكچەكـلەر،
بۇخرالىرىمىزغا ۋە كونسۇلخانىلىرىمىزغا زىيان يەتكۈزدى دېگەن
باھانە بىلەن شاگوەن دەرياسىدا تۇرغان ھەر قايسى دولەتـ
لەرنىڭ ھەربى پاراخود لىرىغا بۇيرۇق بېرىپ نەنجىن شەھىرىنى
توپقا تۇتتى. نەتىجىدە نۇرغۇن ئۆي ـ ئىمارەت ۋە مال ـ مۈـ
لۈك زىيانغا ئۇچرىدى. جۇڭگو ئەسكەرلىرى ۋە خەلىق بولۇپ
ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى.

شاڭخەى ئىشچىلىرىنىڭ 3 قېتىم قوزغـۇلاڭ
كوتۇرۇشى ـ شاڭخەى تەرەپتە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېـ
تەكچىلىگى بىلەن ئىشچىلار 3 قېتىم قوزغولاڭ كوتەردى:

بىرىنچى قېتىمقى قوزغولاڭ ـ شىمالغا ژۇرۇش ئارمىـيەسى
ئۇخەنىنى قولغا ئېلىپ جاڭشىغا ھۇجۇم قىلىپ سۇڭ چـوەنفاڭنىڭ
ئەسكەرلىرى بىلەن رەسمى ئۇرۇش باشلىغاندىن كېيىن، شاڭخەى

ۋەزىيىتى لىغىلداپ قالدى. خەلىق ئاممىسىنىڭ سوڭ چوەنفاڭ-
غا قارشى تۇرۇپ ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىش كەيپىياتى كۈندىن
كۈنگە ژۇقۇرى كوتۇرۈلدى. 1926 - ژىلى 16 - ئوكتەبر كۈنى
سوڭچوەنفاڭ جاڭشىدا ھەربى جەھەتتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرى-
دى، مىلىتارىستلار ئوز ئىچىدىن بولۇندى. شاچاۋ (جەجاڭ
ئولكىسىنىڭ رەئىسى) جەجاڭدا مۇستەقىللىق ئىلان قىلدى، شۇ
ۋاقتتا كومپارتىيەنىڭ شاڭخەيدىكى يىتەكچى ئورگانى قوزغو-
لاڭ كوتۇرۇشكە قارار قىلدى.

قوزغولاڭغا يۈزدىن ئارتۇق قۇراللىق ئىشچىلار ئەترىدى قات-
ناشتى. بۇلاردىن باشقا خىلى كوپ قۇرالسىز ئىشچىلار ئەترىدى
قاتناشقان بولسىمۇ بۇلار سان جەھەتتە ئانچە كوپ ئەمەس ئىدى؛
سوبىكتىۋ كۈچنى تەيارلاش خىزمىتى يىتەرلىك ئەمەس ئىدى.
گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىمىز - دەپ ئوزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئۇ-
نۇتۇپ، قوزغولاڭنىڭ يىتەكچىلىك ھوقۇقىنى بۇرژۇئازىيە ۋە-
كىلى نيۇيۇنجەنگە تاپشۇرۇپ قوزغولاڭ پلانىنى بىرلىككە كەل-
تۇرمىگەن ئىدى. ئوكتەبرنىڭ 24 - كۈنى سەھەر سائەت 5 دە
قوزغولاڭ باشلانغاندا شاۋچاۋ جەجاڭدا سوڭ چوەنفاڭ تەرىپى-
دىن مەغلۇبىيەتكە ئوچۇرتۇلۇپ سوڭ چوەنفاڭ شاڭخەيگە ئەس-
كەر كەلتۇرگەن ئىدى. نەتىجىدە ئازغىنە ئادەم ساقچىلار بىلەن
توقۇنۇش توغدۇرغان بولدىدە، قوزغولاڭ سوڭچوەنفاڭ تەر-
يپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئوچرىتىلدى. ئىشچىلارنىڭ داھىلىرىدىن

بولغان تاۋجيگشوەن، شيزوياۋ قاتارليق ئون نەچچە ئادەم سۇلگ- چوەنفاڭ تەرىپىدىن ئولتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم- لىق قوزغولاڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق قوزغولاڭ - 1927- يىلى 17- فېۋرالدا شىمالغا يۈرۈش ئارمىيەسى خاڭجۇنى قولغا ئالدى. شىمالغا يۈرۈش ئارمىيەسىنىڭ بىرقىسمى 18 - فېۋرالدا جاشىڭنى قولغا ئالدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى شىمالغا يۈرۈش ئارمىيەسى- نىڭ ئىلگىرىلىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن شاڭخەيدە ئىككىنچى قېتىم قوزغولاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى.

ھەممىدىن ئەۋۋەل شاڭخەيدىكى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 18-فېۋرال كۈنى كەچتە ئومۇمىي بىرلىشىپ ئىش تاشلاش توغرىسى- دا بۇيرۇق چۈشۈردى. 19 - فېۋرالدا پۈتۈن شاڭخەي بويىچە ئومۇمىي بىرلىشىپ ئىش تاشلاش باشلاندى. 3 - كۈنى (21- فېۋرال كۈنى) شاڭخەيدە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ چاقى- رىقى بىلەن ئىش تاشلاشقا قاتناشقان ئىشچىلار 360 مىڭدىن ئارتتى. ئىش تاشلاش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، شاڭخەي دەرھاللا ئىنقىلابى روھ بىلەن تولغان بىر رايونغا ئايلاندى. زاۋود - فابرىكا ۋە كارخانىلارنىڭ گۈدۈكلىرى بىر ئىشچىنىڭ ئىشقا چاقىرىپ كەلمىدى.

22 - فېۋرال كۈنى كەچ سائەت 6 دە قوراللىق قوزغولاڭ باشلاندى. ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ئەسكەر ۋە ساقچىلارغا

هۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قۇرالسىزلاندۇردى. شۇچاغدا قىسمەن
دېڭىز ئەسكەرلىرىمۇ ھىسداشلىق بىلەن قوزغۇلۇپ گاۋچاگمياۋ-
دىكى قۇرال - ياراق زاۋودىنى توپقا تۇتتى. جابى، نەنسى
دىگەن رايونلارنىڭ بەزى جايلىرىدا ئىشچىلار كوچىلاردا ئەس-
كەروە ساقچىلار بىلەن ئۇرۇشتى.

سۇڭچۇەنفاڭ قوزغالغان ئىشچىلار بىلەن ئىنقىلابچى خەلىق
ئامىسىغا قارشى ۋەھشىيانە ئۇسۇللارنى قوللاندى. ھەتتا
يۇدۇڭ دىگەن جايدا ئۇششاق تىجارەتچىلەر «مەيدابىڭ (نان
ساتىمەن)» دەپ ۋاقىرسا، سۇڭچۇەنفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى «دا
بەيىڭ (مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئەسكەر)» دىدى، دەپ ئاڭ-
لاپ، ئۇلارغا نەيزى تىقتى. قوزغۇلاڭنىڭ تەييارلىغى يېتەر-
لىك بولمىغانلىقتىن، شىمالغا ژۇرۇش ئارمىيەسى «ئارقىدىن كې-
لىدىغان ياردەمنى كۈتۈمىز» دەپ شاڭخەيگە قىلىدىغان ھۇجۇم-
نى توختۇتۇپ قويغانلىقتىن، قوزغۇلاڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەر-
ەپتىن ماسلىشالمىدى. پارتىيەنىڭ ئەكسىيەتچى ئەسكەر ئىچى-
دىكى خىزمىتىمۇ يېتەرلىك بولمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ
قوزغۇلاڭمۇ مەغلۇپ بولدى.

ئىككىنچى قېتىملىق قوزغۇلاڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن،
سۇڭچۇەنفاڭ تەخىمۇ قەبىھ ئۇسۇللارنى قوللۇنۇپ ئىشچى-
لارنى قىرغىن قىلدى، ئىشچىلارنىڭ باشلىقلىرىنى قىلىچقا تۇت-
تى ۋە ئىشچىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ باشلىرىنى

تېلېگرام تۇبرۇكىگە ئاستى، جەسەتلىرىنى يول بويلىرىغا تاشـ ـلىدى.

ئۈچۈنچى قىستىملىق قوزغىلاڭ ـ شاڭخەي پرولېـ ـتارلىرى ئەلگىركى ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭدا قاتتىق ئازابقا ۋە ئاق تېرورنىڭ دەھشىتىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما كومپار- تىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە يەنە زور ئىنقىلابى غەيرەت ۋە ئىنقىـ ـلابى جەسارات بىلەن سىستېمىلىق ھالدا يېڭى قوزغىلاڭغا تەي- يارلىق كۆردى. پارتىيە ئەلگىركى ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ ـ دىن تەجرىبە ئېلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۇيۇشمىلىرى، شەـ ـھەر كەمبەغەللىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھمىيىتى ئامىسى ئىچىدە سىيـ ـاسى جەھەتتىن خىلى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلدى. پارتىيە ئەۋۋەل باشلاپ ھەربىر سېنىپ خەلق كونفېرېنسىيەسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ، خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ بېسمىلاسى بولۇپ زور سىياسى ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيە تۆمۈر يول ئىشچىلىرى ئارىسىدىمۇ خىلى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلدى. تۆمۈر يول ئىشچىلىرى قوز- غىلاڭدىن 10 كۈن ئىلگىرى ئىش تاشلاشنى باشلىدى. بۇ ئەھـ ـۋال جاڭزۇڭچاڭنىڭ سۇڭچۇەنفاڭغا ياردەم ئۈچۈن ئەسكەر يەتـ ـكۈزۈپ بېرىشىگە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەر- دى. پارتىيە يەنە نۇرغۇنلىغان ئەمگەك بىلەن ئىشچىلار جىسەكـ ـچىلەر ئەترىدى تەشكىل قىلىپ 5مىڭ ئادەمنى قوراللاندۇر ـ دى. بۇلار شاڭخەي پرولېتارلىرىنىڭ قوراللىق كۈچى بولدى.

ئاخىرىدا پارتىيە يەنە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا يېتەكچىلىك قى-لىش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىدا تۇتۇشقا قارار قىلدى.

خاڭجۇ تەرەپتىكى شىمالغا ئۈرۈش ئارمىيەسى 21-مارت كۈنى شاڭخەيدىن نەچچە ئون چاقىرىم يىراقتا جايلاشقان لۇڭخۇا دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى دەل سائەت 12 دە شاڭخەي باش (ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى) ئىككىنچى قېتىم ئومۇ-مى بىرلىشىپ ئىش تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شاڭ-خەي باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ چاقىرىغى ۋە يېتەكچىلىكى بىلەن ئىش تاشلاشقا قاتناشقان ئىشچىلار 800مىڭغا يېتىپ باردى. شاڭخەيدىكى ئىشچىلارنىڭ ئەڭ كۆپچىلىكى بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاشقا قاتناشتى.

شۇنداق قىلىپ باتۇر كوممۇنىست لاۋيەنلۇڭ، جۇئېنلەي، چاۋ-شۈيەنلەرنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكى ئاستىدا قوراللىق قوزغىلاڭ باشلاندى. ئىشچىلار ئەسكەر ۋە ساقچىلارنىڭ قوراللىرىنى تار-تىپ ئېلىپ ھەر قايسى رايونلارنى قولغا ئېلىپ شىمالىي پويىزد-ئىستانسىسىدە ئۇرۇشلۇق خۇبەي، سەندۇڭ بىرلەشمە ئارمىيە-سىگە ھۇجۇم باشلىدى. ئىككى كۈندۈز بىر كېچە (21-مارت سائەت 12دىن تارتىپ 22-مارت كەچ سائەت 6غىچە) قاتتىق كوچا ئۇرۇشى بولۇپ، نەتىجىدە 3-قېتىملىق قوزغىلاڭ غالىبى-يەت قازاندى! خۇبەي، سەندۇڭ بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ باش-لىقى بىجەدىڭ كونسېسسىيەگە قېچىپ كىرىۋالدى.

قوزغولاڭ باشلانغان ۋاقىتتا، شاگخەى باش (ئىشچىلار ئۆيۇشمىسى) لۇگخۇادا تۇرغان شىمالغا زۇرۇش ئارمىيەسىنىڭ گىنېرالى بەيچۇگشى (بۇ، ئىككى ھەپتىدىن كىيىن قوزغولۇش ياسىغان ئىشچىلارنى قىلىچ بىلەن قىرغان جاللاد) غا ۋەكىل ئەۋەتىپ ئىشچىلارنىڭ قوزغولۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، ئەمما شۇ ۋاقىتتاجاڭكەيشىدىن بۇيرۇق ئالغان بەيچۇگشى جاۋاپ بەرمەستىن ئەسكىرىنى قىمىرلاتماي تۇرۇۋالدى. باش (ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى) ۋەكىلى قايتا-قايتا تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، زادىلا ئۇنىمىدى. جاڭكەيشىنىڭ پىلانى: ئەۋۋەل شاگخەيدىكى ئىشچىلار شىمالى مىلىتارىستلار بىلەن بىگانە ھالدا قان چىچىشىپ ئۇرۇشسۇن ئاندىن كىيىن ئۇرۇشتا زەخمى يېگەن ھەمدە مىنىڭ ئىسيانىمدىن مۇداپىئە قىلىشقا ھازىرچە تەييارلىقى بولمىغان شاگخەي ئىشچىلىرىنى ئاياق ئاستىغا ئالىمەن. شۇنداق قىلىپ بىر تەرەپتىن شاگخەينى قولغا ئالىمەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلاپقا قارشى قانلىق سىياسى ئۆزگۆرۈش ياسىشىغا پايدىلىق بولۇدۇ، دىگەندىن ئىبارەت ئىدى.

22 ـ مارت كەچ سائەت 6دە، شاگخەي ئىشچىلىرى پۈتۈن شاگخەينى تارتىپ ئېلىپ بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندىن كىيىن قوزغالغان ئىشچىلارنى قىرغىن قىلىشقا جابدۇغان جاللاد بەيچۇگشى ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ناھايىتى ھاللانغان ھالدا شاگخەيگە كىرىپ كەلدى.

شاگخەى ئىشچىلىرى ۋە كومپارتىيەئەزالىرىنىڭ 3 ـ قىتىملىق قوزغۇلۇڭى جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخىدا شەرەپى ئوچمەس بىرنام قالدۇردى. شاگخەى ۋە نەنجىنلەرنى كەينى ـ كەينىدىن قولغا چۇشۇرۇش داۋامىدا ھەرساھە خەلقىنىڭ خوشاللىقى قايناپ تاش- تى ۋە روھى ئوستى. ھەر قايسى جايلاردىكى ئىشچى، دىخان- لار ئاممىسى خۇددى تاغنى تالقان قىلىديغاندەك زور غەيرەت بىلەن ۋە ئۇستۇن روھ بىلەن چاپسان تەشكىللىنىشىپ ھەريكەت باشلىدى. قىرى جاھانگىر ئۇلۇق بىرىتانىيە ئىمپىرىيەسى ھەت- تا شاگخەيدىن ۋە چاگجاڭ دەرياسىنىڭ ھەرقايسى چوڭ ئىغىز- لىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ كىتىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا مەج- بۇر بولدى. چاگجاڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ياش، قىرى ۋە ئەر ـ ئاياللارنىڭ، ماتا ئەمدى جۇڭگو قەددىنى كوتۇرۇدىغان بولدى، دىگەن جۇشەنچىگە كەلمىگەنلىرى يوق.

ئىنقىلاپقا قارشى 12 ـ ئاپرىل سىياسى ئوز ـ گورۇشى ـ جاگكەيشى نەنچاگدىن ئەنچىڭگە، ئەنچىڭدىن شاگخەيگە كەلگەندىن كىيىن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى نەنجىن، شاگخەيلەرگە كىرىپ جايلاشتى. جۇڭگونىڭ شەرقى جەنۇبى تامامەن منىڭ بولۇپ قالدى، ئىنقىلاپقا قارشى زور ئىسيان كو- تۇرۇش پەيتى تەييار بولۇپ قالدى، دەپ ھىس قىلغان جاگ- كەيشى بىر تەرەپتىن شاگخەيدىكى چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە شاگ- خەيگە توپلانغان بارلىق چوڭ پومىشچىكلارنىڭ ھىمايىسىگە ۋە

قولديشىغا ئىگە بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىمپېرىيالىستلار بىلەن سىياسەت سودىسى قىلىشتى (خۇاڭفۇ، دەي جىتاۋ ۋە ۋاڭ جىڭۋېيلەر ۋەكىللىك قىلغان بىر قىسىم قاتارلىق ئادەملەر ئارقىلىق ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلدى. يۈچاچىڭ ۋە سۇڭ زىۋېن قاتارلىق ئادەملەر ئارقىلىق ئانگلىيە، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلدى. ئۇ جېڭخۇي، لى شىزېڭ ۋە لى يۈيىڭ قاتارلىق ئادەملەر ئارقىلىق فرانسىيە ئىمپېرىيالىزمى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلدى.) يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ لۈكچەكلىك ئۇستازى كونا دوستىنىڭ قول-دىشىغا ئىگە بولدى. — يەنى ئۇنىڭ سودا باشقارمىسىنىڭ خو-جايىنى يۈچاچىڭ ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا پۇل بەردى؛ ئۇنىڭ «چىڭ خۇڭباڭ» ناملىق فاشىست تەشكىلاتىنىڭ ئۇستازى خۇاڭ-جىنرۇڭ، دۇيۇەسېڭ ۋە جاڭ شاۋلىڭ قاتارلىق ئادەملەر ئۇنى جاللاتلار بىلەن تەمىنلىدى.

ئىمپېرىيالىزم، فېئوداللىق كۈچلىرى ۋە كومپرادورلار سىنىپى، لۈكچەكلەر ۋە بۇ تارىختىكى ئەڭ زور جاللاد جاڭكەيشى، ئىنقىلابچى خەلقنى قىرغىن قىلىش تەدبىرلىرىنى ھازىرلاپ ئال-غاندىن كېيىن، ئىنقىلابقا قارشى زور سۇيىقەست بىر-بىرلەپ يولغا قويۇلغىلى تۇردى.

جاڭكەيشى بىر تەرەپتىن كوممۇنىستلارنىڭ ساپ دىل ۋە راستچىللىقىدىن پايدىلىپ ئۆزىنىڭ «ھوسسىز قىلىش» ھوقۇقىنى داۋاملىق ئىشلەتتى، يەنى شاڭخەي باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا

ئۇز نامىدىن «بىرلىكتە كۈرەش قىلايلى» دىگەن لەۋھەتاختىسىنى تەقدىم قىلىپ ئۇزىنىڭ شاگىخەيدىكى ئىنقىلاپچى ئىشچىلارغا بولغان «ھۈرمىتىنى» كۆرسەتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن جيەڭ دۇشۇ ئوپپورتونىزمىنىڭ ئەكسىل ئىنقىلاپقا يول قويۇپ كىلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ قىستاقنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. بىرىنچى قەدەمدە شاگىخەي خەلىق كونفرىنسىيە ژىغىن ئاچمىسۇن، شەھەر خەلىق كونفرىنسىيەسى دەرھال تارقىتىلسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەسلىدە، شاگىخەي خەلقى كومپارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە شاگىخەي شەھەرلىك خەلىق ژىغىنى ئىچىپ شاگىخەي شەھەرلىك خەلىق ھوكۈمىتىنى سايلىغان ئىدى. بۇ، خەلىقنىڭ ئۇز ھاكىمىيىتى ئىدى. جيەڭ دۇشۇ ئوپپورتونىستلىرى ئامپىرىيەنىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ھوكۈمەتنى كۈچەيتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە شەھەرلىك خەلىق ھوكۈمىتىدە بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى بولمىسا، ئىش ئىلىپ بارغىلى بولمايدۇ دەپ قورقۇپ بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇشقا ئالدىرىدى. ۋەھالەنكى، ئۇز ۋاقتىدا شاگىخەينىڭ ئەمىلى ھوقۇقى شاگىخەيدىكى قۇراللىق ئەمگەكچىلەرنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى شەھەرلىك خەلىق ھوكۈمىتىگە قاتنىشىشقا ئۇنۇمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرلىك خەلىق ھوكۈمىتى ئوپپورتونىستلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەقەت شەكلەن، قۇرۇلۇپ تەمخى ئەمىلى خىزمەتكە كىرىشمەستىنلا جاگىكەيشىنىڭ

بۇزغۇنچىلۇغىغا ئۇچرىدى. ئىككىنچى قەدەمدە جاڭگەيشى 12-
ئاپرىل كۈنى ئىنقىلاپقا قارشى سىياسى ئۆزگۈرۈشنى مەيدانغا
چىقاردى. جاڭگەيشى 11 - ئاپرىلدا شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق ئەس-
كەرلەر توپلۇشۇپ چوڭ قىرغىنغا تەييارلانسۇن دېگەن مەزمۇندا
بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەمدە خۇاڭ جىڭرۇڭ، دۇيۈەسىڭ ۋە جاڭ-
شاۋلىڭ قاتارلىق «چىڭ خۇڭباڭ» كالتەكچىلىرى تەرىپىدىن تەش-
كىللەنگەن «جۇڭگودا بىرلىكتە ئالغا بسىش جەمئىيىتى»گە 5 مىڭ
دوللار پۇل بىرىپ بىر مۇنچە لۈكچەكلەرنى ژىغدۇرۇپ ئۇلار-
غا كوك جاپان كىيدۇرۇپ، بىلەكلىرىگە «ئىشچى» دېگەن بەل-
گولەرنى تاقاپ، ئۇلارنى ئەترەد قىلىپ رەتلەپ، 12 - ئاپرىل
سەھەر سائەت بىردە ئىشچى جىسەكچى ئەترەدلىرىگە ھوجۇم
قىلدۇردى. قانلىق ۋاقىئە ئەنە شۇنىڭ بىلەن باشلاندى! ئىش-
چى جىسەكچىلەر ئەترىدى ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن
قارشىلىق بىلدۈرگەندە، جاڭگەيشى بىلەن بەي چۇڭشى «ئىشچى-
لار ئىچىدە جانجال چىقتى» دېگەن باھانىنى تېپىپ، ئىنقىلابى
تەرەپنىڭ تەييارلىقسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى شىمالى مى-
لىتارىستلار بىلەن قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلغان ئىشچىلار جىسەك
چىلەر ئەترىدىنى قۇرالسىزلاندۇردى. شۇ چاغدا ئىشچىلار ئۆز-
لىرىنىڭ تۇنۇگۇنكى ئىتتىپاقداشىغا يەنە ياۋاشلىق قىلدى، ئىش-
چىلار بۇ ئىچى يامان ئىتتىپاقداشنىڭ «ۋاپاغا جاپا» بىلەن جا-
ۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى ئويلىمىدى. 13 - ئاپرىلدا پۈتۈن شاڭ-

خەی ئیشچیلیری جایغا توپلۇشۇپ ئاممیۋی ژیغین ئوتــكەزدی
هەمدە سەپ تــۈزەپ قوماندانلیق شتاۋیغا تەكلیپ ئەلیپ ماڭ-
دی. قوماندانلیق شتابی قیرغین قیلیش مەخپی بۇیــرۇق تاپ-
شۇرۇپ ئەلیپ، ئاللیقاچان تەییارلیق كورۇپ قویغان ئەدی. تەكلیپ
ئەلیپ ماڭغان ئیشچیلار ئاممیسی باۋسەن كوچیسیغا یەتیپ بارغاندا
ئورغۇنلیغان ئەسكەر ئۇلارنیڭ ئالدینی توراپ ئوق چیقاردی.
كیبین خەلیقنیڭ بارغانسیری كوپییۇپ كەتكەنلیگی ئۈچۈن، بۇ
قۇرۇق قول بیلەن كەلیۋاتقان خەلیقنی پولیمیوت بیلەن قیردی!
ئیشچیلارنیڭ جەسەدلیری كوچیغا خۇددی دوڭلانغان تاشدەك
دوڭلۇنۇپ كەتتی. دەل شۇ ۋاقیتتا قاتتیق یامغۇر یاغماقتا ئە-
دی. بۇ یامغۇر سۈیی بیلەن قیزیل قانلار قوشۇلۇپ كوچیــدا
قان دەریاسی هاسیل قیلدی. ئولگەن ۋە یاریدار بولغانلارنیڭ
هیساۋینی ئەلیش مۇمكۈن ئەمەس. كوزی بیلەن كورگەنلەرنیڭ
ئیتیشیغا قاریغاندا، ۋاقیئە تۈگۈگەندین كیبین جەسەتلەر ماشی-
نا بیلەن توشۇلۇپ دەپن قیلینغان؛ بۇ جەسەدلەر 7 ـ 8 ماشینیغا
سیغمای قالغان! جاڭكەیشی جاللاد قیلیچینی قولیغا ئالغانــدین
باشلاپ شاڭخەی ۋە جاڭكەیشینیڭ قویرۇقلیرینیڭ ئاییغی تەگ-
كەنلا جایلارنی داۋاملیق رەۋیشتە ئاشكارە ۋە یوشۇرۇن قیر-
غین ۋە تىرورلۇق قاپلاپ كەتتی. شاڭخەی جاڭكەیشینیڭ دوم-
باقچیلیرینیڭ خۇددی «یولۋاس ۋە بورىــلەر توپ ـ توپ بولۇپ
ژۈرگەن» دەك توپ ـ توپ بولۇپ ژۈریدیغان دۇنیاسیغا ئایلان-

دى. («يولۋاس» ديگەن سوز جاللاد ياڭخۇئا قاريتيلغان «بورى» ديگەن سوز، جاللاد چيڭچۇنگە قاريتيلغان. بۇ ئيككى جاللاد بەي چۇڭشى بيلەن بيرليكتە شاگخەينيڭ ئالى مەئمۇرى هۇۋۇقليرينى، ئوز قولليريغا كيرگوزۇپ ئيليپ، ئولتۇرگەن ئادەملەرنيڭ سانيغا قاراپ جاگكەيشيدين ئينئام ئالدى. خەليق بۇلارنى «يولۋاس ۋە بورى» دەپ ئاتايدۇ). شەرقى جەنۇپتيكى ئولكيلەرنيڭ هەممە جايليريدا ئينقيلاپچى خەليقنيڭ ئيسسيق قانليرى ئاقتى. گۇاڭدۇڭدا «15 ـ ئاپريل» قيرغيني تۇغۇلدى. ميللەتنيڭ سانسيز قيزيل گۇلليرى ئەنە شۇ ئەخير تروورلۇق ئاستيدا قۇربان بولدى. ئينقيلاپ قەهريمانى چيڭ يەتنەن، جاۋشييەن، ۋاڭشۇخۇا، شاۋچۇنۇي، شۇلۇشۇڭ ۋە لويينۇڭلار ئەنە شۇ ۋاقيتلاردا قۇربان بولدى.

5

ماۋزەدۇڭنيڭ «خۇنەن ديخانلار هەريكيتيني تەكشۇرۇشتين دوكلاد» نيڭ ئەسلان قيلينيشى، چيڭ دۇشيۇنيڭ ئوڭچيل تەسليمچيليك يوليغا قارشى كۇرەش، كومپارتييەنيڭ مەمليكەتليك 5 ـ قۇرۇلتايى

جۇڭگو كومپارتييەسينيڭ ئستراتيگييە ئاساسى «خۇنەن ديخانلار هەريكيتيني تەكشۇرۇشتين

دوكلاد» ـ گومينداڭ تەتۈر ھەرىكەتچىلىرى 1926 ـ مايدا «پارتىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش» دېگەن نەرسىسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ گۇاڭدۇڭدىن شاڭخەيگە كېلىپ كومپارتىيە مەركىزىنىڭ دېھقانلار ھەرىكىتى كومىتېتىدا سېكرېتار بولۇپ ئىشلىدى.

شىمالغا ئۇرۇش ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، ئاممىۋى ھەرىكەت بولۇپمۇ دېھقانلار ھەرىكىتى جەنۇپ تەرەپتىكى ئۆلكىلەردە ناھايىتى تەرەققى قىلغان ئىدى. كومپارتىيە مەركىزى ماۋزېدۇڭنى خۇنەنگە بېرىپ دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى.

ماۋزېدۇڭ 1927 ـ يىلى 4 ـ يانۋاردىن فېۋرالغىچە، جەمئىي 32 كۈن ئىچىدە شياڭتەن، شياڭشياڭ، خېڭسەن، لىلىڭ، چاڭشالاردىن ئىبارەت 5 ناھىيەدىكى دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپ، مەشھۇر «خۇنەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلاد»نى يېزىپ چىقىپ «شاڭداۋ (باشلىغۇچى)» گېزىتى ۋە خەنكۇدا چىقىدىغان «مىڭگوژىباۋ» گېزىتىنىڭ مەركىزى كومىتېت تەھرىرلىگىدە چىقىدىغان قوشۇمچە سانلىرىدا بىر قىسمىنى ئېلان قىلدى. (ئۇز ۋاقتىدا جۇڭگو كومپارتىيە تەشۋىقات بولۇمىنىڭ باشلىغى ئوپپورتونىست پېڭشۇزى توسقۇنلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ماقالىنىڭ داۋامى تولۇق بېسىلماي قالدى). كېيىن، جۇيچۇبەي ئۇخەندە بۇ دوكلاتنىڭ ھەممىسىنى بىر كىتابچە قىلىپ باستۇردى. ھەمدە بۇنىڭغا كىرىش سوز يازدى.

بۇدوكلاد ، جۇڭگودىكى بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە ناھايىتى مۇھىم ۋە ناھايىتى پارلاق ئەسەردۇر. شۇنىڭ- دەك ماۋزەيدۇڭنىڭ پالشېۋىستىك ئىنقىلابى نەزەرىيەبىلەن سۇ- غۇرۇلغان پارلاق ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەر جۇڭگو كومپارتىيە پالشېۋىكلىرىنىڭ چېك دۇشۇ منشېۋىكلىرىدىن مەڭگۈرە جەھەتتە ئاشكارە ئايرىلغانلىقىغا ۋەكىلدۇر.

ماۋزەيدۇڭ بىرىنچىدىن، بۇ ئەسىرىدە دېخانلار ئىنقىلاۋىنى تولۇق سەمىمىيەت بىلەن تەرىپلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ «بۇ، 40 ژىل ھەتتا نەچچە مىڭ ژىلدىمۇ ئورۇندالمىغان ئاجايىپ ئۇلۇق خىزمەتدۇر. بۇ ناھايىتى ئوبدان بولدى. بۇنىڭدا ھېچ- قانداق «يامانلىق» يوق ۋەبۇنىڭدا ھېچقانداق «ناھايىتى يامان بولدى» دەيدىغان ئىش يوق. مىللى ئىنقىلاپ، يېزىلاردا بىر چوڭ ئۆزگۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شىڭ خەي ئىنقىلاۋىدا بۇ ئۆزگۆرۈش بولمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمەغلۇپ بولدى. ھازىر بۇ ئۆزگۆرۈشنىڭ بولۇشى، ئىنقىلابنى ئورۇنداشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قالدى» (ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى بىرىنچى توم 2- نەشرى 17- بەت)

ماۋزەيدۇڭ بىر تەرەپتىن پومشېشىكلار سىنىپىنىڭ- ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ، دېخانلار ئىنقىلاۋىنى «ناھايىتى يامان بولدى» دەپ قىلغان ھاقارەتلىرىگە قارشى تۇردى ۋە ئۇنداق ھاقارەتلەرنى تىتىپ تاشلىدى. يەنە بىر تەرەپتە چېك دۇشۇ-

منشيۋيزمنيڭ ديخانلار كۆرەشليرىنى چەكلەش، ديخانلار كۆ-
رەشليرىنيڭ مۇۋەپپىيەتليرىنى ئينكارقيليش مەزمۇنيدىكى ئە-
سانيليرىگە قارشى تۇردى. چيڭ دۇشۇ ديخانلار كۆرەشليرىنى
چەكلەپ: «پومەشچىكلار بيلەن كەمبىغەل ديخانلار توقۇنۇشۇپ
قالسا، كونا ديخانلار جەمئىيىتى (ئينقيلاپتين ئيلگيرى توخاۋ-
لۇەشين لەر قوليدىكى قانونى ئورگان ئىدى) نى ئيلاجى بارمۇ-
رەسسەلەشتۇرۇش ئۇرنىغا چيقيريش لازيم» دەيدۇ. چيڭ دۇشۇ
يەنە ئۆز ۋاقتيدىكى ديخانلار هەرىكيتينى «هەددىدين ئارتۇق
سولچۇلۇق» دەيدۇ (چيڭ دۇشۇ تەرىپيدين يېزىلغان «پارتييە
مەركيزى كوميتيتينيڭ 3-قېتيملىق كېڭەيتيلگەن پلېنۇمى قارارلي-
رى»غا قارارلسۇن). بولشيۋيزم بيلەن منشيۋيزمنيڭ پەرقى ماناشۇ
يەردە ناهايىتى روشەن كورۇنۇپ تۇرۇدۇ.

ئيككينچيدين پۈتۈن جۇڭگو ئينقيلابى ۋە ئيستينيڭ ئوزگورۇشيگە
مۇهيم مۇناسيۋىتى بولغان ديخانلار مەسيليسى هەققيدە ماۋزەي-
دۇڭ مۇنداق دەپ يازيدۇ: «نەسەپ نۇزۇميدىكى فيئودالليق
خاراكتىردىكى توخاۋ-لۇەشين لەر، قانۇنسىز پومەشچىكلارسينىپى
نەچچە ميڭ ژيلدين بۇيانقى ئيستيبدات سياسەتينيڭ ئاساسى
ۋە ئيمپىريئاليزمنيڭ، ميليتاريستلارنيڭ ۋە پاريخور، ئيپلاس
ئەمەلدارلارنيڭ تيرىگى بولۇپ كەلدى.» ديخانلارنيڭ ئينقيلاپ
قيليپ «بۇ فيئودالليق كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشليشى، مىللى ئين-
قيلاپنيڭ هەقيقى نيشانيسيدۇر.» (ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەر-

لىرى 1 ـ توم 2 ـ نەشرى 17 ـ بەت)

چېڭ دۇشۇ «ئىمپېرىيالىزم»غا قارشى تۇرۇشنى يىزا ئىنقىلاۋىغا قارشى تۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلدى؛ بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىنقىلابى سەپتىن چېكىنىپ كېتىشىدىن قورقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانلار ئىنقىلاۋىدىن قورقتى. نەتىجىدە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىنقىلابقا قارشى ئىسيانىنى چاپسانلاشتۇرۇپ ئىمپېرىيالىزمنى «غالىبىيەت»كە ئېرىشتۈردى. تارىخ، ماۋزېدۇڭنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزم يولى بىلەن مېڭىش، ئىنقىلابنى غالىبىيەت قازىنىش يولىغا باشلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، چېڭ دۇشۇنىڭ ئوڭچىل ئوپپورتونىزم يولى بىلەن مېڭىش، ئىنقىلابنى مەغلۇبىيەتكە باشلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئۈچۈنچىدىن، ئىنقىلابچى خەلقنىڭ دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى ۋە دېھقانلارنىڭ قوراللىنىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ماۋزېدۇڭ بۇنداق دىكتاتورىنى ۋە قوراللىنىشنى قىزغىن ھىمايە قىلدى. ئۇ بۇنداق دەپ يازىدۇ: «يومشىكلارنىڭ ھاكىمىيىتى يوقۇتۇلۇش بىلەنلا، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى بىردىن ـ بىر ھوقۇقلۇق ئورگان بولغان؛ خەلقنىڭ «بارلىق ھوقۇقلار دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا ئۆتسۇن» دېگىنى ھەقىقەتەن ئورۇندالغان... دېھقانلار ئۇيۇشمىسى دېھقانلارنىڭ يېزىلاردا ھەممە نەرسىگە ھاكىم مۇتلەقلىق قىلىپ «دېگىنىنى ئورۇندايدىغان دەرىجىدە بولغان.» باشقا ساھەدىكىلەر دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پەقەت ياخشى گېپىنى قىـ

لىپ، ئۇنى يامان دېيەلمىگەن. تۇخاۋ ـ لۇەشىنلەر، قانۇنغا خىلاپ ـ لىق قىلغۇچى پومىشچىكلار ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنىپ، ياق، دېگەن سوزنى ھېچبىرسى ئاغزىدىن چىقىرالمايدىغان بولغان» (ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى بىـ رىنچى توم 2 ـ نەشرى 15 ـ بەت) «پومىشچىكلارنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېھقانلارنىڭ قۇراللىق كۈچلىـ رىنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم. خۇنەندىكى ئىنقىلابى ھاكىمىيەت مۇنداق قۇراللىق كۈچلەرنى ھەقىقەتەن 75 ناھىيەدىكى 20 مىللىـ ئوندىن ئارتۇق دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ... لا ـ زىم.» (يەنە شۇ كىتابنىڭ 30 ـ 31 ـ بەتلىرى)

ماۋزېدۇڭ خەلقنىڭ ئەنە شۇ ئىجادىيەتلىرىنى تولۇق مەم ـ نۇنلۇق بىلەن تەرىپلىدى. چۈنكى بۇ، ئۇلارنىڭ ئازاتلىق يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ يۈكسەك ئىپادىسى ئىدى.

ئەمما چېن دۇشيۇ دېھقانلارنىڭ مەئمۇرىيەتكە ئارىلىشىغا قار ـ شى تۇردى، دېھقانلارنىڭ ھۆججەتلىرىدىن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىـ شىغا قارشى تۇردى، ھاكىمىيەت مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرقايسى تەرەپلەر (يەنى تۇخاۋ ـ لۇەشىنلەر ھاكىمىيتى ئوتتۇرىسىدا بول ـ غان توقۇنۇش)گە قارشى تۇردى. يەنى، دېمەك، پومىشچىكلار ـ نىڭ قانۇنسىز كونا ھاكىمىيىتىنى قوغداپ، دېھقانلارنىڭ ئەمەلگە مۇ ـ ۋاپىق يېڭى ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشىغا قارشى تۇردى. چېن دۇشيۇ ئىنقىلابقا قارشى كۈچ ئالدىدا ئەنە شۇنداق تىزلاپ ئەزۈرە كتۇر.

لېنىن: «كىمىكى دېھقان بولۇپ قالغان ئادەمگە ياردەم قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزى دېھقان بولۇپ قالماسلىقى لازىم» – دېگەن ئىدى. ماۋزېدۇڭنىڭ خۇنەن دېھقانلار ھەرىكىتى توغرىسىدىكى دوكلادى پۈتۈنلەي ئەنە شۇ روھ بىلەن تولغاندۇر. چېن دۇشيۇ ئوپپورتونىزمى ماۋزېدۇڭنىڭ دېھقانلار ئىنقىلاۋىنى كۈچەيتىش ۋە خەلقنى قوراللاندۇرۇش توغرىسىدىكى قەتئىي سىياسىتىنى رەت قىلىپ، ئەمەلىياتتا تەتۈر ئىنقىلاپقا ياردەم قىلدى.

ئومۇمەن، ماۋزېدۇڭنىڭ خۇنەن دېھقانلىرىنىڭ كۆرەش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسە قىلغان بۇ ئەسىرى، بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئېلىپ بارغان كۆرەشلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسە چىقارغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر بۇ قېتىمقى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرىدىكى كومپارتىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىسىنىڭ ژىغىندىسىدۇر. بۇ ئەسەر جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ بولشېۋىكلەرچە ئىستراتېگىيەسىگە ئاساس قۇرۇپ بەردى.

ستالىن 1926 – ژىلى نويابىردىكى «جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە؛ جۇڭگودا ئىمپېرىيالىزمغا قارشى بىرلىك سەپنىڭ ئاساسى كۈچى، پرولېتارلار سىنىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچىسى دېھقانلاردۇر، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ يەنە: دېھقانلارنى قوزغاپ قويساق،

ئىمپېرىيالىزمغا قارشى بىرلىك سەپنى بۇزۇپ قويىدۇ، دەيدىغان مەيكۇرە خاتا، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇمۇنداق دەيدۇ:

«جۇڭگو دېھقانلىرى ئىنقىلاپقا قانچىكى ئىلدام ۋە قانچىكى قەتئىيلىك بىلەن قاتناشسا، جۇڭگودىكى ئىمپېرىيالىزمغا قارشى بىرلىك سەپ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ ۋە شۇنچە زورىيىدۇ» («لېنىن، ستالىن جۇڭگو ھەققىدە» دېگەن كىتاۋنىڭ 146 ــ بېتىگە قارالسۇن)

ستالىن 1927 ــ يىلى مايدىكى «سۇنىياتسېن ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سۆھبەت» دېگەن ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

«ئەگەر ئۇخەن ھۆكۈمىتى (ئوزۋاقىتىدىكى ئۇخەندىكى ئىنقىلابى ھۆكۈمەت) غالىبىيەت قازانماقچى بولسا، ئۇھەقىقى كۈچلەرنى بەرپا قىلىپ جاڭ زولىنغا، جاڭكەيشىگە ۋە ئىمپېرىيالىستلارغا قارشى تۇرماقچى بولسا، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە دېھقانلارنىڭ پومىشچىكلاردىن يەرنى تارتىپ ئېلىش ئىنقىلاۋىغا تراكدا شلىق قىلىشى لازىم.

جۇڭگودا فېئودالىزم تۈزۈمىنى ۋە ئىمپېرىيالىزمنى پەقەت، ھەربى كۈچ بىلەنلا ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ، دەپ قاراش، سارالڭ ئاددەمنىڭ جۆش كۆرگىنىگە ئوخشاشدۇر. يەرئىنقىلابى بولمىسا، مىلليونلىغان دېھقانلار ئامىسى ئۇخەن ئارمىيەسىگە ياتئال رەۋىشتە تراكدا شلىق قىلمىسا، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ئاغ-

دۇرۇپ تاشلاش مۇمكۇن ئەمەس.» («لنىن، ستالىن جۇڭگو ھەققىدە» دېگەن كىتاۋىنىڭ 202 ـ 203 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن). بۇ ئىنقىلابى داھىنىڭ نەزەرىيەسى جۇڭگو بولشىۋىزمىنىڭ ھەقىقى ۋەكىلى بولغان ماۋزەيدۇڭنىڭ نەزەرىيەسى بىلەن تامامەن بىردۇر. ئۇلار ئۇزۋاقىتكى ئىنقىلاپنىڭ جىددىيلەشكەن بىر مەزگىلدە ئىنقىلابى ھۇجۇمنىڭ مەركىزى ھالىقىسىنى ۋەبىردىن بىر توغرى يولىنى ـ دېھقانلار ئىنقىلاۋىنى قوزغاش ۋە ئۇنىڭغا تەرەككىداشلىق قىلىشنى كورسۇتۇپ بەردى. شۇنداق قىلغاندىلا ئىنقىلاپنىڭ غالىبىيىتىنى مۇستەھكەملىگىلى بولۇدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ئىتتىپاقداشلارنىڭ يۇز ئورۇشىگە قارشى تۇرغىلى ۋە چەككۇيغىلى بولۇدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇز ۋاقىتكى پارتىيەنىڭ يېتەكچىسى بولغان چىڭ دۇشيۇ قاتارلىق ئادەملەرنىڭ تەسلىمچىلىكى بۇنداق بولشىۋىزم يولىغا زىت يولدا مېڭىپ، ئاخىرى ئىنقىلاپنى تارىخى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

كومپارتىيەنىڭ مەملىكەتلىك 5 ـ قۇرۇلتايى ـ «12 ـ ئاپرىل» پاجىئەسىدىن كېيىنكى جىددى ۋەزئىيەت ئالدىدا، 1927 ـ ژىلى 27 ـ ئاپرىل كۈنى جۇڭگو كومپارتىيەسى ئۇخەندە مەملىكەتلىك 5 ـ قۇرۇلتايىنى چاقىردى. قۇرۇلتايغا 57,967 نەپەر پارتىيە ئەزاغا ۋاكالىتەن 80 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاي يېرىم ئاي داۋام قىلدى. قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى: ئوتمۇشتىكى خىزمەتلەردىن خۇلاسە چىقىرىپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات

ئىستىقبالىنى كورسۇتۇپ بېرىش ۋە كومپارتىيەنىڭ كېيىنكى ۋاقىت ئىچىدىكى ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتىن ئىبارەت ئىدى. قۇرۇلتاي كومپارتىيە يىتەكچى ئورگانىنىڭ ئىنقىلابى بىرلىك سەپ خىزمىتى ساھەسىدىكى خاتالىقلىرىغا تەنقىت بېرىپ، چىڭ دۇشيۇنىڭ ئوڭ- چىل ئوپپورتۇنىزم نەزەرىيەسىنى رەت قىلدى. جۇڭگو كومپار- تىيەسىنىڭ 5-قۇرۇلتايىنىڭ مۇزاكىرە قىلىدىغان ئىككىنچى مەسى- لىسى، كومىنتېرن ئىجرائى ھەيئىتىنىڭ كېڭەيتىلگەن 7-سانلىق مەجلىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان جۇڭگو مەسىلىسى ھەققىدىكى پروگراممىدىن ئىبارەت بولۇپ، قۇرۇلتاي بۇ پروگراممىنى تامامەن ۋە بىر ئېغىزدىن قوبۇل قىلدى. قۇرۇلتاينىڭ مۇزاكىرە قىلىدىغان 3-مەسىلىسى يەر مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ماۋزېدۇڭ قۇ- رۇلتايدا «يەر ھەققىدىكى كۈرەشنى چاپسان كۈچەيتىش» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. ئەمما چىڭ دۇشيۇنىڭ ھاكىملىقى بىلەن بۇ پىكىر يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇھىم مەسىلە قۇرۇلتايدا روشەن ھەم تولۇق ھەل قىلىنمىدى.

1927-يىلنىڭ باشلىرىدا چىڭ دۇشيۇنىڭ ئوڭچىل ئوپپور- تۇنىزمى تەرەققىي قىلىپ سىستېمىلىق تەسلىمىيەتچىلىككىچە يېتىپ بار- دى. ئەمما چىڭ دۇشيۇ جۇڭگو كومپارتىيەسىنى قۇرۇشتا تەشەب- بۇسچىلىق قىلغان ئادەملەرنىڭ بىرسى بولغاچقا، ھەمدە بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئۇنىڭ ئوپپورتۇنىزمچىلىق خاتالىقى توغرىسىدا چىقى- رىلغان قارارنى ئۆزى قوبۇل قىلغاچقا، قۇرۇلتايدا ئۇ يەنە ئەڭ

مۇھىم خىزمەتكە داۋاملىق سايلاندى. ماۋزېدۇڭ، چۈي چۇبەي ۋە رىن بىسىلەر 5-قۇرۇلتايدىن ئىلگىرى ۋە قۇرۇلتايدا نەزەرىيە جەھەتتىن چيڭ دۇشۇ ۋە پىڭ شۇزىلارنىڭ ئوڭچىل ئوپپورتۇنىزم سىياسىتىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۈرەش ئۇمۇمەن ئالغاندا دېگەندەك بولالمىدى. ماۋزېدۇڭ كېسەل سەۋەبى بىلەن 5-قۇرۇلتاينىڭ مەجلىسلىرىگە بىر نەچچە قېتىم قاتنىشالماي قالدى. كېيىن ۋاقىئەنىڭ تەرەققىياتى جەرىيانىدا چيڭ دۇشۇ كومپارتىيەنىڭ ئەمەلىي يېتەكچىلىكىگە ھاكىم بولۇپ ئېلىپ، ئوتتۇرىدىكى ئوپپورتۇنىزم خاتالىقىنى ئەمەلىياتتا تۈزۈتۈش بىر ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئوپپورتۇنىزمنى تەرەققىي ئەتتۈرۈپ تەسلىمچىلىكنى چېكىگىچە يەتكۈزدى. كومپارتىيە ئىچىدىكى توغرى تەنقىت ۋە توغرى پىكىرلەرنى چەكلەپ قويدى. 5-قۇرۇلتايدا چيڭ دۇشۇ چىلار ماۋزېدۇڭنى ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى. جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ چيڭ دۇشۇ، پىڭ شۇزى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا ئېتىلغان سايلام روېى خېتىگە ماۋزېدۇڭنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلمىدى. كېيىن خۇنەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە باشقا ۋەكىللەرنىڭ قاتتىق تىركىشىشى نەتىجىسىدە نائىلاج ئۇنىڭ نامى كاندىداتلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. چيڭ دۇشۇ ئوپپورتۇنىزمىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيە يېتەكچى ئورگانى ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىقى بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنى ناھايىتى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

ئەمماجۇڭگو كومپارتىيەسىدىكى قىسمەن توغرايتەكچى كادرلار چىڭ دۇشۇنىڭ مەنشىۋىكلەرچە پروگراممىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى بولشىۋىزم پروگراممىسى بويىچە ئىشلىدى. ماۋزەيدۇڭ خۇنەن دېخانلار ھەرىكىتىنى تەكشۇرگەندىن كېيىن 1927 ـ ژىلى باھاردا ئۇخەنگە كىلىپ، مەملىكەتلىك دېخانلار جەمئىيىتىگە رەئىس بولۇپ سايلاندى، ھەمدە «مەملىكەتتىكى دېخانلار ھەرىكىتى كۇرىشى»نى داۋام ئەتتۇردى. ماۋزەيدۇڭ يىتەكچىلىگىدىكى مەملىكەتلىك دېخانلار ھەرىكىتى ۋەلىيۇشاۋچى، سۇجاجىڭ يىتەكچىلىگىدىكى ئۇخەننى مەركەز قىلغان مەملىكەتلىك ئىشچىلار ھەرىكىتى ئەۋۋەلقىدەكلا تەرەققى قىلىۋەدى. ئىنقىلابنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىشچىلار كاپىتالىستلارنىڭ ئىشىنى توختۇتۇپ قويۇشىغا قارشى تۇردى. ئىنقىلابقا قارشى ھەرىكەتلەرنى بېسىش ئۈچۈن ئىشچىلار جىسەكچىلەر ئەترىدى تەشكىل قىلدى. ئىشچىلار قىسمەن قۇراللاندى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى تىخىمۇ كېڭىيىپ زور سانائەت ۋە قول سانائەت ئىشچىلىرى تامامەن تەشكىللەندى. باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىمۇ ئىشچىلار ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا زور ئىناۋەت ئورناتتى.

دېخانلار كۇرەشلىرى تىخىمۇ تەرەققى قىلدى. يىزىلاردا توخاۋ ـ لوەشىنلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە ھەققى ۋە ئالۋاڭغا قارشى تۇرۇش كۇرەشلىرىمۇ دولقۇنلىدى. بولۇپمۇ ماۋزەيدۇڭنى باياراق قىلغان خۇنەن دېخانلىرى بەزى جايلاردا توخاۋ ـ لوە ـ

شىن- بومششىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ ئۆزلىرى بو-لۇشتى. بەئزى جايلاردا تەقسىم قىلىنغان يەرلەرگە قاراش ئۈچۈن «بەلگۈ قوزۇغى» تەييارلىدى. دىخانلار ئۇمۇمى هالدا ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان هەربى قىسىملار تەشكىل قىلدى. دىخانلار جەم-ئىيەتلىرى شۇ قەدەر چاپسان تەرەققى قىلدىكى، يالغۇز خۇنەن ئۆلكىسىدە 1927-ژىلى مارتتا دىخانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەئزا-لىرى 800 مىڭ بولغان بولسا، 15-مايغىچە 2 مىللىئونغا يەتتىپ باردى. خۇنەندە نەچچە مىللىئونلىغان دىخان تەشكىللىنىپ كەتتى. دىخانلار جەمئىيەتلىرى هەممەجايدا دىگىدەك قۇرۇلدى. هەتتا نۇرغۇن جايلاردىكى يېزىلار هەقىقى هاكىمىيەت ئورگان-لىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئەپسۇسكى كومپارتىيە يەتەكچى ئورگانىدىكى چېڭ دۇشۇ ئوڭچىل ئوپپورتۇنىزمىنىڭ هوكۇمرانلىغى كاساپىتىدىن، كىيىنكى ۋاقىتلاردا ئىشچىلار جىسەكچىلىرى ئەترىدى «ئوز-ئوزىچە» نارقىلىپ دىخانلار ئارمىيەسىنىڭ چاكساغا قىلىدىغان هۇجۇمىغا دەخلى يەتكۈزدى. ئىشچى، دىخانلار هەرىكىتى يەنە بىرقېتىم چەكلىنىپ ئاخىرى ئىنقىلابقا قارشى كۈچنىڭ قانلىق قىرغىنىغا ئۇچ-رىدى.

6

جاڭكەيشى گروھىنىڭ ئىسيانىدىن ۋاڭ جىڭۋى گروھ-نىڭ ئىسيانىغىچە، ئىنقىلابنىڭ ئەجىنىشلىق مەغلۇبىيىتى

نەنجىن بىلەن ئۇخەن ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق — جاڭكەيشى «12 — ئاپرىل» ئىسيانىنى ئوتكۇزۇش-تىن ئىلگىرى ئۇخەننى مەركەز قىلغان ئىنقىلابى كۈچ جاڭكەي-شىنىڭ ئىستىبداتچىلىق ئەقىمىغا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلىپ كەلدى. گومىنداڭ 1927 — ژىلى 9 — فېۋرال كۈنى كومپارتىيە-نىڭ تەشەببۇسى بىلەن ژۇڭقۇرى دەرىجىلىك كادرلار ژىغىنى ئەچىپ: دىموكراتىيەنى يولغا قويۇمىز، ئىستىبداتچىلىققا قارشى تۇرۇمىز، پارتىيە ھوقۇقىنى ژۇڭقۇرى كوتۇرۇمىز. ئىشچى، دى-ھقانلار ھەرىكىتىگە ياردەم بىرىمىز — دەپ خىتابنامە ئەلان قىل-دى. شۇيىچەن، تۇيۇيجاڭ، دىڭ يەندا، سۇڭ كۇ ۋە گومىڭ-يۇ لەردىن ئىبارەت 5 كىشىلىك ھەرىكەت ھەيئىتى تەشكىل قىلدى.

كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ئۇخەن-دە ۋاقتىنچە داۋام قىلماقتا ئىدى. 7 — مارتتا گومىنداڭنىڭ 2 — سانلىق 3 — پلېنۇمى خەنكۇدا ئەچىلىپ، گومىنداڭ ئىچىدە دىموكراتىيەنى ژۇڭقۇرى كوتۇرۇش، رەئىسلىك تۈزۈمىنى كىرەك-سىز قىلىپ، شەخسى ئىستىبداتلىق ھەربى دىكتاتۇرا ئەقىمىدىن

ساقلىنىش، ئۇيۇيجاڭ، جيڭ گوگباۋ، تەن پىڭسەنلەرنى كاتىپ-لىققا قويۇش، جاڭگەيشىنى گومىنداڭ مەركىزى دائىمى ھەي-ئىتىدىكى رەئىسلىكتىن، ھەربى ھەيئەت رەئىسلىكىدىن ۋە تەش-كىلات بۆلۈم باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلاشقا قارار قىلىندى. ھەمدە گومىن جيڭفۇنىڭ مىنىستىرلىرى بەلگۈلىنىپ دېخا نلار مىنىستىرلىكىگە تەي پىڭسەن، ئىشچىلار مىنىستىرلىكىگە سۇجاۋجېڭ تەيىنلەندى.

ئىنقىلاپقا قارشى «12 - ئاپرېل» ئۆزگۈرۈشىدىن كېيىن، يەنى 17 - ئاپرېل كۈنى ئۇخەندىكى گومىن جيڭفۇ بىلەن گو-مىنداڭ مەركىزى «12 - ئاپرېل» قىرغىنىنى سوكۇپ، جاڭگەيشىنى گومىنداڭ ئەزالىقىدىن چىقىرىش ھەمدە ئۇنى ئاساسى ۋە قو-شۇمچە خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە بۇيرۇق تارقاتتى ۋە جاڭگەيشىنى جاۋابكارلىققا تارتىش توغرىسىدا ئۇمۇمى تىلگ-رام تارقاتتى. 25 - ئاپرېلدا ئۇخەندە جاڭگەيشىنىڭ «پارتىيەنى تازىلاش» مەقسىدى بىلەن قىلغان «12 - ئاپرېل» ئىسيانىغا قارشى 300 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاممىۋى ژىغىن ئوتكۈزۈلدى.

شۇ چاغدا شىمالغا قارشى ئىككى تەرەپلىمىلىك ھەرىكەت توغۇلدى؛ ئۇنىڭ بىر تەرىپى جاڭگەيشىنىڭ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شىمالى مىلىتارىستلارغا قارشى «شىمالغا ژۇرۇش» ھەرىكىتى؛ يەنە بىرسى ئۇخەن ھوكۇ-مىتىنىڭ ئىنقىلاپ يولىدىكى - شىمالغا ژۇرۇش ھەرىكىتى ئىدى.

مايىنىڭ باشلىرىدا جاڭگەيشىنىڭ ئەسكەرلىرى چاڭجاڭ

دەرياسيدىن ئۆتۈپ شيمالغا ژۈرۈپ خوەيلۇ، باڭفۇ، خەيجو
ۋە شۈيجۇنى ئىشغال قىلدى. دەل شۇچاغدا ئۇخەن ھۆكۈمىتى-
نىڭ ئەسكەرلىرىمۇ تاڭ سيگجىنىڭ رەھبەرلىگىدە خەنەنگە ھۇ-
جۇم قىلىپ مىللى ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ لياۋنىڭ گروھيدىكى
مىليتارىستلارنى يوقۇتۇپ جىڭ جۇ، كەيفڭ لارنى ئىگىلى-
دى. مەشھۇر كوممۇنىست-جەڭچى جاڭ شەنيۇن خەنەندە
بولغان ئۇرۇشتا قۇربان بولدى.

شادۇيىگنىڭ ئىسيانى ۋە «21-ماي ۋاقىئەسى»-
ئىنقىلاپقا قارشى «12-ئاپرېل» ۋاقىئەسىدىن كېيىن جاڭگكەيشى
گروھى ئىمپېرىئالىستلارنىڭ قولدىشى بىلەن ئۇخەننى مۇھاسى-
رىگە ئالدى. شيمالى ئەنخۇيدىكى ئەسكەرلىرىنى يوتكەپ كە-
لىپ ئۇخەنگە تەھدىت سالدى. ھەمدە ئۇخەندىكى تەتۈر-ھە-
رىكەتچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىنقىلاپقا ھۇجۇم قىلدى.
بەزى كاپىتالىستلار قەستەنگىلا فابرىكىلىرىنى تاقاپ ئىش توخ-
تاتتى. بەزى تۈلكى سودىگەرلەر تىجارەتلىرىنى ژىغىشتۇرۇپ
سودىنى توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىشچىلار ئىشسىز قال-
دى. ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ئېغىرلاشتى. قەغەز ئاقچى-
نىڭ قىممىتى چۈشتى. تۇرمۇش لازىمەتلىقلىرى ئازايغىلى تۇردى.
ۋاڭجىڭۋى، سۈگكو ۋە تەن يەنكەي قاتارلىق ئۇخەن ھۆكۈمىتى
ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ئالغان ساختا ئىنقىلاپچى ۋە ساختا سول-
چىللار ئارىسالدى بولۇپ، ئىشچى، دېخانلار ھەرىكىتى «ھەدى-

دىن ئشىپ كەتتى» دەپ ۋاقىراپ ئىنقىلاپقا قارشى ئىسيان كوتۇرۇشكە باھانە تاپتى.

ئەنە شۇ ئەھۋاللار ئاستىدا ھەممىدىن ئەۋۋەل شادۇيىڭ ئىسيان كوتەردى. شادۇيىڭ(مۇستە قىل 19 ـ دىۋىزىيەنىڭ كوـ ماندىرى) قىسمى ئەسلىدە ئوز ۋاقتىدىكى ئۇخەن ھوكۇمىتىنىڭ سىچوەندىكى مىلىتارىستلار ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇخەنگە بسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە قىلىشقا قويغان قىسمى ئىدى. ئەمما شاـ دۇيىڭ 1927 ـ ژىلى 17 ـ مايدا ئۇخەن ئىنقىلابى ئارمىيەسى خەنەنگە كىرگەن پەيتتىن پايدىلىنىپ تەتۇر ئىنقىلابچىلارنىڭ يولىورۇغى بويىچە ئوز قىسمى بىلەن ئىسيان كوتەردى: 15 ـ كورپۇسنىڭ ليۇزۇلۇڭ قىسمى سىچوەن ئارمىيەسىنىڭ ياڭ سىڭ قىسمى(20 ـ كورپۇس) بىلەن بىرلىشىپ ئۇخەندىكى مىللى ھوكۇـ مەتكە ھۇجۇم قىلدى. ئۇخەندىكى مىللى ھوكۇمەت ۋە كومپارـ تىيە بارلىق كۇچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، يەتىڭ قىسمىنى يوتـ كەپ كىلىپ ئىسيانغا قارشى باتۇرلارچە كۇرەش ئىليپ بىرىش نەتىجىسىدە شادۇيىڭ قىسمى ئىيۇننىڭ باشلىرىدا زەربەيەپ چىكىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇخەن ھوكۇمىتى خەۋپتىن قۇـ تۇلدى.

شادۇيىڭ ئىسيانىدىن كىيىن ئىنقىلاپقا قارشى «21 ـ ماي ۋاقىئەسى» تۇغۇلدى. خۇنەندىكى گومىنداڭنىڭ ئىنقىلاپقا قارـ شى ھەربى باشلىقلىرى خەجەن، شۇى كەشاڭ ۋە باشقىلار،

جاڭكەيشى ۋە ۋاڭ جيڭۋېيلەرنىڭ قۇتـۇرتىشى بىلەن ۋاقىئەدىن بىر كۈن ئىلگىرى بى ياڭ ناھىيەلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى، دېھقانلار جەمئىيىتىنى ئىگىلەپ ئېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۇھـاپىزەت قىلىش ئارمىيەسىنى ۋە ئىشچىـلارنىڭ جىسەكچىلەر ئەترىدىنى قۇرالسىزلانـدۇردى. شۇ كەشاڭ 21_ماي كۈنى جاڭساداا ئۆلكۈلۈك ئىشچىلار ئۇيـۇشمىسى، ئۆلكۈلۈك دېھقانلار جەمئىيىتى ۋە بارلىق ئىنقىلابى تەشكىلاتلارنى قورشاپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ۋە ئىنقىلابچى ئىشچى_دېھقانلاردىن بولۇپ، يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ ئۆلـتۈردى. ئۇلارنىڭ قىلـلانغان ئۇسۇللىرىنىڭ ۋەھشى ۋە قەبىھـلىكىنى تەسۋىرلەپ تـۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئىنقىلابـقا قارشى بۇ ۋاقىئە، ۋاڭ جىڭۋېي باشچىلىقىدىكى ئۇخەندىكى گومىنداڭنىڭ ئىنقىلابقا قارشى گـروھى بـىلەن جاڭـكەيشى باشچىلىقىدىـكى نەنجىندىكى ئىنقىلابقاقارشىگروھنىڭ ئاشكارا بىرلەشكەنلىكىنىڭ ئىشارىتىدۇر.

«21_ ماي ۋاقىئەسى»دىـن كېيىن خۇنەندىـكى كومپارتىيە ئەزالىرى دېھقانلاردىـن ئەسكەر ئېلىپ جاڭسادىـكى ئىنقىلابقا قارشى كۈچلەرگـە ھۇجۇم قىلىش تەكلىۋىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن يۈزمىڭ دېھقان ئارمىـيەسى جاڭساشەھرىنى مۇھاسىرىـگە ئالدى. ئاخىرقى مىنۇتلاردا يەنى جاڭساغا ھۇجۇم قىلىش ئەـ رىپىسىدە كومپارتىيەنىڭ خۇنەن ئۆلكۈلۈك كومىتېتى ۋە چېڭ_

دۈشمەنىڭ ئۆگچىل تەسلىمچىلىرى «بۈتۈن ۋەزىيەتكە دائىر جانجال قوزغۇلۇپ كەتتى» دەپ چاقىرىق قىلىپ ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى كىرەكسىز قىلىۋەتتى. شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ياتقان دېھقان ئارمىيەلىرىگە ھۇجۇمنى توختىتىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرغۇنلىغان دېھقان ئارمىيەلىرى قايتىپ كەتتى. پەقەت ئىككى چوڭ ئەترەت بۇيرۇق تەگمىگەنلىكتىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، تەتۈر ئىنقىلاپچىلار بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇلار قەتئىي ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ ئەمما دۈشمەنگە نىسبەتەن ئاز بولغانلىغى ئۈچۈن چېكىنىپ قالدى. يۈزمىڭ دېھقان ئارمىيەسىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ تەتۈر ئىنقىلاپچىلار ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ كەتتى.

ئىنقىلاپقا قارشى كۈچ بىلەن ئىنقىلابى كۈچ ئوتتۇرىسىدا بولغان كۈرەشنىڭ ئەنە شۇ جىددى بىر ئەھۋال ئۈستىدە تۇرغان ۋاقتىدا، چېن دۇشيۇ ئۆگچىل تەسلىمچىلىرى ئېتىقادسىزلىق قىلىپ ئىنقىلاپقا قارشى كۈچلەرگە يول قويۇۋەردى. «ئارىنى بۇزىدىغان توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن»(چېن دۇشيۇنىڭ سۆزى) چېن دۇشيۇ يەنە خەنكودىكى ئىشچىلار جىسەكچىلىرى ئەترىتىنى ئۆز - ئۆزىدىن قورالسىزلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ھەتتا ئەمگەكچى بالىلار ئەترىتىنىڭ قىسقا كالتەكلىرىنىمۇ ئېلىۋېلىپ ئىنقىلاپ تارىخىدا ناھايىتى رەسۋايىرىبەت قالدۇردى.

«21 - ماي ۋاقىئەسى»دىن كېيىن ئەسلىدىلا تەۋرەپ قالغان

ۋاڭ جىڭۋى، سۇڭ كۇ، تەن يەنكەي ۋە باشقا ساختا ئىنقىلابچىلار ئىنقىلابقا قارشى يولغا تېخىمۇ ئاشكارا رەۋىشتە كىرىشكە ئۇرۇندى. چياڭ دۇشۇ تەسلىمچىلىرى ئالدىراپ، تەمتىرەپ ئۇ يالماستىن ئىنقىلابقا قارشى كۈچلەرگە بولغان قارشىلىقلارنى چەكلەپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىنقىلابقا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈشىگە يول قويۇپ، ئىنقىلاب پەيتىدىن پايدىلانغان ساختا ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاشكارا ئىسيان قىلىش يولىغا تېخىمۇ زورەكىلىك رەۋىشتە مېڭىشىغا ياردەم قىلدى.

جىڭ جۇ مەجلىسىدىن شۇي جۇ مەجلىسىگىچە، ئۇخەندىكى ساختا ئىنقىلابچىلار 3-ئىنتېرناتسىئونال (كومىنتېرن) گومىنداڭنىڭ قارارلىرىنى «بۇزدى» دېگەن باھانىنى تېپىپ ئاشكارە رەۋىشتە ئىسيان قىلىش يولىغا ماڭدى. ئەسلىدە، مايدا كومىنتېرن جۇڭگو كومپارتىيەسىگە بىر پارچە يولىيورۇق ئەۋەتكەن ئىدى. ئوز ۋاقتىدا كومىنتېرندىن يىڭى كەلگەن ۋەكىل لومى بۇ يولىيورۇقنى ۋاڭ جىڭۋىغا كورسۇتۇپ قويغان ئىدى.

بۇ يولىيورۇقنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى: (1) «يەر ئىنقىلاۋىنى قىلماي تۇرۇپ، غەلىبە قازىنىش مۇمكىن ئەمەس... دېخانلار ھەرىكىتىدىن يىراق قاچماستىن بەلكى بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئالغا سۈرۈش لازىم»؛ (2) «تۆۋەن قاتلامدىن ئۇرغۇغان يىڭى ئىشچى، دېخان رەھبەرلىرىنى گو-

مىنداڭنىڭ مەركىزى ھەيئىتىگە جەلىپ قىلىش لازىم. ئۇلار-
نىڭ باتۇرانە ئاۋازلىرى سەردارلارنى قەتئىيلەشتۇ-
رۇدۇ. ياكى ئۇلارنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ»؛ (3) «20
مىڭ كومپارتىيە ئەزاسىنى ھەربىكەتكە كەلتۇرۇپ خۇنەن بىلەن
خۇبىدىكى 50 مىڭ ئىنقىلابچى ئىشچى، دېخاننى قوشۇپ بىر
نەچچە يىڭى كورپۇس تەشكىل قىلىش لازىم. ئۇلارغا ھەربى
ئوفىتسەرلەر مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى كوماندىر قىلىپ تەيىنلەش
لازىم. ھەمدە كىچىككىنە مەستىن ئوزىنىڭ ئىشەنچ-
لىك ئارمىيەسىنى تەشكىللەش لازىم»؛ (4) «كوم-
پارتىيەگە ئەزا ئەمەس مەشھۇر گومىنداڭ ئادەملىرى باشچىلىق-
ىدا ئىنقىلابى ھەربى سود تەشكىل قىلىپ، جاڭكەيشى بىلەن
ئالاقە باغلىغان ياكى ئەسكەرلەرنى قوتۇرتۇپ خەلىققە، ئىشچى،
دېخانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن ئوفىتسەرلەرنى جازاغا
تارتىش لازىم» («لىنىن، ستالىن جۇڭگو ھەققىدە دېگەن كىتاب-
نىڭ 314-بىتىگە قارالسۇن.») ، كومىنتېرىنىڭ ئوز ۋاقتىدىكى
بۇ تەشەببۇسلىرى تامامەن ئىنقىلابنىڭ مەنپىئىتى ۋە ئېھتىياجى،
گومىنداڭنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى مەقسەت
قىلغان ئىدى. بۇ «سۇئى قەست» ئەمەس، بەلكى توغرا ئومىت
ۋە تەشەببۇس ئىدى. ئەمما ئىنقىلابقا قارشى ئىسيان قىلىشقا
بەل باغلىغان ۋاڭ جىڭۋى گۇروھى موشۇ تەشەببۇسنى باھانە
قىلىپ ئوزلىرىنىڭ ئىنقىلابقا قارشى سۇئى قەستلىرىنى ئەمەلگە

ئاشۇرماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىيۇننىڭ 5 ـ كۈنى ئۇخەندە ئوتكۈزۈلگەن سىياسى مەجلىستە بورودىننى مەسلىھەتچى قىلىش مەقسىدىكى توختامنى كىرەكسىز قىلىشقا قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇخەن ھوكۇمىتىنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى يولغا ماڭغانلىقى نا- ھايىتى روشەنلىشىپ قالدى.

شىمال تەرەپتە، ئىنقىلاپقا قارشى كۈچكە بىرىلگەن غەربى شىمال ئارمىيەسىنىڭ باشلىقلىرى نەنجىن بىلەن ئۇخەننى «كە- لىشتۇرۇپ قويۇش» ۋەزىپىسىنى ئوز ئۈستىگە ئالدى. يىلى يۇ- شاڭ ئىيۇننىڭ 10 ـ كۈنى جىڭجۇ مەجلىسىنى ئىچىشقا تەشەب- بۇس قىلدى. ئۇخەن تەرەپتىكى ۋاڭ جىڭۋى، سۈڭ كۆ، تاڭ ـ سىڭجى، جاڭفاكۈي ۋە تەن يەنكەيلەر مەجلىسكە كەلدى. مەجلىسنىڭ نەتىجىسىدە: 1 ـ تاڭ سىڭجى قىسمى پۈتۈنلەي خە- نەندىن ئوخەنگە قايتىپ ئىشچى-دىھقانلارنىڭ ئىنقىلابى ھەرى- كەتلىرىنى باسماقچى بولدى. 2 ـ خەنەندىكى ھەربى ئىشلارنى تامامەن غەربى شىمال ئارمىيەسى ئوز ئۈستىگە ئالماقچى بولدى. ئەمما ئوز ۋاقتىدا بۇ ئەكسىيەتچى مەجلىس توغرىسىدا چۇش كورۇپ ژۈرگەن جىڭ دۇ شۇ تەسلىمچىلىرى زور قارشى ئە- لىش ژىغىنى ئىچىپ ئىنقىلابقا قارشى سۇئى قەستچىلەرنى قارشى ئالدى.

جىڭ جۇ مەجلىسىدىن كىيىن، ئىيۇننىڭ 19 ـ كۈنى نەن- جىندىكى جاڭكەيشى بىلەن يىڭ يۇشاڭ شۈيجۇ مەجلىسىنى

ئاچتى. مەجلىستىن كېيىن، ئاشكارا رەۋىشتە ئىنقىلابقا قارشى يولغا مېڭىشنى جىددىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يىڭ يۇشاڭ ئۇخەندىكى گومىنداڭ باشلىقلىرىغا تېلېگرام ئەۋەتتى.

ۋاڭ جىڭۋېي گۇرۇھىنىڭ ئىسيانى، ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشى- ئىيۇننىڭ 29- كۈنى خەجەن (35- كورپۇسنىڭ كوماندىرى) قىسىملارنى كومپارتىيەدىن ئايرىلىشقا، كومپارتىيە ئەزالىرىنى تۇتۇپ قاماش، ئۆلتۈرۈشكە ئوچۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. يەنى كومپارتىيەگە قارشى بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىيۇلنىڭ 15- كۈنى ۋاڭ جىڭۋېي گۇرۇھى كومپارتىيەدىن ئايرىلىش توغرىسىدا مەجلىس ئېچىپ، كومپارتىيەدىن ئايرىلىشقا رەسمىي قارار قىلدى. كومپارتىيەمۇ مىللىي ھۆكۈمەتكە قاتناشقان كومپارتىيە ئەزالىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەمدە ئىنقىلابقا قارشى جىنايەتلەرنى سۆكۈپ خىتابنامە چىقاردى. ئىيۇلنىڭ 15- كۈنىدىكى كومپارتىيەدىن ئايرىلىش يىغىنىدىن كېيىن، ئۇخەندىكى ئەكسىيەتچىلەر ئاشكارا رەۋىشتە ئىشچى، دېھقانلار تەشكىلاتلىرىنى پېچەتلىدى. ئاممىۋى ھەرىكەتنى باستى. كومپارتىيە ئەزالىرىنى كەڭ كۆلەمدە قامىدى ۋە ئۆلتۈردى. ۋاڭ جىڭۋېي ۋە باشقىلار ھەتتا «مىڭ ئادەم بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتسە كەتسۇن، كوممۇنىستلارنىڭ بىرسىمۇ تورىدىن چىقىپ كەتمىسۇن» دېگەن شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. ئۇز ۋاقتىدا ئۇخەندە بولغان قىرغىنچىلىق، شاڭخەيدە بولغان «12- ئاپرېل» قىرغىنچىلى-

غىدىن قىلىشمىدى. ئىنقىلابى ئۇخەن، تەتۇر ئىنقىلابچىلارنىڭ بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا نەنجىن بىلەن ئۇخەن بىرلەشتى. جاڭكەيشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋى ئىنقىلابقا قارشى بىر ئىتتىپاققا كىردى.

ئىنقىلابقا قارشى «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن جۇڭگو ئىنقىلابى قىسمەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئىدى. ئىنقىلابقا قارشى «15 - ئىيۇل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن جۇڭگو ئىنقىلابى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇندىن باشلاپ ئىنقىلابى سەپ ئىچىگە كىرىۋالغان چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى - ساختا ئىنقىلابچىلار ئاشكارا رەۋىشتە يۈز ئۆرۈپلا قالماستىن بەلكى ئىنقىلابى بىرلىك سەپكە قاتناشقان مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە بەزى ژۇقۇرى قاتلامدىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىمۇ چوڭ بۇرژۇئازىيەگە قوشۇلۇپ كەتتى. قالغان جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكىدىكى ئىشچى، دېھقانلار ئاممىسى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئاممىسى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىنقىلابى زىيالىيلارمۇ بار) دىن ئىبارەت ئىنقىلابى كۈچ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلدى.

7

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرى ھەققىدە ئاخىرقى سۆز

1921 ـ ژىلدىن 1923 ـ ژىلغىچە ـ جۇڭگو كومپار ـ تىيەسى قۇرۇلغان ۋاقىت ئىچىدە، بولۇپمۇ، 1924 ـ ژىلدىن 1927 ـ ژىلغىچە بولغان بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋ ـ رىدە، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ توغرا يېتەكچى ـ لىگى، سەپەربەر قىلىشى ۋە تەشكىللىشى ئاستىدا ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئودالىزمغا قارشى تەنتەنىلىك ئىنقىلابى كۈرەشلەرنى ئېلىپ بار ـ دى: ئىنقىلاپ چاپسان تەرەققىي قىلدى. ۋە زور غەلىبىگە ئې ـ رىشتى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئىنقىلاپ جەريانىدا سانسىز ئىن ـ قىلابچى ياشلار بىلەن جاپا مەشەققەتكە قاريماستىن ئەڭ ئەمىلى ئىنقىلابى خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، مەملىكەت بويىچە ئىشچىلار ھەرىكىتىنى، ياشلار ھەرىكىتىنى ۋە دىخانلار ھەرىكى ـ تىنى تەرەققىي ئەتتۈردى. گومىنداڭنىڭ قايتا تەشكىللىنىشىگە ۋە مىللى ئىنقىلابى ئارمىيەنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەشەببۇسكار بولدى ۋە ياردەم قىلدى. كوممۇنىستلار ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ـ نىڭ ئەزالىرى شەرقتە ۋە شىمالغا بولغان ھەربى ژۈرۈشلەردە

سىياسى جەھەتتىكى ئاساسى غوللارغا ئايلاندى، مەملىكەتتىكى
ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئوداليزمغا قارشى ئۇلۇق كۆرەشلەرگە يېتەك-
چىلىك قىلدى. بۇ ئۇلۇق خىزمەت ۋە توھپىلەر جۇڭگو تارىخىدا
مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

ئەمما ئۆز ۋاقتىدا ئىتتىپاقداش بولۇپ ھېسابلانغان گومىنداڭ-
نىڭ ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى گۇرۇھنىڭ 1927 - ژىلى بۇ ئىتتىپ-
لاقا يۈز ئورۇگەنلىكى، ئۆز ۋاقتىدىكى ئىمپېرىيالىزم بىلەن
گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھنىڭ بىرلەشكەن كۈچىنىڭ ئارتۇق-
چە زور بولغانلىقى، بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىلىدە (تەخمىنەن يېرىم ژىل) جۇڭگو كومپارتىيەسى ئىچىدى-
كى چېن دۇشيۇنى ۋەكىل قىلغان ئوڭچىللىق مەپكۇرىسى تەس-
لىمچىلىك يولىغا تەرەققى قىلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ھەمدە بۇ
مەپكۇرىنىڭ كومپارتىيە يېتەكچى ئورگانىدا ھۆكۈمران مەۋقەنە-
نى ئىگەللەپ، ئەكسىيەتچىلەر ئىنقىلابقا يۈز ئۆرۈپ، خەلققە
تۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغاندا، جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە خەلق
تەشكىللىك ۋە ئۈنۈملۈك رەۋىشتە قارشى تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن،
بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

چېن دۇشيۇ ئوڭچىل تەسلىمچىلىكىنىڭ خاتالىقى مانا مۇنۇ-
لاردىن ئىبارەت:

1 - ئىنقىلابى بىرلىك سەپ قۇرۇش مەسىلىسىدە پرولېتارىيات-
نىڭ ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن

بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا بېرىۋاتتى. بۇرژۇئازىيە بىلەن يالغۇز بىرلىشىشنىلا تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلار بىلەن مۇۋاپىق ھالدا كۈرەش قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن پرولىتارىئاتنى بۇرژۇئازىيە گۇروھىغا ۋە بۇرژۇئازىيە پارتىيەسىنىڭ شەخسى مەنپەئىتىگە مۇۋاپىقلىشىش يولىغا باشلىدى. تارىخ، ئەگەر ئىنقىلابى بىرلىك سەپكە پرولىتارىئات يتەكچىلىك قىلمايدىغان بولسا، ئىنقىلابنىڭ چوقۇم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىغانلىغىنى ئىسپاتلىدى.

2 ـ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بولغان دىخانلارنىڭ يەر مەسىلىسى توغرىسىدا، چېن دۇشيۇ تەسلىمچىلىرى دىخانلارنىڭ يەرگە بولغان تەلەپلىرىگە جاۋاپ بېرىش ۋە ئۇلارنى قوللاش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى دىخانلارنىڭ كۈرەشلىرىنى چەكلىدى. ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇردى. چېن دۇشيۇ تەسلىمچىلىرى پرولىتارىئاتنىڭ ئىنقىلابقا يتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز رازىلىغى بىلەن تاشلىۋەتكەنلىگى ئۈچۈن، پرولىتارىئات سىنىپىنىڭ ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ئىشەشلىك ئىتتىپاقچىسى دىخانلار ئىكەنلىگىنى بىلمىدى. دىخانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەندىلا، پرولىتارىئاتنىڭ يتەكچىلىك ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدىغانلىغىنى، ئۇنىڭ بوشقا كەتمەيدىغانلىغىنى، شۇنىڭدەك ئىنقىلابنىڭمۇ غەلىبە قازىنالايدىغانلىغىنى بىلمىدى.

3 ـ قۇراللىنىش مەسىلىسىگە كەلسەك، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مۇھىم كۈرەش شەكلى قۇراللىق كۈرەشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئىنقىلابى ئارمىيە بولماي تۇرۇپ، ھەچنەرسىنى ۋۇجۇتقا چىقار-
غىلى بولمايتتى. چىك دۇشۇ تەسلىمچىلىرى شىمالغا ژۇرۇش تۇرۇ-
شىدىن ئىلگىرى جاڭكەيشىنىڭ كومپارتىيە ئەززالىرىنى بىرىنچى
كورپۇستىن ھايداپ چىقىرىشىغا يول قويدى، شىمالغا ژۇرۇش
تۇرۇشىدا يەنە جاڭكەيشىنى ئوز مەيلىگە قويۇپ بەردى. ئىلاجى
نىڭ بولمىغانلىغىدىن، كومپارتىيە ئەززالىرىنىڭ ھەربى قىسىملار
ئىچىدىكى سىياسى خىزمەتلىرىنى ئوز ھالىدا قالدۇردى. كونا
ئوفىتسەرلەرنى زادىلا يوتكۈمىدى، جاڭكەيشى تەئىنلىگەن ئادەم-
لەرنى ئوفىتسەرلىككە قويدى. بۇنداق ئوفىتسەرلەر ئامىنىڭ ئىنـ
قىلابى سىنىغىدىن ئوتكەن، توۋەندىن ژۇقۇرىغا كوتۇرۇلگەن يە-
ڭى ئوفىتسەرلەر ئەمەس ئىدى؛ كومپارتىيە ئەززالىرىنى ئوفىت-
سەرلىك خىزمەتلىرىدە تۇرغۇزمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە چىك دۇشۇ
تەسلىمىيەتچىلىكى كونا مىلىتارىستىك ئەسكەر يالالاپ ئىلىش
تۈزۈمى ئورنىغا، خەلقتىن كوڭۇللۇك ئەسكەر ئىلىش تۈزۈمىنى ئور-
نۇتۇپ ئەسكەرلەرنى ئاساسى بىلەن ئوزگەرتىشتىن قورقتى. ئىنـ
قىلاپ دولتۇنلاۋاتقان بىر ۋاقىت بولسىمۇ، ئۇزۇل-كىسىل
ھالدا باتۇرلۇق بىلەن خەلق قۇراللىق كۈچلىرىنى تەشكىللەشنى
رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، جاڭكەيشى يالاقچىلىرىنىڭ بەل-
گۈلۈك ۋاقىت ئىچىدە ژۇقۇرى قاتلامدىكى ئەكسىيەتچى ئوفىت-
سەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يالانما ئەسكەرلەردىن پايدىلى-
نىپ، ئىنقىلابى، سىياسى خىزمەتچىلەرنى قىرغىن قىلىپ ۋە قوغ-

لاپ چىقىرىپ، ئىنقىلابى ئارمىيەنى ئىنقىلابقا قارشى ئارمىيەگە ئوزگەرتىپ خەلىق ئىنقىلاۋىنىڭ بۇتىنقا كەكەچمىيشىغا سەۋەپچى بولدى.

4 ــ ھاكىمىيەت مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىنقىلابنىڭ ئاساسى مەسىلىسىدۇر. شۇنىڭدەك بۇ، پرولتارىئات ئاۋانگارتلىرىنىڭ دىخانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرھال بۇرژۇئازىيە ــ گە يىتەكچىلىگى مەسىلىسى ئىدى. چېڭ دۇشۇ تەسلىمچىلىرى ماۋزەيدۇڭنىڭ، ئوتمۇشتىكى ئىنقىلابقا قارشى سىنىپلارنىڭ بارلىق ھۆكۈمرانلىق ئاپاراتلىرىنى ئاساسى بىلەن تار ــ مار كەلــ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەقىقى ئىنقىلابچىل خەلىقنىڭ دىمو ــ كراتىك دىكتاتۇرلىغىنى بەرپا قىلىش ھەققىدىكى پرولتارىئات نىشانىسىنى رەت قىلدى، ھەتتا ئىنقىلابى كۇچ يىتىپ بارغان يەرلەردىكى كونا بيۇروكراتلاشقان ۋە مىلىتارىستلاشقان تۇ ــ زۇملەرنىمۇ قەتئى بۇزۇپ تاشلىمىدى. مانا بۇ ھەم موشۇ قىتىمقى ئىنقىلابتىكى تۇرلۇك ئاجىزلىقلارنىڭچىدە مەركەزلەشكەن ھالدا ئىپادە بولغان ئاساسى ئاجىزلىقلارنىڭ بىرسىدۇر.

5 ــ كومپارتىيەنى قۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئوز ۋاقتىدا كومپارتىيەنىڭ تەشكىلاتلىرى تەرەققى قىلغان بولسىمۇ، مۇستەھكەملەنمىگەن ئىدى. پارتىيە ئەزالىرى، پارتىيەنىڭ كادرلىرى مەپكۇرە ۋە سىياسەتتە دىگەندەك قەتئى بىر نۇقتىغا كەلمىگەن ئىدى. پارتىيەنىڭ يىڭى ئەزالىرى ناھايىتى كوپ بول ــ

سىمۇ ، ئەمما ئۇلارغا ئۆز لايىغىدا ماركسىزم - لېنىنىزم تەربىيەسى بېرىلمىگەن ئىدى . خىزمەتتە تەجرىبىلەر خېلى كۆپ بولغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلاردىن ئوبدان خۇلاسە چىقىرىلمىغان ئىدى. كومپارتىيە ئىچىگە نۇرغۇن ئوپپورتونىستلار كىرىپ ئالغان بولسىمۇ، تازىلاپ چىقىرىلمىغان ئىدى. پارتىيە دۈشمەنلەر ۋە ئۆز ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ سوئىي قەستىگە ئورۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، سەزگۈرلىك بولمىغان ئىدى. پارتىيەدىن نۇرغۇن ئاكتىپ ھەرىكەتچىلەر مەيدانغا چىققان بولسىمۇ ، ئۇلار پارتىيەگە ئاساسىي غول (يادرو) قىلىنمىغان ئىدى. پارتىيەنىڭ قولىدا بىر بولۇم ئىنقىلابى قوراللىق كۈچ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۈچ مەھكەم تۇتۇلمىغان ئىدى.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرانچى مەزگىللىرىدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تۇتقان يولى توغرى ئىدى . پەقەت كېيىنكى جىددى باسقۇچتا يەنى 1927 - ژىلنىڭ ئەۋۋەلقى يىرىمىدا چېن دۇشيۇ ئوپپورتونىزمچىلىكى پارتىيە ئىچىدە ھوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلەپ ئالدى. چېن دۇشيۇنىڭ سىنىپى تەسلىمچىلىكىنىڭ كومپارتىيە ئىچىدىكى ھوكۇمرانلىقى، كومپارتىيەنىڭ شۇ چاغلاردا گۆدەك بىر پارتىيە بولغانلىقى، تەجرىبىسىزلىكى چوڭقۇر ئىنقىلابى جۇشقۇنچىسىنىڭ كاملىقى ۋە ماركسىزم لېنىنىزم نەزەرىيەسىنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، پرولتارىئات چاپىنىنى كىيىپ ئالغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابچىلىرى كومپارتىيەنىڭ يېتەكچىلىك

ئورگانىنى ئىگىلەپ ئالدى. چېڭ دۇشۇ ئوپپورتۇنىزمىنىڭ مەپكۇ-
رەۋى ماھىيىتى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە دېموكراتچىلىرى مەپكۇ-
رىسىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنئىكاسىدۇر. تارىخ ئۇچاغدا ماۋ-
زەيدۇڭ ۋەكىللىگىدىكى ئاگدىق جۇڭگو بولشىۋىزمى بىلەن جۇڭگو
كومپارتىيەسى ئىچىدە مەركەزلەشكەن يېتەكچىلىكنى شەكىللەن-
دۇرۇشكە تېخى ئۇلگۇرەلمىگەن ئىدى. ئۇلۇق ئىنقىلابى ھەرى-
كەتنى غالىبىيەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن مانا شۇنداق مەركەز-
لەشكەن يېتەكچىلىك زەرۇر ئىدى.

دېمەك، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ئەمما
ئۇنىڭ جۇڭگو تارىخىدا ئەبەدىي ئۆچمەيدىغان زور تارىخى
ئەھەممىيىتى بار. لېنىن رۇسىيە ئىنقىلاۋىنى تەسۋىرلىگەندە.
«1905 - ژىلدىكى ئومۇمى مانېۋىر بولمىغان بولسا، 1917 - ژىل-
دىكى ئوكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنالماس ئىدى» دېگەندەك،
جۇڭگودا 1924 - ژىلدىن 1927 - ژىلغىچە بولغان ئىنقىلاپ بىر
قېتىملىق ئومۇمى مانېۋىردۇر. بۇ قېتىمقى ئومۇمى مانېۋىرنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ غالىبىيەت قازىنالايدىغان-
لىغىنى، جۇڭگونى ئۆگلىغىلى بولۇدىغانلىغىنى چوڭقۇر چۈشەندى.
شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇلار جۇڭگو كومپارتىيە-
سىنى دولەتنىڭ ئۆزۈن سىپىلى، مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى دەپ
تونىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى
ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرىدە جۇڭگو كومپارتىيەسى ناھايىتى قىيىن-

چىلىقتا قالغان ۋاقىتتا، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا قاراپ ئىش قىلدى، كوممۇنىستلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئاڭلىدى. مىللىتىمىز، دولىتىمىز ئەڭ خەۋۇپلىك بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتلاردا مەملىكەت خەلقى ھەمىشە كوممۇنىستلارنىڭ بەلباغلاپ چىقىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇمۇمى مانىۋېر جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن بىر قىممەتلىق جۇڭقۇر ئىنقىلابى تەربىيە بولدى. بىز ھەم شۇنداق دىسەك بولىدۇ: 1924 ـ ژىلدىن 1927 ـ ژىلغىچە بولغان ئۇمۇمى مانىۋېر بولمىغان بولسا، ئىنقىلاپ 1949 ـ ژىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زورغەلىبىگە ئېرىشالماس ئىدى.

ئۈچۈنچى قىسىم
ئىككىنچى قىتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرى

(1937 ـ 1927)

بەشىنچى باپ

بىرىنچى قىتىمايىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيەسى يېڭى قىزىل ھاكىمىيەت بايرىقىنى كۆتەردى

1

1 ـ قىتىمايىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتلىك ھوكۇمرانلىقى؛ يېڭى قىزىل ھاكىمىيەت بايرىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى؛ ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىشچى، دېخان قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ۋە ئىنقىلابى بازىلارنىڭ بەرپا بولۇشى

گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتلىك ھوكۇمرانلىقى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ئاق تېررورى ـ ئۆخەن تەرەپتىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جاڭكەيشىنى دوراپ ،

1927 ــ ژيلى 15 ــ ئىيۇلدىن باشلاپ ئاشكارا رەۋىشتە ئىنقىلاپـ
قا يۈز ئورىدى. شۇندىن كىيىن ئۇزۇن ۋاقىت ئوتمەستىن،
نەنجىن بىلەن ئۇخەن بىرلىشىپ ئالدى. يەئنى، جاڭكەيشى
بىلەن ۋاڭجىڭۋى بىرلىشىپ ئالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
گروھى جاڭكەيشىنى مەركەز قىلغان ھالدا چوڭ پومىشچىك،
چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ زۇلمەتلىك ھوكۇمرانلىغىنى تىكلىدى.

گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتلىك ھوكۇمرانلىغى خارجى جەھەتـ
تە ئىمپىرىئالىزمغا تەسلىم بولدى. جاڭكەيشىنىڭ گومىنداڭ ھوكۇـ
مىتى قۇرۇلغاندىن كىيىن قىلغان بىر نەججە تۇرلۇك خارجى ئىشـ
لىرى بۇنىڭغا ئوبدان دەلىل بولىدۇ.

بۇنىڭ بىرسى، زۇۋورقى قىسىمدا ئىتىپ ئوتكەندەك ئانـ
گلىيە، ئامرىكا ئىمپىرىئالىزمىنىڭ 1927 ــ ژيلى 24 ــ مارتتا نەنـ
جىنتى توپقا تۇتقانلىغىدۇر. ئەسلىدە ئىمپىرىئالىستلار نەنجىننى
توپقا تۇتۇپ نۇرغۇنلىغان ئوي ــ ئىمارەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاپـ
نۇرغۇنلىغان مال ــ مۇلۇككە زىيان يەتكۇزگەندىن تاشقىرى
ئەسكەر ۋە خەلىق بولۇپ 2 مىڭ ئادەمنى ئولتۇرگەن ۋە يارىـ
دار قىلغان ئىدى. بۇ ھەقتە شۇ چاغدىكى ئۇخەندىكى ئىنقىـ
لابى ھوكۇمەت ھەرقايسى ئىمپىرىئالىستىك دولەتلەرگە قاتتىق
نارازىلىق بىلدۇرگەن ئىدى. ئەمما 1928 ــ ژيلى نەنجىندىـ
كى گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ خارجى ئىشلار مىنىسترى خۇاڭفوـ
نىڭ سوھبىتى نىتىجىسىدە، چەتئەل ئىمپىرىئالىستلىرى جوڭـ

گوغا ئۆزۈر قويۇش ۋە چىقىمنى تولەش بۇياقتا تۇرسۇن بەل-
كى جاڭگەيشى هوكۇمىتى ھەرقايسى مەملىكەت هوكۇمەتلىرىنىڭ
ۋەكىللىرى ۋە مۇهاجىرلىرىگە ئۆزۈر قويدى. ۋە ھەر قايسى
مەملىكەتلەرگە «زىيانغا ئۇچرىدۇقلار» دەپ نەچچە يۈز مىڭ
دوللار تولەم تولىدى. ھەمدە شىمالغا زۇرۇش ئارمىيەسىنىڭ
6 - كورپۇسىغا يىتەكچىلىك قىلىپ نەنجىڭنى قايتۇرۇپ ئالغان
كوممۇنىست لىڭزوخەن (لىڭ بەيچۇي) نى تۇتۇپ ئىمپرىيالىست-
لار ئۇچۇن «باش قاتىل ئورنىدا جازالاپ بىرىش» كە ئۇمۇم
بۇيرۇق تارقاتتى.

2- سى «3 - ماي» دىكى جىنەن پاجىئەسى، ياپونىيە ئىمپە-
رىيالىزمى 1928 يىلى 3 - مايدا جىنەندە بىزنىڭ قىرىنداشلىرى-
مىزنى قىردى. گومىنداڭ هوكۇمىتىنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنىمۇ
ئولتۇردى. ھەمدە جىنەننى ئىشغال قىلدى. جاڭگەيشى ئوزقىسىم-
لىرىغا ياپون ئادەملىرىنى قوغداش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:
«ياپونىيەنىڭ بىر ئادىمىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن ئون ئادەمنى
ئولتۇرۇۋەتسەڭلەرمۇ كىرەك يوق» دىدى.

دۇنيادا بىزنى ئوزى بىلەن تەڭ كورۇپ مۇئامىلە قىلىدىغان
سوۋىت ئىتتىپاقىغا گومىنداڭ هوكۇمىتى ناهايىتى ئوچلۇك قىل-
دى. سوۋىتكە قارشى تۇرۇش يولى بىلەن ھەرقايسى ئىمپرىيالىس-
تىك دولەتلەرگە خوشامەت قىلدى. 1927 — يىلى دىكا-
بىردا گۇاڭجۇ خەلقى قوزغولاڭ كوتۇرۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرى-

غاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇاڭجۇدىكى كونسۇلىنى
ئېتىپ ئولتۇردى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خارجى مۇناسى-
ۋەتنى ئۈزدى. يەنە 1929 ـ ژىلى ئىيۇلدا شەرقى جۇڭگو (ك.
ۋ. ژ. د) تومۇر يولىنى تارتىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە
ئىمپېرىئالىستىك مەملىكەتلەردىن پۇل ئېلىش ئۈچۈن، شەرقى
شىمال ئارمىيەسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا
بۇيرىدى. (نەتىجىدە ئۇلار سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى تەرىپى-
دىن تار-مار قىلىندى) «قىزىل ئىمپېرىئالىزمغا قارشى تۇرۇ-
مىز» دېگەن ئەكسىيەتلىك شۇئارلارنى ۋاقىراپ سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا قارشى خەلىقئارا ئىمپېرىئالىزم ئىچىدىكى قورغىنى ئەڭ نامۇسسىز
يالاقچى قورالغا ئايلاندى. بۇسى بىر تەرەپ.

يەنە بىر تەرەپتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمدارلىرى
گروھى ئىچكى تەرەپتىن پومېشچىك ـ كومپرادورلار سىنىپىغا،
بولۇپمۇ جاڭشى ۋە جەجاڭ بايلىرىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، پومېش-
شىك، كومپرادور، مىلىتارىست، بيۇروكرات، لۈكچەك ۋەكالەتك-
چىلەردىن تەركىپ تاپقان ھۆكۈمرانلىقنى ئورناتتى.

ئىنقىلابقا قارشى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ماۋزېدۇڭ
1948 ـ ژىلى ئۆكتەبىردە: «ھازىرقى گومىنداڭنىڭ يېڭى مىلى-
تارىزم ھۆكۈمرانلىقى، يەنە ئەۋۋەلقىدەكلا شۇ شەھەرلەردىكى
كومپرادورلار سىنىپى بىلەن يېزىلاردىكى مۇشتۇمزورلار سىنى-
پىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇلار تاشقى جەھەتتە ئىمپې-

رېئالىزمغا تەسلىم بولدى . ئىچكى تەرەپتىن كونا مىلىتارىزمنى يېڭى مىلىتارىزمغا يەڭگۈشلىدى» دەپ كورسەتكەن ئىدى . («جۇڭگونىڭ قىزىل ھاكىمىيىتى نىمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟» ماۋزەدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 1 ـ توم 2 ـ نەشرى 49 ـ بەت).

بۇ ئەكسىيەتلىك ھوكۇمرانلىق ئاستىدا قالغان جۇڭگو خۇددى رەئىس ماۋزەدۇڭ ئىيتقاندەك: «...... تىرىك ، جانلىق تۇلۇق جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىلىگە پالتا چاپتى. شۇندىن كىيىن ...... نۇر ئىچىدە تۇرغان جۇڭگو زۇلمەتلىك جۇڭگوغا تىگىشىلدى» («بىرلەشمە ھوكۇمەت ھەققىدە » ـ ماۋزەدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 1 ـ توم 2 ـ نەشرى 1036 بەت) .

دۇنيا بويىچە ئەڭ رەھىمسىز ۋە ئەڭ زۇلمەتلىك ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىزىل گۈللىرى بولغان كومپارتىيە ئەزالىرىنى ۋە ئىنقىلاپچى ياشلارنى ئىنسانىيەتسىزلەرچە ۋەھشىلىك بىلەن قىردى . جاڭكەيشى ۋە ۋاڭجىڭۋى : «مىڭ ئادەم بىگۇنا ئولتۇرۇلسە ئولتۇرۇلسۇن، لىكىن بىرسىمۇ (كومـ مۇنىستلارنى دەيدۇ ـ ت) تورۇدىن چىقىرىلمىسۇن» دىگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. جىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتىتى قاتارلىق 11مەكتەپ ھادىسىگە ئۈچرىغانلارغا ياردەم قىلىش ھەققىدە 1925ـ ژىلى نويابىردا تارقاتقان ئۇمۇمى تەمگىراممىدا مۇنداق دەيدۇ: «پايتەخت ئورناشقاندىن بۇيان (1927 ـ ژىلى ئاپرىلدا جاڭكەيشى نەنـ جىڭدە ئەكسىيەتچى ھوكۇمەتنى قۇرغاندىن بۇيان) گىزىت خە-

ۋېيىگە قارىغاندا 3 يۈز مىڭدىن ئارتۇق ياش قىزغىنا ئۆچۈرۈلدى، دېرىكى بولمىغان، قامالغانلارنى ھىساپلاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلگۈرەلمەي تىرىك كۆمدى. قاماققا ئالغىنى كېيىپ قىلماي زەھەرلىك ئۇسۇللار بىلەن جازالىدى. بۇ دۇنيا دوزاققا ئايلاندى...»

جۇڭگو قىزىل خەيرىيە جەمئىيىتىنىڭ ھىساۋىغا قارىغاندا، 1927-ژىلدىكى ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن تارتىپ 1929-ژىلىغىچە، يەنى، 2-3 ژىل ئىچىدە، تەخمىنەن 450مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. شەك يوقكى، بۇلار ئاساسەن ئىشچى، دېخان ئاممىسى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىدۇر. مەشھۇر كوممۇنىست پىڭ بەي ۋە شاڭ جىنيۇلەر ئەنە شۇ ۋاقىتتا جاڭكەيشى باندىتلىرىنىڭ قولىدا ئۆلدى. يەنە بىر ماتېرىيالغا قارىغاندا 1928-ژىل يانۋاردىن ئاۋغۇستقىچە، ئاز دېگەندە، يۈزمىڭ ئىشچى ۋە دېخان، ئىنقىلاپقا قارشى ئاق تېررور ئاستىدا ئۆلگەن. 1928-ژىلدىن كېيىنكى 4-5 ژىل ئىچىدە بىۋاستە ئۆلتۈرۈلگەن ئىنقىلاپچىلار ئاز دېگەندە بىر مىللىيوندىن ئارتىدۇ!

ئەمما، مەيلى جاڭكەيشى باندىتلىرى ھەر قانچە قاتىللىق قىلسىمۇ، جۇڭگو خەلقىنى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قىرىپ، ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمىدى ۋە قورقۇتالمىدى! بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ جاڭگاۋار قەھرىمان-

لىغى ھەققىدە بۇنداق دەپ يازىدۇ:

«جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقى يەگىدىن تىرىشىپ قوزغۇلۇپ، بەدىنىدىكى قان ئىزلىرىنى ئازىلاپ قۇربان بولغان يولداشلارنىڭ جەسەدلىرىنى يەرلىككە قويۇپ، يەنە كۈرەشنى داۋام قىلدۇردى. بۈيۈك ئىنقىلاپ بايرىقىنى ژۇقۇرى كوتۈرۈپ قوراللىق قارشىلىق كورسەتتى، جۇڭگونىڭ كەڭ رايونلىرىدا خەلق ھوكۇمىتى تەشكىل قىلدى، يەر رفۆرمىسى ئۆتكەزدى. خەلق ئارمىيەسى بولغان جۇڭگو قىزىل ئارمىيەسىنى تەشكىللەپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابى قۇدرىتىنى ساقلىدى ۋە ئوستۇردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تاشلىۋاتقان سۇڭجۇڭسەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلابى سەنمىنجۇيىسىنى جۇڭگو خەلقى، جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە باشقا دېموكرات ئادەملەر ميراس قىلىپ ئالدى» («بىرلەشمە ھوكۇمەت توغرىسىدا» ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 3 ـ توم، 2 ـ نەشرى، 1036ـ بەت)

خەلقنىڭ بۇ قەھرىمانانە كۈرۈشىگە كىم رەھبەرلىك قىلدى؟ ماۋزەيدۇڭ رەھبەرلىك قىلدى. بۇ قەھرىمانانە كۈرەشنىڭ باشلىنىش تارىخى قايسى؟ ئۇ: «بىرىنچى ئاۋغۇست» دىكى نەنچاڭ قوزغۇلىڭى، دىكابىردىكى گۇاڭجۇ قوزغۇلىڭى، بولۇپمۇ كۈزلۈك ھوسۇل قوزغۇلىڭى ۋە ماۋزەيدۇڭ بىلەن جۇدەنىڭ جىڭگاڭسەنگە قىلغان بۈيۈك سەپەرلىرىدىن ئىبارەت.

جۇئېنلەي ۋە جۇدەلەر يېتەكچىلىكىدىكى «1ـ

ئاۋغۇست نەنچاڭ» قوزغىلىڭى ـ ۋاڭجىڭۋى گۇروھى
«5 ـ ئىيۇل»دا ئىنقىلابقا ئاشكارا ھالدا قارشى چىققاندىن كې-
يىن، نەنچاڭدا مەشھۇر «1 ـ ئاۋغۇست» قوزغىلىڭى تۇغۇلدى.
بۇ قوزغىلاڭ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تەتۇر ئىنقىلابچىلارنىڭ
قىرغىنچىلىقىغا قوراللىق كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئىنقىلابنىڭ
غالىبىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىنقىلابنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇ-
رۇش مەقسىدىدە بىرىنچى قېتىم قىلغان سىنىقىدۇر. بۇ قوزغىلاڭغا جۇ-
ئېنلەي ۋە جۇدېلەر يېتەكچىلىك قىلدى. جۇدې ئەسلىدە سى-
چۈەنلىك بولۇپ، ئورتاقچى دېخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان.
ئۇ، 1911 ـ يىلدىكى ئىنقىلابتىن ئىلگىرى تۈگمىنخۇيغا قاتنىشىپ
يۈننەندىكى قوراللىق ئارمىيەدە ئەسكەرلەر ئىچىدە يوشۇرۇن
ھالدا ئىنقىلابى خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇچاڭ قوزغىلى-
ڭىدىن كېيىن يۈننەن ئەسكەرلىرىنىڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشتى ۋە يې-
تەكچىلىك قىلدى. يۈەنشىكەي خانلىق ئىئلان قىلغان ۋاقىتتا
سەيگۈغا ياردەملىشىپ يۈننەندە يۈەنشىكەيگە قارشى قوزغو-
لاڭ كۆتەردى (شۇ ۋاقىتتا 6 ـ ئەترەدنىڭ كوماندىرى ئىدى.
كېيىن بىرىگادا كوماندىرى بولۇپ كۆتۈرۈلدى). ئۇ يېتەكچى-
لىك قىلغان بىرىگادا سەيگۈ قىسمىنىڭ ئاساسى قىسمى ئىدى.
1922 ـ گېرمانىيەدىكى ۋاقىتتا جۇڭگو كومپارتىيەسىگە كىردى.
شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى جەريانىدا قايتىپ كېلىپ، جاڭشى ئۆل-
كىسىنىڭ نەنچاڭ شەھىرىدە ئەفىسەرلەر تەربىيە بۆلكىگە يېتەك-

چىلىك قىلدى. ھەمدە ئىشچى - دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەشكىللىدى. 1927 - ژىلى باھار ۋە قىش پەسلى ئارىلىغىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گروھى ئىنقىلاپقا ۋە خەلىققەقارشى «پارتىيەنى تازىلاش» سىياسىتى ۋە قىرغىن قىلىش سىياسىتىنى قوللانغاندىن كېيىن، تەربىيە پولكىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە تەركىۋىدىكى خەلۇڭ قىسمى (مۇستەقىل 15-دىۋىزىيە) ۋە يەتىڭ قىسمى (27-دىۋىزىيە) دىن ئىبارەت تەخمىنەن 30 نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن بىرلىشىپ، بىرىنچى ئاۋغۇست كۈنى نەنچاڭدا قوزغالدى. سۇڭچىڭلىڭ، جۇئېنلەي، تەن پىڭسەن، جۇدە، لى لىسەن، خۇي دەيىڭ، خەلۇڭ، ئويۇنجاڭ، گومورو ۋە دىڭ يەندا بولۇپ 25 كىشىدىن ئىبارەت ئىنقىلابىي ھەيئەت قۇرۇلدى. خەلۇڭ بىلەن يەتىڭ قىسمى ئاۋغۇستنىڭ 5 - كۈنى نەنچاڭدىن قايتىپ جىقسىپ گۇاڭدۇڭغا قاراپ ماڭدى. 23 - سېنتەبردە چاۋسەننى ئىشغال قىلىپ تاڭ كىڭ، چاۋجۇ، سەنخەبالاردا گۇاڭدۇڭدىكى خۇاڭ شاۋشۇڭ. شۇي جىڭتاڭ ۋە چەندەجۇن قىسىملىرى بىلەن بىر نەچچە كۈن قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ئىنقىلاپقا قارشى ئەسكەرلەرنىڭ كوپ بولغانلىقى ئىنقىلابىي تەرەپنىڭ سوبىيكتىۋ يولباشچىلىقىدا خاتالىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى (مەسىلەن روشەن يەر پروگراممىسى يوق، دېھقانلار ئاممىسى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلمىگەن) ئۈچۈن ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. مەغلۇپ بولغان قىسىملارنىڭ بىر بولۇمى خەي -

فۇلۇڭ ۋە لۇفۇڭلارغا يىتىپ بېرىپ شۇ يەردىكى دىخان ئەسكەر-لەر بىلەن بىرلەشتى. بىر بۆلۈمى جۇدە يېتەكچىلىكىدە سەنخابە-دىن فۇجەنگە چېكىنىپ، شۇڭ ئۇدىن ئوتۇپ بى جاڭغا يېتىپ باردى. كېيىن ئۇ، قىزىل ئارمىيەنىڭ 4 - كورپۇسىنىڭ بىرقىسىم ئاساسى كۈچىغا ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەنچاڭدا قوزغىلاڭ كوتۈرۈلگەن كۈن - « 1- ئاۋغۇست » جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنىگە ئايلاندى .

جاڭ تەيلۇي ۋە يەجە نىيىڭلەر باشچىلىقىدىكى دىكابىر گۇاڭجۇ قوزغىلىڭى - گۇاڭدۇڭدىكى مىلىتارىست جاڭ فاكۇي گۇيجۇ گرۇھىدىكى مىلىتارىستلار بىلەن گۇاڭدۇڭ-نى تالىشىپ 1927 - ژىلى نويابىردا ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇرۇش جەريانىدا گۇاڭجۇ ۋەزىيىتى ناھايىتى قالايمىقانلاشتى. خەلق ئاممىسى ئەكسىل ئىنقىلابى تېررورغا قارشى قوزغۇلۇپ قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ گۇاڭ-دۇڭ ئولكۇلۇك سكرىتارى جاڭ تەيلۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە قورال-لىق قوزغىلاڭ كوتۈرۈشكە قارار قىلىندى ھەمدە 26- نويابىردا « يوقالسۇن ئىمپېرىئالىزم » ، « يوقالسۇن مىلىتارىزم » ، « ئىشچىلارغا ئاش ، نان بېرىلسۇن » « دىخانلارغا يەر-زېمىن بېرىلسۇن » ۋە « بار-لىق ھاكىمىيەت ئىشچى ، دىخان ، ئەسكەر سەۋىتىگە تاپشۇرۇل-سۇن » دېگەن شوئارلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، خەلق ئاممىسى قوزغۇلۇشقا ئاشكارا ھالدا چاقىرىلدى. خەلق ئاممىسى بۇ چاق-

رىقنى قىزغىن ھىمايە قىلىش بىلەن بىللە، ئەكسىيەتچى ھوكۈ-
مەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ھوكۈمىتىنى قو-
رۇشنى بىر ئىغىزدىن قوۋۋەتلىدى.

قوراللىق قوزغولاڭ 11- دېكابىر كۈنى سەھەردە باشلاندى.
ئىشچىلار سىنىپى يەجەنىڭ يەتەكچىلىكىدىكى تەربىيە پولكىنى ئا-
ساس قىلغان ھالدا ئەكسىيەتچى كۈچكە قارشى ئۇرۇشقا باتۇر-
لارچە قاتناشتى. تەخمىنەن 50-60مىڭ ئادەم ئۆزلىكىدىن كىلىپ
قورال ئالدى. قوزغولاڭ باشلانغاندىن كىيىن، گۇاڭجۇدا دەرھال
ئىنقىلابى خەلىق ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. سۇڭجاۋجىڭ رەئىس
يەتىڭ باش قوماندان بولۇپ سايلاندى. ئىنقىلاپقا قارشى گورۇھ-
لارنىڭ ئەسكەرلىرى دەرھال بىرلىشىپ گۇاڭجۇدىكى ئىنقىلابى
ھاكىمىيەتكە ھۇجۇم قىلدى. ئىمپېرىئالىستلارمۇ ئىنقىلاپقا قارشى
كۈچلەرنىڭ ئىنقىلابى گۇاڭجۇغا ھۇجۇم قىلىشىغا ھەربى ياراخود
بىلەن ساپىۋەن بولدى، گۇاڭدۇڭدىكى ئىشچىلار، كەمبەغەللەر ۋە
ئىنقىلاپچى ئەسكەرلەر باتۇرلارچە قانلىق ئۇرۇش قىلغان بولسى-
مۇ ئەمما دۈشمەننىڭ كۈچى بىزدىن خىلىلا ئارتۇق بولغاچقا،
گۇاڭجۇدىكى ئىنقىلابى ھاكىمىيەت مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.
قوزغولاڭنىڭ قەھرىمانى جاڭ تەيلېيمۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولدى.
شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپقا قارشى مىلىتارىستلار 7-8 مىڭدىن ئار-
تۇق ئىنقىلاپچى ئىشچى ۋە ئىنقىلاپچى ياشلارنى ۋەھشىلەرچە
قىرىپ تاشلىدى.

گۇاڭجۇ قوزغولۇڭى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ جۇڭگو
يېڭى دېموكراتىزم ئىنقىلابى تارىخىدا ناھايىتى پارلاق تارى-
خى ئەھەممىيىتىنى قالدۇردى.

بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەت-
كە ئۇچرىغاندىن كېيىن، كومپارتىيە ئىچىدە ۋاقىتلىق قا-
لايمىقانلىقنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە «٧ - ئاۋغۇست» مەجلىسىنىڭ
چاقىرىلىشى-بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغ-
لۇپ بولدى. ئومۇمەن ئالغاندا جۇڭگو كومپارتىيەسى ئوز ۋاقتىدى-
كى ئۇرۇشتا بىر قېتىم يېڭىلدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى ئۇ چاغ-
لاردا گۆدەك ئىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بەزى ئادەملەرنىڭ
مەپكۇرىسىنى ئوبدان ئوزگەرتىپ كەتالمىغان، يەنى پرولېتارى-
ئاتلاشتۇرۇلمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلاپ مەغلۇپ بول-
غاندىن كېيىن، كومپارتىيە ئىچىدە بۇنداق ئەھۋاللار تۇغۇلدى:
بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرىدە تەسلىمچى-
لىك يولىنىڭ مۇھىم جاۋاپكارلىرىدىن بولغان چېن دۇشۇ، پېڭ
شۇزى قاتارلىق ئاز ساندىكى ئونسۇرلار، ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەت-
كە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىنقىلابى ئىرادىسىنى تامامەن يوقۇتۇپ
لىكۋىداتورلارغا ئايلاندى. ئۇلار: گومىنداڭ بۇرژۇئاز دېموك-
رات ئىنقىلابىنى ئورۇنداپ بولدى، دېگەندەك ئوخشاش ئىن-
قىلابقا قارشى سەپسەتىلەرنى تەشۋىق قىلدى؛ ئەكسىيەتلىك
ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا «مىللەت مەجلىسى» نى مەركىزى شوئارقى-

لىپ تۇرۇپ لىگاللاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشقا تەشەب-
بۇس قىلدى. ئۇلار پارتىيەنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا قىلغان
يارديمىنى قوبۇل قىلماستىن، ئاخىرى تروتسكىچىلار بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ ئىنقىلابقا قارشى تروتسكى-چېن دۇشيۇ لىكۋىداتورلىرى
گۇرۇھىغا ئايلاندى. يەنى پۈتۈنلەي ئىنقىلابقا قارشى يولغا كىردى.
يەنە بەزى ئادەملەر يۈز ئۆرۈپ گومىنداڭغا تەسلىم بولۇپ، گو-
مىنداڭغا يالاقچى بولۇپ كومپارتىيەگە ۋە پرولېتارىئاتقا خىيا-
نەت قىلدى. يەنە بىر بولۇم ئادەملەر كومپارتىيەدىن چېقىپ
كەتتى؛ پاسسىۋ بولۇپ ئالدى. يەنە ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر
بولۇم ئادەملەر كومپارتىيەدىن چېقىپ، باشقا پارتىيە تەشكىل قى-
لىپ، ئىنقىلاب قىلماقچى بولغان بولسىمۇ ئەمما قاتتىق كۆرەشتىن
قورقتى. كورۇنۇشىمىزنى ئۆزگەرتسەكلا ئاممىنى جەلپ قىلىپ
كىتالايمىز دەپ ئويلىدى (ئەمما نەتىجىدە، ئەكسىنچە، كومپار-
تىيەدىن ئايرىلىپ قالدى، يەنى ئاممىدىن ئايرىلىپ قالدى) ژۇ-
قۇرقىلاردىن باشقا، كومپارتىيە ئىچىدە، كۆرەشنى خالايدىغان،
كومپارتىيەنىڭ قىزىل گۈللىرى ۋە ئاساسى غوللىرى قالدى.

جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزى كومىتېتى 1927 - ژىلى 7 - ئاۋ-
غۇستتا جىددى مەجلىس (7 - ئاۋغۇست مەجلىسى) چاقىردى. بۇ
مەجلىس كومپارتىيە تارىخىدا خىزمەت كورسەتكەن بىر مەجلىس
بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. يەنى بۇ مەجلىس، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ
جىددى ۋە ئېغىر مەزگىللىرىدە چېن دۇشيۇنىڭ ئوڭچىل تەسلىم

چىلىكىنى قەتئىي تۈزەتتى ۋە ئۇنىڭغا خاتىمە بەردى. مەجلىستە يەر ئىنقىلابى ئوتكۈزۈش ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە قوراللىق قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئومۇمى نىشانە بەلگىلەندى. كوممۇنىستلارنى خەلق ئاممىسىنى ئىنقىلابى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىردى. ئەمما 7 ـ ئاۋغۇست مەجلىسى ئوڭچىللىق خاتالىقىغا قارشى تۇرۇشتا «سول»چىل خاتالىقىغا يول ئېچىپ بەردى. يەنى كومپارتىيەدىكى قىسمەن يولداشلار 7 ـ ئاۋغۇست مەجلىسىدىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇروھىنىڭ قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە بولغان نەپرەت ۋە غەزەپ سەۋىيى بىلەن بىر تۈرلۈك «سول» چىل ئالدىراڭغۇلۇق ۋە قارغۇلارچە ھەرىكەت قىلىش ئېقىمىنى تۇغدۇرۇپ قويدى. مۇنداق ئەھۋال، بولۇپمۇ نويابردىن كېيىن ناھايىتى ئېغىرلاشتى، ئۇلار دۈشمەننىڭ كۈچلۈكلىكىگە ۋە ئىنقىلاب مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ئاممىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالماستىن، ئازساندىكى كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئاز ساندىكى خەلققە مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدا غالىبىيەت قازىنىشقا ئۈمىت بولمىغان يەرلىك قوزغىلاڭلارنى ئويۇشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ئىشچىلار ئىش تاشلىغان ۋاقىتتا بۇيرۇقچىلىق قىلدى ۋە تەۋەككۈلچىلۈك قىلدى. بۇ، ئوششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىنقىلابىتىكى ئالدىراقسانلىق كېسەلىنىڭ كومپارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى ئىدى. بۇنداق قارغۇلۇق 1928 ـ يىلنىڭ باشلىرىغا يەتكەندە ئاستىلاپ توختىدى.

ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيەسىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە ئىنقىلابىي بازىلارنىڭ قۇرۇلۇشى- بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن كومپارتىيەنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان، ماركسىزم-لېنىنىزمچە ھوشيارلىقنى تولۇق ساقلاپ كەلگەن، نىشانىدىن ئازمىغان ھەم ئوڭچىل ئوپپورتونىزمغا ھەم «سول» چىل قارغۇلۇققا قارشى تۇرۇپ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يولباشچىسىغا ئايلانغان كىشى، ئەنە شۇ ماۋزېدۇڭ ۋە ماۋزېدۇڭ ئەتراپىدىكى بەزى يولداشلاردىن ئىبارەت بولدى.

7- ئاۋغۇست مەجلىسىدىن كېيىن ماۋزېدۇڭ جاڭشا-خۇنەندىكى كۈزلۈك ھوسۇل قوزغىلىڭىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ماۋزېدۇڭ سىنتەبىردە پىڭ جاڭ، لىۇياڭ ئەتراپىدىكى دېھقان ئەسكەرلەرگە ۋە ئەن يۈەن خاڭچىلىرىغا ھەم ئىلگىرىكى ئۇچاڭدىكى مىللىي ھوكۇمەت گارنىزون پولكىغا يولۇقۇپ ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيەسىنىڭ بىرىنچى كورپۇس بىرىنچى دىۋىزىيەسىنى تەشكىللەپ خۇنەننىڭ شەرقىدىكى لىۇياڭ، پىڭ جاڭ، لىلىڭ، جۇجۇۋە جاڭشىنىڭ غەربىدىكى شۇشۇي، پىڭ شاڭ قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى، نۇرغۇن ئۇرۇشلار قىلىپ، مىڭلىغان- تۈمەنلىگەن ئەكسىيەتچى ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاسىرىلىرىنى تار-مار كەلتۈرۈپ، ئاخىرىدا، جاڭشى، خۇنەن ئۆلكىلىرىنىڭ چېگارىسى

بولغان جىڭ گاڭسەنگە قاراپ ماڭدى. ئوكتەبردە جىڭگاڭ-سەندە بىرىنچى ئىنقىلابىي بازىنى قۇردى.

شۇۋاقىتتا جۇدە، لىڭ بياۋ،ۋۇچىڭ يى لەرئىلگىرى نەن-چاڭدا قوزغۇلاڭ كۆتەرگەن قىسىملارنى باشلاپ فۇجەندىن گۇاڭدۇڭنىڭ شىمالىغا كېلىپ، كۆچنى تولۇقلاپ ئالغاندىن كېيىن 1928-يىلى يانۋاردا خۇنەنگە كىرىپ شۇي كەشاڭ، بەي چوڭشىلارنىڭ ئەكسىيەتچى قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇزقىسمىنى كېڭەيتىپ خۇنەننىڭ غەربىدىكى يى جاڭ، لىڭ جاڭ، خۇياڭ، يۇن شىڭ، ۋەزى شىڭ، ناھىيەلىرىدە دېھقانلار قوزغۇلاڭلىرىنى قوزغاپ 3 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇردى. ئاپرېلدا ئۇلار خۇنەننىڭ غەربىدىكى 8 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە جىڭگاڭ-سەنگە كېلىپ ماۋزېدۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيەسىنىڭ 4-كورپۇسىنى تەشكىللىدى. كورپۇس كو-ماندىرلىقىغا جۇدە، پارتىيە ۋەكىللىكىگە ماۋزېدۇڭ تەيىنلەن-دى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۈستۈنلۈكنى قازىنىپ تۇرغان ۋە بىزنىڭ ئارمىيەمىز ناچار ئەھۋالدا تۇرغان شارائىت ئاستىدا، ماۋزېدۇڭ دۈشمەندىن غالىب كېلىشنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە تاك-تىكىسىنى تەتقىق قىلىپ «دۈشمەن ئالغا باسسا، بىز چېكىنىمىز؛ دۈشمەن يەرلىشىپ ئالسا، بىز پاراكەندە قىلىمىز: دۈشمەن چارچىسا، بىز زەربە بېرىمىز، دۈشمەن چېكىنسە بىز قوغلايمىز»

دېگەن پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. كېيىن يەنە ئوز قولى بىلەن 3 زور ئىنتىزام ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان 8 نۇقتە — دېگەن سىياسى ئىنتىزام تۈزەپ چىقتى. ئەسكەرلەر بىلەن جاپا مەشەققەتنى تەڭ تارتتى. زۇلمەت باسقان جۇڭگودا ئىنقىلاپ ئوتىنى كوتۈرۈپ چىقتى. پرولېتارىئات يېتەكچىلىكىدىكى تامامەن يېڭى فورمىدىكى خەلىق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ بەرپا بولۇشى، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاپ تارىخىدا زور بىر ۋاقىئەدۇر، جۇڭگو ئىنقىلابى غالىبىيىتىنىڭ مۇھىم كاپالەتلىرىنىڭ بىرسىدۇر، شۇنىڭدەك بۈگۈنكى كۈچلۈك خەلىق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ جاپا — مەشەققەت ئىچىدە دەستلەپكى هالدا بەرپا بولۇشىدۇر.

لېنىن: «ئىنقىلاپ پارتىيەسى ئاخىرغىچە ئوگۈنۈش لازىم... ئەگەر ئوتتوغرا هۇجۇمنى ۋە توغرا چېكىنىشنى ئوگەنمىسە غەلىبە قازىنالمايدۇ» دېگەن ئىدى. بۇ، ئىنقىلاپ ھەققىدىكى بۈيۈك تەئلىماتتۇر. ماۋزېدۇڭنىڭ جىڭ، گاڭسىنگە قىلغان سەپىرى، ئىنقىلابنىڭ چېكىنىشىنى هۇجۇم بىلەن بىرلەشتۈرگەن دۇنيا ئىنقىلاپ تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر سەپەرنىڭ بىرسىدۇر. دەسلەپتە بۇ سەپەر چېكىنىش ماھىيىتىگە ئىگە بولغان بىر سەپەر ئىدى. بۇ چېكىنىش يالغۇز چېكىنگەن كۈچنى بىۋاسىتە قوغداپلا قالماستىن بەلكى چېكىنىش بىلەن تەڭ بىر خىل يېڭى هۇجۇمنى باشلىدى. يەنى: ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن

ئينقيلاپقا قارشى كۈچلۈك كۈچ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شەھەرلەر-
نى ئيشغال قىلىپ ئەپكومپارتىيەنى شەھەرلەردىن چىكىنىشكە
مەجبۇرقىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئينقيلاپ، شەھەرلەرنى تاشلاپ
قۇراللىق ھالدا يېزىلارغا ئورنۇشۇپ ئىشچى- دېخانلارنىڭ
ئينقيلاپقا قوزغولۇشىغا ئاكتىق رەۋىشتە يېتەكچىلىك قىلدى.
ئينقيلابنىڭ ھۇجۇم قىلىش نىشانىسى ئينقيلاپقا قارشى كۈچ
ئاجىزراق بولغان، قارىمۇ- قارشىلىق كوپرەك بولغان ۋە پۈختا
ئينقيلابى ئاساسى بولغان يېزىغا كوچتى. بۇنداق ھۇجۇم تەخ-
مۇ چۇڭقۇر سىنپى ئاساس ئۈستىگە قويۇلدى. ھۇجۇمنىڭ بىۋاس-
تە نىشانىسى ئىمپىرىئالىزمنىڭ يالاقچىسى- شۇ چاغلاردا ئينقى-
لاپقا خىيانەت قىلغان گومىنداڭ ۋە فئودال پومىشچىكلار سى-
نىپىدىن ئىبارەت بولدى. ھۇجۇمنىڭ يولى (مەزمۇنى ۋە شەك-
لى) يەر ئينقيلاۋىدىن، قۇراللىق كۈرەشتىن ۋە ئينقيلابى بازا
قۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھۇجۇم بىرىنچى
قېتىملىق ئىچكى ئينقيلابى ئۇرۇش دەۋرىدىكىدىنمۇ ئالغا باستى.
ئينقيلاپقا قارشى قاراڭغۇ تېررور پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ۋا-
قىتلاردا، ماۋزېدۇڭ، جۇدە ۋە بۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇرە-
غۇن يولداشلار ھەم ماۋزېدۇڭ بىلەن ئوخشاش بىر نىشانىنى
تۇتقان ھەر قايسى جايلاردىكى ئۇرغۇن يولداشلار، ئەمەلى-
ياتتا جۇڭگو كومپارتىيەسىگە ۋەكىل بولۇپ، جۇڭگو كومپارتى-
يەسىدىكى بارلىق يولداشلارغا ۋە ئىشچى- دېخان ئەسكەرلەر-

گه يتەكچيليك قىلىپ، ئىنقىلابى كۆرەشنى داۋام ئەتتۈرۈشنىڭ، ئىنقىلابى كۈچنى ساقلاش ۋە كمگه يتيشنىڭ بيردين-بير توغرى يولىنى تاپتى. قۇراللىق كۆرەش ئىلىپ بارىدىغان، يەر ئىنقىلاۋىنى يولغاقويىدىغان، يىزىلاردا ئىنقىلابى بازىلارنى كمگه يتيدىغان، ئۇزۇن مۇددەتكيچه يىزىلار ۋاستيسى بيلەن شەھەرلەرنى مۇھاسىر يگه ئىليپ، ئاخىريدا شەھەرلەرنى قولغاكەلتۈرۈپ غالىبىيەت قازىنيدىغان بۇيول، گەرچه مەشەققەت يول بولسىمۇ، ئەمما دۈشمەننىڭ ژۇرۇگىگه زەربەبىريدىغان مۇھيم يولدۇر. بۇيول بويىچه ئىنقىلابنىڭ كۈچى ماۋزەيدۇڭ ئىستقاندەك دەستلەپته «ئۇچقۇن» بولسىمۇ ئەمما كىيىن يەنه ماۋزەيدۇڭ ئىستقاندەك «يالقىن» بولۇپ تەرەققى قىلدى.

1927-ژىلى كۈزپەسلىدىن تارتيپ 1928-ژىلى باھارغىچه ماۋزەيدۇڭ يتەكچيليگيدە خۇنەن ۋە جاڭشيلەردە كۆزلەنگەن ھوسۇل قوزغولۇگى كوتۈرۈلگەندىن ۋە جڭگاڭسەن بازىسى قۇرۇلغاندىن تاشقىرى خۇبەي، گۇاڭدۇڭ، شەنشى ۋە خەنەن ئۆلكىلىريدىمۇ قۇراللىق قوزغولاڭلار كوتۈرۈلدى. بۇقوزغولاڭلارنىڭ ئىچيدەبيك بەي يتەكچيليگيدە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خەي فۇڭ ۋە لوفۇڭ دىگەن جايليريدا بولغان قوزغولاڭ، ليوزىدەن يتەكچيليگيدە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋى، خۇا دىگەن جايليريدا بولغان قوزغولاڭلار ناھايىتى مەشھۇر. بۇقوزغولاڭلار ھەر قايسى جايلاردىكى خەليقنىڭ ئىنقىلاپ مەغلۇپ بول-

ىغاندىن كېيىن ئىنقىلاۋقا قارشى كۈچلەرگە قايتا رەزىل ھۇجۇم قىلىش مەقسىدى بىلەن دەسلەپ قىلىپ كومپارتىيە يېتەكچىلىكىدە قوزغىغان ھەرىكەتلىرىدۇر. ئەمما بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ تولىسى تەييارلىقنىڭ يېتىشسىزلىكى ياكى سوبيېكتىپ يېتەكچىلىكتە كەمچىلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

پېڭ دېخۇەي ۋە خۇاڭ گۇڭلۆلەر 1928 – يىلى ئىيۇلدا پىڭ جياڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قىزىل 5 – كورپۇسنى تەشكىل قىلىپ پىڭ جياڭ، ليۇياڭ، ۋەن زەي، شۇشۇي، تۇڭگۇ، تۇڭ چېڭ، چۇڭ ياڭ قاتارلىق 10 نەچچە ناھىيەنى ئىشغال قىلىپ رەسمىي رەۋىشتە خۇنەن، خۇبەي، جياڭشى ئىنقىلابى بازىسىنى بەرپا قىلدى.

پېڭ دېخۇەي 1928 – يىلى دېكابىردا ئۆز قىسمىنى باشلاپ جىڭ گاڭشەنگە كېلىپ ماۋزېدۇڭ ۋە جۇدې بىلەن ئۇچراشتى. ماۋزېدۇڭ بىلەن جۇدې قىزىل 4 – كورپۇسنى باشلاپ يېڭى ئىنقىلابى بازا بەرپا قىلىش ئۈچۈن شەرققە سەپەر قىلدى. قىزىل 4 – كورپۇس 1929 – يىلى فېۋرالدا فۇجيەننىڭ غەربىگە كىرىپ ھەرىكەت قىلىپ دىڭ جۇنى ئىشغال قىلدى. مارتتا جياڭشىنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كېلىپ شىڭگو، نىڭدۇ، رۇي جىڭ، يۈندۇ ۋە گۇاڭ چاڭ ناھىيەلىرىنى ئىشغال قىلىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوزغىدى. مايدا 2 قېتىم فۇجيەنگە بېسىپ

كىرىپ دىڭجۇ، شاڭخاڭ، ئوپىڭ ۋە لۇڭيەن ناھىيەلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئىيۇلدا فۇجەننىڭ غەربىدىكى جاڭپىڭ، نىڭياڭ دىگەن جايلارغا بسىپ كىردى. ئوكتەبردە 3-قە-تىم فۇجەنگە بسىپ كىرىپ پىڭخەدىن ئوتۇپ يۇن دىڭنى ئىشغال قىلدى. دىكابردا ئوپىڭنى قايتۇرۇپ ئلىپ كەڭ ئىنقىلابى بازا ۋە پارتىزان رايئونى بەرپا قىلىپ نەچچە يۈزمىڭ كىشىلىك يەرلىك قوراللىق كۈچنى تەشكىللەپ، كىيىنكى مەر-كىزى ئىنقىلابى بازىغا كۈچلۈك ئاساس ھازىرلىدى. قىزىل 4-كورپۇس كېڭىيىپ قىزىل ئارمىيەنىڭ 1-ئارمىيەسىگە ئايلان-دى. قىزىل 5-كورپۇس كېڭىيىپ قىزىل ئارمىيەنىڭ 3-ئار-مىيەسىگە ئايلاندى. شۇندىن باشلاپ قىزىل ئارمىيەنىڭ قۇ-ۋىتى كۈندىن-كۈنگە زورايغىلى تۇردى.

جاڭ يۈنيى ۋە دىڭ شاۋ پىڭلەر 1929-ژىلى قىشتا گۇاڭشى ئولكىسىنىڭ زوجاڭ ۋەيوجاڭ دىگەن جايلىرىدا قىزىل 7-كورپۇس بىلەن قىزىل 8-كورپۇسنى تەشكىل قىلىپ، يوجاڭ ئىنقىلابى بازىسىنى بەرپا قىلدى. فاڭ زى مىڭ ۋە باشقىلار جاڭشىنىڭ شەرقى شىمالىدا ئىنقىلابى بازا قۇرۇپ قىزىل 10-كورپۇسنى تەشكىل قىلدى. خەلۇڭلەر خۇبەي نىڭ غەربى جەنۇبىدا خۇڭ خۇۋەغەربى خۇنەن، خۇبەي ئىنقىلابى بازىسى-نى بەرپا قىلدى. 1930-ژىلنىڭ باشلىرىدا قىزىل 2-كورپۇس بىلەن قىزىل 6-كورپۇسنى قۇرۇپ 1930-ژىلى كۈزدە تۇلارنى

قىزىل ئىككىنچى ئارمىيە قىلىپ تەشكىللىدى. شۇي شاگچەنلەر خوبەي، خەنەن، ئەنخۇي ئىنقىلابى بازىسىنى بەرپا قىلىپ 1930 ـ يىلى كۈزدە قىزىل 7 ـ كورپۇسنى قۇرۇپ كېيىن ئۇنى قىزىل 4 ـ ئارمىيە قىلىپ تەشكىللىدى. لىوزىيدەن بىلەن گاۋ ـ گاڭ شىمالى شەنشىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا يېتەكچىلىك قىلىپ شىمالى شەنشى قىزىل ئارمىيەسىنى ۋە شىمالى شەنشى ئىنقىلابى بازىسىنى بەرپا قىلدى. بۇ بازا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندى. بۇلار ـ دىن باشقا خەينەنداۋ، گۇاڭدۇڭ، شەنشى ۋە جاڭسۇ ئۆلكۈ ـ لىرىدە دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ. چوڭ ـ كىچىك غالىبىيەت ـ لەرنى قازاندى، خەلق ئىنقىلابى ھاكىمىيىتى قۇردى ۋە قىزىل ئارمىيە تەشكىللىدى.

قىزىل 4 ـ ئارمىيە 1929 ـ يىلى دېكابىردا فۇجەن ئول ـ كىسىنىڭ گوتيەن دېگەن جايىدا 9 ـ قېتىملىق قۇرۇلتاي ئاچ ـ تى. قۇرۇلتايدا ماۋزېدۇڭ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قارارلارنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىقتى. بۇ قارارنىڭ «پار ـ تىيە ئىچىدىكى خاتا پىكىرلەرنى تۈزۈتۈش» دېگەن بىرىنچى قىسمىدا ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كورسەتتى: بىزنىڭ پارتىيە ـ يەمىز ۋە قوراللىق كۈچىمىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. پارتىيە قۇرۇش، ئارمىيە قۇرۇش ۋە ئاممىۋى خىزمەتنى يولغا قويۇش ـ بۇ، بىر يىلدىزدىن شاخلىغان 3 تۈرلۈك ۋەزىپىدىن ئىبارەت.

پارتییەمیز ھەممیدین ئەۋۋەل مەپكۇرە جەھەتتە ماركسیزم ۋە لېنینیزمچە پارتییە بولۇشی لازیم؛ تەشكیلی جەھەتتەمەركەز- لەشكەن دېموكراتیك تۈزۈمدیكی پارتییە بولۇشی لازیم. بیزنیڭ ئارمییەمیز باشقا فورمیدیكی ئارمییە ئەمەس ۋە باشقا فورمیدیكی ئارمییە بولۇشی ھەم مۇمكۈن ئەمەس: بۇ ئارمییە پرولېتارىئات مەپكۇرىسىنیڭ یېتەكچیلیكیگە بویۇن سۇنۇدیغان، خەلیق كۈرۈشیگە خیزمەت قیلیدیغان ۋە ئینقیلابی بازیلارنیڭ قۇرۇلۇشیغا خیزمەت قیلیدیغان قۇرال بولۇشی لازیم. بۇ ئارمییە- نیڭ ئۆزی خەلیق ھوقۇقینی قۇۋۋەتلەپ، بۇنیڭغا زیت كېلیدیغان بارلیق میلیتاریزم ۋە قاراقچیلیق ئىقیملیریغا قارشی تۇرۇشی لازیم. بۇ قارار پارتییە قۇرۇش ۋە ئارمییە توغریسیدیكی پۈ- تۈن نەزەرییە ۋە پرینسیپنی ئىنیقلاپ بەردی. 1930 - ژیلی یازپەسلینیڭ ئاخیری ۋە كۈزپەسلینیڭ باشلیریدا ئینقیلابی بازیلار چوڭ - كیچیك بولۇپ 15 كە یەتتی. ئۇلار جاڭشی، خۇنەن، خوبەی، گۇاڭشی، گۇاڭدۇڭ، فۇجەن، ئەنخۇی ۋە خەنەن ئۆلكۆلیریگە تارقالغان بولۇپ بۇلارنیڭ ھەربیرسی بیر ناھییە یاكی بیر نەچچە ناھییەنی ئۆز ئیچیگە ئالیدۇ. رەسمی قیزیل ئارمییەمۇ ئون ئۈچ كورپۇسقا یەتتی یەنی 60 - 70 میڭ ئادەمگە یەتتی. 1931 - ژیلی قیزیل ئارمییە جەڭچیلیرینیڭ سا- نی 100 میڭدین ئارتیپ كەتتی.

2

جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ چېكىنىش باسقۇچىدىن قىسمەن ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتۈشى؛ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتايى؛ گومىنداڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ ئۆز-ئارا ئۇرۇشى؛ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابى بازىلىرىنىڭ كېڭىيىشى

بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ئىچكى ئىقتىسادىي ئەھۋالات ۋە خەلق تۇرمۇشى - بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، گومىنداڭچى يېڭى مىلىتارىستلارنىڭ فېئودال-كومپرادورلۇق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان جۇڭگو ئىقتىسادى چاپسانلا مۇستەملىكىلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى. دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ 1929-يىلدىكى ئومۇمىي ئىقتىسادىي كرىزىسى ئۆز تەسىرىنى جۇڭگوغا يەتكۈزگەندىن كېيىن مۇنداق مۇستەملىكىلىشىش جەريانى تېخىمۇ چاپسانلىشىپ كەتتى. خەلق تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە گادايلاشتى ۋە ئېغىرلاشتى.

بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى چەت ئەل

ئىمپېرىئالىزمغا تەسلىم بولغانلىقتىن، ئىمپېرىئالىستلار جۇڭگودىكى ئىقتىسادىي تەسىراتىنى كۈندىن-كۈنگە كېڭەيتىۋاتتى، چەت ئەلماللىرىنى ئەكىلىپ ساتتى. ئاق تەنلىكلەرىمىز چەتكە قاراپ ئاقتى. چەت ئەل كاپىتاللىرى نۇرغۇن مىقداردا تەجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئاۋرۇپا ئۇرۇشى ۋاقتىدا باش كۆتەرگەن جۇڭگونىڭ مىللىي سانائىتى مەسىلەن: توقۇمۇچىلىق، ژىپەكچىلىك، ئۇن، سەرەڭگە، سىمونت، تاماكۇ ۋە مېتال سانائىتى بىۋاستە زەربىگە ئۇچرىدى. جۇڭگو مىللىي كاپىتالىنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ ھېسابلانغان توقۇمۇچىلىق سانائىتىدە ژىپ ئىگىرىش ۋە رەخ توقۇش ماشىنىلىرىنىڭ سانى مەملىكەت بويىچە ئالغاندا ژىلدىن-ژىلغا ئازايدى. 1930-ژىلى كۆپەيگەن 187مىڭ ژىكنىڭ ئاران 64،200 نى جۇڭگو سودىگەرلىرىنىڭ ژىكى تەشكىل قىلدى. شۇ ژىلى توقۇمۇچىلىق سانائەت ساھەسىگە كىرگەن چەت ئەل كاپىتالى 80 پروتسېنتقا يېتىپ باردى. مېتال سانائىتىدىكى چەت ئەل كاپىتالى 90پروتسېنتقا يېتىپ باردى. چەت ئەل كاپىتالى ئىچىدە ياپونىيە كاپىتالى ھەممىدىن چاپسان تەرەققى قىلدى. بۇندىن باشقا ژىپەك تەرەپتە، 1930-ژىلى چىققان ژىپەك 1929-ژىلدىكىدىن 80-90مىڭ دەن (ھەر دەن 100 جىڭ) كام چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭكەيشى، سۇڭزىۋېن، كۇڭشاڭشى ۋەچېڭ-لىفۇ ئائىلىلىرى باشچىلىقىدىكى بيۇروكراتلار كاپىتالىنىڭ بۇلاپ-تالىشى ۋە چەتكە قېقىشى نەتىجىسىدە، مىللىي سودا-سانائەت

ئۇرغۇن مىقتاردا سىندى. شەھەرلەردىكى سانائەت كاپىتالى بىلەن ئىسپېكۇلاتچىلىقنىڭ بەزى غەيرى رەسمى تەرەققىياتى، خەلق ئىقتىسادىنىڭ خانىۋەيران بولغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ كۈندىن-كۈنگە مۇستەملىكىلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى ياپالمىدى.

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىشچىلار سىنىپى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالدى. بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرىدە قولغا كەلتۈرگەن سىياسى ھوقۇقلار تامامەن تارتىپ ئېلىندى: ئىشچىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تارقىتىلدى، ئىش تاشلاشقا يول قويمىدى، ئىنقىلابچىلارنى ئۆلتۈردى...... ھەتتا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇشتا كۈرەش قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرىمۇ پۈتۈنلەي تارتىپ ئېلىندى. شاڭخەيدىكى ژىپ ئېگىرىش فابرىكىسى، ژىپەك فابرىكىسى ۋە مەتبەئە زاۋۇدى ئىشچىلىرىنىڭ كۈندۈلۈك ئىش سائىتى 10 سائەتتىن 12 سائەتكە ھەتتا 14 سائەتكە سوزۇلدى. ژىپ فابرىكىسىدا ھەر بىر ئىشچى بىر ياكى ئىككى ماشىنىنى باشقۇرۇۋاتقان بولسا، بۇ چاغلاردا 3-4 ماشىنىنى باشقۇرىدىغان بولدى. ئەمما ئىش ھەققى $\frac{1}{3}$ كامايدى. جۇي چۇبەينىڭ 1930-ژىلى جۇڭگو ئىشچى، خىزمەتچىلەر ھەرىكىتى مەسىلىسى توغرىسىدا يازغان ئەسىرىگە قارىغاندا بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن شاڭخەي، ئۇخەن ۋە گۇاڭجۇلاردىكى كاپىتالىستلارنىڭ

ھەممىسى ئىش ھەققىنى ئازايتقان. مەسىلەن: ياغ سانائىتىدە ئىش ھەققى ئارقىمۇ- ئارقا 3 نوۋەت ئازايتىلغان. ئىشسىز قالغان ئىشچىلار كۈندىن- كۈنگە كوپەيگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن 1929- ژىلى ئىشچىلار ھەرىكىتى يەنىمۇ جانلىنىپ كەتتى. بىرىنچى ماي بەيرىمىدە يالغۇز شاڭخەيدە 50مىڭ ئىشچى ئىش تاشلىدى.

شەھەرلەردە ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ تۇرمۇشىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى: ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ژۈك ئېغىرلىشىپ كەتتى. يالغۇز تىجارەت بېجىنى ئالساق، 1931- ژىلى كونا مىلىتارىستلار ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتدىكىگە نىسبەتەن 3 ھەسسىدىن 11 ھەسسىگىچە كوپەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق- چۇششەك باجلارنى قوشساق ئۇلارنىڭ ژۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتىدۇ. ئەركىن كەسىپدىكىلەر، ياش ئوقۇغۇچىلار خەلق ئىقتىسادىنىڭ ھەممە جەھەتتىن خانىۋەيران بولغانلىغى ئۈچۈن ھەممە جايدا كەسىپسىز، ئىشسىز، ئوقۇشسىز قېلىپ ئازاپ- ئوقۇبەتكە چومدى. ئۇلارنىڭ مەپكۇرىدە سىياسەتتە تارتقان ئېغىر زۇلۇملىرى مىسلى كورۇلمىگەن ھالدا بولدى.

دېھقانلارچۇ؟ دېھقانلارمۇ ئاچارچىلىق ۋە ئاچ يالاڭغاچلىق ئىچىدە زار قاخشاپ كۈن ئوتكەزدى. يەر مەسىلىسى ئېغىر مەسىلە بولۇپ تۇرىۋەدى. ئۇخەن ھوكۇمىتىنىڭ يەر ھەيئىتىنىڭ 1927- ژىلدىكى تەكشۇرۇشىگە قارىغاندا، يىزا خەلق نوپۇسىنىڭ

32 پروتسنتىنى تەشكىل قىلغان ئۇششاق ۋە ئوتتۇرا هال دېخان-
لارنىڭ ئاران 68 پروتسنتىنىڭ يەرى بولغان، يەنە ئۇلار بارلىق
يەرنىڭ ئاران 39 پروتسنتىنى ئىگىلىگەن. ئەكسىچە، يېزا خەلىق
نوپۇسىنىڭ 13 پروتسنتىنى تەشكىل قىلغان پومششىك ۋە باي
دېخانلار، يەرگە ئىگە ئادەملەرنىڭ 32 پروتسنتىنى تەشكىل قىل-
غان. ئەمما بۇلار يەرنىڭ 61 پروتسنتىنى ئىگىلەپ ئالغان، دېخان-
لار ئىچىدىكى يەرسىزلەر (ئورتاقچى ۋە يالانما دېخانلار)
پۈتۈن يېزا خوجۇلۇغىدىكى خەلىق نوپۇسىنىڭ 55 پروتسنتىنى
تەشكىل قىلغان. يەرى يېتىشمىگەنلەر (ئۇششاق ۋە ئوتتۇرا هال
دېخانلار) پۈتۈن يېزا خوجۇلۇغىدىكى خەلىق نوپۇسىنىڭ 32
پروتسنتىنى تەشكىل قىلغان. ئومۇمەن، يېڭىۋاشتىن يەر بولۇپ
بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئادەملەر پۈتۈن يېزا خەلىق نوپۇسى-
نىڭ 87 پروتسنتىنى تەشكىل قىلغان. دېمەك يەر مەسىلىسىنىڭ
قانداق جىددى هەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە ئىكەنلىگىنى
ئەنە شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
هۆكۈمىتى ئىچكى تەرەپتە توخاۋ-لوەشىن-پومششىكلار سىنىپىغا
يۆلۈنۈپ ۋە ئۇلارنى قولداپ دېخانلارنىڭ بىرىنچى قىتىملىق
ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەزگىلىدە قولغا كەلتۈرگەن هوقۇقلىرىنى
تامامەن تارتىپ ئالدى. دېخانلار جەمئىيەتلىرىنى تارقىتىۋەتتى.
دېخانلارنىڭ رەهبەرلىرىگە زىيان يەتكۈزدى ۋە ئۇلارنى تو-
تۇپ ئولتۇردى. توخاۋ-لوەشىن-پومششىكلار سىنىپى ئۇمۇمى

هالدا دېخانلارغا قايتارما ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلاردىن قايتۇ-
رۇپ ھېساپ ئالدى. 1927 - يىلدىكى ئىنقىلاپ ۋاقتىدا دې-
ھقانلار تەقسىم قىلىپ بەلگۈ قادىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تار-
تىۋالدى. ئىجارە ھەققىنى ئازايتىش ۋە قەرز ئۆسۈمىنى كەمەي-
تىش ئورنىغا ئىجارە ھەققىنى ئارتتۇردى، قەرز ئۆسۈمىنى كۆ-
پەيتتى. يەر-زېمىن كۈندىن-كۈنگە توخاۋ - لوەشىن - پومىششىك-
لار قولىغا توپلانغىلى تۇردى. توخاۋ - لوەشىن - پومىششىكلار
ھوكۇمەت ئىدارىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئېلىپ دېخانلارنى
ئۆزى بىلگەنچە قامىدى ۋە دېخانلاردىن جەرىمانە ئالدى.
ھەمدە ئۇ جەرىمانىلارنى ئۆزى بىلگەنچە ئىشلەتتى. گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ نامى چىرايلىق ئۇششاق - چۈششەك
باجلىرىمۇ كۈندىن-كۈنگە كوپەيدى. يەرنىڭ قوشۇمچە بىجى
يىلدىن-يىلغا ئېغىرلىشىپ رەسمى باجدىن 10 نەچچە ھەسسە
ھەتتا 20 - 30 ھەسسە ئارتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دېخانلار-
نىڭ كىرىمى بارغانسىرى ئازايدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى ھەر يىلى مىلىتارىستلار ئىچىدە ئۇرۇش
قوزغاپ كومپارتىيەگە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، ھەدەپ
ئەسكەر تۇتۇپ، ئاۋاقىغا ئاشلىق يىغىپ، دېخانچىلىقنىڭ كۈن-
دىن-كۈنگە ئاجىزلىشىشىغا سەۋەپچى بولدى. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ
كولۇمى كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ، ئاق قالغان يەرلەر كوپىيىپ كەتتى. يېزا
خوجىلىق ئىقتىسادى ناھايىتى خاراپلاشقان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىغى ۋە توختىماستىن بولۇپ تۇرغان مىلىتارىستلار ئۇرۇشى كاساپىتىدىن پەيدا بولغان تەبىئى ئاپەتلەر 1929- ژىلدىن 31- ژىلغىچە ھەم كىڭەيدى ھەم چوڭقۇرلاشتى. نەنجىن ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىش باشقارمىسىنىڭ 1929- ژىلقى تەكشۈرۈشىگەقارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 21 ئولكىنىڭ 1093 ناھىيەسى ۋە 4شەھىرىنى ئاپەت باسقان، 70 مىللىئون ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىغان («جوڭگو يېزا خوجۇلۇق ئىقتىسادى ماترىيائاللىرى 138- بەتكە قارالسۇن») .

شەنشى، گانسۇ ئولكىسىدە 1930- ژىلى بىر نەچچە مىللىئون دىخان ئاچارچىلىقتىن ئولدى. 5 مىللىئون 500 مىڭ ئادەم ئاچارچىلىقتىن ئولۇش ھالىغا كىلىپ قالدى. 1931- ژىلى يازپەسلىدە بىر قانچە جايلاردا مولدۇر ئاپىتى بولۇپ، چاڭجاڭ خۇەيخە، خۇاڭخە، خەنشۇي دەريالىرىدىن سۇ تىشىپ، 17 ئولكىنى سۇ باستى ۋە 100 مىللىئوندىن ئارتۇق ئادەم تاشقىن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. چاڭجاڭ دەرياسىنىڭ تاشقىنى خەنكۇغا تەشۈش سالغان ۋاقىتلاردا، خەلىق تاشقىنغا قارشى تىگەن ياساش ئۇچۇن پۇل ژىققان بولسىمۇ ئەمما بۇ بىر نەچچە مىللىئونلىغان پۇلنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى ئەفيون سودىسىغا ئىشلىتىپ كەتتى. خۇەيخە دەرياسىنى ياساش ئۇچۇن توپلانغان سەرمايىنىمۇ ئىچكى ئۇرۇشقا خىراجەت قىلدى. نەنجىن ئەكسىيەت-

چى ھوكۇمىتىنىڭ ياردەم دېگەن نام ئاستىدا تارقاتقان نەچچە ئون مىللىئونلىغان زايومى ۋە ھەر قايسى جايلاردىن ياردەمگە توپلىغان نەچچە مىللىئونلىغان پۇلنىڭ دېخانلارغا 10 مىگدىن بىر-سىمۇ تەگمىدى. ئۇلارنىڭ تەگدىن تولىسى قانخور گومىنداڭ باندىتلىرىنىڭ «پارتىيە ۋە دولەتنىڭ مۇھىم ئادەملىرى» يانچۇ-غىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇمۇمەن ئالغاندا، بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىقتىسادى ئىمپىرىئا-لىزم، فېئودالىزم ۋە بىيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ زۇلمى ۋە ئېكىس-پلوئاتاتسىيەسى بىلەن كۈندىن-كۈنگە بانكروت بولدى ۋە مۇسەملىكىلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى. جۇڭگو خەلقى ناھايىتى ئېغىر تۇرمۇش ئىچىدە قالدى.

ئىنقىلاپ دولقۇنى تۆۋەن ھالدا تۇرغان بىر مەزگىلدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 6- قۇرۇلتايىنىڭ چاقىرىلىشى ۋە كۆرەش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئېنىقلىنىشى

- بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خاراك-تېرى ئۆزگەردىمۇ-يوقمۇ؟ ئىنقىلابى ۋەزىيەتكە قانداق باھا بېرىش لازىم؟

ماۋزېدۇڭ 1928- ژىلى بۇنداق دەپ كورسەتكەن ئىدى: «جۇڭگودا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ ناھايىتى زەرۇر،

بۇ ئىنقىلاپنى پرولېتارىئات يېتەكچىلىك قىلغاندىلا ئورۇندىغىلى بولىدۇ»(«جۇڭگونىڭ قىزىل ھاكىمىيىتى نېمە ئۈچۈن مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدۇ؟» —ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 1 — توم 2— نەشرى 50— بەت). ماۋزېدۇڭ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى. «بىز بىر ژىلدىن بۇيان ھەممە جايدا ئۇرۇش قىلىپ ژۈردۈك؛ ئىنقىلاپنىڭ مەملىكەت دائىرىسىدىكى دولقۇنى پەسەيگەن ھالدا تۇرغانلىغى ھېس قىلىنماقتا»(«جىڭگاڭسەندىكى ئۇرۇش»— ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 1 — توم 2— نەشرى 80— بەت). دېمەك ماۋزېدۇڭ بىر تەرەپتىن ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ پەسەيگەن بىر باسقۇچتا تۇرغانلىغىنى چۈشەندۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ پەسەيگەنلىگى ۋاقىتلىق بىر ھا— دىسە ئىكەنلىگىنى، ژۇقۇرى دولقۇننىڭ جەزمەن كۆتۈرۈلىدى— غانلىغىنى كۆرسەتتى. چۈنكى «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى دې— ھقانلار ئامىمىسى ھەتتا بۇرژۇئازىيەمۇ رېئاكسىئون ھاكىمىيەت ئاستىدا قالدى، سىياسەتتە ۋە ئىقتىسادتا قىلچە ئازات بولالمىدى» («جۇڭگونىڭ قىزىل ھاكىمىيىتى نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرا— لايدۇ؟» —ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 1 —توم 2— نەش— رى 49— بەت) ماۋزېدۇڭ بۇ يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئو— داللىق ھالدا تۇرغان جۇڭگودا «ئىنقىلاپنىڭ ژۇقۇرى دولقۇ— نىنى قوزغايدىغان تۈرلۈك قارىمۇ—قارشىلىقلار تەرەققىي قىلىۋاتى— دۇ» دەپ كۆرسەتتى («ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ» —ماۋزې—

دۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 1 ـ توم 2 ـ نەشرى 104 ـ بەت)
ئىمپېرىئالىزم بىلەن پۈتۈن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق، بارلىق قارىمۇ-قارشىلىقلار ئىچىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر. خۇددى ماۋزېدۇڭنىڭ پەرەزىدەك، ياپونىيە ئىمپېرىئالىزمىنىڭ 1931 ـ يىلى «18 ـ سېنتەبىر»دە باشلىغان ھۇجۇمى مەملىكەت بويىچە مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ يېڭى ۋە زۇقۇرى دولقۇنىنى قوزغىدى.

جۇڭگو كومپارتىيەسى 1928 ـ يىلى ئىيۇلدا مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتاينى چاقىردى، بۇ قۇرۇلتاي كومپارتىيە ئىچىدە ئوز ۋاقتىدا ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن پەيدا بولغان مەيكۇرەۋى قالايمىقانچىلىقلارنى يېڭىشتا خېلى ئوبدان خىزمەت كورسەتتى. قۇرۇلتاي بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش ۋاقتىدىكى تەجرىبە ۋە ساۋاقلاردىن توغرى خۇلاسە چىقىرىپ، ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى جۇڭگو جەمئىيىتى يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت دەپ ھوكۇم قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسى قارىمۇ-قارشىلىقلىرىنىڭ بىرسىنىڭمۇ ھەل بولمىغانلىقىنى كورسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلابى يەنە ئىمپېرىئالىزم ۋە فېئودالىزمغا قارشى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ بولۇدۇ دەپ ھوكۇم قىلدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى سىياسى ۋەزىيەت ئىككى ئىنقىلاپ دولقۇنى ئوتتۇرىسىدا قالغان ئىدى. يەنى يېڭى ئىنقى-

لاپ دولقۇنى جەزمەن كوتىۇرۇلۇش ئالدىدا تىۇرغان ئىدى. ۋە قۇرۇلتايدا ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەسلىكى كورسىۇتۇلدى. پارتىيەنىڭ نوۋەتتىكى ئۇمۇمى ۋەزىپىسى (ئىزاھات: چوڭ شەھەرلەردە) ھىۇجۇم قىلىش، قوزغىلاڭ تەشكىللەش ئەمەس، ئامىنى قولغا كەلتۇرۇشتىن ئىبارەت-دەپ كورسىۇتۇلدى. قۇرۇلتاي ئىككى سەپتە كۇرەش ئېلىپ باردى. يەئنى ئوڭچىل چىلىك دۇشىۇچىلىقنى ۋە «سول» چىل قارغىۇچىلىقنى تەنقىت قىلدى. كومپارتىيە ئىچىدىكى ئاساسى خەۋپلىك ئىقيم ئامىدىن ئايرىلغان قارغىۇچىلىق، ھەربى تەۋەككەلچىلىك ۋە بۇيرۇقچىلىقتىن ئىبارەت-دەپ كورسەتتى. قۇرۇلتاي مەملىكەتتىكى ئەمگەكچىلەرنى خەلق دىموكراتىك يىڭى جۇڭگونى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۇچۇن كۇرەش قىلىشقا چاقىردى، ھەم ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلابنىڭ سىياسى پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1- ئىمپىرىيالىزم ھوكۇمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش؛ 2- چەت ئەل كاپىتالى بىلەن ئىچىلغان كارخانە ۋە بانكىلارنى مۇسادىرە قىلىش؛ 3- جۇڭگونى بىرلىككە كەلتىۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئوز تەقدىرىنى ئوزلىرى ھەل قىلىش ھوقۇقلىرىنى ئىقرار قىلىش؛ 4- مىليتارىست-گومىنداڭ ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش؛ 5- ئىشچى-دىخان ئەسكەر ۋەكىللىرىنىڭ ھوكۇمىتىنى قۇرۇش؛ 6- 8 سائەتلىك ئىش ۋاقتى تۇزۇمىنى ئىجرا قىلىش، ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇش، ئىشسىزلارغا ياردەم قىلىش ۋە ئىجتىمائى سۇغۇرتا ۋە

باشقىلارنى يولغا قويۇش؛ 7 ـ بارلىق پومىشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ دېھقانلارغا بېرىش؛ 8 ـ ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇ- شىنى ياخشىلاش، ئەسكەرلەرگە يەر-زېمىن ۋە خىزمەت بېرىش؛ 9 ـ بارلىق پارچە-پۇرات ۋە ئارتۇقچە باجلارنى ئېلىپ تاشلاپ بىرلەشكەن دارامەت بېجىنى ئىجرا قىلىش؛ 10 ـ پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش .

گومىنداڭ مىلىتارىستلىرى ئىچىدىكى ئۇررۇش-جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دولقۇنى تۆۋەن ھالدا تۇرغان بىر ۋاقىتتا، ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپ مۇستەھكەملىشىپ كەتمىگەن ئىدى. كورۇنۇشتە جاڭگەيشى ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا بىرلەشكەن، كۈچلۈك ئەكسىيەتچى مەركىزى ھوكۇمەت مەۋجۇت بولۇپ تۇر- غاندەك كورۇنسىمۇ، ئەمەلىياتتا، ئىمپېرىيالىستىك دولەتلەر ئىچىدە قارىمۇ-قارشىلىق ۋە قۇتۇرتۇشلار سەۋەبى بىلەن مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدا توختىماستىن ئۇرۇش تۇغۇلۇپ تۇردى. ھەر قايسى گرۇھ ھاكىمدارلار سىنىپى ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىپ تەرەپ- تەرەپكە بولۇنۇپ كەتتى. ھەممىدىن ئەۋۋەل ئىنقىلابقا قارشى گومىن- داڭنىڭ ئوزى جاڭگەيشى گرۇھىدىكى نەنجىن گومىنداڭىغا، ۋاڭ جىڭۋى تەۋەسىدىكى قايتا تەشكىللەش گرۇھىغا، شىسەن مەجلىسچىلىرىگە، خۇخەنىڭ گرۇھىغا، گۇاڭدۇڭ گرۇھىغا بولۇنۇپ كەتتى. گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى تالىشىش نامى بىلەن 1927 ـ ژىلى ئوكتەبردە جاڭگەيشى بىلەن لىزوگرېن، ۋاڭ-

جيگۈي بيلەن تاڭ سيگجي ئوتتۇريسىدا ئۇرۇش تۇغۇلدى. نو-
يابر ۋەديكابر ئايلىرىدا يەنە گۇاگدۇڭ ميليتاريستلىرى بيلەن
گۇاگشي ميليتاريستلىرى ئوتتۇريسىدا ئۇرۇش تۇغۇلدى. 1928-
ژيلى ئاپريل ۋەماي ئايلىرىدا جاڭكەيشى ۋە ئۇنىڭ قولتۇغىغا
كيرگەن بەئزى ميليتاريستلار جاڭكەيشى، لى زۇڭرېن، يەن شيسەن
ۋەفيڭ يۇيشاڭ گروھلىرىدىن ئيبارەت بيرلەشمە قورۇپ، ئانگلىيە
ۋە ئامريكا ئيمپريئاليزمىنىڭ ياردىمى بيلەن جاڭ زۇليڭغا قارشى
ئۇرۇش قوزغىدى ۋە جاڭ زۇليڭغا زەربە بىرىش ئۈچۈن شيمال
تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ياپونيە ئيمپريئاليزمى ئانگلىيە، ئامريكا
تەئسيرىنىڭ شيمال تەرەپكە قاراپ تەرەققى قىلىشىنى توسۇش ئۈ-
چۈن جاڭ زۇليڭغا ياردەم بىرىپ سەندۇڭ ئولكىسىنىڭ مەركىزى
بولغان جينەن شەھەرىنى بسىپ ئېلىپ، تيەنجين-پوكو-تومۇريو-
لىنى ئۈزۈپ تاشلاپ جوۋا تاراقشيتىپ جاڭكەيشىگەئوزلىرىنى
تونۇتتى. ياپون قاراقچىلىرى 3-مايدا جينەندە جۇڭگو خەلقىنى
كەڭ كولەمدە قىرىپ «جينەن ياجيئەسى»نى مەيدانغاچىقاردى.
جاڭكەيشى نامۇس قىلماستىن ئاشكارا ھالدا ياپونيە ئيمپريئا-
ليزمى بيلەن مۇرەسسەگە كىرىشتى. گومينداڭ ئەسكەرلىرى ئيپۇندا
بىجين ۋە تيەنجينتى بسىپ ئالدى. شۇ چاغلاردا ئامريكا ئيم-
پريئاليزمى شەرقى شيمالنى ياپونيەدىن تارتىپ ئېلىش قەستىگە
چۈشۈپ جاڭكەيشى بيلەن جاڭ شۆليەڭنى بىرلىشىشكە قوتراتتى.
شۇنىڭ بيلەن شەرقى شيمالدىمۇ «كوك ئاسمان ئاق كۈن باي-

ريغى» ئىسىلدى. ئەمما جاڭكەيشى، لى زوڭرېن، يەن شىسەن ۋە فىڭ يۇشاڭ لارنىڭ ئىتتىپاقى ئاشۇ بايراقنىڭ ئىسىلىشى بىلەن تۈگىدى. ماۋزېدۇڭ خۇنەن، خۇبەي چىگارا رايونىدا 1928 ـ ژىلى ئۆكتەبىردە ئوتكۇزۇلگەن كومپارتىيەنىڭ ئىككىنچى رايون-لۇق قۇرۇلتايىدا ئوز ۋاقتىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ ئۇرۇش ئەھ-ۋالدىرىنى توۋەندىكىچە ئانالىز قىلغان ئىدى:

«گومىنداڭ يىڭى مىلىتارىستلىرىدىن بولغان جاڭكەيشى، لى-زوڭرېن، فىڭ يۇشاڭ، يەن شىسەنلەردىن ئىبارەت 4 گروھنىڭ بېجىن، تيەنجىنلەر ئېلىنماستىن بۇرۇن جاڭزولىڭغا قارشى ۋا-قىتلىق بىر ئىتتىپاقى بار ئىدى. بېجىن، تيەنجىنلەر ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئىتتىپاق دەرھال تارقىلىپ، 4 گروھنىڭ ئىچكى قىسمىدا دەھشەتلىك كۈرەش پەيدا بولدى، جاڭكەيشى، لى زوڭرېن گروھ-لىرى ئۇرۇش تەييارگەرلىگىنى كوردى. جۇڭگونىڭ ئىچكى قىس-مىدا تۈرلۈك گروھتىكى مىلىتارىستلارنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقلىرى ۋە كۈرەشلىرى، ئىمپىرىيالىست دولەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارى-مۇ-قارشىلىق ۋە كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەردە ئىمپىرىيالىزم جۇڭگونى بولگۈچىلىككە سالغان ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، تۈرلۈك گروھتىكى مىلىتارىستلار ھەر قانداق قىلغىنى بىلەن بىر-بىرى بىلەن مۇرەسسە قىلىشالـ-مايدۇ، قىلغان مۇرەسسەلىرىنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق بولىدۇ. بۈ-گۈنكى ۋاقىتلىق قىلغان مۇرەسسەلىرى، ئەرتىكى تېخىمۇ چوڭ

ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا كورگەن تەييارلىق بولۇدۇ» («جۇڭگونىڭ قىزىل ھاكىمىيىتى نىمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟» ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 1 - توم 2 - نەشرى 49 - بەت)

ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ بەرەزى ئۆزۈننا قالماستىن ھەقىقەتلەندى. 1929 - ژىلى مارتتا جاڭكەيشى بىلەن لى زۇڭرېنلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. لى زۇڭرېن ۋەبەى چۇڭشىلەردىن ئىبارەت گۇاڭشى گروھى غەربىي جەنۇبنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن جاڭكەيشى-گەقارشى ئىتتىپاق تۈزگەن بولسىمۇ، ئۇرۇش نەتىجىسىدە گۇاڭشى گروھى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى لى زۇڭرېن بىلەن بەى چۇڭشى گۇاڭشىگە قايتىپ كەتتى. مايدا جاڭكەيشىنىڭ فىڭ يۈشاڭغا قارشى ئۇرۇشى باشلاندى. 1930 - ژىلى مايدا جاڭكەيشى بىلەن يەن شىسەن، فىڭ يۈشاڭلار ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا جۇڭگو تۈز-لەڭلىگىدە زور ئۇرۇش قوزغالدى. بۇلاردىن باشقا، يۈننەندە تاڭجىياۋ بىلەن لۇڭ يۈن، گۇيجۇدا ۋاڭجاليە بىلەن ماۋگۇاڭ-شاڭ، سىچۇەندە، لىيۇشاڭ بىلەن، لىيۇ ۋېنخۇي، سەنلۇڭدا خەن-فۇجۈي بىلەن لىيوجىڭنىەن قاتارلىق ئۇششاق مىلىتارىستلار ئوت-تۇرىسىدىمۇ ئۇرۇش تۇغۇلدى. تەخمىنگە قارىغاندا مىلىتارىست-لارنىڭ مۇشۇ ئۇرۇشى نەتىجىسىدە 500مىڭ ئادەم ئۆلگەن. ھەمدە سانسىز پۇخرا خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن.

بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە جاڭكەيشى تەرەپ غالىبىيەت

قازاندى. بۇنىڭ سەۋەبى: جاڭگەيشى تەرەپ يالغان مەركىزى هوكۇمەت نامىغا ئىگە بولغانلىقتىن ۋەگومىنداڭ مەركىزىنىڭ بايرىقى قولىدا بولغانلىقتىن ئىمپېرىيالىستلارنىڭ تېخىمۇ زور ياردىمى ۋە شاڭخەي، جاڭسۇ، جەجاڭ، بايلىرىنىڭ يار - يۆلىكىگە ئىگە بولالىدى.

ئەمما بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە هەر قايسى گۇرۇھتىكى مىلىتارىستلار بىر - بىرىنى ئاجىزلاشتۇرىۋەتتى. بۇ ئەھۋال ئوبيېكتىپ تەرەپتىن، خۇددى ماۋزېدۇڭ: «مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۇرۇشلار ئاق هاكىمىيەتنىڭ هوكۇمرانلىق كۈچىنى ئاجىزلىتىۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇششاق يەرلىك قىزىل هاكىمىيەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بەرپا بولالايدۇ» («جۇڭگونىڭ قىزىل هاكىمىيىتى نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ» - ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى - 1 توم 2 - نەشرى 53 - بەت) دېگىنىدەك ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا قىلدى.

ئىنقىلابى بازىلارنىڭ زورىيىشى - گومىنداڭ جۇڭگوسى ئىمپېرىيالىزمنىڭ قوتۇرتىشى بىلەن مىلىتارىستلار ئىچكى ئۇرۇشىنى ئەۋج ئالدۇرىۋاتقان بىر مەزگىلدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابى ئارمىيەسى كوممارتىيە يېتەكچىلىكىدە كۈندىن - كۈنگە زورايغىلى تۇردى. ئىنقىلابى بازىلارمۇ جاڭگەيشىنىڭ هۇجۇملىرىنى داۋاملىق نار - ماركەلتۇرۇپ تۇرلۇك قىيىن شارائىتلارنى يەڭىپ زورايغىلى باشلىدى. ئىنقىلابى بازىلاردا ئىشچى - دېھقان بولاردىن باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازلار (ئىنقىلابى زىيالىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)

ئۇزلىرىنىڭ قىزىل مەركىزى ھاكىمىيىتىنى پرولتارىئات يېتەك-
چىلىگىدىكى، ئىمپىرىئالىزم ۋە فېئوداللىزمغا قارشى-دېموكراتىيە
ئىنقىلاۋى ئاساسىدىكى خەلىق دېموكراتىيە دىكتاتورىسىنى قۇ-
رۇپ جۇڭگو ئىنقىلابى كۈچىنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە ئىگە قىلدى.

1931 - ژىلى 7 - نويابىردا جاڭشى ئۆلكىسىنىڭ رۇيجىڭ دې-
گەن جايىدا بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئىشچى-دېھقانلار
قۇرۇلتايى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي ئاساسى قانۇن، ئەمگەك قانۇنى،
يەر قانۇنى ۋە قىزىل ئارمىيە سىياسىتى، ئىقتىسادى سىياسەتلەرنى
تەستىقلىدى، ھەمدە ئىشچى-دېھقانلارنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا
ۋە ئازسانلىق مىللەت مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھىم قارارلارنى چى-
قاردى. جۇڭگو قىزىل رايئون مەركىزى ئىشچى، دېھقان دې-
موكراتىك ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىنىپ رەئىسلىككە ماۋزېدۇڭ،
مۇئاۋىن رەئىسلىككە شاڭ يىڭ، قىزىل ئارمىيە باش قوماندانلىقىغا
جۇدە سايلاندى. 1934-ژىلى 22-يانۋار كۈنى يەنە شۇ، رۇي-
جىڭدا ئىككىنچى سانلىق ئىشچى-دېھقانلار قۇرۇلتايى ئېچىلدى.
ماۋزېدۇڭ ئۆتمۈشتىكى 4 ژىللىق باتۇرانە كۈرەشلەرنىڭ تەجرى-
بىسىدىن خۇلاسە چىقىرىپ قىزىل رايئوندىكى خەلىق تۇرمۇشى-
نىڭ ياخشىلانغانلىقىنى بايان قىلىپ خۇلاسە دوكلاد بەردى.
ئۇ، بۇنداق دېدۇ: «... دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئالاھىدە ياخ-
شىلاندى، مەسىلەن: 1932-ژىلى فۇجەن، جاڭشى رايئونلىرىدا
ئېلىنغان مەھسۇلات شۇ جايلاردا ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى ئېلىنغان

مەھسۇلاتتىن 15 پروتسنت ئارتىپ كەتتى. 1933 - ژىلى ئېلىنغان مەھسۇلات 25 پروتسنت ئارتىپ كەتتى. ئومۇمەن ئالغاندا، پۈتۈن رايئوندىكى دىخانلارنىڭ مەھسۇلاتى بىر ژىل ئىچىدە 20 پروت- سنت ئارتىپ كەتتى. دىخانلارنىڭ تۇرمۇشى گومىنداڭ دەۋ- رىدىكىگە نىسبەتەن ئازدىگەندە بىرھەسسە ياخشىلاندى»، «دى- خانلارنىڭ تولىسى ئوتمۇشتە بىر ژىلنىڭ كوپ ۋاقتىلىرىدا ئاچ قالاتتى. قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان ۋاقىتلاردا ھەتتا بەئزىلىرى دە- رەخ پوستلىرىنى ياكى مەدەكلەرنى يەيتتى. ھازىر ئاش قالىدىغان ئەھۋاللار ئومۇمەن تۈگىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ژىلدىن - ژىلغا بايىدى. ئوتمۇشتە دىخانلارنىڭ تولىسى ئۆز ژىلدىن بۇ ژىلغا گوش دىگەن نەرسىنى ناھايىتى ئاز يەيتتى، ھازىر پات - پات گوش يەيدىغان بولدى. ئوتمۇشتە نۇرغۇن دىخانلار ژىرتىق ۋە كوناكىيىم- لەرنى كىيەتتى، ھازىر ئومۇمەن ياخشىلاندى. يەئنى بەئزىلىرىنىڭ بىرھەسسە، بەئزىلىرىنىڭ 2 ھەسسە ياخشىلاندى». «قىزىل رايئوندىكى خەلىق تۇرمۇشىنىڭ ئەمىلى ھالدا ياخشىلانغانلىغىغا ماۋزەدۇڭ- نىڭ 1933 - ژىلى شاڭخاڭ ناھىيەسىنىڭ شاڭ سەيچى يېزىسىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىنى مىسالغا ئالساق بولىدۇ، ئۇ يەردىكى دىخانلار گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئوتتۇراھىساپ بىلەن بىر ژىلدا 3 ئاي گۈرۈچ يەپ، قالغان 9 ئايدا ئارپا، تىرىق ۋە باشقىلارنى يەيتتى، ھازىر كىيىم - كېچەك ۋە ئاش - ناننى تو- يىدىغان بولدى. يەئنى يەيدىغان نەرسىلىرى يۈزدە - يۈز ياخشى-

لاندى. ھەر بىر ئادەم ژىلدا بىر يېرىم قۇرىگى كىيىم كىيى-
دىغان بولدى. يەئنى كىيىم جەھەتتىن ئىلگىركىدىن 300 پروت-
سىنت ئارتىپ كەتتى. ئالغان ئاشلىقلىرىنى ئۆزلىرى يېگەندىن
تاشقىرى يەنە قىزىل ئارمىيەگە سېتىپ بېرىدىغان ۋە يەربەجى
تولەيدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماۋزەيدۇڭ ئىككىنچى سانلىق
دېخانلار قۇرۇلتايىغا بەرگەن خۇلاسە دوكلادىدا: «دېخانلار
ئاممىسى قايسى تۇرمۇش ۋە قايسى ھاكىمىيەتتى يارىتىدۇ؟ بۇ
سۇئالغا گومىنداڭ رايئونىدىكى دېخانلار ئاممىسى ئۆزلىرى جا-
ۋاپ بەرسۇن!» دەپ كورسۇتۇدۇ.

يەر ئىنقىلاۋى ۋە ئۇرۇشقا ياردەم-ئىنقىلابى ھاكىمى-
يەت ئورناشقان جايلاردا ۋە قىزىل ئارمىيە يېتىپ بارغان جاي-
لاردا دېخانلار ئاممىسىنىڭ يەر ئىنقىلابى ھەرىكىتى قىزغىن
قانات يايدى. رۇيجىڭ ۋە پاۋسىڭ(نىڭدو) ناھىيەسىنى مى-
سالغا ئالساق، بۇيەردىكى دېخانلار 2 مىڭ نەچچە يۇز ئويلۇك
پومىشچىك ۋە باي دېخاننى تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقارغان
يالغۇز رۇيجىڭ ناھىيەسىنىڭ رېگتيەن رايئونىدا، 27 مىڭ
دادەن (جەنۇبنىڭ بەزى رايئونلىرىدا يەردىن چىققان ھو-
سۇلنى دادەن ھىساۋى بىلەن ھىسابلاپ شۇنىڭ بىلەن يەرنى
ئولچەيدۇ) ئۇرۇق چۇشىدىغان يەرنى تەكشۈرۈپ چىقارغان. پۈتۈن
رايئون بويىچە 20 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ئازدىگەندە
بىر دادەن 2 كۈرۈلۈك يەر تەقسىم قىلىپ ئالغان. دېمەك، دېخانلار

ئاممىسى قەددىنى كوتۈرۈپ فېئودال ۋە يېرىم فېئوداللىق يەر ئېكسپلوئاتاتسىيە تۈزۈمىنى تولۇق ئەمەلدىن قالدۇرغان.

دېخانلارنىڭ ئاڭ سەزىمىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا زور-قىرى كوتۈرۈلۈپ، ئۇلار بۇ ئىنقىلابى ئازاتلىق ئۇرۇشقا قىزغىن قاتناشتى ۋە ياردەم قىلدى. مەسىلەن: چاڭگاڭ يېزىسىدا 1464 دېخان 5,464 دوللارلىق ھوكۇمەت زايومى سېتىپ ئالغان. تەخمىنەن ھەر بىر ئادەم 3 دوللار 70 تىيىنلىك زايوم سېتىپ ئالغان. خەلق ئۆزىنىڭ ئاشلىقلىرىنى ئىقتىسات قىلىپ قىزىل ئارمىيەگە سېتىپ بەردى. رۈيجىڭ ناھىيەسىنىڭ رېڭتيەن رايونىدا 20مىڭ ئەمگەكچى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسات قىلىپ قالغان 1,900 دادەندىن ئارتۇق ئاشلىقىنى قىزىل ئارمىيەگە سېتىپ بەردى. دېخانلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھوجۇمىنى تار-مار كەلتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابى مۇۋەپپىقىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ئەلىپ بېرىلغان ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن قىزىل ئارمىيەگە كىرىشنى قىزغىن تەلەپ قىلدى. شاڭخاڭ ناھىيەسىنىڭ شاڭسەيشى ۋە ساشەيشى يېزىسىدىكى 4928 ئادەمنىڭ 861رى قىزىل ئارمىيەگە كىردى. رۈيجىڭ ناھىيەسىنىڭ رېڭتيەن رايونىدا 55كۈن ئىچىدە 700 دىن ئارتۇق ئادەم شەرەپلىك ھالدا قىزىل ئارمىيەگە كىرىپ نەمۇنىچى رۈيجىڭ دېۋىزىيەسى بولۇپ تەشكىللەندى. يەرلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى — قوراللىق قىزىل گۋاردىيەنىڭ ۋە پىئونېرلار ئەترىدىنىڭ تەشكىلى ئومۇمى ھالدا كېڭەيدى. ئاياللار ئىشلەپ-

چېقىرىشقا قاتناشقاندىن تاشقىرى ، يەنە ئۇلارنىڭ تولىسى قىزىل گۋاردىيەگە كىردى. شىگگو بىرىنچى يېزىسىدىكى ئاياللاردىن 50 ئادەم قىزىل گۋاردىيەنىڭ 8-ئەترىدىگە كىردى. قىزىل گۋاردىيە ئۆزلىرىنىڭ ئاددى قوراللىرى بىلەن دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلغاندىن تاشقىرى يەنە دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن يەم-پاراسەتلىك ھالدا تۈرلۈك چارىلارنى ئىجات قىلدى. مەسىلەن: بامبوكتىن بومبا ياساپ ئۇنى ئازگاللىقلارغا ئورناشتۇرۇپ، ئىنقىلابى بازىغا كىرگەن دۈشمەنلەرنى يوقاتتى ، قىزىل ئارمىيەگە ياندىشىپ ئۇرۇش قىلدى. قىزىل رايون خەلقى رەئىس ماۋزەيدۇڭ ۋە كومپارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ داۋاملىق قوزغىغان ھۇجۇملىرىنى غەلىبىلىك رەۋىشتە تار-مار كەلتۈردى. ئۇز ۋاقتىدىكى ئىنقىلابى ئارمىيە دۈشمەنگە نىسبەتەن ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماددى شارائىتى يېتەرلىك بولمىسىمۇ، ئەمما مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى بەلكى تەرەققى قىلالىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا دېھقانلار ئاممىسى ياردەم قىلدى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلدى.

ئىشچى-دېھقان دېموكراتىك ھوكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرى - قىزىل رايون ئىشچى - دېھقان دېموكراتىك ھوكۈمىتى تۆۋەندىكى ئاساسى سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلدى. 1. دېموكراتىك تۈزۈم توغرىسىدا: ئوتتۇشتە ئېزىلگەن ئېكىسپلوئاتاتسىيە قىلىنغان ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئەر - ئايال دېمەستىن

ھەممىسى تەڭ ھوقۇقلۇق ھالدا چەكسىز دېموكراتىك ھوقۇقدىن بەھرى ئالدى. ناھىيە- شەھەر ۋە يېزا خەلىق ۋەكىللىرى ئەمگەكچىلەر تەرىپىدىن بىۋاستە سايلىنىپ، ئامىۋى، پاك ھوكۇمەت قۇرۇلدى. ئامىنىڭ ئىنقىلاپ جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن بارلىق ھوقۇقلىرى تولۇق كاپالەتلەندى ھەمدە بارلىق ئىنقىلابى كۈچ ۋە ئىنقىلابى سودلاردىن پايدىلىنىپ بارلىق ئىنقىلاپقا قارشى ھەرىكەتلەر باستۇرۇلدى؛ ئىمپېرىئالىستلارنىڭ ۋەئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ بارلىق ئالاھىدە ھوقۇقلىرى ئارتىپ ئەلىندى. 2. يەر سىياسىتى توغرىسىدا: ياللانما ۋە كەمبەغەل دېھقانلارغا يولۇتۇپ ئوتتۇرا ھال دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ، باي دېھقانلارنى چەكلەش ۋە پومششىكلەر سىنىپىنى يوقۇتۇش دېگەن يەر ئىنقىلابى يولى بويىچە پومششىكلار ئىقتىسادىنى ۋە فېئودال- يېرىم فېئودال تۈزۈمىنى قەتئى يوقۇتۇش سىياسىتى ئىجرا قىلىندى. پومششىكلار سىنىپىنىڭ بارلىق يەر-زېمىن ۋەمۈلكىنى شەرتسىزمۇسادىرە قىلىپ، باي دېھقانلارنىڭ ئارتۇق يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يەرسىز ۋە يېرى ئاز دېھقانلارغا، ئەسكەرلەرگە، ۋە يېزىلاردىكى ھۈنەرۋەنلەرگە بولۇپ بېرىش سىياسىتى، جازانىنى شەرتسىز يوقۇتۇش، ئۇششاق -چۈششەك ئارتۇق باجلارنى يوقۇتۇش سىياسىتى ئىجرا قىلىندى. 3 . ئەمگەك سىياسىتى توغرىسىدا: 8 سائەتلىك ئىش ۋاقتى تۈزۈمى، ئەمگەك توختىمى تۈزۈش، ئىش ھەققىنى ئارتتۇرۇش، ئىشسىزلەرگە ياردەم قىلىش

ۋە ئىجتىمائى سوغۇرتانى يولغا قويۇش، ياش، ئايال ئىشچى ۋە شاگردلارنىڭ مۇئاشىنى ياخشىلاش، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۇ- يۇشمىسى تەشكىل قىلىش سىياسىتى ئىجرا قىلىندى. 4. مالىيە ئىقتىسادى توغرۇلۇق: بىرلەشكەن دارامەت بىجىنى يولغا قويۇش، بارلىق پارچە- پۇرات ۋە ئارتۇق باجلارنى ئەلىپ تاشلاش (گومىنداڭ رايونلىرىدا 1756 تۈرلۈك پارچە- پۇرات ۋە ئارتۇق باجلار بارئىدى). خەلىق ئىگىلىگىنى تەرەققى ئەتتۈرۈش، دې- خانچىلىق، سانائەت ۋە خۇسۇسى ئىقتىساتىنى پلانلىق رەۋىشتە تەرتىپكەسلىش، تەقدىرلەش ۋە ئۇلارغا ياردەم بىرىش، خارجى سودىنى تەشكىللەش، كوئوپىراتىۋ تەشكىل قىلىش ھەرىكەتلىرى- نى كېڭەيتىش سىياسەتلىرى ئىجرا قىلىندى. 5. مەدەنى مۇئارىپ توغرىسىدا: پۇلسىز مۇئارىپنى يولغا قويۇش، ساۋات ئېچىش ھە- رىكىتىنى ۋە ئىجتىمائى مۇئارىپنى ئالغا سۈرۈش، ھەرخىل كا- درلار مەكتەپلىرى ۋە ژۇقۇرى دەرىجىلىك تەتقىقات ئورگان- لىرىنى ئېچىش ئىشلىرى ئىجرا قىلىندى. 6. قىزىل ئارمىيەنى قۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بىرىش ۋە باشقىلار توغرىسىدىمۇ توغرى سىياسەتلەر بەلگۈلەندى.

خەلىق ھاكىمىيىتى تۈزگەن سىياسەت ۋە بۇسىياسەتلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش نەتىجىسى، خەلىق دىموكراتىك يېڭى جۇڭگونىڭ دولەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈلگىسىدۇر. ھەر قايسى قىزىل رايون- لاردا قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك ئالغا بسىشى جەريانىدا

مىللىئونلىغان ئەمگەكچىلەر زادىلا بولۇپ ماقمىغان، مىللى زۇ-
لۇم بولمىغان فئودالىق ئېكىسپلوئاتاتسىيە بولمىغان دېموكراتىك
ئەركىن، بەخىت-سائادەتلىك تۇرمۇش كۆچۈردى. بۇنى زۇل-
مەت باسقان نەنجىن ھوكۇمىتى ھوكۇمرانلىغى ئاستىدىكى كەڭ
جايلارغا چقىشتۇرساق بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى دۇن-
يا شەكىللىنىدۇ.

ئالتىنچى باپ

ئىنقىلاپقا قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئىنقىلابى كۈچنىڭ ھۇجۇمغا قارشى كۈرۈشى

1

جاڭكەيشىنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى ھۇجۇمى ۋە ماۋزەدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو قىزىل ئارمىيەسى بىلەن ئىنقىلابى بازا خەلقلىرىنىڭ ھۇجۇمغا قارشى ژۈرگۈزگەن 4 قېتىملىق غالىپ كۈرۈشى

ماۋزەدۇڭ: قىزىل ئارمىيەنىڭ 10 ژىللىق ئۇرۇش تارىخى، «مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقۇتۇش»قا قارشى كۈرەش تارىخىدىن ئىبارەت — دەيدۇ. دېمەك ئىنقىلابى كۈچنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى كۈچ بىلەن قىلغان 10 ژىللىق ئېچكى ئۇرۇش جەريانى، جاڭكەيشى ئەكسىيەتچى ھاكىمدارلىرى گۇرۇھىنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى ھۇجۇمى بىلەن، ماۋزەدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو قىزىل ئارمىيەسى ۋە ئىنقىلابى بازا خەلقىنىڭ ھۇجۇمغا قارشى كۈرۈشى جەريانىدۇر.

1 ـ قېتىملىق ھۇجۇم ۋە ھۇجۇمغا قارشى كۈ ـ
رەش ـ 1930 ـ ژىلى يازدا جاڭگەيشى، يەن شىشەن ۋە فېڭ يۈي ـ
شاڭلار ئۇرۇشى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئىچكى ۋەزىيەت ئىنقىلاپ ـ
قا پايدىلىق تەسىر يەتكۈزگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جوڭگو
كومپارتىيە مەركىزى كومىتېتىدىكى قىسمەن يېتەكچىلەر ئوزۋاق ـ
تىدا ئىنقىلاپقا پايدىلىق بولغان ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتكە سوبيېكتىپ
رەۋىشتە ئارتۇقچە باھا بېرىپ، ئوز ۋاقتىدىكى دۇنيا ئىن ـ
قىلاۋى بىلەن جوڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىيىتى پىشىپ يېتىشتى ـ
دەپ ئويلاپ قارار چىقاردى. مەملىكەتتىكى ئىشچى ـ دېھقانلار
ئاممىسىنى مەركەزلىك شەھەرلەردە ئۇمۇمى ھالدا قوراللىق قوز ـ
غولاڭ كوتورۇشكە چاقىردى. قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاساسى كۈچى
چاڭشا، نەنچاڭ ۋە ئۇخەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە ھۇجۇم
قىلسۇن، دېگەن «سول»چىل تەۋەككۈلچىلىك ۋەزىپىنى ئوتتۇ ـ
رىغا ئاتتى. بۇ «سول»چىل تەۋەككۈلچىلىك يولىنىڭ ئىجرا قى ـ
لىنىشى نەتىجىسىدە قىزىل ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىن ـ
قىلابى ھەرىكەت خىلى چوڭ زىيانغا ئۇچرىدى. ئەمما قىزىل
ئارمىيە ئىيۇل ئايلىرىدا چاڭشا ۋە باشقا شەھەرلەرگە ھۇجۇم قى ـ
لىپ بىر نەچچە قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشلارنى قىلغاندىن كېيىن،
ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىدە تەۋەككۈلچىلىك ھەربى ھەرىكەت
تۈزۈتۈلدى. جاڭشى قىزىل رايئوندىكى قىزىل ئارمىيە ئوز ۋاق ـ
تىدىكى جاڭگەيشى، يەن شىشەن ۋە فېڭ يۈشاڭلارنىڭ ئۇرۇشى ـ

ۋاقتقان پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ تەرەققى ئەتتى.

قىزىل ئارمىيە 1930 ـ ژىلى قىشتا ئون نەچچە ئىنقىلابى بازىنى بەرپا قىلدى. جاڭكەيشى باندىتلىرى جۇڭگو خەلق ئارمىيەسىنىڭ ۋە خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىدىن ناھايىتى قاتتىق چوچىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار جاڭكەيشى، يەن شىسەن ۋە فڭ يۇيشاڭلار ئۇرۇشى توگوگەندىن كىيىن، 7 دىۋىزىيەدىن ئىبارەت 100 مىڭ ئەسكەرنى توپلاپ جاڭشى ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى باندىت لۇتياۋپىڭ ۋە دىۋىزىيە كوماندىرى باندىت جاڭخۇيزەننىڭ باش قوماندانلىغى بىلەن مەركىزى ئىنقىلابى بازىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇچاغلاردا مەركىزى ئىنقىلابى بازىدا تۇرغان تەخمىنەن 40 مىڭ قىزىل ئارمىيەما ۋزەيدۇڭ ئىستراتىگىيەسىنىڭ يېتەكچىلىگى بىلەن 27 ـ دىكابردا ئۇرۇش باشلىدى. بۇ ئۇرۇش ئىككىنچى ژىلى بىرىنچى يانۋاردا توختىدى. ئىلگىرى كىيىن بولۇپ بەش كۈن ئىچىدە تولۇق بىر يىرىم دىۋىزىيە دۇشمەن يوقۇتۇلدى. 13مىڭ مىلتىق غەنىمەت ئېلىندى. باندىتلار گۇروھىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى جاڭخۇيزەن تىرىك قولغا چۈشتى. قالغان قىسىملار مۇ تىرە ـ پاران بولۇپ قېچىشتى. بىرىنچى قىتىملىق ھۇجۇم ئەنە شۇنداق تار ـ مار كەلتۈرۈلدى.

2 ـ قىتىملىق ھۇجۇم ۋە ھۇجۇمغا قارشى كۈرەش ـ بىرىنچى قىتىملىق ھۇجۇمى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كىيىن، جاڭكەيشى 4 ئاي تەييارلىق كۆرۈپ ئىككىنچى

قىتىملىق ھۇجۇمنى باشلىدى. جاڭكەيشى 1931 ـ ژىلى فېۋرالدا 200مىڭ ئەسكەرنى توپلاپ خەيىگچىڭنى باش قوماندان قىلىپ نەنچاڭغا ئەۋەتىپ، جاڭشى ئۆلكىسىنىڭ جىئەن دېگەن يېرىدىن فۇجەن ئۆلكىسىنىڭ جەنىڭ دېگەن يېرىگىچە 800 يول ئۇزۇنلۇقتا بىر فرونت ياساپ ھۇجۇم باشلىدى. شۇ چاغدا مەركىزى ئىنقىلابى بازىدا تەخمىنەن 30 مىڭدەك قىزىل ئارمىيە بار ئىدى. ئۇرۇش 16 ـ مايدا باشلىنىپ 30 ـ مايدا تامام بولدى، يەئنى جەمئى 15 كۈن داۋام قىلدى. قىزىل ئارمىيە 700 يول ئۇزۇنلۇقتىكى فرونتتا ئايلىنىپ ژۈرۈپ 5 قىتىم ئۇرۇشۇپ 800 يوللۇق فرونتنى مىرادىدىكىدەك تار-مار كەلتۈردى، 20 مىڭدىن ئارتۇق مىلتىق-ياراق غەنىمەت ئالدى. خەيىگچىڭ قۇيرۇغىنى ئىچىگە تىقىپ نەنجىڭگە قاچتى. شۇنىڭ بىلەن 2 ـ قىتىملىق ھۇجۇمغا قارشى كۈرەش يەنە غەلىبە قازاندى.

3 ـ قىتىملىق ھۇجۇم ۋە ھۇجۇمغا قارشى كۈرەش ـ 2 ـ قىتىملىق ھۇجۇمى تار-مار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جاڭكەيشى باندىتلىرى يەنە 300 مىڭ ئەسكەر توپلاپ، ئىيۇلدا، يەئنى 2 ـ قىتىملىق ھۇجۇمىدىن بىر ئاي كېيىن يەنە 3 ـ قىتىملىق ھۇجۇمغا كىرىشتى. جاڭكەيشى ئۆزى نەنچاڭغا كېلىپ، گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە ئانگلىيەنىڭ ئۇرغۇنلىغان ھەربى مەسلىھەتچىلىرىنى پلانلىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى باش قوماندان بولۇپ، پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى نەنچاڭ، جىئەن ۋە نەنفۇڭ-

دىن ئىيارەت 3 يولغا بولۇپ، «توپ ـ توغرا بسىپ كىرىش» ، «ئايرىم ـ ئايرىم ئىلگىرلەپ بىرلىكتە زەربە بىرىش» تاكتىكىلىـ رىنى قوللۇنۇپ، 3 تەرەپلەپ ئىنقىلابى بازىغا بسىپ كىرىپ قىـ زىل ئارمىيەنى بىراقلا يوقۇتۇش قەستىگە كىرىشتى. شۇ چاغدا قىزىل ئارمىيە قاتنىق ئۇرۇشتىن كىيىن دەم ئالمىغان ئىدى، ساـ نى يەنە شۇ 30مىڭ ئىدى. ئۇرۇش ئىيۇلدا باشلاندى، جاڭگەيـ شى قىلغان تەييارلىققا يارىشا غالىبىيەت قازىنىپ كتەلەيمىزـ دەپ ئويلىغان ئىدى. قىزىل ئارمىيە ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا ماۋزەيدۇڭ ھەربى تىخنىكىسىنىڭ بىۋاسىتە يولباشچىلىغى بىلەن 3 ـ قىتىم ئۇـ رۇشۇپ ھەممىسىدە غەلىبە قازاندى: بىرىنچى ئۇرۇشتا شاگگوەن يۇنشاڭ دىۋىزىيەسىنى يوقاتتى، 2 ـ ئۇرۇشتا خەمۇگلىڭ دىۋىـ زىيەسىنى يوقاتتى، 3 ـ ئۇرۇشتا ماۋبىگۇين دىۋىزىيەسىنى يوقاتـ تى. 10مىڭ قورال ـ ياراق غەنىمەت ئالدى. دۇشمەن ھىرىپـ ئىچىپ جىكىنگىلى تۇرغاندا يەنە جاڭدىگۇينىڭ بىر بىرىگادىسىـ نى، خەندەچىگنىڭ بىر دىۋىزىيەسىنى يوقاتتى. جاڭگەيشى دەرت ئەلەمگە چومۇپ نەنجىنگە قايتتى. مۇشۇ ۋاقىتتا، قىزىل ئارمىيە مەملىكەت بويىچە زورايدى، مۇنتەزىم ئەسكەر 100مىڭغا، قىزىل گۋاردىيە 100 نەچچە مىڭغا، مىلتىق ـ ياراق 150 مىڭغا يەتتى. قىزىل ئارمىيەنىڭ غالىبىيەت تەئسىرى بىلەن دىكابىردا، گوـ مىنداڭنىڭ 26 ـ ئارمىيەسىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر جاۋـ باۋسىن، دۇڭجىكتاڭلارنىڭ يىتەكچىلىگىدە جاڭشى ئۆلكىسىنىڭ

نىڭدۇ دىگەن جايىدا قوزغۇلاڭ كوتۇرۇپ قىزىل ئارمىيەگە قو-
شۇلدى. بازىلارمۇ كىڭەيدى؛ مەركىزى ئىنقىلابى بازا شەر-
قى شىمال تەرەپتىن لىچۇەن، جەنىن، تەيىنىن ناھىيەلىرىگە، شەر-
قى جەنۇپ تەرەپتىن لۇڭيەن، جاڭجۇلارغا يىتىپ باردى. شۇي-
شاڭچەن يەتەكچىلىگىدىكى خۇبەي، خەنەن، ئەنخۇي بازىسى-
نىڭ دائىرىسى نەچچە يۈز يول كەڭلىككە يەتتى. خەلۇڭ يە-
تەكچىلىگىدىكى خۇگنەن بازىسى ساڭجى، خەفوڭ، دايۇڭ ناھى-
يەلىرىنى ئوز دائىرىسىگە ئىلىپ، چاڭدە ئەتراپىغا يىتىپ باردى.
گۇاڭدۇڭنىڭ شەرقى شىمالىدىكى بازىمۇ كىڭەيدى. جۇنيەن
بازىسى بەرپا بولۇشقا باشلىدى. گومىنداڭنىڭ ژۇڭقۇرى دەرى-
جىلىك ھەربى ئەمەلدارلىرى قىزىل ئارمىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا
ئەۋەتىلىشتىن قورقتى، ئۇلار قىزىل ئارمىيەگە ھۇجۇمغا بىرىش دىگەن
سوز سۇرگۇن قىلىنىش دىگەن سوز، ھۇجۇمغا بارساق سىمىز بول-
ساق ئورۇقلاپ، ئورۇق بولساق ئولۇپ قايتىدىكەنمىز - دىيىشتى.

4 - قىتىملىق ھۇجۇم ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۇرە-
رەش-گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىنىڭ 3 - قىتىملىق ھۇجۇ-
مىنىڭ بىردىن - بىر ئۇتۇغى شۇ بولدىكى، ھۇجۇم نەتىجىسىدە
«18 - سىنتەبر» (1931 - ژىلى) ۋاقىئەسى تۇغۇلۇپ، ياپون ئىم-
پىرىئالىزمىنىڭ شەرقى شىمالغا بىسىپ كىرىشىگە، يەنە «28 -
يانۋار» (1932 - ژىلى) دا ياپون ئىمپىرىئالىزمىنىڭ شاڭخەيگە بە-
سىپ كىرىشىگە سەۋەپچى بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو كومپارتىيەسى خىتاپنامە چىقىرىپ
پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بىرلىكتە ياپون ئىمپېرىئالىزمىغا قارشى
«قوراللىنىپ مىللى ئىنقىلابى ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش»قا چاقىردى.
جاڭكەيشى بۇ پىكىرنى رەت قىلىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى جىد-
دى تەشەببۇس قىلىۋاتقان جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئار -
مىيەسىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ ياپون ئىمپېرىئالىزمىغا يول تا-
زىلىغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلدى. جاڭكەيشى ئىچكى تەرەپتىن
قىرغىن قىلىپ كىرسە ياپون قاراقچىلىرى تاشقى تەرەپتىن قىر-
غىن قىلىپ كىردى. ئۇلارنىڭ قىرغىن قىلىش نىشانىسى بىر
يەنى جۇڭگونىڭ ياپون ئىمپېرىئالىزمىغا قارشى بولغان خەلقى
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭكەيشى 4 - قېتىملىق ھۇجۇمغا جىد-
دى تەييارلىق كۆرۈپ، نەنجىڭدە «كومپارتىيەگە ھۇجۇم قىلىش
ھەيئىتى» قۇرۇپ، 321مىللىيون دوللار پۇل تەييارلاپ ئۇرغۇن ئۇ-
رۇش قوراللىرى سېتىپ ئالدى. ئانگلىيە دۆلەت پارلامېنتىنىڭ
ئەزاسى جونس پارلامېنتتا: «جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئىككى دۆ-
لەت ۋەكىللىرى بىر قورال زاۋودىنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇ-
رۇپ، بىر- بىرىگە غەزەپ كۆزلىرى بىلەن قاراش بۇياقتا تۇر-
سۇن، بەلكى قورال باھاسى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، بىرلىكتە
دېرېكتورغا باھانى ئارزانلىتىش تەلىۋىنى بېرىپ، نەتىجىدە
باھانى 40% ئارزانلىتىپ ئالدى» دېگەن. بۇ ھېكايە، ياپونىيە-
نىڭ قورال- ياراق سېتىپ ئېلىشتىن مەقسىدى، جۇڭگوغا ھۇ-

جۇم قىلىشتىن، جۇڭگو خەلقىنى قىرىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك جاڭگەيشىنىڭ قورال - ياراق ستىپ ئىلىشتىن مەقسىدى ھەم ياپونغا قارشى خەلىقنى قرىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، دېمەك، بۇ ئىككىسىنىڭ مەنپىئىتى ئەسلىدە بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بىرىدۇ! (ئەمما، بۇ ئۇرۇش قوراللىرى ئىشچى - دېخان قىزىل ئارمىيەسىنىڭ كۈچلۈك قايتارما زەربىسى ئاستىدا قىزىل ئارمىيە قولىغا چۈشتى، ئىنقىلابى كۈچ قوراللاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ چاغدا ماۋزەيدۇڭ: جاڭگەيشى قىزىل ئارمىيەگە «تەئمىنات مىنىستىرى» بولدى دېگەن ئىدى). شۇنىڭ بىلەن تەڭ جاڭگەيشى «كومپارتىيەگە ھۇجۇم قىلىش» ئۈچۈن «ئوندىن ئۈچىگە ھەربى كۈچ ئىشلەتسەك، ئوندىن 7سىگە سىياسەت ئىشلىتىمىز» دېگەن چارىنى قوللۇنۇپ، ئەكسىيەتچى ھوكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى كۈچەيتتى، باۋـجانى ئورتاق جازاغا تارتىش ئۇسۇلىنى ئىجرا قىلدى. گىرمانىيە، ئانگلىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيەدىن ھەربى مەسلىھەتچى تەكلىپ قىلدى، 3 تۈگۈتۈش (يەئنى «باندىتلار رايونىدىكى ياشلارنى تامامەن قىرىپ تۈگۈتۈش، باندىتلار رايونىدىكى ئوي - ئىمارەتلەرنى كويدۈرۈپ تۈگۈتۈش، باندىتلار رايونىدىكى ئاشلىقلارنى تامامەن توشۇپ كېتىش، توشۇشقا مۇمكىن بولمىغانلىرىنى كويدۈرۈپ تۈگۈتۈش») سىياسىتىنى قوللاندى. جاڭگەيشى باندىتلىرىنىڭ قەدىمى تەككەن جايلارنىڭ ھەممىسى توپـ تۈزلەڭلىككە ئايلاندى، توخۇـئىتلار-

مۇ قالميدى، ئوى ـ ئيمارەتلەر چالميلىقا ئايلاندى. بۇلاردين
ئاشقيرى ئۇلار يەنە فاشيستلاشقان «يېڭى تۇرمۇش هەريكيتى»
ديگەن نەرسينى تەشۋيق قيليپ خەليقنى ئالديدى.

1932 ـ ژيلى 28 ـ يانۋاردا ياپون قاراقچيليرى شاڭخەيـ
گە هۇجۇم قيلغاندا، 19 ـ ئارمييە توزليگيدين ياپون قاراقچيليـ
ريغا قارشى ئۇرۇش قيلغان ئيدى. ئەمما جاڭكەيشى تۇرلۇك
چاريلارنى قوللۇنۇپ 19 ـ ئارمييەنيڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشينى
بۇزۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئيلدام تۇگەتمەكچى بولدى.
ۋەتەنگە خييانەتليك بولغان «ئۇسۇڭ ـ شاڭخەي ئۇرۇش توخـ
تۇتۇش كيليشيمى» گە ئيمزا قيلدى. 19 ـ ئارمييەنى ياپونغا
قارشى ئالدينقى سەپتين «كومپارتييەگە هۇجۇم قيليش» ئالـ
دينقى سەپيگە يوتكيدى. شۇنيڭ ئارقيسيدينلا يەنە 90 دىۋيزيـ
يەدين ئيبارەت 500 ميڭ ئەسكەرنى توپلاپ ئينقيلابى بازيغا هەمـ
مە تەرەپتين هۇجۇم قيليشقا كيريشتى. جاڭكەيشى ئوزى، هۇـ
جۇمچى ئارمييەگە ۋە خۇبەي، خەبەي، ئەنخۇى غا هۇجۇم قيلـ
غۇچى ئارمييەگە باش قوماندان بولدى. خەيڭچيڭ فۇجەن،
گۇاڭدۇڭ، جاڭشى ئولكيليريگە هۇجۇم قيلغۇچى ئارمييەگە باش
قوماندان بولدى. خەچيڭ يۇن، ۋاڭجۇن ۋە ليۇسيلەر ئالـ
دينقى سەپ باش قوماندانى بولدى. بۇ قېتيمقى هۇجۇم 1932 ـ
ژيلى 16 ـ ئييۇندا هەممە تەرەپتين تەڭ باشلينيپ 1933 ـ ژيـ
لى مارتتا تامام بولدى. ديمەك ئيلگيرى ئاخير بولۇپ 9 ئاي

داۋام قىلدى. دۈشمەن 1932 ـ ژىلى ئىيۇندىن ئوكتەبرگىچە بىزنىڭ خۇبەي ـ خەنەن ـ ئەنخۇي، خۇڭخۇ، خۇنەن ـ خۇبەي ـ جاڭشى بازىلىرىمىزغا ئاساسى كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلدى، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇخەنگە يەتكۈزگەن تەھدىدىگە بەرھەم بەردى. بولۇپمۇ خۇبەي ـ خەنەن ـ ئەنخۇيدىكى ئىنقىلابى بازىغا ئاساسى كۈچ بىلەن قىستاپ كەلدى. ئۇرۇشتا قىزىل ئارمىيە دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما جاڭگوتاۋنىڭ خاتا يېتەكچىلىكى نەتىجىسىدە خۇبەي ـ خەنەن ـ ئەنخۇي رايـ ئونىدا غالىبىيەت قازىنىشقا ئىشەنچ بولماي قالدى. دۈشمەننى يەڭگەندىن كېيىن ئوكتەبردە قىزىل 4 ـ ئارمىيەنىڭ ئاساسى كۈچى بازىدىن قايتىپ چىقىپ، غەرپكە يوتكەلدى. خۇڭ خـۇ رايئونىدىكى قىزىل 2 ـ ئارمىيە دۈشمەن كۈچىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ ئايدا يوتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. خۇبەي ـ خەنەن ـ ئەنخۇي رايئونىدىكى قىزىل 4 ـ ئارمىيە 1933 ـ ژىلى باھاردا شىمالىي سىچۈەندە ئىنقىلابى بازا قۇردى. قىزىل ئارمىيە تەرەققى قىلىپ بىرلەشكەن قىزىل 4 ـ ئارمىيەگە ئايلاندى. خۇڭخۇ رايئونىدىكى قىزىل 2 ـ ئارمىيە 1933 ـ ژىلى يازدا خۇنەن، غەربى خۇبەيدىكى ئىنقىلابى بازىنى كېڭەيتـ تى. بۇبازا كېيىنكى ۋاقىتلاردا كېڭىيىپ خۇنەن، خۇبەي، سىچۈەن ۋە گۈيجۇ ئىنقىلاپ بازىسىغا ئايلاندى. قىزىل 2 ـ ئارمىيە 1934 ـ ژىلى ئوكتەبردە خۇنەن، جاڭشى چېگارا رايئون بازىسىدىن

يوتكۇلۇپ كەلگەن قىزىل 6 ـ ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ، بىرلەشـ كەن قىـزىـل 2 ـ ئارمىيە بولۇپ تەشكىللەنـدى . خۇنـەن ، خۇبەي، جاڭشى رايئونىدىكى قىزىل 16 ـ كورپۇس 1932 ـ ژىـ لى كۈز ۋە قىش پـەسلىدە جەنۇپ تەرەپـكە ئوتۇپ خۇنەن ، جاڭشى چىگارا رايئون بازىسىغا كىرىپ، قىزىل 8ـكورپۇس بىـ لەن بىرلىشىپ قىزىل 6 ـ ئارمىيە بولۇپ تەشكىللەندى .

دۇشمەن 1933 ـ ژىلى قشۇرالدىن باشلاپ مەركىزى ئىنـقىـ لابى بازىغا ئاساسى كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلدى . نەتىجىدە قىـ زىل ئارمىيە ماۋزەيدۇڭ ئىستراتىگىك مەپكۇرىسى يېتەكچىلىكىدە 3 دىۋىزىيە دۇشمەننى يوقۇتۇپ، 10مىڭدىن ئارتۇق مىلتىق غە نىمەت ئالدى . ھەمدە باندىتجاڭكەيشى ئەسكىرىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى لى مىن، چېڭسىجى ۋە بىرنەچچە برىگادا كوماندىـ رىنى ئەسىر ئالدى مارتتا دۇشمەننىڭ ھۇجۇمىنى تارـمار كەلتۇرـ دى . جاڭشىنىڭ شەرقى شىمالى، فۇجەننىڭ غەربى شىمالى ۋە جەجاڭنىڭ غەربىدىكى ئىنقىلابى بازىلار فۇجەن ، جەجاڭ ، جاڭشى رايئونى بولۇپ شەكىللەندى ۋەمەركىزى ئىنقىلابى بازا بىلەن قوشۇ- لۇپ 100 مىڭ كۋادرات يول كەڭلىكتىكى مەيدانغا ئىگەبولدى . قىزىل ئارمىيە مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن 300مىڭغا يىتىپباردى .

قىزىل ئارمىيە ماۋزەيدۇڭ ئىستراتىگىك مەپكۇرىسى يىتەكـ چىلىكىدە جاڭكەيشىنىڭ 4 قېتىملىق ھـۇجۇمىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تارـمار كەلتۇردى . بۇ ئىستراتىگىك مەپكۇرىنىڭ ئاساسى مەزـ

مۇنى: دۇشمەننى ئازغاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا كىرگۇزۇش، ئاندىن كيين دۇشمەننى مەھكۇم قىلىش — يەئنى دۇشمەن كۇچلۇك، بىز كۇچسىز بولۇپ تۇرغان بىر شارائىت ئاستىدا، بىزنىڭ ئارمىيەمىز ئىستراتىگىيەدە ئازغىنە كۇچ بىلەن كوپ كۇچنى يېڭىدىغان ئۇززۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشنى قوللۇنۇشتىن، ئۇرۇش تاكتىكىسىدا كوپ كۇچ بىلەن ئاز كۇچتىن غالىب بولۇدىغان تىز ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشنى قوللۇنۇشتىن، دۇشمەن زور كۇچ بىلەن ئىنقىلابى بازىلارغا بسىپ كىرگەندە، بىزنىڭ ئارمىيەمىز ئايلىنىپ ژۇرۇپ جىكىنىپ دۇشمەننى ئازغاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا كىرگۇزۇپ، خەلق قۇراللىق كۇچلىرىگەماسلىشىپ تۇرۇپ دۇشمەننى قىستاش، دۇشمەن چارچاپ بوشاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاجىز تەرىپىنى بايقاپ ئۇنۇملۇك كۇچلەرنى مەركەزلەشتۇرۇپ ھەرىكەتلىك ئۇرۇش ئىلىپ بىرىپ، ئەۋۋەل دۇشمەننىڭ شۇ ئاجىز قىسمىنى يوقۇتۇپ ئاندىن كيين بىر-بىرلەپ بۇتۇن دۇشمەننى تار-مار كەلتۇرۇشتىن ئىبارەت. قىزىل ئارمىيەنىڭ غالىبىيەت قازىنىشىنىڭ سەۋىبى شۇكى: ماۋزەيدۇڭنىڭ توغرا ئىستراتىگىك يىتەكچىلىگى، قىزىل ئارمىيە قوماندان ۋە جەڭچىلىرىنىڭ ئۇرۇشقا باتۇر بولغانلىغىدىن باشقا، ئىشچى-دىخان دىموكراتىك ھوكۇمىتى كومپارتىيە ۋە ماۋزەيدۇڭ يىتەكچىلىگىدە، ژۇقۇرقى باپتا سوزلەنگەندەك، تورلۇك توغرا سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابى پائالىيىتىنى قوزغاپ ئۇلارنى قىزىل ئارمىيەگە ياندىشىپ ئىنقى-

لاپ مۇيسىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەش قىلدۇرۇپ، قىزىل ئار-مىيەنىڭ ئۇرۇشىنى ھەقىقى خەلىق ئۇرۇشىغا ئايلاندۇردى. مانا بۇلار قىزىل ئارمىيەنىڭ ھەر قېتىمقى ھۇجۇمغا قارشى ئۇرۇشلىرىدا غالىبىيەت قازىنالىشىنىڭ ئاساسى سەۋەبلىرىدۇر.

2

5 ــ قېتىملىق ھۇجۇم ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش، جۇڭگو قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى ۋە ئۇرۇشى، زۇنيى مەجلىسىنىڭ ئەھمىيىتى

جاڭكەيشىنىڭ 5 ــ قېتىملىق ھۇجۇمغا تەي-يارلىنىشى. 4 ــ قېتىملىق ھۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جاڭكەيشى بارلىق كۈچىنى توپلاپ ئىنقىلابى بازىلارغا 5ــ قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆردى.

1 ــ بارلىق ماددى كۈچلەرنى ژىغىپ ئېلىپ ھۇجۇمغا تەي-يارلىنىشى: جاڭكەيشى بىر تەرەپتىن ئامرىكىدىن 50 مىلليون ئامرىكا دوللىرى (پاختا، بۇغداي)، ياپونىيەدىن 200 مىلليون ياپون دوللىرى قەرز ئالدى. ئۇرغۇن مىقداردا «زايوم» تار-قاتتى (1927 ــ ژىلدىن 33 ــ ژىلغىچە جەمئى 1 مىللىيارت 140 مىلليون دوللارلىق زايوم تارقاتتى). ئۇرغۇن مىقداردا قەغەز پۇل (فابى) تارقاتتى. تۈرلۈك پارچە ــ پۇرات ئارتۇقچە ئىنىسىر

باجلارنى سليپ ھەدەپ خەلىقنى بولۇدى، مۇشۇ يوللار بىلەن كيرگەن كيريمنى ئىچكى ئوروشقا خىراجەت قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن جاڭگەيشى ئوز يمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ناھايىتى چوڭ بايىدى. ھەمدە ئوز خوتۇنىنىڭ تۇققىنىنى سۇڭ زىيۇين، كوڭ شاڭشى ۋە ئوزىنىڭ سىردىشى بولغان چېڭ گوفۇ، چېڭ لىفۇ ئائىلىلىرى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرلىرىنى ئوز قولىغا ئېلىپ 4چوڭ ئائىلىدىن ئىبارەت بولغان بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ يالغۇز ھوكۇمرانلىقىنى شەكىللەندۇردى.

2ـ فاشىزم ھوكۇمرانلىقىنى كۈچەيتتۇرۇشى: 1929 ـ ژىلى چېڭـ گوفۇ، چېڭ لىفۇ ۋە شۇى ئېنزىنلەر CC گرۇھىنى تەشكىل قىلىپ مەخسۇس فاشىستلاشقان ئىشپىئونلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1932 ـ ژىلى جاڭگەيشى يەنە «كوك چاپانلار جەمئىيىتى»(تىكلەش جەمئىيىتى) دىگەن فاشىزم تەشكىلاتىنى قۇرۇپ ئۇنىڭغا دەيلى، كاڭ زەى، خەجۇن خەن، چېڭ چېڭ، جېڭ جەمىڭ دىگەن ئىشپىئونلارنى باش قىلىپ فاشىزم ھوكۇمرانلىقىنى يولغا قويدى. «ئولگەن گومىنداڭنى فاشىزم روھى بىلەن تىريلدۇرۇمىز» «لىبىرالىزم توگەپ كەتتى. نۇرغۇن دولەتلەر بىرلەشكەن ھوكۇمرانلىق يولىغا قاراپ ماڭدى» دەپ ۋالاقلىدى. «بىر پارتىيە دىكتاتورلىق قىلىدۇ، داھى ئىستىبداتلىق قىلىدۇ»، «داھى ھەممىدىن ئەلا»، «ھەممە داھىغا ئىتائەت قىلىدۇ» دىگەن ئەرسىلەرنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭگەيشى ھەممىدىن

ئۇستۇن مۇستەبىتكە ئايلاندى. مەسىلەن: ھەربى ھەيئەتنى ھەيئەت باشلىقى باشقۇردى. ھەيئەت باشلىقىنى مەركىزى سىياسى ھەيئەت باشقۇردى. جاڭكەيشى مەركىزى سىياسى ھەيئەتنىڭ ھەيئەت باشلىقى ھەم ھەربى ھەيئەتنىڭ ھەيئەت باشلىقى بولۇپ ئولتۇردى. دېمەك ھەممىگە يالغۇز جاڭكەيشى ھاكىم بولدى. جاڭكەيشى يەنە ئۆلكىلەرنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ھەربىلەر قوشۇمچە ئاتقۇرۇدۇ - دەپ بەلگۈلەپ، فاشىست ھەربىلەر دىكتاتورىسىنى شەكىللەندۇردى. جايلاردا، باۋجا تۈزۈمىنى يولغا قويدى. توخاۋ - لوەشۇنلەر ھوكۇمرانلىقىنى كۈچەيتتى.

3 - ھەربى تەرەپتە: ئالدى بىلەن لۇسەندە ھەربى ئەمەلدارلار تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ كومپارتىيەگە قارشى تۇرغۇن ھەربى ئەمەلدارلارنى تەربىيىلىدى. جاڭكەيشى بىۋاسىتە ھالدا ئۇستاز بولۇپ ئۇلارنىڭ مىڭىسىگە فاشىزم مەپكۇرىسىنى قويدى. گېرمانىيە فاشىست باشلىقلىرىنىڭ بىرسى بولغان ھ.ۋ.سەكىت باشچىلىقىدىكى ھەربى مەسلىھەتچىلەر ئۆمۈگىنى ۋە تۇرغۇزلىغان ئانگلىيە، ئامرىكا، فرانسىيە ۋە ياپونىيە ئىمپېرىئالىزمىنىڭ ھەربى ئەمەلدارلىرىنى مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلدى. نۇرغۇن مىقداردا يىڭى ئەسكەر ئالدى ۋە نۇرغۇنلىغان ئايروپلان، زەمبىرەك ئافتوموبىللار سېتىپ ئېلىپ ھەربى ئەسلەھەلەرنى كىڭەيتتى. قىزىل رايئون ئەتراپىدا قورغان قۇرۇش سىياسىتىنى قوللۇنۇپ نۇرغۇنلىغان قورغان ۋە پوتەيلەرنى ياساپ مۇ-

ھاسىرە سىپى بەرپا قىلدى. يالغۇز جاڭشى ئۆلكىسىدە 1934 ـ ژىلى يانۋارغىچە جەمئى 2900 پوتەي ياسىدى. يەنە پۈتـۈن مەملىكەت بويىچە يەرلىك تىچلىق ساقلاش ئەترەتلىرى قۇرۇپ جايلاردىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىغىنى كۈچەيتىپ خەلىـق قوزغۇلاڭلىرىنى باستى.

4 ـ مەپكۇرە جەھەتتە: پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەكتەپلەردەفاـ شىستلاشقان ھەربى تەئلىم ـ تەربىيەنى يولغا قويدى. بىرلەشـ تۈرۈپ ئىمتىھان قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. فاشىستلىق مەپـ كۇرىۋى ھوكۇمرانلىغىنى كۈچەيتتى. خەلىقنى جاھالەتتە قالدۇـ رۇش تەربىيەسىنى يولغا قويۇپ «كوڭفوزىنى ھۈرمەت قىلىش» ، «خۇراپى كىتاپلارنى ئوقۇش»نى تەرغىپ قىلدى. فاشىزم ھوـ كۇمرانلىغىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن «يىڭى تۇرمۇش ھەرىكىتى»دىـ گەن نەرسىلەرنى تەشەببۇس قىلدى، فىئوداللىق ئەخـلاق ۋە باشقىلارنى تەرغىپ قىلدى.

جاڭكەيشىنىـڭ مەدەنىيەت جەھەتتىـكى ھـۇـ جۇمى ۋە لۇشۇننى بايراق قىلغان مەدەنىيەتچىلەرـ نىـڭ بۇ ھۇجۇمغا قارشى كۈرەشى ـ ژۇقۇرقىلاردىن باشقا جاڭكەيشى ئەكسىيەتچىلىرى گروھى مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ خەـ لىقنىڭ مەدەنىيىتىنى خانىۋەيران قىلىش مەقسىدىدە مەدەنىيەت ھۇجۇمىنى يولغا قويدى. 1932 ـ ژىلى كۈزدە شاڭخەيدىكى ئىمپىرىئالىزمغا قارشى ئىتتىپاقنى بۇزدى. 1933 ژىلى يازدا فاـ

شىزمىغا قارشى ژىغىنغا قاتناشقان 150 ئادەمنى قىردى. شۇ ژىلى
مايدا يازغۇچى فەن شىگەن ۋە ئايال يازغۇچى دىڭ لىڭنى قاماق-
قا ئالدى. يازغۇچى يىڭ شورىن توتقۇن بولۇش ۋاقتىدا ئوزى-
نى بالخانىدىن تاشلاپ قۇربان بولدى. ئىيۇندا «جۇڭگو خەلىق
هوقۇقىنى قوغداش ئىتتىپاقى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئالىم يالڭ شو-
ۋنى سۇئى قەست بىلەن ئولتۇردى. ئىشپىئونلار 1933 - ژىلى
نويابىردا شاڭخەيدىكى يى خۇا ناملىق كىنو فىلىم شىركىتىنى،
نۇرغۇن ئىلغار كىتابخانىلارنى بۇزۇپ تاشلىدى. 1934 - ژىلى
فىۋرالدا شاڭخەيدە 149 تۈرلۈك ئەدەبى كىتاپ نەنجىڭدىكى
گومىنداڭ مەركىزىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن سېتىلىشتىن مەنئى قىلىندى،
76 تۈرلۈك ژۇرنال نەشىر قىلىنىشتىن مەنئى قىلىندى. شۇ ژىلى
نويابىردا «شىڭ باۋ» گېزىتىنىڭ ئالىق ژۇرنىلى ياپونغا قارشى
سوزلەرنى باسقانلىقتىن گېزىتنىڭ مەسئول كىشىسى سى لەڭسەي
يوشۇرۇن ئولتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ (گومىنداڭنىڭ) جۇڭگو خە-
لىق مەدەنىيىتىنىڭ بايرىغى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇق
ئەربابى بولغان لۇشۇنگە قىلغان جەبر - زۇلۇملىرىنى ئېيتىپ تۈ-
گەتكىلى بولمايدۇ. لۇشۇن ۋاپات بولغانغا قەدەر، ھەمىشە ئىش-
پىئونلارنىڭ تەھدىدى ۋە زۇلمى ئاستىدا تۇردى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت هوجۇمىنىڭ نەتىجى-
سى نېمىدىن ئىبارەت بولدى؟ ماۋزەدۇڭ بۇ ھەقتە بۇنداق دەي-
دۇ: «مەدەنىيەت جەھەتتىكى «هوجۇمى» نىڭ نەتىجىسىدە 1935-

ژيلدىكى «9 ـ دېكابر» ياشلار ئىنقىلابى ھەرىكىتى پارتلىدى. بۇ ئىككى خىل «ھۇجۇم» (ئىزاھات: ھەربى جەھەتتىكى «ھۇجۇم» ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى «ھۇجۇم» ـ خۇخوا) نىڭ ئۇمۇمى نەتىجىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنى ئويغاتتى!....... ئىنقىلابقا قارشى ھۇجۇمنىڭ پاسسىۋ نەتىجىسى ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىدىن ئىبارەت بولدى.» ماۋزېدۇڭ يەنە بۇنداق دەيدۇ: «ئوز ۋاختىدا كوممۇنىستلار، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان بارلىق مەدەنىيەت ئورگانلىرىدا ھېچقانداق قارشىلىق كۆچى بولمىغان موۋقىئەدە تۇرغان بولسىمۇ ئەمما گومىنداڭ تەتۈر ھەرىكەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ھۇجۇمى تېپ ژىلتىزى بىلەن مەغلۇپ بولدى. ھالبۇكى كوممۇنىست لۇشۇن، نەق مۇشۇ «ھۇجۇم» دەۋرىدە جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇق ئادىمىگە ئايلاندى.» («يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» ـ ماۋزېدۇڭ مايىلانما ئەسەرلىرى 2 ـ توم 2 ـ نەشرى 695 ـ 696 ـ بەتلىرى).

جاڭكەيشى ئەنە شۇنداق ھەممە تەرەپتىن تەييارلىق كۆرۈپ ئىنقىلابى بازىغا كەڭ كولەمدە 5 ـ قېتىملىق ھۇجۇمنى باشلىدى. جاڭكەيشىنىڭ قىلىچى ياپونغا قارشى تۇرۇۋاتقان جۇڭگو قىزىل ئارمىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنى غالجىرلارچە قىرغىن قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، ياپونىيە ئىمپىرىيالىزمىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالى جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلدى.

5 ـ قستىمىلىق ھۇجۇم ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش-
جاڭگەيشى 1933 ـ ژىلى ئوكتەبردە بىر مىللىئون ئەسكەر ۋە
200 ئايروپلان توپلاپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ كولەمدىكى 5ـ
قىتىملىق ھۇجۇمىنى باشلىدى. يەئنى ئىنقىلابىي بازىغا ئومۇمىي ھۇ-
جۇم باشلىدى. ھەممە جايىنى ئەسكەر ۋە پوتەيلەر بىلەن ئوراپ
«پوتەي سىياسىتى» دېگەن يېڭى ئۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ،
ئىنقىلابىي بازىغا 4 تەرەپتىن قىستاپ كىردى. بولۇپمۇ، مەركەز-
لىك ھالدا ئەسكەر ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 500 مىڭ
ئەسكەرنى 4 يولغا بولۇپ مەركىزى ئىنقىلابىي بازىغا كىرگۈزدى.
شىمالى يولدىكى ئەسكەرلەرگە گوجۇتۇڭ، غەربىي يولغا خەجەن،
جەنۇبىي يولغا چىڭجىتاڭ، شەرقىي يولغا جاڭدىڭۋېن قوماندانلىق قىلدى. شۇ چاغدا مەركىزى ئىنقىلابىي بازىدا 100مىڭ
ئەسكەر بار ئىدى. ئۇرۇش ئوكتەبرنىڭ ئاخىرىدا باشلاندى.
بۇ، ئەڭ دەھشەتلىك بىر ئۇرۇش بولۇپ، باشلانغان ۋاقىتلىرىدا
ھەر ئىككى تەرەپ غالىپ ۋە مەغلۇپ بولۇپ تۇردى.

1934 ـ ژىلى ئىيۇلدا، جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزى فاڭ-
زىمىڭ بىلەن شۇڭخەيجۇنى ياپونغا قارشى ئالدىنقى ئەترەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ياپونغا قارشى شىمالغا ژۈرۈشكە ئەۋەتتى. بۇلار فۇجەندىن ئوتۇپ، جەجاڭغا كىرىپ شىمالغا قاراپ
ئالغا باستى. ئەمما بەختىكە قارشى 1935 ـ ژىلى يانۋاردا ئەنخۇي ئولكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى خوەي يۇسەن دېگەن جايدا

جاڭگەيشى ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى. مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈش جەريانىدا، فاڭزىمىن دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ، شۇ ژىلى ئىيۇلدا نەنچاڭدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

1934 - ژىلى كۈزدە، ئۇرۇش يەنە داۋام قىلىۋەردى. ئەمما جۇڭگو كومپارتىيەسىدىكى قىسمەن «سول» چىل يېتەكچىلەرماۋزېدۇڭنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەپكۇرىسىنى ئىجرا قىلماستىن، ئىشچى-دېھقانلارنىڭ مەملىكەتلىك 2- قۇرۇلتايىدىن كېيىن، ئۆزلۈكىمىز يېتىدۇ - دەپ، دۈشمەننى سەل چاغلىدى. دۈشمەننىڭ كۈچلۈكلىكىنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىنكار قىلدى. ئىستىھكام ئۇرۇشىنى ۋە پەقەت ئاساسىي ئارمىيەگە يۆلىنىپلا، «رەسمى» ئۇرۇشنى قوللىنىشنى، ئىستراتېگىيەدە چاپسان ھەل قىلىش ئۇرۇشىنى قوللىنىشنى، ھەر بىر ئۇرۇشنى ئۆزۈنغا سوزۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار دۈشمەننى ئازغاشتۇرۇپ، ئۇتتۇرىغا كىرگۈزۈپ، ئاندىن كېيىن مەھكۇم قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، «دۈشمەننى دولەت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا توسۇش» نى، دۈشمەننى دۈشمەن رايونىدا يوقۇتۇشنى، «ئالدى بىلەن دۈشمەننى مەھكۇم قىلىپ» ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار «بىر غېرىش يېرىمىزنىمۇ قولدىن بەرمەيمىز.» دېگەن شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زىيان بولۇشىغا قارىماستىن، قۇرۇقتىن - قۇرۇق مۇداپىئە ئۇرۇشىنى قوللاندى. «ئىككى مۇش بىلەن ئۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلىپ، بارلىق ھەربى كۈچنى دۈشمەن ھۇجۇمىغا

قارشى 6 تەرەپكە بولۇپ ئەسكىرى كۈچنى چېچىپ تۇرۇپ ئۇ-
رۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ھەممىدىن ئەۋۋەل لى جوەن-
نىڭ شىمالىدىكى شياۋشىغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن دۈشمەن سې-
پى مۇستەھكەم بولغانلىقتىن نەتىجە قازىنالمىدى. ئۇنىڭدىن كېي-
ين يەنە شۇ جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى زىشىجاۋغا ھۇجۇم
قىلدى. بۇ يەردىمۇ دۈشمەن سېپى مۇستەھكەم بولغاشقا مۇۋەپ-
پىقىيەت قازىنالمىدى. نەتىجىدە ھەربى جەھەتتە زىيانلىق بولغان
مەھكۇملۇك ۋەزئىيەتتىن مەيدانغا چىقىرىپ قويدى.

شۇ چاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمدارلىرى گۇرۇھىنىڭ
يايونىيەگە خۇشامەت قىلىپ زۇرگوزگەن ئىچكى ئۇرۇشنى داۋام
ئەتتۇرۇش سىياسىتى سايىسىدا، يايونىيە ئىمپىريالىزمىنىڭ ھۇ-
جۇمى بارغانسېرى جىددىيلەشكەن ئىدى. دولەت زېمىنىمىز قول-
دىن كەتكىلى تۇردى ۋە يايون قاراقچىلىرى ئىلگىرىلىگەنسېرى
ئاپەت كوپەيگىلى تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت
خەلقى يايونغا قارشى ئۇرۇشنى بىر ئېغىزدىن تەلەپ قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن مەركىزى قىزىل ئارمىيە بىر تەرەپتىن، جاڭكەي-
شىنىڭ ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تار-مار كەلتۈرۈش، يەنە بىر
تەرەپتىن، يايونغا قارشى بىۋاسىتە ئەسكەر چىقىرىپ، «18-سېن-
تەبر» دىن بۇيان، مىللى ئىنقىلابى ئۇرۇشنى يولغا قويۇش مەق-
سىدە، قەتئى تەشەببۇس قىلىپ كىلىۋاتقان تەشەببۇسنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى يېرىپ، شىمالغا ژۈرۈش-

كە قارار قىلدى. شەنشى بىلەن گەنسۇدىن باشقا جايلاردىكى قىزىل ئارمىيەنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈزۈن سەپەرگە چىقتى.

25 مىڭ يوللۇق ئۈزۈن سەپەر ۋە زۈڭيى مەجلى-سىنىڭ ئېچىلىشى - قىزىل ئارمىيە مۇھاسىرىنى يېرىپ، يا-پونغا قارشى شىمالغا ژۈرۈشتە دۇنياغا مەشھۇر بولغان 25 مىڭ يوللۇق ئۈزۈن سەپەرنى باشلىدى. ئۈزۈن سەپەردەماۋزەيدۇڭ بۇنداق بىر شېئىرنى يازدى:

«يولىمىزدا بولسا ھەمكى مىڭلارچە دەريا،
دۈچ كەلسەكمۇ مىڭلاپ ئېدىر، مىڭلاپ تاغلارغا،
قوشۇنىمىز مۇشكۈللەردىن قورقمايدۇ ئەسلا،
ئاتلانغانمىز، چۈنكى بۈيۈك، ئۇزاق سەپەرگە.
بەشتاغ ئوزرە ئۆزمەكتە بۇلۇتلار ئالدىراپ،
سىل قويۇدۇ ئۈستىمىزگە بۇلۇتلار تىزدىن،
تۇمان نەھرى ھەممە ياقنى بسىپتۇ تشىپ،
شۇچاغدىمۇئالغا باستۇق، لاي كېچىپ تىزدىن.
جىڭ سا جاڭ دەرياسى يەنىمۇ بەتتەرراق؛
تىك قىرغاقلىق يارلارغا سالماقتا ۋەھشەت.
دادۇخە ئوزرە سوزۇلغان دۇرچوڭ كوبرۇك، براق،
ئۇنىڭ تۆمۈر توسۇقلىرى مۇزدەك، كۆپ ھەيۋەت.

كېيىن مىنشەن، مېڭ چاقىرىم ئارىلىقتا مۇز،
تاغ بشىغا تاج بوپتۇ مۇز ھەم ئاپپاق قار،
ئاڭا ئامان يېتىپ كەلدى ئۈچ ئارمىيەمىز.
چىرايلىرىدا خۇش تەبەسسۇم، ئۇلۇق ئىپتىخار.»

1934 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرى ۋە ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا، مەركىزى ئىنقىلابى بازىدا قىسمەن قۇراللىق پارتىزان ئۇرۇشى (بۇ، كېيىن يېڭى 4-ئارمىيەگە ئاساس بولدى). غا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ، شاڭ يىڭ بىلەن چېن يى لەر مەركىزى ئىنقىلابى بازىدا قالدۇرۇلۇپ ، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاساسى كۈچلىرى (1 ـ 3 ـ 5 ـ ئارمىيەلەر، يەنى قىزىل 1 ـ قوشما ئارمىيە) غەربكە قاراپ ماڭدى. بۇلار بىر كېچىدە مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقتى. دۈشمەن مۇداپىئە قىلىشقا ئۈلگۈرەلماي قالدى. بۇلار دۈشمەننىڭ ئۈچ قەۋەت مۇھاسىرە سېپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ، جياڭشى، فۇجەن ئۆلكىلىرىدىن گۇاڭدۇڭغا كىلىپ، كېيىن خۇنەن، گۇاڭشىغا ئۆتۈپ، ئاخىرى گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۈنيى دىگەن جايىغا يېتىپ كەلدى.

1935 ـ يىلى يانۋاردا ، جۇڭگو كومپارتىيەسى زۈنيىدا مەركىزى سىياسى بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن مەجلىسىنى ئاچتى. بۇ مەجلىس قىسمەن يېتەكچىلەرنىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ توغرا ئىستراتېگىيەۋى مەيكورىسىگە زىت بولغان، 5 ـ قېتىملىق ھۇجۇمغا قارشى كۈرەشنى زىيانغا ئۇچراتقان، پەقەت مۇداپىئە قىلىش يولىنى

قوللانغان خاتا مەيكۇرىلىرىنى تۈزۈتۈپ، ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىنىڭ توغرى يېتەكچىلىكىنى قەتئىلەشتۈردى. ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىنىڭ پۈتۈن پارتىيە بويىچە قەتئىي ئورۇن ئېلىشى، جۇڭگو ئىنقىلاپ تارىخىدا ناھايىتى زور ئەھەمىيەتكە ئىگە بولغان بىر ۋاقىئە دۇر، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غالىبىيەت قازىنىشىغا ئەڭ زور كاپالەتتۇر.

زۇڭيى مەجلىسىدە ياپونغا قارشى شىمالغا داۋاملىق ژۈرۈشكە قارار قىلىندى. زۇڭيى ئەترابىدا ئاساسىي كۈچلەرنى توپلاپ، گومىنداڭنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن نۇرغۇن قىسىملىرى تارمار كەلتۈرۈلدى. يېرىم ئاي، قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تولۇقلاش ئىشى بىلەن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قىزىل ئارمىيە يۈننەنگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، سىچۈەن، شىكاڭ چېگرىلىرىنى ئايلىنىپ سىچۈەنگە كىرىپ، يۈگۈردا ئىلگىرى خۇبەي-خەنەن-ئەنخۇي چېگرا رايونىدىن سىچۈەنگە قايتىپ كەلگەن قىزىل 4 - قوشما ئارمىيە بىلەن ئۇچرۇشۇپ، ئوڭ تەرەپ ۋە سول تەرەپ قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ شىمالغا قاراپ ماڭدى. كېيىن يەنە سۈڭفەن ئەترابىدىكى مورگەي دېگەن جايدا مەجلىس ئاچتى. ياپونغا قارشى شىمالغا ژۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا پارتىيە مەركىزى قىزىل 4 - قوشما ئارمىيەدە ئىشلەۋاتقان جاڭگوتاۋنىڭ خاتا تەشەببۇسىغا قارشى چىقتى. جاڭگوتاۋ ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكى ئۈچۈن شىكاڭ تەرەپكە قاراپ

جىكىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ، تامامەن قاچقۇنچىلىق ئىدى.
ماۋزېدۇڭ مىللى ئازاتلىق يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن شىما-
لى شەنشىگە - ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئىنقىلاپ
دولقۇنىنى قارشى ئېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. نەتىجىدە ماۋ-
زېدۇڭنىڭ توغرى يولى غالىب كېلىپ، مەركىزى قىزىل ئار-
مىيە (ئوڭ تەرەپ ئارمىيەسى) داۋاملىق شىمالغا قاراپ ژۈردى.
ئەمما جاڭگوتو پارتىيە مەركىزىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق قىلىپ،
قىزىل 4 - قوشما ئارمىيە (يەنى سول تەرەپ ئارمىيەسى) نى
باشلاپ جەنۇبقا ژۈرۈپ، شىكاڭ ئۆلكىسىنىڭ گەنزى دېگەن جايى-
غا يېتىپ كەلدى. ھەمدە پارتىيە مەركىزىگە قارشى ئىسيان قى-
لىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ قانۇنسىز رەۋىشتە يەنە بىر
«مەركىزى» نى تەشكىل قىلىپ، پارتىيە بىلەن قىزىل ئارمىيە-
نىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ، قىزىل 4 - قوشما ئارمىيەنى ناھايىتى
چوڭ زىيانغا ئۇچراتتى. مەركىزى قىزىل ئارمىيە شەنشى، گەن-
سۇلاردا قاتتىق ئۇرۇشلارنى قىلغاندىن كېيىن 1935 - ژىلى ئوك-
تەبىردە، غەلىبىلىك ھالدا شىمالى شەنشى ئىنقىلابى بازىسىغا يې-
تىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى قىزىل ئارمىيەگە قوشۇلۇپ، ئىنسانى-
يەت تارىخىدا ئاز كۆرۈلگەن ئۇزۇن سەپەرنى - قىزىل ئارمىيە
ئاساسى كۈچىنىڭ ياپونغا قارشى شىمالغا ژۈرۈپ قىلغان «25 مىڭ
يوللۇق ئۇزۇن سەپەر» نى تامامىدى.

بۇ غالىب ئۇزۇن سەپەردە ئىنساننىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان

جاپا - مەشەققەتلەر دۇچ كەلدى. قىزىل ئارمىيەنىڭ ئارقىسىدىن دۈشمەن قوغلاپ ماڭدى. ئالدىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە يەرلىك مىلىتارىستلار يولنى توستى. ئاسماندىن دۈشمەن ئايروپىلانلىرى بومباردىمان قىلدى. جاڭگەيشى قىزىل ئارمىيەنى ئۈزۈن سەپەردە يوقۇتۇشنى ئويلىدى. ئەمما قىزىل ئارمىيە گومىنداڭ باندىتلىرىدىن 410 پولكنى ۋە سانسىز يەرلىك باندىتلارنى ھەم پومىشچىكلارنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىنى يوقۇتۇپ، 54 شەھەرنى قولغا ئېلىپ مەردانىلارچە ئالغا باستى. قوغلاپ ماڭغان گومىنداڭ باندىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىپ تاشلىدى.

قىزىل ئارمىيە دۈشمەن بىلەن قۇراللىق كۈرەش قىلغاندىن تاشقىرى يەنە قىيىن ۋە خەۋپلىك تاغ - دەريالار، ئاشلىق قىيىنچىلىقلىرى ۋە كېسەل ھادىسىلىرى بىلەن كۈرەش قىلدى. خەۋپلىك ئۇجاڭ دەرياسىدىن ئۆتتى، جىنشاجاڭ دەرياسىنى ئۈستۈلۈك بىلەن قولغا ئالدى، داتۇخە دەرياسىدىن ئۆتتى، لودىڭ چاۋ كۆۋرۈكىنى تارتىپ ئالدى، ھاۋاسى سوغۇق ۋە تۈتەك باسقان قارلىق تاغلاردىن ئۆتتى، پايانى يوق چۆل - جەزىرىلەرنى مېڭىپ تۈگەتتى، خەۋپلىك لازىكودىن ئۆتتى. بەزى چاغلاردا ھەتتا ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى ۋە كەمەر (تاسما) لەرنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەركىزى قىزىل ئارمىيە بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ بىرژىل ۋاقىت ئىچىدە 11

ئولكىنى بسىپ ئوتۇپ، ئاخىرى ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە-
شىمالى سەنشى ئىنقىلابى بازىسىغا يېتىپ كەلدى.

قىزىل ئارمىيەنىڭ 2 - قوشما ئارمىيەسى خۇبەي، سىچۇەن-
گۇيجۇ رايئونىدىكى مۇھاسىرىسىنى يىرىپ، خۇنەن، گۇيجۇ
ۋە يۈننەندىن ئوتۇپ، شىكاڭ ئولكىسىنىڭ گەنزى دېگەن
جايىغا يېتىپ كېلىپ، 1936 - يىلى ئىيۇلدا 4 - قوشما ئارمىيە-
گە قوشۇلدى. شۇ چاغلاردا، ماۋزېدۇڭ قوللانغان پارتىيە ئى-
چىدە كۈرەش ئېلىپ بىرىش دېگەن توغرى نىشاننىڭ يېتەكچى-
لىكى ۋە جۇدە، رېن بىسى، خەلۇڭ، گوەنشاڭيىنلارنىڭ قەتئى
تىرىشچانلىغى ئارقىسىدا، خائىن جاڭگوتونىڭ بولگۈنچىلۈك سۇئى
قەستى چاپسانلا تامام مەغلۇپ بولدى. قىزىل 4 - قوشما ئارمى-
يە جاڭگوتونىڭ سوزىگە كىرمەستىن، قىزىل 2 - قوشما ئارمىيە
بىلەن بىرلىكتە، شىمالى تەرەپكە قاراپ ژۈردى. رېن بىسى
بىلەن خەلۇڭ يېتەكچىلىگىدىكى قىزىل 2 - قوشما ئارمىيە ۋە شۇي-
شاڭچەن يېتەكچىلىگىدىكى قىزىل 4 - قوشما ئارمىيەنىڭ بىر
قىسمى شۇ يىلى نويابىردا، جاپالىق ئۇزۇن سەپەرنى تۈگۈتۈپ،
شىمالى شەنشىگە يېتىپ كېلىپ، مەركىزى قىزىل ئارمىيە بىلەن
غەلىبىلىك ھالدا ئۇچراشتى.

قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپىرىنىڭ بۈيۈك غالىبىيىتى جوڭ-
گو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىگىدىكى جۇڭگو خەلق كۈچىنىڭ يې-
ڭىلمەس كۈچ ئىكەنلىكىنى، بۇ غالىبىيەت جۇڭگو ممىللەتلىرىنىڭ

ئۆزىگە بولغان ئىڭ يۇقۇرى ئىشەنچىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلىدى. جۇڭگو ئىنقىلابى ھۇجۇمغا قارشى قاتتىق كۈرەش-
لەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەزدى ۋە ئۇزۇن سەپەردە تاۋلاندى.
يالغۇز كۈچلۈك ئىشچى-دېھقان ئارمىيەسىنى ۋە ئۇنىڭ كادرلى-
رىنى تاۋلاپ چىقىرىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ناھايىتى كۈچ-
لۈك ۋە ئىقتىدارلىق جۇڭگو كومپارتىيەسىنى تاۋلاپ چىقاردى.
بۇ 10 يىللىق جاپالىق ئىنقىلاب ۋە ئۇرۇشنىڭ سىناقلىرى، جۇڭ-
گو تارىخىدا ئەڭ دانىشمەن خەلق داھىيسى ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭ-
گو خەلق ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ ئالغا بېسىشىغا تولۇق ۋە توغ-
رى يېتەكچىلىك قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ماۋزېدۇڭ
باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا،
ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيەسىنىڭ جاپالىق ئۇزۇن سەپەرنى
ئۆتكۈزۈپ، غالىبىيەت قازىنىشىنى ئەقىلگە سىغدۇرۇش مۇمكىن ئە-
مەس ئىدى، بۇ ئىنقىلابى كۈچ ساقلىنىپ قالمىغان بولسا، كېيىن-
كى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ قوزغىلىشى ۋە 1949 - يىلى ئىن-
قىلابنىڭ مەملىكەت بويىچە غالىبىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى.

يەتتىنچى باپ

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىنىڭ ۋەتەنگە خىيانىتى ۋە خەلىق بىشىغا كەلتۈرگەن بالايى ئاپەتلىرى، جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرۈشى

1

«18– سېنتەبر» ۋاقىئەسىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىنىڭ جۇڭگوغا چېكىدىن تەجاۋۇز قىلىشى، ۋەتەن ساتقۇچى جاڭكەيشى ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىنىڭ قارشى تۇرماسلىق مەسىلىگى، جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرۈشى

(1) «18– سېنتەبر» ۋاقىئەسىنىڭ تۇغۇلۇشى

ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ «قىتئە سىياسىتى» – ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى ئەزەلدىن تارتىپ، جۇڭگونى بۇلاش-تالاش ۋە جۇڭگوغا تەجا–

ۋۇز قىلىش بىلەن تەرەققى قىلغان ئىدى. 19- ئەسرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياپونىيەدە كەڭ كولەمدە ماشىنىلاشقان يېڭى سانائەت ئاستىلاپ تەرەققى قىلدى. پايچىكلار شىركىتى ۋە بانكا كاپىتاللىرىمۇ چاپسان كوپەيگىلى تۇردى. ياپونىيە-بۇ يېڭىدىن باش كوتەرگەن كاپىتالىستىك دولەت كاپىتالىزم فورمىسىنى قوللۇنۇپ، فىئودالLىق ئىقتىسات بىلەن زىچ بىرلىشىپ، ئوزىنىڭ پەۋقۇلئاددە كۇچلۇك تەجاۋۇزچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

ياپونىيەدە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چاپسان كوپىيىشى، ئۇنى، سانائەتتە ئارقىدا قالغان خوشنىسى جۇڭگو ۋە چاۋشەننى قۇراللىق كۇچ بىلەن بۇلاشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ ئۇچۇن 1894- ژىلى 1- قېتىم جۇڭگو-ياپون ئۇرۇشى تۇغۇلدى. نەتىجىدە يېڭىدىن باش كوتەرگەن كاپىتالىزم ياپونىيەسى، چىيرىكلەشكەن، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فىئودال مەنچىڭ خانلىقىدىن غالىپ كەلدى. شۇندىن باشلاپ ياپونىيە جۇڭگودا نۇرغۇن ئالاھىدە ھوقۇقلارنى قولىغا كىرگۈزۈپ ئالدى. ھەممە ئانگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق كاپىتالىستىك مەملىكەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىشكە ئىقتىدارلىق بولۇپ قالدى. 19- ئەسرنىڭ ئاخىرىدا، دۇنيا كاپىتالىزمى تەرەققى قىلىپ، مانوپولىستىك، تولۇمگە قاراپ ماڭغان ئاخىرقى باسقۇچقا-ئىمپېرىيالىزم باسقۇچىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا 1- قېتىملىق جۇڭگو-ياپون ئۇرۇشىنى قوزغاپ، جۇڭگوغا تەجاۋۇز

قىلغان ۋە جۇڭگونى بۇلىغان ياپونىيە كاپىتالىزمىمۇ چاپسانلا تەرەققىي قىلىپ، ئىمپېرىيالىزم باسقۇچىغا يېتىپ باردى.

شۇندىن تارتىپ، ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىنىڭ جۇڭگوغا يەنىمۇ كۆپرەك تەجاۋۇز قىلىش سۇيىقەستى كۈندىن-كۈنگە جىددىيلەشتى. ئۇ جۇغراپىيە جەھەتتە جۇڭگوغا يېقىن بولغانلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ياۋروپا، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ جۇڭگودىكى تەسىراتلىرىنى ئاستىلاپ چەتكە قېقىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەش قەستىگە چۈشتى. ھەمدە ئەۋۋەل مانجۇرىيە بىلەن موڭغۇلىيەنى ئىگىلەپ، ئاندىن كېيىن پۈتۈن جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىشنى مەزمۇن قىلغان «قىتئە سىياسىتى»نى تۈزدى. 1914-يىلى 1-قېتىملىق ئىمپېرىيالىستىك دۇنيا ئۇرۇشى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇ غەربىي ياۋروپا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ شەرققە قاراشقا پۇرسىتى بولمىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جان تومۇرلىرىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، جۇڭگونى تالىشىۋاتقان ئىمپېرىيالىستلارنىڭ ئاساسىي باش روللۇقلىرىنىڭ بىرسىگە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاساسىي دۈشمەنلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلاندى.

ئەمما 1-قېتىملىق جۇڭگو-ياپون ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 30 نەچچە يىل ئىچىدە، جۇڭگو خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەنلىكتىن ۋە ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى ئۆز ئارا توقۇنۇشلىرى پۇتلاشقانلىقتىن، ياپونىيەنىڭ جۇڭگونى يالغۇز

زۇتۇپ ئېلىش سۇئى قەستى ئەمەلگە ئاشماي كەلدى. ئەمما، ياپونىيە ئىمپېرىئالىزمى جۇڭگونى ئىگىلەپ ئېلىپ، ئۆزى يالغۇز مۇستەملىكە قىلىش نىيىتىنى زادىلا تاشلىمىدى. ياپونىيە ئىمپېرىئالىزمى قاچانغىچە تۇپ-تومۇرى بىلەن يوقۇتۇلمايدىكەن، ئۇ، جۇڭگو مىللەتلىرىگە تەجاۋۇز قىلىش سۇئى قەستىنى شۇنىڭغىچە ئۈزلىگىدىن تاشلىۋەتمەيدۇ.

«18- سېنتەبىر» ۋاقىئەسىنىڭ پارتلىشى ۋە جاڭكەيشىنىڭ قارشى تۇرماسلىق مەسلىكى — 1929- يىلنىڭ ئاخىرىدا دۇنيا كاپىتالىستىك مەملىكەتلىرىدە ئىقتىسادى كرىزىس تۇغۇلدى. بۇ كرىزىسنىڭ يۈزۈش كۈچى مىسلى كورۇلمىگەن هالدا چوڭ بولدى. سانائەت كرىزىسى بىلەن دېهقانچىلىق كرىزىسى گىرەلىشىپ كەتتى. هەممە كىيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. دۇنياۋى ئىقتىسادى كرىزىس نەتىجىسىدە 24 مىللىئون ئىشچى ئىشسىز قالدى. نەچچە ئون مىللىئونلىغان دېهقان ئاچارچىلىق ئازاۋىدا قالدى. بۇ كرىزىس ئىمپېرىئالىستىك دولەتلەر ئارىسىدىكى، غالىپ دولەتلەر بىلەن مەغلۇپ دولەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، ئىمپېرىئالىستىك دولەتلەر بىلەن مۇستەملىكە ۋە بېقىندى دولەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، ئىشچىلار بىلەن كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى، دېهقانلار بىلەن پومېشچىكلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقلارنى تېخىمۇ ئوتكۇرلەشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك

دەك، بۇرژۇئازىيە بىر تەرەپتىن، فاشىزم دىكتاتۇرىسىنى قۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنى بىسىقتۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن مۇستەملىكە ۋە تەئسىرات دائىرىلىرىنى يىگىلىۋاشتىن ئايرىدىغان ئۇرۇش توغدۇ- رۇپ، مۇداپىئە قىلىش كۈچى ئاجىز بولغان دولەتلەرنى بۇلاش ئۇسۇلى بىلەن ئىقتىسادى كرىزىستىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ئىمپرىئالىزمى جۇڭگونى بۇلاش ئۈچۈن 1931 - ژىلى «18 - سىنتەبر» ۋاقىئەسىنى توغدۇردى.

ياپون قاراقچىلىرى 1931 - ژىلى ئىيۇلدا جۇڭگو بىلەن چاۋ- شەن ئوتتۇرىسىدىكى مىللى مۇناسىۋەتنى بۇزۇدىغان ۋەن باۋسەن ۋاقىئەسىنى توغدۇردى. سىنتەبردە يەنە ياپون ئوفىتسەرى كا- پىتان ناكامۇرا جوغراپىيە ئەھۋالىنى تەكشۇرۇش ئۈچۈن مانجۇ- رىيە بىلەن موڭغۇلىيەگە بىرىپ «يوقۇلۇپ كەتتى»، ئۇ ھىنگان تىغىدىكى بوزيەر ئاچقۇچى جۇڭگو ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئول- تۇرۇلۇپتۇ، دىگەن باھانە بىلەن شەرقى شىمالدا تۇرغان ياپونىي- يەنىڭ «گوەندۇڭ ئارمىيەسى» نى شىگىياگىغا توپلاپ ھۇجۇمغا تەي- يارلىق كوردى. جەنۇبى مانجۇرىيە تومۇر يولىدىكى لىۇتياۋ گۇ كوبرۇگىنى ئوزلىرى بۇزۇۋىتىپ، جۇڭگو ئەسكەرلىرى بۇزۇۋەتتى دەپ توھمەت قىلدى. سىنتەبرنىڭ باشلىرىدا، جىلىڭ، لياۋنىڭ- لاردا تۇرۇشلۇق ياپون ئەسكەرلىرى ئىستىھكاملار قۇرۇپ، ئۇ- رۇشقا تەييارلاندى، ۋەزىيەت جىددىيلەشتى؛ ئەمما گومىنداڭ- جاڭگەيشى شەرقى شىمالدىكى بارلىق ئەسكەرلەرگە «ئەگەر

ياپون ئەسكەرليرى جيدەل تۇغدۇرۇپ قالسا، ئغير ـ بسيق بو-
لۇپ توقۇنۇش تۇغۇلۇپ قليشتين ساقلينيڭلار»دەپ بۇيرۇق چۇ-
شۇردى.

1931 ـ ژيلى 18 ـ سينتەبر كيچيسى ياپون ئەسكەرليرى
شيڭياڭ شەھرينى توپقا تۇتۇپ، بيدايىڭنى بسيپ ئالدى. شەر-
قى ـ شيمال ئەسكەرليرى نەنجينگە تيلگرام سوقۇپ يوليورۇق
سوريغان ئدى، جاڭكەيشى: «توقۇنۇش چيقيريشقا مۇتلەق رۇخ-
سەت يوق» ۋە «ياپون ئەسكەرليرينيڭ بۇ ھەريكيتى جيدەل
چيقيريش ئۇچۇن قوزغيغان ئادەتتيكى بير ھەريكەت. ۋاقيئەنيڭ
كڭييپ كتيشيدين ساقلينيش ئۇچۇن، مۇتلەق قارشيليق بيل-
دۇرۇلميسۇن» دەپ جاۋاپ تيلگراممىسى ئەۋەتتى. شۇنيڭ
ئۇچۇن 19 ـ سينتەبر كۇنى سەھەردە ياپون ئەسكەرليرى جۇڭ-
گونيڭ نەچچە يۇزميڭليغان ئەسكەرليرى قيلچە قارشيليق بيل-
دۇرميگەن شارائيت ئاستيدا شيڭياڭ شەھرينى بسيپ ئالدى.
مەمليكەت بويىچە ئەڭ زور بولۇپ ھيساپلانغان شيڭياڭديكى
قورال زاۋودى، زەمبيرەك زاۋودى ۋە 200 ئايروپلان تامامەن
ياپون قاراقچيليرينيڭ قوليغا چۇشۇپ كەتتى. شۇنيڭدين كيين يا-
پون قاراقچيليرى يەنە ئەندۇڭ، ييڭكو، ۋە چاڭچۇن قاتارليق
جايلارنى بسيپ ئالدى. 20 ـ سينتەبر كۇنى شەرق تەرەپتين جي-
ليڭنى بسيپ جەنۇپ تەرەپتين جيڭجۇغا قيستاپ باردى. دڭيز ئەسكەر-
ليرى چيڭ خواڭداۋنى بسيپ ئالدى. ديمەك ياپون قاراقچيليرى

بەش كۈنگە قالماستىن، لياۋنىڭ ۋە جىلىڭ ئۆلكۈلىرىنى تامامەن
دېگىدەك ئىگىلىدى. شۇ ۋاقىتتا جاڭكەيشى ئۇيالماستىن يەنە
بۇنداق دېدى: «بۇ گۈنكى ۋاقىتتا ژۇڧۇرى ـ تەۋەن ھەممىمىز
بىردەك بولۇشىمىز لازىم...... ياماتلىقتا، يۈۋاشلىق قىلىش كەي-
پىياتىنى قىلمۇئۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئادىل ھۆكۈمىنى كۈتۈ-
شىمىز لازىم.»(جاڭكەيشىنىڭ 23 ـ سىنتەبىر كۈنى نەنجىڭ شەھ-
رىدىكى گومىنداڭ ئەزالىرى ژىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىغا قارال-
سۇن). جاڭكەيشى يولەنگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقى ئەسلىدە ئانگ-
لىيە، فرانسىيە ئىمپىرىئالىستلىرىنىڭ ئىلگىدە ئىدى. ئۇلار بىر
تەرەپتىن «تەكشۈرۈش ئۆمىگى» دېگەن نەرسىلەرنى تەشكىل قى-
لىپ، «بىرلىكتە باشقۇرۇش» دېگەن نەرسىلەرنى تەشەببۇس قىل-
دى. يەنە بىر تەرەپتىن، ياپون قاراقچىلىرىنى شەرقى شىمال
ئارقىلىق سوۋىت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئامرىكا
ئىمپىرىئالىزمى بولسا، «تەڭلىق بىلەن ھەل قىلىش» دېگەن پەردە
ئاستىدا، جاڭكەيشىگە قارشى تۇرماسلىق توغرىسىدا بىۋاسىتە يول-
يورۇق كۆرسۈتۈپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ شەرقى شىمالنى بە-
سىپ ئېلىشىغا ياردەم قىلدى ۋە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ شەرقى
شىمال ئارقىلىق سوۋىت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشىغا تىرەكداشلىق
قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياپون قاراقچىلىرى قىلچە تەپ ـ تارت-
ماستىن، داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، خىلۇڭجاڭدىكى شەرقى شى-
مال ئارمىيەسىنىڭ مەئال قارشىلىقىنى يەڭگىپ، ئۇزۇن ئۆتمەس-

تىن، خىلوڭجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چىچىخار شەھرىنى بسىپ ئالدى. قۇيى نى قولداپ قورچاق «مانجۇگو دولىتى»نىڭ قورچاق ھۆ- كۈمىتىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. نويابىردا ياپون ئەسكەرلىرى يە- نە ئۈچ يولغا بولۇنۇپ، جىڭجۇ تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلىدى. گومىنداڭ ھوكۇمىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا: جىڭجۇدا بىتەرەپ راي- ئون قۇرۇپ، ئانگلىيە، ئامرىكا، فرانسىيە ۋە ئىتالىيە ئەسكەر- لىرى تۇرسۇن - دەپ تەكلىپ قويۇش ئۈچۈن سى جاۋ جىغا بۇيرۇق بەردى. يەنى گومىنداڭ ھوكۇمىتى جىڭجۇنىڭ شەرقىي- دىكى شەرقىي ئۈچ ئۆلكە ئەمدى جۇڭگوغا تەۋە ئەمەس دەپ ئىقرار قىلدى. ئەمما ياپون قاراقچىلىرى بۇنداق تەسلىم بولۇش ئۇسۇلىغا قانائەت قىلماستىن، 1932 - ژىلى يانۋارنىڭ باشلىرىدا، جىڭجۇنى بسىپ ئالدى. جاڭكەيشى جاڭشيۇلىيەنگە بۇيرۇق بە- رىپ، نەچچە يۈز مىڭلىغان ئەسكەرنى قارشى تۇرغۇزماستىن، تامامەن ئىچكى ئۆلكىگە قايتۇردى. جەمئى ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە لياۋنىڭ، جىلىڭ ۋە خىلوڭجاڭ ئۆلكىلىرىنىڭ 2 مىللىئون كۋادرات كىلومېتر زىمىنى ۋە 30مىللىئوندىن ئارتۇق قرينداشلىرىمىز، 4مىڭ كىلومېتردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتىكى تۆ- مۆر يوللىرىمىز، تۈگۈمەس خەزىنە بايلىقلىرىمىز ئەنە شۇ گومىن- داڭ ھوكۇمىتىنىڭ قارشى تۇرماستىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا يولۇ- قۇش سىياسىتى ئاستىدا، تامامەن قولدىن كەتتى. بۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ناھايىتى چوڭ ئار - نامۇستۇر. شۇندىن باشلاپ،

شەرقى .شىمالدىكى قىرىنداشلىرىمىز ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تو-مۇر تاپانلىرى ئاستىدا، 14 ژىل دەپسەندە بولدى. ياپون قا-راقچىلىرى مۇستەھكەم تەجاۋۇز بازىسىغا ئىگە بولۇپ ئالغاندىن كىيىن، پۈتۈن جۇڭگوغا ۋە ئۇلۇق ئوكيئانغا غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىشقا زىمىن تەييارلاپ ئالدى.

جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقى-نىڭ تەجاۋۇزغا قارشى ھەرىكىتى ۋە سوۋىت ئىت-تىپاقىنىڭ پەئئال ياردىمى- گومىنداڭ-جاڭكەيشى-نىڭ نامۇسسىز ھالدا شەرقى شىمالنى ساتقىنىنىڭ ئەكسىچە، 18-سىنتەبىردە باشلانغان ياپونىيە ئىمپىرىيالىزمىنىڭ ھۇجۇمى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مىللى دىموكراتىك ھەرىكىتىنى يىڭىۋاشتىن دولقۇنلاتتى. 22- سىنتەبىردە، جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن جۇڭگو ئىشچى-دىخان قىزىل ئارمىيەسى ھەممىدىن ئەۋۋەل: «ئاممىنى تەشكىللەپ ياپونىيە ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى تۇرايلى ...... شەرقى-شىمالدا پارتىزان ئەترەتلىرى تەشكىل-لەپ ياپونىيە ئىمپىرىيالىزمىغا بىۋاسىتە زەربە بىرەيلى.» دەپ ياپونغا قارشى چاقىرىق چىقاردى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غە-زەپ ئاۋازى ياڭرىدى، ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يىتەك-چىلىكى ۋە تەشەببۇسكارلىقى ئاستىدىكى ئىشچىلار ۋە ياش ئو-قۇغۇچىلار ھەممىدىن ئارتۇق قەتئىيلىك ۋە باتۇرلۇق كورسەتتى.

24ـ سېنتەبىردە شاڭخەيدە يورتتا ئىشلەيدىغان 35مىڭ ئىشچى ياپونغا قارشى ئىش تاشلىدى؛ ئاندىن كېيىن شاڭخەيدە ئالىي ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 100 مىڭ ئوقۇغۇچىسى ياـ پون قاراقچىلىرىنىڭ شەرقىي شىمالغا قىلغان تەجاۋۇزىغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ دەرس تاشلىدى. 26ـ سېنتەبىردە شاڭخەيدە 100 مىڭ ئادەم ياپونغا قارشى يىغىن ئۆتكەزدى. ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا، شاڭخەيدە 800 مىڭ ئىشچى ياپونغا قارشى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بىرلەشمىسى تەشكىل قىلىپ، ياپونغا قارشى قوراللىق ياراغ بەـ رىشنى تەلەپ قىلىپ، نەنجىڭگە ۋەكىل ئەۋەتتى. گۇاڭجۇ ۋە شاڭگاڭلاردىكى ياپون زاۋۇتلىرىدا ئىشلەيدىغان جۇڭگو ئىشچىـ لىرى ياپون قاراقچىلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئاچ-يالىڭاچ قالساقمۇ ياپون زاۋۇتلىرىدا ئىشلىمەيمىز دەپ ئۆزلىكىدىن ئىشـ تىن چىقىپ كەتتى.

شاڭخەي، بېيپىڭ، تيەنجىن، خاڭجۇ، تەييۈەن، چاڭشا، شىگەن، كەيفېڭ، گۇاڭجۇ، فۇجۇ، تۇخەن، نەنچاڭ، چىڭداۋ دېگەندەك مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدا ھەممە ساھەدىكى خەـ لىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قارشى تۇرماسلىقىغا نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ، ياپون ماللىرىنى چەكلىدى ۋە ياپونىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزدى. 28ـ ئاۋغۇستتا نەنـ جىڭ ۋە شاڭخەي ئوقۇغۇچىلىرى نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈـ مىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلىپ، گومىنداڭنىڭ ياپونىيە

بىلەن سۇلھ قىلىشقا ۋە ياپونىيەگە قارشى تۇرمىغانلىقىغا نارازى-
لىق بىلدۈردى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇندا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 7
مىڭ، ئوقۇغۇچىنى مەخسۇس پويىزدا سېلىپ، زورىدىن-زورغا
شاڭخەيگە قايتۇرىۋەتتى. نويابىردا، بېيپىڭ ۋە تيەنجىندىن تە-
خمىنەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى 2- قېتىم تەكلىپ قويۇش ئۈچۈن جاپا-
لىق كۆرەشلەرنى قىلىپ، نەنجىڭگە كەلدى. جاڭكەيشى
نائىلاجلىقتىن ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە مىلتىق، پىلىمىيوت-
لارنى قاتار تىزىپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا چىقىپ: «ھازىر
ھۆكۈمەت ياپونىيەگە قارشى تۇرۇشقا (؟) تەييارلىق كۆرىۋاتىدۇ.
ئەگەر قولدىن كەتكەن جايلارنى 3 يىلدىن كېيىن قايتۇرۇپ ئا-
لالمىساق، ئۇ چاغدا كاللام قولتۇغىمدا.» دەپ ئۇلارنى ئال-
دىدى. ئەمەلىيەتتە جاڭكەيشى ئوزىنىڭ كاللىسىنى ۋە تۆرت
چوڭ ئائىلىنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىنقىلاب-
چى خەلقنىڭ كاللىسىنى تەخمىنەن نۇرغۇن ئالماقچى، دۆلەت
زېمىنىمىزنى تەخمىنەن نۇرغۇنلاپ قولدىن كەتتۈرمەكچى ئىدى.
ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئالدىمىغا كىرمەستىن، ياپونغا قارشى دەر-
ھال ئەسكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭكەي-
شى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقتانى تەلەپلىرىگە قىرغىن قىلىش يولى
بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. 17- دېكابىردا، 30 مىڭ ئوقۇغۇچى
بىرلىشىپ، گومىنداڭ مەركىزىگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەندە، ئە-
سكەر ۋە ساقچىلار ئاتاكا كارنەيلىرىنى چېلىپ قانخور جاللات-

لارچە ئوقۇغۇچىلارغا ھۇجۇم قىلدى. ساقچى ۋە ئەسكەرلەر گومىنداڭ مەركىزى گېزىتخانىسىنىڭ ئىشىگىدە تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارغا ئوق چىقىرىپ، 30 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى قىرىپ تاشلىدى. 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى يارىلىدى. سانسىز ئوقۇغۇچىنى تۇتۇپ قامىدى. بۇ ۋاقىئەدىن كېيىن، گومىنداڭ ئۇخ- تۇرۇش چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا «يولدىن چىقتى.» دەپ توھمەت قىلدى. ساقچى ۋە ئەسكەرلەرنى «ئۆزىنى قوغداش» ئۈچۈن مىلتىق ئاتتى ۋە «توغرى چارە قوللاندى.» دەپ ئاقلىدى.
2 - كۈنى يەنە بىر مۇنچە ئەسكەر، ساقچىلارنى ئەۋەتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ھايداپ يېزىدغا چىقىرىپ، زوردىن-زورغا مەكتەپلىرىگە قايتۇردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ياپونغا قارشى تۇرۇش تۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى خەلقنى قارشى تۇرغىلى قويمىدى. ياپونغا كىم قارشى تۇرغان بولسا، قىلىچىنى شۇنىڭغا تەڭلىدى.
ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىغا بىۋاسىتە چۈشۈپ قالغان شەرقى شىمال خەلقى ئۆزلىگىدىن قوزغىلىپ قارشى چىقتى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ شەرقى شىمالدىكى يەرلىك تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەممىدىن ئەۋۋەل غەربى لياۋنىڭ خەلقى قوراللىق كۈرەش باشلىدى. مىلىتارىستلار سىستېمىسىدىكى قىسىملارنىڭ بەزىلىرىمۇ ياپونغا قارشى كۈرەش قىلغىلى تۇردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شەرقى شىمالدا ياپونغا قارشى قوزغالغان

خەلىققە ۋە پىدائىيلارغا تەئمىنات بەرىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەل-
كى ھەر قايسى جايلاردا ئۇلارغا ياردەم توپلىغان ۋەتەنپەرۋەر-
لەرنى قاماققا ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمگە توپلىغان پۇللىرىنى
تارتىۋ ئالدى.

«18 ـ سېنتەبر» ۋاقىئەسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، بەينەلمىلەل
جەھەتتە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا ئادالەتنى قولغا ئېلىپ، ياپو-
نىيەنىڭ تەجاۋۇزچىلىقىغا نەپرەت بىلدۈردى. شەرقى شىمال-
نىڭ تۇرغۇن پىدائىيلىرى ياپون قاراقچىلىرىدىن مەغلۇپ بولغان-
دىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولۇپ سوۋېت
تۇپرىقىغا چېكىنىپ كىردى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو خەلقىگە ھە-
قىقىي ياردەم قىلغۇچى مەملىكەت پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى
بولدى.

(2) «28 ـ يانۋار»دا شاڭخەيدە بولغان ياپونغا قارشى ئۇرۇش

«28 ـ يانۋار»دا، شاڭخەيدە ياپونغا قارشى ئۇ-
رۇشنىڭ تۇغۇلۇشى ـ شەرقى شىمال قولدىن كەتكەندىن
كېيىن، ياپون قاراقچىلىرى يەنىمۇ ئىلگىرلەپ، داۋاملىق رەۋىشتە
شاڭخەيگە يېڭى ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار بىر زەربە بىلەنلا،
شاڭخەينى بېسىپ ئېلىپ، بۇيەرنى جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا
ھۇجۇم قىلىشتا مەركىزى بازا قىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈ-
تۈن جۇڭگونى مۇنتەرىز قىلىپ كىتالايمىز، ھېچ بولمىغاندا شۇ-

نيڭ بيلەن شەرقى شيمالدا قولغا كەلتۈرگەن غالىبىيەتلىرىمىزنى مۇستەھكەملەپ ئالالايمىز، گومينداڭ ھۆكۈمىتىنى قيستاپ، شەر-قى شيمالنىڭ بىزگە ئۆتكەنلىكىگە ئىقرار قىلدۇرالايمىز ھەمدە جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى چەكلەت-تۈرەلەيمىز - دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن «28 - يانۋار» ۋاقىئەسى تۇغۇلدى.

1932 - يىلى 18 - يانۋاردا، شاڭخەينىڭ گاڭ كۇ دېگەن جايىدا بىر نەچچە ئادەم 5 ياپون شەيخىنى ئۇرۇپ قويغان ئىدى. ياپون قاراقچىلىرى ئەنە شۇنى باھانە قىلىپ، ئۆز جاسۇسلىرىنى كۈشكۈرتۈپ، 20 - يانۋاردا «جۇڭگو سەن يۈشى-نيەشەن» فابرىكىسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، جۇڭگو ساق-چىلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە سودا دۇكانلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 24 - يانۋاردا، ياپون ئەلچىسى شىگېمىتسۇنىڭ ئۆيىنى ئۆزلىرى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، جۇڭگو ئادەملىرىگە تۆھمەت قىلدى. يا-پون كونسۇلى 27 - يانۋاردا، شاڭخەيدىكى گومينداڭ شەھەر-لىك ھۆكۈمىتىگە: ئۆزرە قويسۇن، قاتىللارنى جازالىسۇن، زىيـ-ياننى تولەپ بەرسۇن ۋە ياپونغا قارشى تەشكىلاتلارنى تارقىتىـ-ۋەتسۇن، موشۇ تۆرت تۈرلۈك تەلەپكە 24 سائەت ئىچىدە جاۋاپ قايتۇرۇلمىسا، ياپون ئەسكەرلىرى ئۆزى بىلگەنىنى قىلىدۇ، دەپ ئۇلتىماتۇم تاپشۇردى. ئىمپېرىيالىزمغا خۇشامەت قىلىدىغان گو-ميداڭنىڭ شاڭخەي شەھەر باشلىقى ئۇ تيە چېڭ ژۇڭۇرقى

تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇندايمىز دەپ جاۋاپ قايتۇردى. ھەمدە ياپونغا قارشى جەمئىيەتلەرنى دەرھال تارقاتتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جاڭكەيشىمۇ: شاڭخەيدە تۇرغان، ياپونغا قارشى كەيپىياتى ئۈستۈن بولغان 19- ئارمىيەنى ئوسۇڭ ۋە شاڭخەيدىن چېكىنىشكە بۇيرىدى. ئەمما ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قورۇغلۇقتا ئورۇش قىلىش قىسمى ئوزىنىڭ ئېلگىرى تۈزەپ قويغان پىلانى بويىچە، 28- يانۋار ئاخشىمى شاڭخەينىڭ شىمالىدىكى ۋاگزالغا، جاڭ ۋەن ۋە ئوسۇڭلارغا كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلدى. شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق سەي تىڭ كەيلەر يېتەكچىلىگىدىكى 19- ئارمىيە شاڭخەي ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى دولقۇنىنىڭ تۈرتكۈسى بىلەن قوزغۇلۇپ، ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى ھۇجۇمغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن شاڭخەيدە ياپونغا قارشى باتۇرانە ئورۇش قوزغالدى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سەپەربەر قىلىشى ۋە چاقىرىغى ئاستىدا شاڭخەيدىكى ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ ياپونغا قارشى باتۇرانە ئورۇشى- ئوسۇڭ بىلەن شاڭخەيدە ياپونغا قارشى ئورۇش باشلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئويغاندى، ئىلھاملاندى. جۇڭگو كومپارتىيەسى شاڭخەيدە ياپون فابرىكا- زاۋۇدلىرىدا ئىشلەيدىغان 100 مىڭ ئىشچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بىر يېرىم ئايغىچە كەڭ كولەمدە ئىش تاشلىدى. ھەمدە نۇرغۇن ئىشچى ۋە

یاش ئوقۇغۇچیلارنی ئالدینقی سەپکە چاقیردی، پیدائیلار ئار-
میيەسی تەشکیل قیلیپ، 19- ئارمییە بیلەن بیرلیکتە ئۇرۇشقا
قاتناشتۇردی ۋە ئۇلارغا نەقلییات، قاتناش، تەکشۈرۈش، قۇتقۇ-
زۇش خیزمەتلیرینی تاپشۇردی. یاپونغا قارشی تۇرۇپ ۋەتەننی
قۇتقۇزۇش جەمئییەتلیرینی تەشکیللیدی ۋە تیکلیدی. پۇل،
ۋە نەرسە ئىئانە توپلاپ، ئالدینقی سەپتە ئۇرۇش قیلیۋاتقان
ئوفیتسەر ۋەجەڭچیلەرگە یاردەم قیلادی. «یاپونغا قارشی خە-
لیق» دیگەنگە ئوخشاش گېزیتلەرنی نەشیر قیلیپ یاپونغا قارشی
ئۇرۇش سیياسیتینی تەشۋیق قیلدی. شۇنیڭ ئۈچۈن، ئۇرۇش
باشلانغان ۋاقیتتا یاپون قاراقچیلیری شاڭخەینی تورت كۈندە
قولغا ئالیمیز دەپ ئویلیغان بولسیمۇ، ئەمما 19- ئارمییە شاڭ-
خەی خەلیق ئاممیسینیڭ باتۇرانە یاردیمی سایيسیدا، یاپون
قاراقچیلیرینی تار-مار کەلتۈرۈپ تاشلیدی. تیەن تۇڭ یەن ۋە
شیمالی ۋاگزاللارنی قایتۇرۇپ ئالدی. ئیککی كۈن ئیچیدە
1000 دین ئارتۇق دۈشمەننی قیریپ تاشلیدی. ئەسکەرلەر، ئیش-
چیلار ۋە یاشلار ئۇرغۇن تەئسیرلیك قەھریمانلیقلارنی كورسەت-
تی. فۇدەن ئونیۋېرسیتتی ۋە باشقا مەكتەپ ئوقۇغۇچیلیری، ئو-
قۇغۇچی پیدائیلار ئارمییەلیری تەشکیل قیلیپ، ئالدینقی سەپتە
19- ئارمییە بیلەن بیرلیکتە ئۇرۇش قیلدی. بۇ ئۇرۇشتا یالغۇز
فۇدەن ئونیۋېرسیتتیدین 200دین ئارتۇق ئوقۇغۇچی ئولدی ۋە
یاریلاندی. دیمەك شاڭخەیدیكی ئەسكەر ۋە خەلیق ژیتیم

ھالدا بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇرۇشۇپ، ياپون قاراقچىلىرىنى تورت قېتىم قوماندان يەنگۈشلەشكە مەجبۇر قىلدى. 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتەردى ۋە يارىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياپون قاراقچىلىرى ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىپ 100 مىڭغا، ئۇرۇش پاراخودىنى 60 نەچچىگە، ئايروپلانلىرىنى 100 نەچچىگە يەتكۈزدى. شۇۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 19 ـ ئارمىيەنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن توسۇش ئۈچۈن 5 ـ كورپۇسنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئەمما 5 ـ كورپۇسنىڭ ئەسكەرلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن ئورۇنسىز بۇيرۇققا قارشىلىق قىلىپ، ئۇرۇشقا قاتناشتى. كېيىن ئەكسىيەتچىلەر دۈشمەنگە سىرنى ئاشكارا قىلىپ قويغاندىن كېيىن، دۈشمەن 19 ـ ئارمىيەنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ليۇخە دېگەن جايدا، يوشۇرۇن ھالدا قورۇغلۇقتا چىقىپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن 19 ـ ئارمىيە شاڭخەيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

جاڭگەيشى بىلەن ۋاڭ جىڭ ۋېينىڭ شاڭخەيدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزۇشى ۋە ۋەتەنگە خىيانەتلىك بولغان ئۇرۇش توختۇتۇش كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ـ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھى شاڭخەيدە «28 ـ يانۋار»دا بولغان ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا يار-دەم بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى پەئىل رەۋىشتە بۇ-زۇپ، 19 ـ ئارمىيەنى ئوق ـ ياراغ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك تۇگۇگەن، ئۆلۈم ۋە يارىدار كۆپەيگەن، ياپون قاراقچىلىرى ھەدەپ ئەس-

كەر كۆپەيتكەن بىر ئەھۋالدا چۈشۈرۈپ قويۇپ، شاڭخەيدىن چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىدىن جاڭكەيشى ۋە ۋاڭجىڭۋېيلار تىلىنى بىر قىلىپ، «بىر تەرەپتىن، قارشى تۇرۇپ يەنە بىر تەرەپتىن، سۆھبەتلىشىمىز.» — دەپ ۋاقىرىدى. ئەمەلىيەتتە قارشى تۇرۇشنى قايرىپ قويۇپ، پەقەت «سۆھبەت» (تەسلىم) بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار 19 - ئارمىيەگە قىلچە ياردەم قىلمىدى. ئەكسىنچە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئىئانە قىلىنغان پۇللارنى تارتىپ ئالدى. 5 - كورپۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزلىگىدىن ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. دېڭىز ئەسكەرلىرىگە: «ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دوستلۇغىنى ساقلاش» ئۈچۈن ياپون تەرەپكە ئاشلىق ۋە كۆكتات بېرىلسۇن — دەپ مەخپى بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەتتا گومىنداڭ دېڭىز ئەسكەرلىرى مىنىسترلىگىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى لى شى جا ياپون قوماندانى نامۇرا بىلەن، بىر ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ھەرقايسى جايلاردىكى ئاكوپلارنى ئىكىسكۇرسىيە قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھى ئانگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ «كېلىشتۈرۈشى»گە يۆلىنىپ تۇرىۋەردى. ئانگلىيە، ئامېرىكا ،فرانسىيە، ئىتالىيە دۆلەتلىرى شاڭخەينى بەينەلمىلەل ئىمپېرىيالىستلىرى ئورتاق باشقۇرۇدىغان «بىتەرەپ رايون» قىلىۋېلىش قەستىگە چۈشتى. ۋەتەن ساتقۇچ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا تامامەن ماقۇل كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ياپون قاراقچىلى-

رىنىڭ قارشىلىق كورسەتكەنلىگى ئۈچۈن مەسلىھىتى بېشماي قالدى. كېيىن، جاڭكەيشى بىلەن ۋاڭجىڭۋى 5 ـ مايدا، يا- پون قاراقچىلىرى بىلەن «تۇسۇڭ ۋە شاڭخەيدە ئۇرۇشنى توختـ- تۇتۇش» ھەققىدىكى خائىنانە «كېلىشىم»گە ئىمزا قىلدى. بۇ ۋەتەن ساتقۇچ كېلىشىمدە: جۇڭگو ئەسكەرلىرى شاڭخەيدە تۇ- رۇشقا رۇخسەت يوق، ياپونغا قارشى ھەرىكەتلەر يوقۇتۇلۇدۇ، 19 ـ ئارمىيە شاڭخەيدىن يوتكۇلۇپ، «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش» ئۈچۈن، فۇجەنگە بارىدۇ، دېگەنلەر بەلگۈلەندى.

شاڭخەيدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۈچرىغان بولسىمۇ، بۇ ئۇرۇش ئەمما جۇڭگو خەلقىنىڭ دۈشمەننى يوقۇتۇشتا ئىقتىدارلىق ئىكەنلىگىنى تولۇق ئىسپات قىلدى. گومىنداڭ ئەكـ- سىيەتچىلىرىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ كېلىشىمى خەلىق ئاممىسىنىڭ قارشىلىغىغا ۋە قاتتىق نەپرىتىگە ئۈچرىدى. شۇندىن باشلاپ جۇڭگو خەلقى: ياپونىيە ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمدارلىرى گروھىغا يولۇنۇشنىڭ مۇتلەق مۇمكۇن ئەمەسلىگىنى تېخىمۇ ئوچۇق تونىدى، ئەگەر جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرىنى بۇ ئەكسىيەتچىلەر گرو- ھىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىدىغان بولساق، جۇڭگو ئاخىرى يا- پونىيە ئىمپىرىيالىزمىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانماي قالمايدىغانلىـ- غىنى ئوبدان چۈشەندى.

جاڭكەيشى ئەكسىيەتچىلەر گروھى نىمشكە ياپونغا قارشى

ئۇرۇشنى بەئال رەۋىشتە بۇزۇدۇ؟ بۇنى ئۇلارنىڭ تورت چوڭ ئائىلىسىدىن ئىبارەت بولغان فئودالـلار، چوڭ پومىششىكـلار، كومپرادور-چوڭ بورژۇئازلارنىڭ سىنىپى مەۋقىئى بەلگىلەيدۇ. ئۇلار ئىنقىلاپچى خەلقتىن ياپونىيە ئىمپىرىئالىزمىدىنمۇ بەكرەك قورقۇدۇ. جاڭكەيشى 1931-ژىلى ئاۋغۇستتا، نەنچاڭدا بۇنداق دىگەن ئىدى: «ئەگەر جۇڭگو ئىمپىرىئالىستلار قولىدا مۇنقەرىز بولسا، بىز ۋەتەنسىز قۇللاردىن بولۇپ، يەنە نەپەس ئېلىپ ياشىيالايمىز. لىكىن كومپارتىيە قولىدا مۇنقەرىز بولۇپ قالسا، قۇل بولۇمىز دىگەن بىلەنمۇ بولالماي قالىمىز». يەئنى، ئەگەر جۇڭگو ئىمپىرىئالىستلار قولىدا مۇنقەرىز بولۇپ قالسا، جاڭكەيشى ئىمپېرىئالىزم قانىتى ئاستىدا خانزادە بولالايدۇ، تورت چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغى تامامەن ئاغدۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ، لىكىن خەلق ئىنقىلابى غالىبىيەت قازىنىپ قالسا، (جاڭكەيشى «كومپارتىيە قولىدا مۇنقەرىز بولۇپ قالسا» دەيدۇ). ئۇچاغدا، تورت چوڭ ئائىلىنىڭ فاشىزم ھوكۇمرانلىغى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ «چەتكە قارشى تۇرۇش»، «خارلىقتىن مۇداپىئە قىلىش» دىگەن سوزلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان ئۇلار مىللى دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، بارلىق كۈچلەرنى توپلاپ «مەملىكەت ئىچىنى خاتىرجەم قىلىش»، «بىرلىككە كەلتۈرۈش» دىگەن سەپسەتىلەر بىلەن-ياپونغا قارشى جۇڭگو كومپارتىيەسىنى ۋە خەلقنى بىرلىكتە «يوقۇتۇش» ئۈچۈن ۋەتەننى ستىۋىتىشتىن باش تارتمايدۇ.

(3) ياپون قاراقچىلىرىنىڭ رەخەگە ھۇجۇم قىلىشى ۋەساخار، سۇي يۈەندىكى ياپونغا قارشى ئىتتىپاقچى ئارمىيەنىڭ مەيدانغا چىقىشى

ياپون قاراقچىلىرىنىڭ رەخەگە ھۇجۇم قىلىشى ۋە ۋەتەن ساتقۇچ تاڭگۇ توختۇمى — «18 — سىنتەبر»، «28 — يانۋار»دىن كېيىن، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە زور يېڭى ئۆزگۈرۈشلەر پەيدا بولدى. ئىشچىلار، دېخانلاردىن باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازلار سىنىپى جاڭكەيشى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تىخىمۇ پەئئال رەۋىشتە قوزغۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي بۇرژۇئازىيە بىلەن جاڭكەيشى گۇروھى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقمۇ ئاستىلاپ ئۆزىنى كۆرسۈتۈشكە باشلىدى. گومىنداڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك گۇروھلار ئىمپېرىيالىستىك مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقلارنىڭ تەئسىرى بىلەن، ياپونغا قارىتا ھەرخىل پوزىتسىيەلەرنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئىچىدىمۇ يېڭى بۆلۈنۈش تۇغۇلدى. «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش» سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، بىرلىكتە ياپونغا قارشى تۇرۇش، دېگەن گەپ-سۆزلەر ھەرقايسى قاتلاملار ئىچىدە ئەۋج ئالغىلى تۇردى.

ئەمما جاڭكەيشى كومپارتىيەگە قارشى جىنايەتلىك ئىچكى ئۇرۇشنى داۋام ئەتتۈرىۋەردى، گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە ئانگلىيە-دىن ئۆرغۇنلىغان ئەكسىيەتچى ھەربى ئەمەلدارلارنى تەكلىپ

قىلىپ، ئۇزىنىڭ قىزىل رايئونغا ھۇجۇم قىلىش قوماندىيسىغا بىۋا-
سىتە ياردەملەشتۈردى. كويدۈرۈپ تۈگۈتۈش، ئۆلتۈرۈپ تۈگۈ-
تۈش، ۋە بۇلاپ تۈگۈتۈش دىگەن سىياسەتنى ئوتتۇرىغا ئىتىپ،
ناھايىتى مەغرۇرلانغان ھالدا ئىچكى تەرەپتىن قىرغىن قىلىپ
ماڭدى. ياپون قاراقچىلىرىمۇ تاشقى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ
كىردى. ياپون قاراقچىلىرى 1933-ژىلى 3-يانۋاردا، «جوڭ-
گونىڭ بىرىنچى بوسوغىسى» بولغان سەنخەيگوەننى بسىپ ئالدى.
ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا 25-فۋرالدا رەخەگە ھۇجۇم قىلدى. گو-
مىنداڭنىڭ رەخە ئۆلكە رەئىسى تاڭيۈلىڭ قورققانلىقىدىن
تەمتىرەپ ژۈرۈپ 240 ئافتوموبىل ژىغىپ ھەممىدىن ئەۋۋەل ئۆزىنىڭ
خۇسۇسى مال-ئەپيۇنلىرىنى باستۇرۇپ، تيەنجىندىكى كانسىي-
سىيەگە ئەۋەتتى. ئۆزى 3-فۋرالدا، ئۆلكە مەركىزى چىندە
شەھرىنى تاشلاپ، لوەن پىڭگە قاچتى. 180 ياپون قاراقچىسى
ھېچ بىر ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرماستىنلا چىندە شەھرىنى بسىپ
ئالدى؛ بىر ھەپتىدە پۈتۈن رەخە ئۆلكىسىنى بسىپ ئالدى.
شۇنىڭ بىلەن، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ دوپپىسى ئاسمانغا ئۇچۇپ،
شىمالى جوڭگونى بىر پەشۋا بىلەنلا بسىپ ئىلىش كويىغا چۈشتى.
مارتتا، ياپون قاراقچىلىرى بۈيۈك سېپىل (سەددى چىين)نىڭ
ھەرقايسى ئىغىزلىرىغا كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلدى. شۇچاغدا
بۈيۈك سېپىل سەپلىرىدە تۇرغان ئەسكەرلەر ۋە بۈيۈك سېپىلنىڭ
ئىچى-تشىدىكى پىدائىلار ئۆزلىگىدىن قوزغۇلۇپ ياپونغا قارشى

تۇرۇش قىلدى. شى فۇڭ كۇ دىكى 29 ـ كورپۇسنىڭ ئەسكەرلىرى 11 ـ مارتتا ئۇرۇش قوزغاپ، دۈشمەننى شى فۇڭ كۇ دىن قوغلاپ چىقاردى. لىڭ كۇ ۋە گۇبەي كۇلەردىكى جۇڭگو ئەسكەرلىرىمۇ ئۆزلىگىدىن ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى روھلاندى، ھەمدە ئىئانە توپلاپ بۇ ئەسكەرلەرگە ياردەم قىلدى.

شۇۋاقىتتا، گومىنداڭ بېيپىن، تيەنجىن ۋە بۈيۈك سېپىل ئوتتۇرىسىغا 30 نەچچە دىۋىزىيە ئەسكەر توپلىغان ئىدى. بۇكۈچ دۈشمەندىن 10 ھەسسە ئارتۇق ئىدى. بۇلار ھۇجۇمغا چىققاندا، قولدىن كەتكەن زېمىنلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىشلا ئەمەس، بەلكى بۈيۈك سېپىل ئەتراپىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىۋېتىش مۇمكىن ئىدى. ئەمما، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋەتەننى ستىشقا بەل باغلاپ قويغان ئىدى. جاڭ كەيشى ياپون قاراقچىلىرىغا بولغان قارشىلىقنى توسۇش ئۈچۈن، خەبەرىگە بىرىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ھەربى قىسىملارغا: «ياپونغا قارشى تۇرۇمىز دىگۈچىلەرگە رەھىم قىلماستىن، ئۆلۈم جازاسى بىرىلىدۇ.» ـ دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. (جاڭ كەيشىنىڭ 1933 ـ يىلى 6 ـ مارتتىكى بۇيرۇقىغا قارالسۇن) نەتىجىدە ئاپرىل ئىچىدە بۈيۈك سېپىلنىڭ ھەرقايسى ئېغىزلىرىدا ژىتىم ھالدا تۇرۇپ ياپونغا قارشى تۇرغان ھەربى قىسىملار مەغلۇپ بولدى. ياپون قاراقچىلىرى 12 ـ مايدا، تۇڭ جۇنى بىسىپ ئىلىپ، توپ ـ توغرى

بىپىن، تيەنجىنگە قىستاپ كەلدى. گومىنداڭ تايانغان «مىللەت-
لەر ئىتتىپاقى» 1931 ـ ژىلى دېكابىردا، لىتتون باشچىلىغىدا «مىللەت-
لەر ئىتتىپاقى تەكشۈرۈش ئومىگى»نى رەسمى رەۋىشتە تەشكىل
قىلغان ئىدى، بۇ ئومەك 1932 ـ ژىلنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگوغا
كېلىپ، 8 ـ 9ئاي ئاۋارە بولۇپ ئاران مەشەققەتتە 200مىڭ سوز-
لۈك ئۇزۇن بىر دوكلاتنى يېزىپ چىقتى. بۇنىڭ مەزمۇنى:
مانجۇرىيەنى ياپونىيە يالغۇز بېسىپ ئالمىسۇن، ھەرقايسى دولەت-
لەر ئورتاق باشقارسۇن، دېگەن بىر جۇملە سوزدىنلا ئىبارەت!
بۇتەكلىپنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل
قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ياپون قاراقچىلىرى ئۇنىڭغا زادىلا پەرۋا-
قىلماستىن، ئەسكەر كىرگۈزىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەكسىيەتچى
گومىنداڭ ھوكۇمىتى جاڭكەيشى بىلەن ۋاڭجىڭۋېينىڭ مەسلىھىتى
بوييچە، تەي بىيەك بىلەن خاكرونى بىۋاسىتە ئەۋەتىپ، 31 ـ
مايدا، ياپون قاراقچىلىرى بىلەن ۋەتەن ساتقۇچ «تاڭگو توختۇ-
مى»نى تۈزدى. بۇتوختامغا: 1 ـ جۇڭگو ئەسكەرلىرى شەرقى
لەنپىڭدىن چېكىنىپ كېتىدۇ، بۇ تەرەپكە يەنە كېلىشكە يول
قويۇلمايدۇ، 2 ـ شەرقى لەنپىڭ ئۇرۇش بولمايدىغان رايون
بولىدۇ، ئۇ يەردە ئەسكەر تۇرمايدۇ، ئۇيەرنىڭ تىنچلىق تەرتى-
ۋىنى جۇڭگو ساقچىلىرى ساقلايدۇ؛ 3 ـ ياپون ئەسكەرلىرى
چېكىنىپ بۇيۇك سېپىل سەپلىرىدە توختايدۇ، ھەمدە ئايروپلان
ئەۋەتىش ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ ژۇقور-

قى توختاملارنى ئىجرا قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى نازارەت قىلىدۇ، دېگەن مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى. بۇ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ شەرقىي شىمال ئۈچ ئۆلكىنى ۋە رېخە ئۆلكىسىنى ئىشغال قىلىپ ئالغانلىقىنى ئەمەلىيەتتە ئىقرار قىلغانلىق بولۇدۇ. ھەمدە خەبەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىنى قورالسىز رايون قىلىپ، دۈشمەنگە بەر-گەنلىك بولۇدۇ. شۇنىڭدەك، پۈتۈن شىمالىي جۇڭگونى ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ نازارىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدۇر-غانلىق بولۇدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىن، ياپون قاراقچىلىرى يەنە «كوممۇنىزمغا قارشى شەرقىي خەبەي مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى»نى قۇردى. ھەمدە شىمالىي جۇڭگونى «ئالاھىدە» لەشتۈرىۋەتتى. بۇ خائىنانە توختام پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غەزىۋىنى قوز-غىدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى 1 ـ ئىيۇندا، «گومىنداڭنىڭ بېيپىن، تيەنجىنلەرنى ۋە شىمالىي جۇڭگونى سېتىشىغا قارشى تۇرىمىز» دېگەن خىتابنامىنى ئېلان قىلىپ، خەلقنى بۇ توختامغا قارشى قوزغىلىشقا چاقىردى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە يېتەك-چىلىكى بىلەن ساخار، سۈيۈەنلەردە ياپونغا قارشى ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ مەيدانغا چىقىشى — جۇڭگو خەلقى ئىچىدە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققانىي غەزەپ قوزغالدى. گومىنداڭ بۈيۈك سېپىل ئەتراپىدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزۇپ، خا-

ئينا نە تاڭگو توختۇمىنى تۈزگەن ۋاقىتتا، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە يېتەكچىلىكى بىلەن، 1933 ـ يىلى 26 ـ مايدا، كوممۇنىست جى خۇڭچاڭ ۋە ياپونغا قارشى گېنېرال فېڭ يۈشياڭ، فاڭ جېنۋۇلار باشچىلىقىدا جاڭجياكۇدا ساخار، سۇي يۈەن ياپونغا قارشى ئىتتىپاقچى ئارمىيەسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا شەرقىي شىمالدىكى پىدائىيلار ئارمىيەسىنىڭ بىر قىسمى، يەرلىك قۇراللىق كۈچلەر ۋە بېيپىڭ، تيەنجىندىكى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئوقۇغۇچىلار توپلاندى. بۇلار ياپونغا قارشى ئۇرۇشمىز، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇپ ئالىمىز دەپ خىتابنامە ئېلان قىلدى. دەسلەپتە بىر نەچچە مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بولغان ياپونغا قارشى ئىتتىپاقداش ئارمىيە، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سەپەربەر قىلىشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن، چاپسانلا كېڭىيىپ 100مىڭدىن ئارتىپ كەتتى. ئۇلار ماينىڭ ئاخىرىدىن ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان 50كۈنلۈك جاپالىق كۈرەشتە، قورال ۋە تەمىنات يېتىشمەسلىكىگە قارىماستىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ باۋچاڭ، دولۇن، گۇيۈەن ۋە جاڭبەي لەرنى قايتۇرۇپ ئالدى. شەرق تەرەپكە ئوتۇپ، رەخەنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر ۋاقىتتا، جاڭكەيشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي «مەركەزنىڭ بىرلەشكەن سىياسىتى ۋە بۇيرۇقىغا دەخلى يەتكۈزدى»، «پۈتۈن دۆلەت سىياسىتىنى بۇزدى» (جاڭكەيشىنىڭ 28 ـ مايدا، فېڭ يۈشياڭغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىغا قارالسۇن) دېگەن گۇنانى

چاپلاپ، بىر تەرەپتىن، ئىتتىپاقچى ئارمىيەنىڭ سوڭ دەي يىڭ قىسمىنى سىتىپ ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، پاڭ بىڭ شۈننى شىمالى ساخاردىكى «باندىتلارنى تازىلاش» باش قوماندانلىقىغا تەئيىنلەپ، ياپونغا قارشى تۇرغان ئەسكەر ۋە خەلقنى «باندىت» دەپ ھاقارەتلەپ، 13_ دىۋىزىيەنى ياپونغا قارشى ئىتتىپاقچى ئارمىيەنى «يوقۇتۇش». قائەۋەتتى نەتىجىدە فىڭ يۈشياڭ مەنسەپ_ تىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما گېنىرال فاڭجىڭ ئۇ بىلەن جى خۇڭ چاڭ ياپونغا قارشى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ، پۈتۈن ئەس_ كەرنى ئۈچ يولغا بولۇپ، شەرقىي لەن پىڭگە قاراپ ئالغا باستى. شۇۋاقىتلاردا، خەيىڭچىڭ ياپون قاراقچىلىرى بىلەن بىرلىكتە، ياپونغا قارشى ئىتتىپاقداش ئارمىيەنى «يوقۇتۇش» مەسلىھىتىنى پۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سېنتەبرنىڭ ئاخىرىدا، ياپون قاراقچىلىرى شىمال تەرەپتىن، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شەرق، غەرپ ۋە جەنۇپ تەرەپتىن ياپونغا قارشى ئىتتىپاقداش ئارمىيەنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ھاۋادىن ياپون ئايروپىلانلىرى بومباردىمان قىلدى. گېنىرال فاڭجىڭ ئۇ بىلەن جى خۇڭ چاڭ قىسمى ئوق ۋە ئوزۇق تۈگۈگەنلىكتىن مەغلۇپ بولدى. ئىككىنچى ژىلى نويابىردا، گومىنداڭ ھوكۇمىتى تيەنجىن ئانگلىيە كانسىيە_ سىيەدىكى ئەكسىيەتچى دائىرىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ گېنىرال جى خۇڭ چاڭنى قولغا ئالدى. گېنىرال جى خۇڭ چاڭ دۈشمەن ئالدىدا بويۇن ئەگمەيدىغان باتۇر كوممۇنىستلارنىڭ جاسارىتىنى

ئىپادىلەپ، ئاخىرى بىپىندە «ياپونغا قارشى تۇرغانلىق جىنايىتى» بىلەن جاڭكەيشى تەرىپىدىن ئېتىلدى.

ماۋزەيدۇڭ بىلەن جۇئەنلەينىڭ ، ئىتتىپاقلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرايلى دېگەن بۈيۈك چاقىرىغى-شۇ-ۋاقىتلاردا، جۇڭگو كومپارتىيەسى مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تەلىۋىگە ئاساسلىنىپ، ھەمدە گومىنداڭ ئارمىيەسى ئىچى-دىكى ئۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ ۋە قىسمەن گېنراللارنىڭ ئارىسىدا، ياپونغا قارشى ئىقىم تۇغۇلغانلىغىنى كورۇپ، ياپونغا قارشى كۈچنى يەنىمۇ ئوبدان ئىتتىپاقلا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ماۋزەيدۇڭ بىلەن جۇئەنلەي 1933-يىلى 17-يانۋاردا خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، گومىن-داڭنىڭ جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن بىرلىشىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان ئادەملىرى بىلەن توۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك شەرت ئاستىدا ياپونغا قارشى توختام تۈزۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى: 1-ئىنقىلابى بازىلارغا قىلىۋاتقان ھۇجۇملار توختۇ-تۇلسۇن. 2-خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقوقى تەئمىن قىلىنسۇن. 3-خەلق قوراللاندۇرۇلسۇن دېگەنلەردىن ئىبارەت. گومىنداڭ -جاڭكەيشى بۇ ھەقتانى خىتاپنامىغا تېخىمۇ زورھۇجۇم بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. ئەمما، خەلق ئاممىسى بۇ چاقىرىقنى قاتتىق ھىمايە قىلدى، شۇنىڭدەك بۇ چاقىرىق گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى بەزى گېنراللارغىمۇ تەئسىر قىلىپ، ئۇلاردا كومپار-تىيە بىلەن بىرلىشىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇمىز دېگەن تەلەپلەر

تۇغۇلدى. ئەلۋەتتە، چەتكە قارىتا ۋەتەننى ساتىدىغان، ئىچكە قارىتا خەلقنى قىرىدىغان زور جاللات جاڭكەيشى بۇ تەلەپلەرگە مۇتلەق يول قويمايتتى.

فۇجەن خەلىق ھوكۇمىتىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى ـ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە ياپونغا قارشى كەيپىياتى ئۈستۈن بولغان 19ـ ئارمىيە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ؛ بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرايلى دىگەن چاقىرىقىغا ھەمەمىدىن ئەۋۋەل قوشۇلۇپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن ياپونغا قارشى تۇرۇش توختۇمى تۈزدى. 19 ـ ئارمىيەنىڭ ئوفىتسەر ۋە ئەسكەرلىرى «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش» ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، فۇجەنگە ئەۋەتىلگەندىن كىيىن، قىزىل ئارمىيەنىڭ بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرايلى دىگەن تەشەببۇسىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئومۇمەن دىگىدەك «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش»نى خالىماستىن، قىزىل ئارمىيە بىلەن ياپونغا قارشى تۇرۇشنى خالىدى. 19 ـ ئارمىيەنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بولغان چىڭمىنچۈي، جاڭگواڭدىڭ ۋە سەيتىڭ كەيلەر گومىنداڭ ئىچىدىكى لىجىشىڭ قاتارلىق بىر بولۇم كۈچ بىلەن بىرلىشىپ، 20ـ نويابىردا، فۇجەندە «خەلىق ئىنقىلابى ھوكۇمىتى» تەشكىل قىلدى ۋە 21ـ نويابىر كۈنى ئىشچى ـ دىخان قىزىل ئارمىيەسى بىلەن ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇش توختىمى تۈزۈپ، قوراللىق رەۋىشتە ياپون ئىمپىرىيالىزمىغا قارشى ئۇرۇشۇش ۋە جاڭكەيشىگەقارشى تۇرۇشنى تەشەب-

بۇس قىلدى . شۇنىڭ بىلەن نەنجىندىكى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمەت دېكابىردا دىگىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئەسكەرلىرىنى سەپەربەر قىلىپ، فۇجەندىكى خەلق ھوكۇمىتىگە ھۇجۇم قىلدى. 1934-ژىلى يانۋاردا، يەن پىڭ، گۇتيەنسلەردە 19-ئارمىيە بىلەن ئۇرۇشتى. فۇجۇ شەھىرىنى قاتتىق بومباردىمان قىلدى. جاڭگەيشىنىڭ دىگىز ئەسكەرلىرىمۇ، فۇجۇ بىلەن شامىگا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. ھەمدە ياپون پاراخوتلىرىدىن ياردەم ئالدى . 1934-ژىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدا، جاڭگەيشى فۇجۇ بىلەن چوەنجۇنى ئىشغال قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ياپونغا قارشى فۇجەن خەلق ھوكۇمىتى مەغلۇپ بولدى. جاڭگەيشى ياپونغا قارشى 19-ئارمىيەنى شەرقىي يولدىكى «باندىتلارنى تازىلىغۇچى» 6-ئارمىيەگە ئوزگەرتتى. مەشھۇر ياپونپەرەست چىڭ يىنى فۇجەن ئولكىسىگە رەئىس قىلىپ ئەۋەتىپ، فۇجەننى قولىغا ئالدى.

2

شىمالىي جۇڭگونىڭ يىگى خەۋپ ئاستىدا قېلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۆتۈرۈلگەن ياپونغا قارشى ھەرىكەتنىڭ يىگى دولقۇنى، جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكىدە «9-دىكابىر» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ تۇغۇلۇشى

ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ھەدەپ ئىلگىرىلىشى،

جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشىلىقى ـ ياپونىيە خارىجى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ئەخبارات باشلىقى ئاماۋۇ 1934 ـ ژىلى ئاپرىلدا، يەنە جۇڭگونى يالغۇز بسىپ ئېلىش مەزمۇنىدا «17 ـ ئاپرىل» ئۇختۇرۇشىنى ئېلان قىلدى. ئۇختۇرۇشتا: ياپونىيە بولسا، شەرقى ئاسىيانىڭ خوجايىنى، جۇڭگونىڭ مۇھاپىزەتچىسى ـ دەيدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە دۇنيادىكى ئادالەتپەرۋەر كىشىلەر بۇ ئۇختۇرۇشقا غەزەپلەندى. شۇۋاقىتتا ماۋزەيدۇڭ ئاماۋۇنىڭ ئۇختۇرۇشىغا قارىتا سۆھبەت ئېلان قىلىپ، بۇ، «ياپونىيە ئىمپرىيالىزمىنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى بسىپ ئېلىش قەستىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى» جۇڭگونىڭ قىزىل ھاكىمىيتى: «ئىشچى ـ دېھقان ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ۋە ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ياپونىيە ئىمپرىيالىزمىنىڭ جۇڭگونى بسىپ ئېلىش قەستىگە قەتئى قارشى تۇرۇدۇ» ـ دېگەن ئۇختۇرۇشنى چىقاردى. جاڭكەيشى ھوكۇمىتىدىكى ياپونپەرەست ئەمەلدارلاردىن بولغان خواڭرو، يىڭ تۇڭلار پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قىزغىن ھەرىكەت باشلىدى. 1934 ـ ژىلى باھار ۋە يازپەسىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بېيپىن بىلەن مانجۇرىيە ئوتتۇرىسىدا، پويىزد ۋە پوچتا قاتنىشى ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈلدى. بۈيۈك سىيىلنىڭ ھەرقايسى ئېغىزلىرىغا چېگارا ئىدارىلىرى قۇرۇلدى. جاڭكەيشى ھوكۇمىتى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، «مانجۇگو دۆلىتى»نى ئەمەلىياتتا ئېقرار قىلدى.

جۇڭگو كومپارتىيەسى موشۇئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ، 1934 - ژىلى ئاپرېلدا، ئىمپېرىئالىزمغا قارشى بىرلىك سەپ تەشكىل قىلىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا ئېتىپ«ئىمپېرىئالىزمغا قارشى تۇ-رۇپ، ۋەتەنسىز قۇللاردىن بولۇشنى خالىمايدىغان جۇڭگو ئادەملىرى سىياسى خاھىش، كەسىپ ۋە جىنس ئايرىماستىن بىرلىشىپ، ئىمپېرىئالىزمغاقارشى بىرلىك سەپ ئاستىدا تۇرۇپ، ياپونىيە ۋە باشقا ئىمپېرىئالىستلارغا قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلايلى» دەپ چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە 6 ماددىلىك بۈيۈك پروگ-رامما» نى ئوتتۇرىغا ئاتتى.

شۇچاغلاردا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە ئەسكەرلەر جۇڭ-گو كومپارتىيەسىنىڭ چاقىرىغى ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن جاڭكەيشى ھوكۈمىتىنىڭ تەسلىمچىلىك دىپلوماتىيەسىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. 1934 - ژىلى باھاردا، شاڭخەيدە 300 مىڭ ئادەم ياپونغا قارشى قۇربان بولغان فەن خۇڭ سىڭ نىڭ جىنازىسىنى ئۆزۈتۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ياپونغا قارشى زور نامايىش ئوتكەزدى. مايدا، «ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋە-تەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە 6 ماددىلىك بۈيۈك پروگرامما» يەئ-نى «جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ھەققىدى-كى ئاساسى پروگراممىسى» سۇڭ چىڭ لىڭ، خەشاڭ يىڭ، ماشاڭ بە، جاڭ نەيچى قاتارلىق 3.000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ

ئېمزاسى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئۈچۈن، بۇ پروگراممىغا نەچچە يۈزمىڭ ئادەم ئاشكارا رەۋىشتە ئىمزا قىلىپ قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، يەنە «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قوراللىنىپ ئۆزىنى قوغداش ھەيئىتى» دېگەن خەلق تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەققانىي چاقىرىقلىرىغا بارغانسېرى تەخمۇ كەڭ كۆلەمدىكى قوراللىق ھۇجۇم بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنى فاشىستلاشقان تېررورلۇق بىلەن باستى. دېمەك، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۆز مىللىتىنى قوغداش ئۈچۈن جاپالىق ۋە مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى قىلىشقا توغرى كەلدى.

شىمالىي جۇڭگونىڭ يېڭى خەۋپ ئاستىدا قېلىشى «خەيىڭ چىڭ-ئۇممىسى توختىمى» ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ «1-ئاۋغۇست» خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى-ياپون قاراقچىلىرى نىمىنى تەلەپ قىلسا، جاڭكەيشى شۇنى بېرىۋاتقان بىر ئەھۋالدا، 1935-يىلى مايدا، ياپونىيىنىڭ گوەندۇن ئارمىيىسى يەنە، جۇڭگو ئەسكەرلىرى «قوراللىسىز رايون» غا «بېسىپ كىردى» دېگەن باھانىنى قىلىپ، جاڭكەيشىنىڭ بېيپىڭدىكى ھەربىي ھەيئەت شۆبىسىنىڭ مەسئۇل ئادىمى بولغان خەيىڭ چىڭغا شىمالىي جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ياپونلارغا بېرىش ھەققىدە تە-

لەپ قويدى. ھەمدە بۈيۈك سىپىل سىرتىدىكى نۇرغۇن ئەسـ‌كەرلىرىنى سىپىل ئىچىگە يوتكىدى. خەيىك چىڭ 9 ـ ئىيۇندا ياپون قاراقچىلىرىنىڭ شىمالى جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىـ‌رىنىڭ قوماندانى ئۈمسى بىلەن سوھبەت ئوتـكۈزۈپ «خەيىڭ چىڭ ـ ئۈمسى توختۇمى» نى تۈزۈپ، ياپونىيەنىڭ قويغان تەـ‌لەپلىرىنى قوبۇل قىلدى. توختامنىڭ مەزمۇنى: 1 ـ خەبەي ئولـ‌كىسىدىكى ۋەبېين، تيەنجىندىكى گومىنداڭ پارتىيە ئىدارىـ‌لىرىنى ئېلىپ تاشلاش، 2 ـ خەبەي ئولكىسىدە تۇرغۇچى جۇڭـ‌گو ئەسكەرلىرى ۋە ژاندارمىلىرىنى چېكىندۈرۈش، 3 ـ خەبەي ئولكەرەئىسى يـۈى شوەجۇڭ نى خىزمـەتتىن ئېلىپ تاشلاش، بېيىن، تيەنجىن شەھەر باشلىقلىرىنى يوتكەش، 4 ـ بېيىندىـكى ھەربى ھەيئەت شوئىيسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، 5 ـ خـەبەي ئولكىسىدىكى ياپونغا قارشى ھەرىكەتلەرنى توختۇتۇش دىگەنـ‌لەردىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ خـەبەي ۋە ساـ‌خار ئولكىلىرىدىكى ئىگىلىك ھـوقۇقلىرىنىڭ تولىسى قولدىن كەتتى. پۈتۈن شىمالى جۇڭگونىڭ ھەربى، سىياسى ۋە ئىقتىـ‌سادى ئىشلىرى تامامەن يـاپونىيە ئىمپىرىئالىزمىنىڭ ئالقىنىغا، چۈشتى.

ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قوراللىق تەجاۋۇزى ۋە گـومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ پەرۋاقىلماستىن ۋەتەن ستىشى، جـۇڭخۇا مىللەتلىرىنى مىسلى كورۈلمىگەن خەۋپ ئاستىدا قالـدۇردى.

شۇۋاقىتلاردا، جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىگى-
دىكى قىزىل ئارمىيە جاڭگەيشىنىڭ گىرمانىيە ھەربى مەسلى-
ھەتچىسى ھ.ۋ.سىكىت بىلەن تۈزگەن «قورشاپ يوقۇتۇش» پلانى-
نى تار-مار كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا مەشھۇر بولغان
ئۇلۇق ھەربى سەپەرنى باشلىدى-ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈ-
چۈن شىمالغا ژۈردى. ئۇزۇن سەپەردە خەلقئارا ۋە مەملىكەت-
نىڭ ئىچىدىكى يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسلىنىپ، 1935-ژىلى 1-
ئاۋغۇستتا «ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە
پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» ئېلان قىلدى.
(مانا بۇ، ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپنى تەشكىل قىلىشتا
مەشھۇر بولغان «1-ئاۋغۇست خىتاپنامىسى» دۇر). گومىنداڭغا-
ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇپ، بىرلىكتە ياپونغا قارشى تۇرۇش
تەلىۋىنى قويدى. ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى: سىنىپ،
پارتىيە-گۇرۇھ ئايرىماستىن بىر ئىتتىپاق بولۇپ، دۆلەت مۇ-
داپىئە ھۆكۈمىتى، ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىل
قىلىپ، مىللەتنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇشقا چاقىردى. «1-ئاۋ-
غۇست خىتاپنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۈتۈن پۈتۈن
مەملىكەت خەلقى ۋە ئەسكەرلەر قىزغىن ھىمايە قىلدى. ھەم-
دە قىسمەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىمۇ ماقۇللىدى. ئەمما، گو-
مىنداڭ ئىچىدىكى ياپونپەرەستلەر ۋە جاڭگەيشى قاتارلىق
ئەكسىيەتچى ھاكىمدارلار بۇنىڭغا تۈرلۈك چارىلار بىلەن قار-

شى تۇرۇپ، ياپون قاراقچىلىرىغا داۋاملىق يول قويدى. مۇ-
هىم دولەت مۇداپىئە ئورۇنلىرىنى ياپونلارغا تاشلاپ بەردى.
خەبەرى بىلەن ساخارنى ساقلاپ ياتقان نەچچە يۈزمىڭ ئەس-
كەرنى پۈتۈنلەي ئارقاسىغا يوتكەپ، ياپونغا قارشى شىمالغا-
ژۈرگەن قىزىل ئارمىيەنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ۋە ئالدىنى
توسۇشقا ئىشلەتتى. خەلىق ئىچىدە، ياپونغا قارشى كىتاپ، گېزىتە-
لەرنى بېسىشنى قەتئى مەنئى قىلدى. ياپونغا قارشى تۇرۇپ
ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكەتلىرىنى چەكلىدى. مەسىلەن: ياپون-
لار، شاڭخەيدە چىقىدىغان «يېڭى تۇرمۇش» ژۇرنىلى يازغۇچى
يى شۇي نىڭ «قۇرۇق گەپچى خان» دېگەن ماقالىسىنى بېسىپ-
تۇ، بۇ ماقالە ياپون خانىغا ھاقارەت يەتكۈزۈدۇ- دېسە، نەن-
جىن ھوكۇمىتى يى شۇي نى قولغا ئېلىشقا ئۇمۇمى بۇيرۇق تارت-
قاتتى. «يېڭى تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى دۇجۇڭ-
يۈەن نى قولغا ئالدى. ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھوكۇمىتى 10-
ئىيۇندا، جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ «دوستلۇقى» غادەخلى يەت-
كۈزۈش مۇمكىن ئەمەس دېگەن مەزمۇندا «خوشنىمىز بىلەن
ئىتتىپاق ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق» چىقاردى.

«9- دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ تۇغۇلۇشى- «خە-
بېيىنىڭ چىڭ- ئۈمىسى توختۇمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن. ياپونىيە-
يەنىڭ گوەندۇن ئارمىيەسى بۈيۈك سېپىلنىڭ ھەرقايسى ئېغىز-
لىرىغا تۇرغۇن مىقتاردا ئەسكەر كەلتۇردى. شىمالى جۇڭگو ۋەز-

ئىيىتى كۈنـدىن ـ كۈنـگە ئېغىرلاشتى. بېيىن بىـلەن تيەنجىن ئەھۋالى پەۋقۇلئاددە كەسكىنلەشتى.

ياپون قاراقچىلىرى گومىنداڭچى خائىن يىك رۇگىڭ نى قۇتۇرتۇپ نويابىردا خەبەينىڭ شەرقىدىكى تۇڭ شەن قاتار ـ لىق 22 ناھىيەدە «كوممۇنىزمغا قارشى شەرقى خەبەي مۇختار ـ يەت ھوكۇمىتى» دىگەن قورچاق ھاكىمىيەتنى تەشكىل قىلدى. «شەرقى خەبەي ۋاقىئەسى» ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئىچكى موڭغۇلىيەدە قورچاق ئەسكەرلـەرنىڭ لى شۇشىڭ قىسمى ۋە دەۋاڭلارمۇ «ئىچكى موڭغۇلىيە مۇختارىيەت ھوكۇمىتى» تەشكىل قىلىشقا كىرىشتى. ئىنسابسىز ۋەتەنخائىنى جاڭكەيشى ياپون قا ـ راقچىلىرىغا ئوبدانچاق بولۇپ، شىمالى جۇڭگونى سىتىپ بىرىش ئۈچۈن خەبەي، ساخاردا سىياسى ئىشلار ھەيئىتى قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، سۇڭ جىيەيۈەن، ۋاڭ يى تاڭ، ۋاڭ كەمىن، گاۋلىڭ يۈي ۋە جادەياۋلەرنى ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلىدى. خە ـ بەي، ساخار ئۆلكىسى بىلەن بېيىن، تيەنجىن شەھىرىنى ئايرىم بىر مەئمۇرى رايئونغا ئايلاندۇرۇپ، شىمالى جۇڭگونى رەڭـ گىنى ئۆزگەرتكەن «مۇختارىيەت» بىلەن «ئالاھىدە» لەشتۇرۈۋەت ـ تى. ۋاڭ كەمىن، ۋاڭ يى تاڭ، گاۋلىڭ يۈي ۋە جادە ياۋ ـ قاتارلىق مەشھۇر خائىنلار خەبـەي بىلەن ساخارنىڭ مۇھىم ئەرباپلىرىدىن بولىۋالدى. ياپون قاراقچىلىرىنىڭ كۆتكىنىمۇشۇ ئىدى.

شىمال تەرەپتىكى مۇھىم شەھەرلەردىن بولۇپ ھىسابلانغان بېيپىن، تيەنجىن شەھەرلىرى ۋە پۈتۈن شىمالى جۇڭگونىڭ خەۋپكە چۈشۈپ قالغانلىقى، مەملىكەتتىكى ھەر قايسى سىنىپ خەلقىدە ۋەتەن مۇنقەرىز بولۇدىغان ۋە مىللەت يوقۇلۇدىغان ئاپەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس ئەتتۇردى. ھەممە جايدا مۇنقەرىز بولۇشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەشەيلى-دېگەن سادالار كۆتۈرۈلدى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ «1-ئاۋغۇست خىتاپنا-مىسى»چاقىرىقى ئاستىدا، ليۇشياۋچى قاتارلىق كوممۇنىستلار-نىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن «9-دېكابىر» دا ياشلارنىڭ ۋەتەن-پەرۋەرلىك ھەرىكىتى تۇغۇلدى. 1935-يىلى 9-دېكابىردا، بېيپىندىكى ھەر قايسى ئالى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىن بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى دۈشمەننىڭ مىلتىق ۋە قىلىچلىرى-نىڭ تەھدىدىگە قارىماستىن، كوچىلارغا چىقىپ «يوقالسۇن يا-پونىيە ئىمپېرىيالىزمى»، «مۇختارىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇ-رايلى.» دېگەن شۇئارلارنى ۋاقىراپ، «ئىچكى ئۇرۇشنى توخ-تۇتۇپ، تاشقى تەجاۋۇزغا بىرلىكتە قارشى تۇرايلى.» دېگەن تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. ھەمدە شۇكۇنى گومىنداڭنىڭ شىمالى جۇڭگو ھەربى مەئمۇرى باشلىقىغا: 1-كوممۇنىزمغا قارشى مۇختارىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش، 2-ياپون بىلەن بولغان سوھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش، 3-خالىغانچە ئادەم تۇتۇپ قامىماسلىق، 4-شىمال تەرەپتىكى

تۈرېيغىمىز نىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، 5 ــ بارلىق ئىچكى ئۇرۇش-لارنى توختۇتۇش، 6 ــ سوز، ژىغىلىش، تەشكىلات قۇرۇش ۋە نەشرىيات ئەركىنلىكلىرىنى بېرىش دېگەن 6 تۈرلۈك شەرتنى قويدى. ئامايىشچىلار قاتتىق شامالغا قارىماستىن، غەزەپ ۋە جەسارەت بىلەن ئالغا باستى. گومىنداڭنىڭ ئەسكەر ۋە ساقـ-چىلىرى قامچا، كالتەك، سۇ چاچقۇچلار ۋە خەنجەرلەر بىـ-لەن، قولىدا تومۇرنىڭ سۇنىغى بولمىغان ئوقۇغۇچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، 1 ــ 2 يۈز ئوقۇغۇچىنى يارىدار قىلدى، نەچچە ئون ئو-قۇغۇچىنى تۇتۇپ قامىدى.

ۋاقىئەدىن كېيىن، سوڭ جېيوەن بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى تارقىتىشنى مەنئى قىلدى، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ دەرۋازى-لىرىنى پېچەتلىدى. ئوقۇغۇچى رەھبەرلىرى (يەنچىڭ ئۇنىۋېرسىـ-تېتىدىن 6 ئادەم، شەرقى شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 12 ئادەم.) نى تۇتۇپ قامىدى. ئەمما، ياشلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇزور كۈرەش-لىرى داۋاملىق ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

«16 ــ دېكابىر» ئۇرۇشى ــ 16 ــ دېكابىر كۈنى دەل «خە-بەي، ساخار سىياسى ئىشلار ھەيئىتى» قۇرۇلغان كۈنى. بېيىن ئوقۇغۇچىلىرى «خەبەي، ساخار سىياسى ئىشلار ھەيئىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىـ-رىنىڭ زۇلمىغا جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كومپارتىيەـ-سىنىڭ مۇكەممەل تەشكىللىشى ۋە توغرى يېتەكچىلىكىدە شۇ-

كۇنى تخمىنۇ كەڭ كولەمدە نامايىش ئوتكەزدى. 16 ـ دېكابر كۇنى سەھەردە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ دەرۋازىلىرىغا قويۇلغان ئەسكەر ۋە ساقچىلارنىڭ مۇھاسىرىسىنى تارـ مار كەلـتۇرۇپ، كوچىغا چىقتى. شەھەرسىرتىدىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ شەھەرـدەرۋازىلىرىنى يېرىپ شەھەرئىچىگە كىردى. 30 مىڭدىن ئارـتۇق ئوقۇغۇچى قولغا ـ قول تۇتۇشۇپ «شىمالى جۇڭگو مۇختاـرىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، مىللى ئازاتلىقنى قولغا كەلتۇرەيلى» دەپ شۇئار ۋاقىراپ، 5 يولغا بولۇنۇپ نامايىش ئەترىدى تەشكىل قىلدى. بۇقېتىمقى مەدەنىيەت شەھىرى بىر دەمدىلا قايناپ كەتتى. شەھەر خەلقلىرىمۇ توپـ توپ بولۇپ نامايىشچىلارقاتاـرىغا قوشۇلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەسكەر ۋە ساقـچىلارغا «ئەركىن ھەرىكەت قىلىڭلار»ـ دەپ بۇيرۇق چۇشۇرـدى. ئوقۇغۇچىلار قىلىچ، سۇمىلتىغى ۋە قاتتىق شامالغا قارشى باتۇرانە كۇرەش قىلدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار قىلىچ تىگىپ ياريلانغان بولسىمۇ، پەرۋاقىلماستىن ئالغا باستى. شۇنىڭ ئۇچۇن بەزى ئەسكەر ۋە ساقچىلارمۇ تەسىرلىنىپ، نامايىشچىـلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. چۇش ۋاقتىدا ھەر قايسى يوللاردىن ماڭغان نامايىشچىلار تەنچاۋغا ژىغىلىپ، سەپ تۇزەپ چەنمىڭـغا بىرىپ ئوچۇق مەيداندا چوڭ ژىغىن ئوتكەزدى. ژىغىنغا 30 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە نەچچە ئون مىڭلىغان شەھەر خەلقى قاتناشتى. ژىغىندا: 1 ـ ئولۇپ كەتسەكمۇ يانماستىن،

كوممۇنىزمغا قارشى مۇختارىيەت دېگەن يالغان تەشكىلاتقا قار-
شى تۇرۇمىز، 2- سۇڭجۇيۈەن دەرھال قاماقتا ئالغان ئوقۇغۇ-
چىلارنى قويۇپ بەرسۇن، ھەمدە يارىدار بولغان ساۋاقداش-
لىرىمىزغا ياردەم بەرسۇن، جاللاتلارنى جازالىسۇن؛ 3- ئوقۇ-
غۇچىلار ھەرىكىتىنى مەنئى قىلمىسۇن، سوز، نەشرىيات، يىغى-
لىش ۋە تەشكىلات قۇرۇش ئەركىنلىكلىرىمىزگە يېڭىۋاشتىن يول
قويسۇن- دېگەن قارارلارنى چىقاردى، يىغىندىن كېيىن يەنە
نامايىش بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شەھەردىكى بار-
لىق ئەسكەر ۋە ساقچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ۋە چەتتىن
يەنە قوراللىق ئىككى پولك ئەسكەرنى ئەۋەتىپ ئوقۇغۇچىلارغا
ھۇجۇم قىلدۇردى. ئۇرۇش- سوقۇش ۋە مۇشتلاشنىڭ دەھشىتى
«9- دېكابىر» دېكىدىنمۇ يامانراق بولدى. ئوقۇغۇچىلار قۇرۇق
قول ۋە مۇشتلىرى بىلەن سەھەر سائەت 3 دىن تارتىپ، كەچ
سائەت 10 غىچە خەۋپكە چۈشكەن ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن
توپ- توغرى بىركۈن چېلىشتى. ئەكسىيەتچىلەر ئامىنىڭ بە-
سىمى بىلەن «خەبەي، ساخار سىياسى ئىشلار ھەيئىتى» نىڭ
قۇرۇلۇش كۈنىنى ئارقىغا سوزغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بول-
دى. بېيپىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇنداق قىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك
روھى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلدى.
كومپارتىيە ئەزالىرى بۇكۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى.
ياشلار بولسا، ئىنقىلابنىڭ كارنىيى بولدى. «9- دېكابىر»،

«16 ـ دېكابىر» ھەرىكەتلىرى گومىنداڭ ھوكۇمىتى بىلەن ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئىتتىپاق تۈزەپ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە داۋام قىلدۇرغان تىررورلۇق ھوكۇمرانلىقىنى تار-مار كەلتۈرۈپ، جۇڭگودا ياپونغا قارشى مىللىي ئىنقىلاپنىڭ يېڭى دولقۇنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بەلگە بەردى.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپونغا قارشى يېڭى دولقۇننىڭ كوتۇرۇلۇشى-«9 ـ دېكابىر»، «16 ـ دېكابىر» ۋە تەنبەرۋەرلىك نامايىشى پۈتۈن مەملىكەتكە ناھايىتى چوڭ ئىلھام بەردى. بۇ ھەرىكەتكە قوشۇلۇپ، 11 ـ دېكابىردا خاڭجۇ ئوقۇغۇچىلىرى، 12 ـ دېكابىردا گۇاڭجۇ ئوقۇغۇچىلىرى، 18 ـ دېكابىردا نەنجىن، نەننىن ۋە تيەنجىن ئوقۇغۇچىلىرى، 20 ـ دېكابىردا شاڭخەي، ئۇخەن ۋە چاڭشا ئوقۇغۇچىلىرى مۇنتەزىزلىكتىن قۇتۇلۇش شوئارلىرىنى ۋاقىراپ نامايىش ئوتكەزدى. باۋدىڭ، كەيفىڭ، ئەنچىڭ، شۈيجۇ...... ئوقۇغۇچىلىرىمۇ نامايىش ئوتكەزدى. ئومۇمەن، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار «9 ـ دېكابىر» ھەرىكەتلىرى ئاچقان قانلىق يول بىلەن ئالغا باستى. كېيىن بېيپىن، تيەنجىن ئوقۇغۇچىلىرى جەنۇپ تەرەپكە بېرىپ تەشۋىق قىلىش ئومىگى تەشكىل قىلىپ، يېزىلارغا بېرىپ ئوز ھەرىكىتىنى ئىشچى-دېخانلارنىڭ ياپونغا قارشى ھەرىكەتلىرى بىلەن باغلىدى. ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكى ئاستىدا، «مىللىي

ئازاتلىق ئاۋانگاردى» تەشكىل قىلدى. (كېيىن بۇنىڭ ئەزا-
لىرى كوپىيىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇملاشتى.) ھەر قايسى
جايلاردا نەنجىڭگە بېرىپ نامايىش قىلىش ھەرىكەتلىرى تۇ-
غۇلدى. ياش ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنى ئىتتىپاقلا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن، بېيىن، تيەنجىن ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى.
ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەستىن، يەنە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىر-
لەشمىسى قۇرۇلدى. شاڭخەيدە ھەر ساھە خەلقى مەدەنىيەت
ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى، ئاياللارنىڭ
ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى، ئىشچىلارنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش
جەمئىيىتىگە ئوخشاش ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيەتلىرىنى تەش-
كىللەپ ھەرىكەتلەندى: دېمەك، مەملىكەتنىڭ ھەممە جايىدا
ھەر ساھە خەلقى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ۋەتەن قۇتقۇ-
زۇش جەمئىيەتلىرى تەشكىل قىلدى. 1936-يىلى ماينىڭ
ئاخىرىدا: مەملىكەتتىكى ھەر ساھە خەلقىنىڭ «ۋەتەن قۇتقۇ-
زۇش بىرلەشمىسى» قۇرۇلدى. بۇ بىرلەشمىنىڭ پروگراممىسى:
جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ «1-ئاۋغۇست خىتابنامىسى» نى قوبۇل
قىلىش، ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇش، ھەر قايسى پارتىيە-
گوروھلار بىرلىشىپ تۇرۇپ ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تەجاۋۇزىغا
قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋە-
تەن قۇتقۇزۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ژۇرنال ۋە كىتابلار
نۇرغۇن ميقداردا پەيدا بولدى. بۇنداق نەشرىياتنىڭ تۈرى

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1.000 نەچچە يۈزگە يەتتى. يالغۇز-شاڭخەيدىلا، 100 تۈرلۈكتىن ئارتۇق كىتاپ ۋە ژۇرنال چىقتى. مەسىلەن: «داجۇڭ سىڭ خو» (ئاممە تۇرمۇشى)، «يۈن سىڭ» (ئەبىدى ھايات)، «شەن شىجيە» (ھازىرقى دۇنيا)، «شىن جىيشى» (يېڭى بىلىم)، «جىيشى» (بىلىم)، «دۇڭبەي جىيشى» (شەرقى شىمال مەئلۇماتى)، «سىڭ خوجىيشى» (تۇرمۇش بىلىمى)، «فۇنۈي سىڭ خو» (ئاياللار تۇرمۇشى)، «جۇڭگو خۇشىڭ» (جۇڭگو ئاۋازى)، «جۇڭگو نۈڭ سۈڭ» (جۇڭگو يېزىلىرى)، «شىجيە جىيدى» (دۇنيا مەئلۇماتى) ۋە باشقىلار. بۇلار نەچچە 10 مىڭ ھەتتا نەچچە 100 مىڭ نۇسخىدىن (مەسىلەن: ئاممە تۇرمۇشى) ستىلدى. دولەت سىرتىدا بولسا، جۇڭگوكومپارتىيەسى تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان، ياپونغا قارشى بىرلىك سەپنى تەشكىل قىلىدىغان «جۇگوسباۋ» (ۋەتەن قۇتقۇزۇش گېزىتى) پارىژدا نەشير قىلىندى. بۇ گېزىت جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەقىدىكى تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلدى. كەڭ كولەمدە خەلقئارا تەشۋىقات ژۇرگۈزدى. ھەمدە تۈرلۈك ۋەتەن قۇتقۇزۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن مەملىكەت ئىچىگە تارقىلىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ياشلار ئاممىسىنى تەربىيەلىدى. ئۇلارنىڭ مەپكۇرىسىنى ئالغا سۈردى. شۇۋاقىتلاردا نۇرغۇن ئەسكەرلەر ھەممىدىن ئەۋۋەل شىمالى جۇڭگودىكى نۇرغۇن ئەسكەرلەر ياپونغا قارشى ھەرىكەتكە

كەڭ كولەمدە هيسداشليق بيلدۈردى.

«9ـ ديكابر» ھەرىكىتىنى باشلىغۇچى قىلغان ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە يېڭى دولقۇنى مەملىكەتتىكى سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش تۇغدۇردى: ياپون قاراقچىلىرى ھۇجۇم قىلىۋاتقان بىر پەيتتە يالغۇز ئىشچى-دېھقان ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىلار-سىنىپلىرىلا ياپونغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ قالماستىن، بەلكى بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى مىللىي بۇرژۇئازىلار ۋە ژۇڭقۇرقى قاتلامدىكى ئادەملەرمۇ ياپونغا قارشى ھەرىكەتكە هيسداشليق قىلىشقا، ھەتتا بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىشقا باشلىدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى بۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ: «1ـ ئاۋغۇست خىتابنامىسى» دىن كېيىن، دېكابردا يەنە «مەركەزنىڭ ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە پارتىيەنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئېلان قىلدى. بۇ قارار، پارتىيە ئىچىدىكى، جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيەسى جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ياپونغا قارشى تۇرالمايدۇ دېگەن خاتا قاراشلارنى تەنقىت قىلىپ، مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇش تاكتىكىسىنى بەلگىلىدى. بۇ قارارغا ئاساسەن، ماۋزېدۇڭ پارتىيە ئاكتىپلىرى مەجلىسىدە: «ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى تۇرۇشنىڭ تاكتىكىسى ھەققىدە» دوكلاد بەردى. ئۇ، بۇ دوكلادىدا ياپونغا قارشى تۇرۇش باي-

ريغى ئاستيدا ميللى بۇرژۇئازىيە بىلەن يەڭگىۋاشتىن بىرلىك
سەپ قۇرۇشنىڭ مۇمكۇنلىگىنى ۋە مۇھىملىگىنى چۈشەندۇردى.
كومپارتىيە بىلەن قىزىل ئارمىيەنىڭ بۇ بىرلىك سەپتە ھەل
قىلغۇچ ئەھەممىيەتكە ئىگە بولغان يېتەكچىلىك رولىنى تەئكىتە-
لىدى، پارتىيە ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «سول» ئېشىكىنى
ئىتىۋەلىش خاتالىقلىرىنى تەنقىت قىلدى. پارتىيە ئىچىدە 1927 -
ژىلى چىڭ دۇشۇئوگچىل ئوپپورتۇنىزم خاتالىغىنىڭ يەنە تەك-
رارلىنىشىدىن ساقلىنىشقا چاقىردى. بۇ دوكلاد پارتىيەنىڭ تاك-
تىكا مەسىلىسى ھەققىدە مۇكەممەل ئانالىز ژۈرگۈزۈپ، جۇڭگو
كومپارتىيەسى ئوتتۇرىغا ئاتقان ياپونغا قارشى ميللى بىرلىك
سەپكە نەزەرى ئاساس قۇرۇپ بەردى. ماۋزەيدۇڭ: پارتىيەنىڭ
نوۋەتتىكى ئاساسى تاكتىكاۋى ۋەزىپىسى «كەڭ كولەمدىكى
ميللى ئىنقىلابى بىرلىك سەپ قۇرۇشتىن ئىبارەت» - دەپ كور-
سەتتى.

ئەمما، جاڭگەيشى ئەكسىيەتچىلىرى مەملىكەت خەلقىنىڭ يا
پونغا قارشى ھەرىكىتىگە جاۋابەن: «تىنچلىقنى ساقلاش ھەققىدەكەس-
كىن چارە» ئىشلان قىلىپ، ياپونغا قارشى ھەرىكەتنى تىنچىمۇ يا-
ۋۇزلۇق بىلەن باستى. جاڭگەيشى ئەكسىيەتچىلىرى ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى «بۇ، دو-
لەتكە زىيان كەلتۈرۈدىغان ھەرىكەت»، «بۇنى قۇراللىق كۈچ
بىلەن ياكى باشقا ئۇنۇملۇك چارىلار بىلەن توسۇش لازىم»

«يىزىق، رەسىم، ئۇتۇق ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ژۇقۇرىدا كورسىتىلگەن جىنايەتلىك (ئىزاھات: ۋەتەنپەرلىك جىنايىتى) تەشۋىقاتلارنى قىلغۇچىلارنى ئوزۋاقتىدا تۇتۇپ قاماش لازىم. ھەمدە زەرۇركەلگەندە قوراللىق كۈچ ياكى باشقا ئۇنۇملۇك چارىلار بىلەن ئۇلارنىڭ قارشىلىغىغا جاۋاپ قايتۇرۇش لازىم.. ...» — دىيدى.

ۋاھالەنكى، جاڭگەيشىنىڭ فاشىستلاشقان ھوكۇمرانلىغى ئويغانغان خەلىقنىڭ قۇدرەتلىك دولقۇندەك جاسارەتلىك كۈچ قۇۋۋىتىنى بسىيىپ كىتالمىدى. ئەمەلىياتتا شۇچاغلاردا، جوڭگو كومپارتىيەسى ئوتتۇرىغا ئاتقان ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپ بارلىق ۋەتەنپەرۋەر خەلىقنىڭ بىرئىغىزدىن ئاشكارا رەۋىشتە قوۋۋەتلەيدىغان دولەت سىياسىتىگە ئايلاندى. جاڭگەيشى نەنجىن ھوكۇمىتىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ سىياسىتى ژىتىم بولۇپ قالدى. تحخىمۇچوڭ ئىنقىلابى ۋاقىئەلەر يەنە پىشىپ يىتىشىشكە باشلىدى.

3

جوڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يىتەكچىلىگى ئاستىدا شەرقى شىمال خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ كۇرۇشى

جوڭگو كومپارتىيەسى يىتەكچىلىگىدىكى شەر-

قى شىمال خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرىشى. ـ 1931 ژىلدىكى «18ـ سىنتەبر» ۋاقىئەسىدىن كىيىن، شەرقى شىمال جاڭـ كەيشىنىڭ قارشى تۇرماسلىق سىياسىتى بىلەن ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىغا بېرىلدى. شۇندىن باشلاپ شەرقى شىمالدىكى 30 مىللىئون قېرىندىشىمىز ياپون قاراقچىلىرىنىڭ هاۋان قاتارىدىكى قۇللىرىغا ئايلاندى. ئەمما، قۇل بولۇشنى خالىمايدىغان شەرقى شىمال خەلقى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياپونغا قارشى كۈرەشكە قوزغالدى. 1932ـ ژىلى جەنۇبى مانجۇرىيەنىڭ پەنشى ناھىيەسىگە قاراشلىق خاماخازى دىگەن جايدىكى جۇڭگو ۋە چاۋشەن دىخانلىرى كوممۇنىستلى خۇڭ گۇاڭنىڭ يېتەكچىـ لىكىدە ياپونغا قارشى قۇراللىق قوزغىلىپ پەنشى پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىل قىلدى. بۇندىن باشقا يەنە كومپارتىيەنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە جۇخە، راۋخە، دۇڭنىڭ ۋە تاڭيۈەن دىگەن جايلاردىكى پارتىزانلار دۈشمەنگە زەربە بەردى.

كومپارتىيە ئۆز ۋاقتىدا، ياپونغا قارشى تۇرۇۋاتقان شەرقى شىمالدىكى كونا ئەسكەرلەردىن بولۇپ ھىسابلانغان ماجەنسەن قىسمىغىمۇ سەمىمى هالدا ياردەم بەردى. نۇرغۇنلىغان ۋە تەنپەرۋەر ياشلارنى ۋە كۆچلۈك كادرلارنى ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن سەپەربەر قىلدى. ئەمما، بۇپومششىكلارنىڭ ياپونغا قارشى قۇراللىق كۈچى چىدامسىز روھىنىڭ كەمچىلىكى، گومىنداڭ نەكسىيەتچىلىرىنىڭ پەرئاستىدىن بۇزۇشى نەتىجىسىدە چاپسان

بيت-چيت بولۇپ، دۈشمەنگە تەسلىم بولدى.

شەرقى شىمال خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئار-مىيەسىنىڭ تەشكىل بولۇشى ۋە تەرەققى قىلىشى-1933-ژىلى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ شەرقى شىمال بەرلىك تەشكىلاتى جۇڭگوكومپارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ 62-يانۋار-دىكى يوليورۇغىغا ئاساسەن، ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپ شەكلىنى قوللۇنۇپ ھەر قايسى جايلاردىكى خەلىق قوراللىق كۈچلىرىنى كەڭ تۈردە تەشكىللەپ، ئۆزۈن مۇددەتلىك پارتىزان ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىدى. شەرقى شىمالنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەلىق ئامميسىنىڭ ياپونغا قارشى تەشكىلاتلىرى-ياپونغا قارشى ئۇرۇپ ۋە-تەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيەتلىرى تەشكىللەندى. ھەرقايسى جايلاردا چېچىلىپ كەتكەن خۇلق چاڭ خۇي ۋە داداۋ خۇي تەشكىلاتلىرىدىكى دېھقانلارمۇ يېڭى كۆرەش سەپلىرىگە قوشۇلدى. ياپونغا قارشى قىسمەن كونا ئەسكەرلەر ۋە ياپونغا قارشى قىسمەن تاغ ئورمان ئەترەتلىرىمۇ بىرلەشكەن قوماندىنى قوبۇل قىلدى. بۇندىن باشقا يەنە كىم ئىرسىن باشچىلىقىدىكى چاۋشەن كوممۇنىستلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىرى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقىنىڭ جۇڭگو ۋە شەرقى شىمالنىڭ ئازاتلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىنتىرناتسىئونالليق روھى بىلەن شەرقى شىمالدىكى ياپونغا قارشى پارتىزانلىق ھەرىكىتىگە پائال قاتناشتى. ھەر قايسى جايلاردا ياپونغا قارشى

قوراللىق كۈچلەر ئۇسۇشكە باشلىدى، بۇلارنىڭ ئۆرۈش كۈچىمۇ، ئالاھىدە ئۇستى. بۇ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ياپونغا قارشى بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. 1934 ـ ژىلى پۈتۈن شەرقى شىمالدىكى ياپونغا قارشى قوراللىق كۈچلەر ـ نىڭ ئىسىملىرى ۋە شتاتلىرى بىرلىككە كەلدى. جەنۇبى مانـ ـجۇرىيەنىڭ پەنشى دىگەن جايدىكى پارتىزانلار ئەترىدى شەرقى شىمالدىكى ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ 1 ـ كورپۇسى بولۇپ تەشكىللەندى (يىتەكچىسى ياڭ جىڭ يۈى). شەرقى مانـ ـجۇرىيەنىڭ يەنىيەندىكى پارتىزانلار ئەترىدى 2 ـ كورپۇس بولۇپ تەشكىللەندى (يىتەكچىسى ۋاڭ دەتەي). جۇخەدىكى پارتىزانلار ئەترىدى 3 ـ كورپۇس بولۇپ تەشكىللەندى (يىتەكـ ـچىسى جاۋ شاڭ زى). يەنەمى سەندىكى پارتىزانلار ئەترىدىنى ئاساس قىلىپ 4 ـ كورپۇس تەشكىللەندى (يىتەكچىسى لى يەن لۇ). جى دۇڭدىكى ئىتتىپاقچى ئارمىيە 5 ـ كورپۇس بولۇپ تەشـ ـكىللەندى (يىتەكچىسى جۇ باۋ جۇڭ). تاڭ يۈەندىكى پارتىزانـ ـلار ئەترىدى 6 ـ كورپۇس بولۇپ تەشكىللەندى (يىتەكچىسى شاـ ـيۇنجيە). راۋخە، خۇلىڭ دىكى پارتىزانلار ئەترىدى 7 ـ كورـ ـپۇس بولۇپ تەشكىللەندى (يىتەكچىسى لى باۋ مەن). بۇ كورپۇسـ ـلار كومپارتىيەنىڭ كۈچلۈك يىتەكچىلىكىگە ئىگە بولدى. جەڭـ ـچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈستۈن مىللى ئاڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن، ئاممىغا قەتئى يۆلىنىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى

قوغداپ، تەشكىلىنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامغا تولۇق بويسۇنۇپ، ئۇرۇش-
تا باتۇرلۇق كۆرسۈتۈپ، ياپون قاراقچىلىرىنى بارغانسىرى ئېغىر
زەربىگە ئۇچراتتى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزى كومىتېتى 1935-يىلى
ئېلان قىلغان «1-ئاۋغۇست خىتابنامىسى» شەرقى شىمال خەلقىنىڭ
ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئۇستۇردى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە 11 كورپۇس ۋە مۇستە-
قىل بىر دىۋىزىيە بولۇپ تەشكىللىنىپ، تەشكىلى يېتەكچىلىكى بىر-
لىككە كەلتۈرۈلدى. يېڭى ۋەزىيەتنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن،
جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ 1936-يىلى 5-ئي-
يۇلدىكى يوليورۇقىغا بىنائەن، ياپون قاراقچىلىرى ئىچكى ئۆلكى-
لەرگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا ياپون قاراقچىلىرىنى
تېخىمۇ كۈچلۈك ھالدا ملىكە قىلىپ تۇرۇپ زەربە بېرىش مەق-
سىدى بىلەن 3 يولغا ئايرىلىپ، 3 تەرەپلەپ پارتىزان ئۇرۇشى
قىلىشقا كىرىشتى.

1936-1937-يىللىرى 1-يولدىكى كورپۇسلار ياڭ جىڭ-
يۈنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەنۇبى مانجۇرىيە تۆمۈر يولىدىن ئۆتۈپ،
غەربى لياۋنىڭغا بېسىپ كىردى، ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ يالۇ-
جاڭ ۋە تۇمېن جاڭ دەريالىرىدىن 4 قېتىم ئۆتۈپ، شەرقى چاۋ-
شەنگە كىرىپ، ياپون قاراقچىلىرىنى كۈتمىگەن زەربىگە ئۇچرات-
تى. 2-يولدىكى كورپۇسلار جۇ باۋجۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە

خاربيننيڭ شەرقى تەرپيگە كيريپ چيقيپ ژۇرۇپ جيليڭ، چاڭچۇن ۋ خاربينلارنى دەككە- دۇككيگە سالدى. 3 - يولديكى كورپۇسلار لى جاۋليڭنيڭ يتەكچيليكيدە كيچيك هينگان تاغ- لىريدين ئوتۇپ، خيلۇڭجاڭ تۇزلەڭليكيدە پارتيزان رايئونى بەرپا قيلدى.

1937 - ژيلى، مەمليكەت بوييچە ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلي- نيشتين ئيلگيرى شەرقى شيمال خەلقى جۇڭگو كومپارتييەسينيڭ يتەكچيليكيدە ياپون تەجاۋۇزچيلريغا قارشى باتۇرانە ئۇرۇش قيليپ بارغانليغى ئەنە شۇنيڭدين مەئلۇم بولۇپ تۇرۇدۇ. ئۇلار- نيڭ باتۇرانە هەريكەتليرى مەمليكەت خەلقينيڭ ياپونغا قارشى ئيراديسيغا ئيلهام بريشتە ۋە ئۇلارنى هەريكەتلەندۇرۇشتە نا- هايتى چوڭ رول ئوينيدى.

شەرقى شيمالديكى ياپونغا قارشى بيرلەشمە ئارمييە «7- ئييۇل» دين «15 - ئاۋغۇست» قيچە - شەرقى شيمالديكى ياپونغا قارشى بيرلەشمە ئارمييەنيڭ مەمليكەت بوييچە ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندين كيينكى تەرەققياتينى بۇ يەردە سوزلەپ ئوتۇميز. 1937 - ژيلى« 7- ئييۇل»دا ياپونغا قارشى ئۇ- رۇش باشلاندى. ياپونغا قارشى بيرلەشمە ئارمييە دۇشمەن ئار- قاسيغە زەربە بريش ۋە ئيچكى ئولكيلەرديكى ئۇرۇشقا ياردەم بريشنى مەركيزى ۋەزيپە قيليپ ئوزليكيدين هۇجۇمغا چيقيپ قاتتاش ئالاقيلارنى بۇزدى. هەرقايسى جايلارديكى خەلق ئام-

ميسى ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەگە پەنئال ياردەم بېرىپ، ئۆز بالىلىرىنى ئەسكەرلىككە كىرىشكە سەپەربەر قىلدى. ئايال لار ۋە بالىلار ئالاقە، تەكشۈرۈش، نەقلىيات ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئاتقۇردى. شۇۋاقىتتا ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئادالەتلىك كۈرۈشىدىن تەئسىرلەنگەن قورچاق مانجۇگو ئەسكەرلىرى بولغلاپ، دېۋىزىيەلەپ ياپونغا قارشى قوزغۇلۇپ، ياپون قاراقچىلىرىنى سەرسان قىلىپ تاشلىدى.

ئەمما، 1938 ــ ژىلى قىشتا، مەملىكەت بويىچە ياپونغا قارشى ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، جاڭگەيشى ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا پاسسىپلىق قوللانغانلىقتىن، ياپون قاراقچىلىرى ئۆزىنىڭ ئاساسى كۈچىنى ئارقا تەرەپكە يۆتكەپ بۇكۈچنى مەخسۇس شەرقى شىمالدىكى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئارقا فرونتلاردا تۇرغان جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكىدىكى ياپونغا قارشى خەلىق قۇراللىق كۈچلىرىگە قارشى قويدى. بۇ ئەھۋال شەرقى شىمالدىكى خەلىق قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرۈشىنى كۈندىن ــ كۈنگە ئېغىرلاشتۇرىۋاتتى. شەرقى شىمالدىكى ياپونغا قارشى گېنىرال جوباۋ جۇڭنىڭ 1947 ــ ژىلى سىنتەبردە يازغان «2 ــ مانجۇگونى قەتئى تار ــ مار كەلتۈرەيلى» دىگەن ماقالىسىدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا: «شەرقى شىمالغا تەجاۋۇز قىلغان مۇتەزىم ياپون ئەسكەرلىرى 1931 ــ 1933 ــ ژىللىرى 50 مىڭ ئىدى. 1934 ــ 1937 ــ ژىللىرى 400 مىڭغا يەتتى،

1937 ـ 1938 ـ ژىللىرى (50 مىڭغا يەتتى، 1939 ـ 1941 ـ ژىللىرى 700 مىڭغا يەتتى. 1942 ـ 1944 ـ ژىللىرى ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 33 دىۋىزىيە، 14 بىرىگادىغا يەنى بىر مىللىيونغا يەتتى.» شەرقى شىمال خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرەشلىرىنىڭ نەقەدەر ئىغىر ئەـ كەنلىگىنى ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ ژىلدىن ـ ژىلغا كۆپەيگەنلىگىـ دىن بىلگىلى بولىدۇ.

ياپون قاراقچىلىرى شەرقى شىمالدا مۇستەھكەم ھالدا ھۆكۈمـ ـراندىق قىلىش، ئۇنى تەجاۋۇز ئۇرۇشقا ھەربى بازا قىلىش ھەمدە ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئالاقىـ سىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن «يىزىلارنى بىرلەشتۈرۈش» دىگەن ئەڭ زەھەرلىك چارىنى قوللاندى. ياپون قاراقچىلىرى پارـ تىزانلىق رايونلىرىدىكى ئۆي..ئىمارەتلەرنى تامامەن كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئۇيەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق خەلقلەرنى «بىرلەشمە قەبىلە» ناملىق چوڭ يىزىغا زوردىن ـ زورغا توپلاپ، چۆگىنەر خەندەك ۋە ئىگىز پوتەيلەرنى ياساپ جاسۇس ۋە ئىشپىيونلىرىنى كۆچەيتىپ ئۇلارغا نازارەت قىلدى. ئولتۇرۇش گوۋاھنامىسى تارقىتىپ، ئۇـ لارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بوغدى. دىخانلارغا قەبىلىدىن ژىراغراق يەرگە بىرىپ يەر تىرىشقا رۇخسەت قىلمىدى. قەبىلىدىن چەتكەـ چىقسا 2 سائەتتىن ئارتماسلىق شەرتى بىلەن رۇخسەت بىرىلىدىغان بولدى. ئەگەر ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەگە بىرەر تاۋاق ئاش ئىلىپ بارغان ئادەملەرنى تىپىپ ئالسا، ئۇنى دەرھال ئەـ

تېپ تاشلىدى. پات ـ پات «ياپونغا قارشى ئۈنسۇرلارنى باش قىلىش» ھەرىكىتى زۇرگۈزۈلدى. ھەرقېتىم باش قىلغاندا ئازدىگەندە 1،000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ قامىدى. شەرقى شىمال خەلقى توپ ـ توغرى 14 زىل ئۆتكەزگەن ھايۋان قاتارىدىكى «ۋەتەنسىز قۇل» لۇق ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ھەقىقەتەن جۇڭگو تارىخىنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر سەھىپىسى ھېسابلىنىدۇ.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ شەرقى شىمال خەلقى ئۈستىدىن ئەنە شۇنداق ياۋۇز ئۇسۇللارنى قوللىنىشى نەتىجىسىدە، شەرقى شىمالدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ناھايىتى قىيىن باسقۇچقا كىرىپ قالدى. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز بەزىدە ياۋا ئوت ـ چۆپ، دەرەخت قوۋزاقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن قورساق باقتى. نائىلاجلىقتىن پەقەتلا، چوڭ ئورمانلىقلار ئىچىدىلا يېتىپ ـ قوپۇپ ھەرىكەت قىلدى. قاتتىق قىش پەسىللىرىدە داللاردا گۈلخان بىلەن ئىسسىندى. ئەمما، كوممۇنىستلار ۋە ياپونغا قارشى ئارمىيەنىڭ ئاساسى قىسىملىرى باش ئەگمەسلىك مىللى غەيرىتى بىلەن ۋە كوممۇنىستلاردىكى قەيسەرلىكتىن، قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان روھ بىلەن پەخىرلىنىپ ئۆزلىرىگە مەدەت بېرىپ، ئاق قار، كۆك مۇز ئۈستىدە، ئىسسىق ۋە ئوزۇق تۈگىگەن ئەھۋال ئىچىدە تۇرۇپ، مۇكەممەل قوراللانغان ياپون قاراقچىلىرى بىلەن ئاخىرقى غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرگىچە كۆ-

رۇشۇپ 14 ژىلىنى خۇددى بىر كۈندە ئوتكەزگەندەك ئوتكۈزۋە-
ۋەتتى.

1945 - ژىلى 8 - ئاۋغۇستتا، سوۋەت ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى
ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن، شەرقى شىمالدىكى ياپونغا قار-
شى بىرلەشمە ئارمىيە دەرھال پەئئال رەۋىشتە قايتارما ھۇجۇم
باشلاپ، سوۋەت ئارمىيەسىگە ياندىشىپ پۈتۈن شەرقى شىمالنى
ئازات قىلدى. ماۋزەيدۇڭ بۇ تارىخى ۋاقىئەدىن خۇلاسە چىق-
قىرىپ بۇنداق دەيدۇ:

«جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى، ئەگرى - توقاي
يول بىلەن ئوتتى. بۇ ئۇرۇش 1931 - ژىلىدىلا باشلانغان ئىدى.
1931 - ژىلى 18 - سىنتەبردە ياپون باسقۇنچىلىرى موكدىننى ۋە
ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا شەرقى شىمال
ئۈچ ئولكىنى بېسىپ ئالغاندا، گومىنداڭ ھوكۈمىتى قارشى تۇر-
ماسلىق سىياسىتىنى تۇتتى. ئەمما شەرقى شىمالدىكى ئۈچ ئول-
كىنىڭ خەلقى، شەرقى شىمال ئۈچ ئولكىدىكى بىر قىسىم ۋەتەنپەر
ۋەر ئەسكەرلەر، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكى ياكى
ياردىمى ئاستىدا، گومىنداڭ ھوكۈمىتىنىڭ نىيىتىگە خىلاپ رە-
ۋىشتە، شەرقى شىمال ئۈچ ئولكىنىڭ ياپونغا قارشى پىدائىيلار
ئارمىيەسىنى ۋە ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەنى تەشكىل قى-
لىپ، باتۇرلۇق بىلەن پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. بۇ جە-
سۇرانە پارتىزانلىق ئۇرۇشى ناھايىتى كەڭ كولەملەرگە كوتۈرۈل-

دى، ئاريدا بىرمۇنچە مەشەققەتلەر ۋە مەغلۇبىيەتلەرگىمۇ ئۇچ-رىدى، ئەمما بەربىر دۈشمەن ئۇنى يوقۇ تالمىدى.» («بىر-لەشمە ھوكۇمەت توغرىسىدا» ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 3-توم 2-نەشرى 1034-1035 بەتلەر) بۇ باتۇرانە كۇرەش نىتى-جىسىدە جۇڭگونىڭ گۇزەل زىمىنلىرى يىگىۋاشتىن كوكلىدى. ئۇلارنىڭ كۇرەشچان قەھرىمانلىغى ئىنقىلاپ تارىخىدا ئەبىدى ئۇچمەيدۇ.

4

ۋەزىيەتنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىسى بولغان شىئەن ۋاقى-ئەسى، ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىشى

شىئەن ۋاقىئەسىدىن ئىلگىركى ئىچكى ۋەزىيەت-«16-دىكابر» ھەرىكىتىنىڭ زەربىسى بىلەن كىمىنگە تارتىلغان خەبەي، ساخار سىياسى ئىشلار ھەيئىتى 1936-ژىلى باھاردا رەسمى قۇ-رۇلدى، سۇڭ جەيۇەن ھەيئەت باشلىغى بولدى. ئەمەلىياتتا بۇ-يەرىم قورچاق ھاكىمىيەت ئىدى. بارلىق مۇھىم سىياسى بۇيرۇق-لارنى ئىجراقىلىشتا ياپون تەرەپنىڭ ماقۇللىغىنى ئالاتتى. ئەنە شۇنداق پەۋقۇلئاددە سىياسى ئەھۋال ئاستىدا، ياپونىيە ئىمپې-رىئالىزمىنىڭ شىمالى جۇڭگونى يۇتۇپ ئىلىش پىلانى تەدرىجى

ئەمەلگە ئاشقىلى تۇردى: ئىقتىسادى تەرەپتە، كەڭ كولەمدە قۇ-رالىلىق كاقراباندا ژۇرگۇزۇپ، شىمالى جۇڭگودىكى مىللى سانائەتنى خاراپلاشتۇردى، ھەمدە ئانگلىيە، ئامرىكىلارنى شى-مالى جۇڭگو بازارلىرىدىن سىقىپ چىقاردى. ھەربى ئىشلار تەرەپتە، ئىدارە ۋەتەشكىللەرنى كىگەيتتى، «شىمالى جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئارمىيەنىڭ قوماندانلىق شتابى»نى قۇردى. ھەر قايسى جوڭ ۋە مەركىزى شەھەرلەردە ئىشپىئونلۇق ئىدارىلىرى قۇرۇپ، خائىنلارنى تەربىيەلەپ، جۇڭگونىڭ ھەربى ئەھۋاللىرىنى تەك-شۇردى. ھەمدە بىجىن-شىگياڭ تومۇر يولى بويىغا داۋاملىق ئەسكەر كوپەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەيخەي، خەي كۇۋەشاگ-خەيلەردە قۇراللىق جانجال چىقىرىشقا كىرىشتى.

1936-ژىلى ئىيۇندا گۇاگدۇڭ، گۇاگشى گروھىدىكى مى-لىتارىستلار بىلەن جاڭكەيشى نەنجىن ھوكۇمىتى ئوتتۇرسىدىكى توقۇنۇش ئاشكارىلاشتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق، مەنپەئەت تالىشىش سەۋەبى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قارىمۇ-قارشىلىق ساق-لىنىپ كەلگەن ئىدى. مانا ئەمدى گۇاگدۇڭ، گۇاگشى گروھى-دىكى مىلىتارىستلار ئوزلىرىگە «ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» دىگەن شۇئاردىن چاپان كەيدۇرۇپ، بىرلىكتە جاڭ-كەيشىگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياپونىيە ئىمپرىئالىزمى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇتقۇ سالدى. شۇنىڭ بىلەن گۇاگدۇڭ، گۇاگشى ئەسكەرلىرى خۇنەنگە قاراپ ماگدى. ئاۋغۇستتا جاڭ-

كەيشى بولىۋتىش ۋە ئالداش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ئەسكەرلىرىنى بىت-چىت قىلىپ تاشلىدى. نويابىردا ياپون قاراقچىلىرى موگخۇل-خائىنى دەۋاڭ بىلەن بىرلىشىپ، سۈي-يۈەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، سۈي يۈەندىكى ئەسكەر ۋە خەلق مەملىكەت خەلقىنىڭ قىزغىن ياردىمى بىلەن ياپونغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ياپونغا قارشى قىلغان بۇ قىسمەن ئۇرۇشىنى خەلق ئاممىسى قىزغىن يۆلىدى.

جۇڭگو قىزىل ئارمىيەسى، ماۋزەدۇڭ قوماندىسىدا 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، 1935-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا ئەڭ زور ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شەنشى، گەنسۇ چېگارا رايونىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1936-يىلى فۇۋالدا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك بىرىگادىسىنى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سەنشىگە چىقىپ- ياپونغا قارشى شىمالغا يۈرۈشكە يول ئېچىش ئۈچۈن، شەرققە ماڭدۇردى. ماۋزەدۇڭ خەلق ئىنقىلابى ھاكىمىيىتىگە ۋاكالىتەن «شەرققە يۈرۈش خىتابنامىسى» ئېلان قىلىپ «ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش»نىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى. ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئالدىنى توسۇپ ئالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بىرىگادا مايدا دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى زايا قىلماي ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ مۇناسىۋەت

بىلەن ماۋزېدۇڭ ۋە جۇدە «بۇ ئەسكەرلەرنى قايتۇرغانلىق توغ-
رىسىدا ئۇمۇمى تېلىگرامما» تارقاتتى. شۇ چاغلاردا جۇڭگو كوم-
پارتىيەسى ياپونىيە ئىمپېرىئالىزمىنىڭ شىمالى جۇڭگوغا قىلغان
ھوجۇمى ئانگلىيە، ئامرىكا ئىمپېرىئالىزمىنىڭ مەنپەئىتىگە قاتتىق
زەربە بەرگەنلىكىنى ۋەبۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئانگلىيە، ئامە-
رىكا ئىمپېرىئالىزمىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن يېقىن ئالاقىسى بولغان
جاڭكەيشى گۇرۇھىنىڭ ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن يا-
پونغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئىكەن-
لىكىنى ئالدىن كۆرۈپ، جاڭكەيشىنى ياپونغا قارشى تۇرۇش تە-
رىپىگە بۇرۇلۇشقا مەجبۇر قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى. «ئەسكەر-
لەرنى قايتۇرۇش توغرىسىدا ئۇمۇمى تېلىگرامما»دا نەنجىن گومىن-
داڭ ھوكۇمىتىگە ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇپ بىرلىكتە ياپونغا
قارشى تۇرايلى دېگەن تەلەپنى بىۋاسىتە قويدى. بۇۋاقىتىم ئەس-
كەرلەرنى قايتۇرغانلىق «مۇشۇ ھەرىكەت بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە
بىر ئاي ئىچىدە ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇپ تېچلىق كېڭىشى ئۆت-
كۈزۈشنى سەمىمى خالايدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلىگەنلىكىمىزدۇر»
دەپ چۈشەندۈردى. ھەممە بارلىق جۇڭگو ئەسكەرلىرىنى گۇرۇھ،
ئىشتىقات ئايرىماستىن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ياپونغا
قارشى بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىل قىلىپ ئىتتىپاقلىشىپ ۋەتەن قۇت-
قۇزۇشقا چاقىردى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزى كومىتېتى
يەنە 25-ئاۋغۇستتا «مەملىكەتتىكى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر-

ليكته تاشقى تەجاۋۇزغا قارشى تۇرايلى»، ئىككى پارتىيە ياپونغا قارشى دېموكراتىك ھەمكارلىقنى تيكلەيلى، سوڭ جۇڭسەنىڭ ئۈچ چوڭ سىياسىتىنى تيكلەپ، سەنمىن جۇيىنى ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ بىرلىك سېپىنى قۇرۇپ، بىرلىكتە «جۇڭخۇا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى» قۇرايلى دېگەن تەكلىپلەرنى قىلىپ، گومىنداڭ مەركىزىگە خەت ئەۋەتتى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغان ئىتتىپاقلىشىپ ۋەتەننى قۇتقۇزايلى دېگەن تەشەببۇسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. ھەرقايسى قاتلام خەلقلىرىنىڭ بىرلىكتە ياپونغا قارشى تۇرۇش تەلەپلىرى تېخىمۇ جىددىيلەشتى. بولۇپمۇ ئىشچىلارسىنىپى ياپونغا قارشى ئىش تاشلاپ، پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوشۇلدى. شاڭخەيدىكى ياپونىيە ۋە جۇڭگونىڭ ژىپ فابرىكىلىرى بولۇپ جەمئىي 26 فابرىكىدا ئىشلەيدىغان 45 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى نويابردىن-دېكابرغىچە، ياپونغا قارشى زور ئىش تاشلاش ئوتكەزدى، ئىشچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتلىرى قوغدالسۇن، ئىش ھەققى ئاشۇرۇلسۇن دېگەن تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا ئېتىپ خېلىلا غەلىبە قازاندى. چىڭداۋدىكى ياپون ژىپ فابرىكىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارمۇ شاڭخەي ئىشچىلىرىغا ھىمايدىشلىق قىلىپ، دېكابىردا ئىش تاشلىدى. ئەمما ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇغلۇقتا ئۇرۇش قىلىش قىسمى بۇ ئىش تاشلاش

ھەريكىتىنى باستى. شاگىخەى ۋە باشقا جايلاردىكى ياپونغا قارشى
تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيەتلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى
ۋەتەنپەرۋەرلەر كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ، ياپونغا قارشى تۇ-
رۇشنى ئاشكارا تەلەپ قىلدى. ئىتتىپاقلىشىپ خارلىققا قارشى
تۇرۇش دولقۇنى قاينىدى.

ئەمما نەنجىن ھوكۇمىتى ياپونىيەدىن ئاز-تولا ئىلتىپات
ئىلىپ ئىچكى ئەھۋالنى پەسەيتتۇرۇش مەقسىدى بىلەن بىرتەرەپ-
تىن، ياپونىيە بىلەن سوھبىتىنى داۋام قىلدۇرىۋەدى. يەنە بىر
تەرەپتىن، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەريكەتلىرىنى رەھىم-
سىزلىك بىلەن باستى. نويابردا يەنە شاگىخەيدە پۈتۈن مەملى-
كەتلىك ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولغان
شن جۈنرۇ، جاڭ نەيچى، زوتاۋفېك، ۋاڭ زاۋسى، لى گوڭ
فۇ، ساجەن لى ۋەسى لىياڭلەرنى تۇتۇپ قاماپ پۈتۈن مەملى-
كەتنى زىلزىلىگە كەلتۇردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئا-
ساسى كۈچلىرى يەنە ئەۋەلقىدەكلا كەڭ كولەمدىكى «كومپار-
تىيەنى يوقۇتۇش» تۇرۇشىنى قوزغاش، ياپونغا قارشى تۇرغان ۋە
دىموكراتىك ئىتتىپاق ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋاتقان قىزىل ئارمىيەنى
يوقۇتۇش ئۇچۇن تەيارگەرلىك كورۇش ئىشلىرىگە ئىشلىتىلدى.

ۋەزىيەتنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان شىگەن
ۋاقىئەسى-جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن قىزىل ئارمىيەنىڭ يا-
پونغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان بارلىق قىسىملار بىلەن قول

تۇتۇشۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇمىز، دېگەن قەتئى تەشەببۇسىنىڭ تەئسىرى بىلەن، ئۆز ۋاقتىدا غەربى شىمالدىكى «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش» فرونتىدا تۇرغان جاڭ شۆەلياڭ قولىدىكى شەرقى شىمال ئارمىيەسى بىلەن ياڭ خۇچېڭ قولىدىكى غەربى شىمال ئارمىيەسىمۇ چوڭقۇر تەئسىرلەندى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ «جۇڭگو خەلقى- جۇڭگو خەلقى بىلەن ئۇرۇشمايدۇ.» دېگەن ۋەتەن قۇتقۇزۇش شۇئارى ئاستىدا ئۇرغۇن ئوفىتسەر ۋە ئەسكەرلەر ئۆزلىگىدىن ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. شەرقى شىمال ئارمىيەسى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ «دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش بىلەن يۇرتۇڭلارغا قايتىڭلار» دېگەن شۇئارىغا قىزغىن قوشۇلۇپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن بىللە دوستلۇشۇش مەشرەپلىرى ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى. گېنىرال جاڭ شۆەلياڭ بىلەن گېنىرال ياڭ خۇچېڭ بىر تەرەپتىن، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سىياسى تەشەببۇسىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۆز قولىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش تەلىۋى ۋە مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى دولقۇنىدىن تەئسىرلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، 10 نەچچە ژىلدىن بېرى ئۆز بىشىدىن ئۆتكەن تاشقى ئاپەت ۋە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئېچىنىشلىق ساۋاقلىرىغا ئاساسلىنىپ، داۋاملىق رەۋىشتە «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش» نى خالىماستىن، جاڭكەيشىگە ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇپ كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرايلى دېگەن تەشەببۇسنى قىلدى.

جاڭگەيشى 1936 ـ ژيلى دېكابىرنىڭ باشلىرىدا، شيگەنگە كېلىپ جاڭ شۈەلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭنى «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش»نى پەئال داۋام قىلدۇرۇشقا ھەيدىدى. «9 ـ دېكابىر» نىڭ 1 ـ ژيللىق خاتىرە كۈنى غەربىي شىمال ھەر ساھە خەلقىنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش بىرلەشمىسى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇش توغرىسىدا، جاڭ شۈەلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭغا تەلەپ قويدى. نۇرغۇن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش» ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇققا نەپرەت بىلدۈردى. جاڭگەيشى ھەدەپ جاڭ شۈەلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭغا نامايىش قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى «گەپ ـ سۆزسىز ئوققا تۇتۇڭلار» ـ دەپ تېلېفون بەردى. جاڭ شۈەلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭ ئۆز قولىدىكى ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ يار ـ يۆلىگى بىلەن 12 ـ دېكابىر كۈنى جاڭگەيشىنىڭ تۇرۇۋاتقان خۇاچىڭچى دېگەن جايدا قولغا ئېلىپ، ئۇنى «ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇپ بىرلىكتە ياپونغا قارشى تۇرۇش»قا ماقۇل كېلىشكە قىستىدى. تارىخىي ۋەزىيەتنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىسى بولغان «12 ـ دېكابىر ۋاقىئەسى» ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت.

شيگەن ۋاقىئەسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، جاڭ شۈەلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭ بۇنداق سەككىز تۈرلۈك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇمىي تېلېگرامما تارقاتتى: 1 ـ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قايتىدىن تەشكىل قىلىنىپ، ھەربىر پارتىيە ـ گۇرۇھلارنى

ئوز ئىچىگە ئېلىپ بىرلىكتە دولەتنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە كى-
رىشىشى؛ 2- بارلىق ئىچكى ئۇرۇشلار توختۇتۇلسۇن؛ 3- تۇتقۇن
قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەر باشلىقلار دەرھال بوشۇتۇلسۇن؛ 4- بارلىق
سىياسى گۇناھكارلار ئازات قىلىنسۇن؛ 5- خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەر-
لىك ھەرىكىتىگە يول قويۇلسۇن؛ 6- خەلقنىڭ مەجلىس ئېچىش،
جەمئىيەت قۇرۇش قاتارلىق بارلىق سىياسى ئەركىنلىكىگە كاپا-
لەتلىك قىلىنسۇن؛ 7- سۇڭ جوڭسەنىڭ ۋەسىيىتى راستى بىلەن
ئورۇندالسۇن؛ 8- دەرھال ۋەتەن قۇتقۇزۇش يىغىنى ئېچىلسۇن.

شۇ چاغلاردا ياپونىيە ئىمپىرىيالىزمى موشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ جوڭگو ئىچكى ئۇرۇشىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن: «... جاڭ
شۆلياڭ بىلەن سۈلھ قىلىش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر سۈلھ
قىلىدىغان بولساڭلار، ياپونىيە ھۆكۈمىتى قاراپ ئولتۇرمايدۇ.»
دەپ نەنجىن ھۆكۈمىتىنى جوڭگونىڭ ياپونغا قارشى كۈچلىرىنى
يوقۇتۇشقا قىستىدى. ھەمدە جوڭگو بىلەن ياپونىيە بىرلىشىپ «كوم-
پارتىيەنى يوقۇتايلى» دىگەن تەكلىپنى قويدى. خائىن ۋەترۇتىس-
كىچىلارنى سەپەربەرلىككە كەلتۈرۈپ، يىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ قا-
لايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. ياپونپەرەست خەيىڭچىڭلار
ئېلىگىدىكى نەنجىن ھوكۇمىتى بىر تەرەپتىن، خەيىڭچىڭنى «ئى-
سيانچىلارنى يوقۇتۇش ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى» قىلىپ
تەيىنلەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ، لۇڭخەي تۆمۈريولىنىڭ غەربىدە-
تۇڭگۇەنگە ھۇجۇم قىلدى ۋە يەنە شىئەننى بومباردىمان قىلىش

ئۇچۇن تۇرغۇن ئايروپلان ئەۋەتتى. يەنە بير تەرەپتين، گىرمانىيەگە
كسەل ساقايتقىلى كەتكەن ۋاڭ جىڭۋېيغا تىلگرام بىرىپ ئۇنى دەرھال
قايتۇرۇپ كىلىپ، ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ جاڭگەيشىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاش، كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇش دېگەن سۇيقەست كە-
رىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى بولۇنۇشلەرنى كىڭە يى-
تىش، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش،
ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جاڭگەيشىنىڭ ئورنىنى تارتىۋىلىش
قەستىگە كىرىشتى. تروتىسكىچى جاڭماۋتاۋ ۋەباشقىلار ياپون
ئىشپىئونلۇق ئىدارىسىنىڭ يولیورۇغى بىلەن شىڭەنگە كىلىپ جاڭ-
گەيشىنى ئاغدۇرۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا كىرىشتى.
جۇڭگو كومپارتىيەسى ماۋزەيدۇڭنىڭ جىۋەررەھبەرلىگىدە
شىڭەن ۋاقىئەسىگە قارىتا بارلىق مۇمكۇن بولغان كۈچلەرنى يا-
پونغا قارشى سەپكە جەلىپ قىلىش كىرەك، شۇنىڭ ئۇچۇن جاڭ-
گەيشى ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ماقۇل كەلسىلا، ئۇنىڭغا گۇنايىنى
يۇيۇش، پۇرسىتى بىرىش كىرەك دېگەن سىياسەتنى قوللاندى.
جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزى كومىتتى بىر تەرەپتين، نەن-
جىن ھۆكۈمىتىگە تىلگرام بىرىپ يەنە بىر تەرەپتين، شىڭەندى-
كىلەر بىلەن ئۇچرۇشۇپ مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش
چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇچاغدا مەملىكەتتىكى ھەر ساھە
ۋەتەنپەرۋەرلىرىمو تەرەپ-تەرەپتين تىنچلىقنى تەلەپ قىلدى.
جاڭگەيشى ئائىلاجلىقتىن كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپونغا قارشى

تۇرۇش شەرتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، جاڭ شوەلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭ ئۇنى قاماقتىن بوشاتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ شوەلياڭ 25_ دېكابىردا جاڭكەيشىنى ئايروپىلان بىلەن نەنجىڭگە ئۇزۇتۇپ باردى. شۇنداق قىلىپ «12 _ دېكابىر» ۋاقىئەسى تىنچلىق بىلەن ھەل بولدى.

ئەمما جاڭ شوەلياڭ جاڭكەيشىنى نەنجىڭگە ئۇزۇتۇپ بارغاندىن كېيىن، لۇكچەكلىك بىلەن ئادەتلەنگەن قارا يۈز جاڭكەيشى ۋاپاغا _ جاپا قىلىپ جاڭ شوەلياڭنى قامىدى. كېيىن ياڭ خۇچېڭنىمۇ قامىدى. شەرقىي شىمال ئارمىيەسى بىلەن غەربىي شىمال ئارمىيەسىنى زوردىن _ زورغا چېچىۋەتتى.

ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ دەسلەپكى ھالدا شەكىللىنىشى _ جاڭكەيشى شىئەن ۋاقىئەسىدە ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇپ كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش دېگەن شەرتنى ئىككى تۇرلۇك سەۋەپ بىلەن قوبۇل قىلغان ئىدى: 1 _ خەلقنىڭ مىللىي ئىنقىلاپ دولقۇنى زورلىدى ۋە نۇرغۇن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش» سىياسىتىگە قارشى چىقتى. 2 _ ئانگلىيە بىلەن ئامرىكىنىڭ ياپون قاراقچىلىرىغا بولغان كەيپىياتىدا يېڭى ئوزگۇرۇش تۇغۇلۇپ، بۇ ئوزگۇرۇش جاڭكەيشى گروھىغا بىۋاستە تەسىر قىلدى.

«خەيىك چېك بىلەن تۇمسى توختۇمى» دىن ئىلگىرى ئان-

گلىيە ، ئامرىكا ئىمپېرىيالىستلىرى: ياپون قاراقچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن شەرقى شىمالدىكى تۆرت ئۆلكىنى بسىپ ئالدىدەپ ئويلىغان ئىدى. ھازىر ياپون قاراقچىلىرىنىڭ خەنجىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلماستىن، پۈتۈن جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىش مەقسىدى بىلەن شىمالى جۇڭگوغا قارىتىلدى. بۇ ئەھۋال ئانگلىيە، ئامرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا جۇڭگودىكى مەنپەئەتلىرىنى ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىنىڭ بىۋاستە زەربىسىگە ئۇچرۇتۇپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىنى قانىتى ئاستىغا ئىلىپ كىلىۋاتقان ئانگلىيە كونسېرۋاتورلىرىنىڭ گەپ - سوزلىرىدە تەمتىرەش پەيدا بولۇپ ، ئۇلار، ياپونغا قارشى قاتتىغىراق سىياسەت قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. شىگەن ۋاقىئەسى بولغان ۋاقىتلاردا ، ئانگلىيە ھەتتا ياپونىيەنىڭ تەجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە زەربە بىرىش ئۈچۈن، ئەگەر جاڭكەيشى ھوكۇمىتى جۇڭگو خەلقىغە داۋاملىق ھوكۇمرانلىق قىلالايدىغان بولسا، «كومپارتىيە بىلەن بەلگۈلۈك شەكىلدە بىرلەشسىمۇ بولۇدۇ.» دىگەن ئىدى. بۇ ئەھۋاللار نەنجىن ھوكۇمىتىنى ياپونىيە بىلەن كومپارتىيەگە قارىتا قوللىنىدىغان سىياسەتنى يىڭىۋاشتىن ئويلاپ كورۇشكە مەجبۇر قىلدى.

1937 - ژىلى مارتتا گومىنداڭ مەركىزى كومىتىتىنىڭ 3 - پلىنۇمى ئىچىلدى. بۇ ژىغىندا ئۇلار كومپارتىيە بىلەن ياپونىيە ئۈستىدىكى سىياسەت ھەققىدە مۇزاكىرە ئوتكەزدى. ژىغىندىن

ئېلگىرى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزى كومىتېتى گومىنداڭنىڭ 3 - پلېنۇمىغا تامگراممىا ئەۋەتىپ بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. تامگراممىدا! گومىنداڭ ۋەتەن سىتىش ۋە ئىچكى ئۇرۇش قىلىش دېگەن ئەكسىيەتچىلىك ئىچكى - تاشقى سىياسىتىنى ئۆزگەرتسۇن. بارلىق ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇپ مەملىكەتتىكى كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىكتە تاشقى تەجاۋۇزغا قارشى تۇرسۇن، خەلىققە سوز، ژىغىلىش ۋە جەمئىيەت قۇرۇلۇش ئەركىنلىكلىرىنى بەرسۇن، بارلىق سىياسى گۇناھكارلارنى بوشاتسۇن، پارتىيە گىرۇھ، ساھە ۋە ئارمىيەلەر كونفىرنسىيەسى ئېچىپ مەملىكەتتىكى كۈچلۈك ئادەملەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىكتە ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە كىرىشسۇن، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى چاپسان پۈتتۈرسۇن، خەلىق تۇرمۇشىنى ياخشىلىسۇن - دېگەن تەلەپلەرنى قويدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى مەملىكەت بويىچە ئىتتىپاقنا كەلتۈرۈشكە مۇمكۈن بولۇدىغان بارلىق سىنىپ ۋە قاتلاملارنى ئىتتىپاققا كەلتۈرۈپ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بەزى سىياسەتلىرىنى، يىگى ۋەزىيەتكە مۇۋاپىق ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. يەنى: مەملىكەت دائىرىسىدە گومىنداڭ ھوكۈمىتىنى قۇراللىق كۈرەش بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىشانىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتىن توختۇتۇشقا، مىللى بىر-

ليك سەنىڭ ئورتاق پروگراممىسىنى قەتئى ئىجرا قىلىشقا قارار قىلدى. سۇڭچىڭلىڭ، خەشاڭيىڭ ۋە فىڭ يۇيشاڭلار گومىنداڭنىڭ 3 ـ پلنۇمىغا سۇڭجۇگسەننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش ۋە ئىشچى ـ دېھقانلارغا ياردەم قىلىش دېگەن ئۈچ چوڭ سىياسىتىنى تىكلەپ، ياپونغا قارشى تۇرۇش كېرەك دېگەن تەكلىپىنى بەردى. شۇ چاغداگومىنداڭ ئىچىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى قىسمەن ژۇقۇرقى قاتلام ئۇنسۇرلىرىمۇ كەڭ خەلق ئاممىسى كۈچىنىڭ تۈرتكۈسى بىلەن كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش دېگەن تەشەببۇسنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

گومىنداڭنىڭ 3ـ پلنۇمىدا ياپونپەرەستلەر باشلىقى ۋاڭجىڭۋى «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش» سىياسىتىنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدىكى سىياسى قارار لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. ژىغىندا ياپونغا قارشى تۇرغۇچىلار گروھى بىلەن ياپونپەرەستلەر گروھى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كەسكىن كۈرەش بولدى. نەتىجىدە ئەمەلىياتتا ھەمكارلىشىشنى قوبۇل قىلغان قارار تەستىقلەندى.

گومىنداڭنىڭ 3 ـ پلنۇمىدىن كېيىن، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ۋەكىللىرى مىللى بىرلىك سەپ قۇرۇش شەرتلىرى توغرىسىدا داۋاملىق سوھبەتلەشتى. شۇندىن باشلاپ گومىنداڭ مەملىكەت خەلقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش» ئۇ-

چۇن ئىلىپ بىرىلىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش نىشانىسىنى ۋاقتىنچە تاشلىدى. ئىچكى تىنچلىق باشلانغۇچ هالدا ئەمەلگە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن 10 ژىللىق ئىچكى ئۇرۇش ئاساسەن تۈگۈدى.

جۇڭگو كومپارتىيەسى مەملىكەت ئىچىدە ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپنىڭ باشلانغۇچ هالدا شەكىللەنگەنلىگىنى كۆرۈپ، تىنچلىقنى مۇستەهكەملەپ، دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈپ ياپونغا قارشى تۇرايلى» دىگەن نىشانىنى ئوتتۇرىغا ئىتىپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى دېموكراتىك سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا، هەمدە ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپنى بۇزۇدىغان هەرخىل سوز ۋە هەرىكەتلەر بىلەن رەهىمسىز كۆرۈشۈشكە چاقىردى. جۇڭگو كومپارتىيەسى 1937 - ژىلى مايدا يەنئەندە پارتىيەنىڭ مەملىكەتلىك كونفرەنسىيەسىنى ئاچتى. كونفرەنسىيەدە ماۋزەدۇڭ «جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ۋەزىپىلىرى» دىگەن مەشهۇر دوكلادنى بىرىپ، ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپ ئىچىدىكى پرولىتارىئات يېتەكچىلىك هوقۇقىنىڭ مۇهىملىگىنى تەكىتلىدى. يەنە «مىلليونلىغان خەلق ئاممىسىنى ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپكە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى» دىگەن مەزمۇندا كونفرەنسىيەدىن خۇلاسە چىقاردى. بۇ كونفرەنسىيە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سىياسەت ۋە تەشكىلى جەهەتلىرىدىكى تەييارلىق خىزمىتى بولدى.

5

ئىككىنچى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلى ھەققىدە ئاخىرقى سوز

1927 ـ ژىلدىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن تارتىپ، 1937 ـ ژىلى ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغانغىچە بولغان 10 ژىل ئىچىدە جۇڭگو كومپارتىيەسى ـ پەقەتلا جۇڭگو كومپارتىيەسى، ئىنقىلابقا قارشى ھەددىدىن ئاشقان تېررورلۇق ئاستىدا، مۇستەھكەم بىر ئىتتىپاق بىلەن ئىلگىركى ئىنقىلابنىڭ ئىمپېرىئالىزم ۋە فېئودالىزمغا قارشى بايرىقىنى ئېگىز كوتىرىپ، كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، ئىنقىلابچى ئەسكەرلەر، ئىنقىلابى زىيالىلار ۋە تولاردىن باشقا ئىنقىلابچى ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، سىياسەتتە، ھەربى ئىشلاردا ۋە مەدەنىيەتتە بۈيۈك كۈرەشلەرنى قىلدى. بۇ كۈرەش داۋامىدا جۇڭگو كومپارتىيەسى قىزىل ئارمىيەنى بەرپا قىلدى، ئىنقىلابى بازىلارنى بەرپا قىلدى. قىزىل ھاكىمىيەت ئاساسىدىكى ئىشچى ـ دېھقان دېموكراتىك مەركىزى ھوكۇمەتنى قۇردى، پومېششىكلار سىنىپىنىڭ يەرلىرىنى كەمبەغەل دېھقانلارغا بولۇپ بەردى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ ئوز ۋاقتىدىكى ھوجۇملىرىغا زەربە بەردى ۋە 1931 ـ ژىلى «18 ـ سېنتەبر» دىن كېيىنكى ياپونىيە ئىمپېرىئالىزمىنىڭ تەجاۋۇ-

زىغا زەربە بەردى. شۇ يول بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئازاتلىق ئىشى ئەڭ قىيىن جاپالىق شارائىتلاردىن ئۆتۈپ غەلىبىلىك ھالدا ئالغا باسالىدى. بۇ ئون يىل ئىچىدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى ئومۇمىي نىشانىسى ۋە بۇ ئومۇمىي نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلغان پىداكارانە كۈرەشلىرى تامامەن توغرى ۋە زۆرۈر ئىدى. سانسىز كوممۇنىستلار، خەلق ۋە پارتىيە سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىنقىلاپچىلار ئۆز ۋاقتىدا ھەرقايسى سەپلەردە پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، قۇربان بولدى، بويۇن ئەگمىدى. ئالدىدىكىلەر يىقىلسا، كەينىدىكىلەر قوزغىلىپ ئۇلارنىڭ ئىزىنى باستى. ئۇلارنىڭ روھى ۋە كورسەتكەن خىزمەتلىرى مىللىتىمىزنىڭ تارىخىدا ئەبەدى ئۆچمەيدۇ. ئەگەر مۇشۇ پىداكارلىقلار بولمىغان بولسا، كېيىنكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئەمەلگە ئاشالمايتتى؛ ئەگەر كېيىنكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا خەلقنىڭ ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنى توپلىغان جۇڭگو كومپارتىيەسى ئاساس بولمىغان بولسا، داۋاملىق تىركىشىش ۋە غەلىبە قازىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا قىلچە شەك يوق.

بۇ دەۋر ئىچىدە، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نۇرغۇنلىغان پىداكارلىرىنىڭ قۇربان بولۇشى ناھايىتى تەئسىرلىك. بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان مەشھۇر سىياسىي ئالىملار، مەسىلەن: چيڭ يەن نيەن، جاۋشى يەن، لاۋيى لۇڭ، جاڭ تەي لۇي لەر؛ نۇرغۇنلى-

غان مەشهۇر خەلق يېتەكچىلىرى مەسىلەن: سۇجاۋجىڭ، دىڭ-جۇڭشا، شاڭجىڭيۈي، لاۋدىڭشەن، پىڭبەي، لىۇخاۋەفاڭ-زىمىنلەر؛ يەنە نۇرغۇنلىغان نەزەرىيەچىلەر ۋە ئاگىتاتورلار مەسىلەن: چۈيجۇبەي، خۇيدەيىڭ، سەي خەسىڭ ۋەباشقىلار قۇربان بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانلىرىدۇر. بۇلار نۇرغۇن كۈرەشلەرنى قىلىپ جۇڭگو خەلقىغە ئۈچمەس شەرەپلەرنى قالدۇردى. بۇلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى غالىبىيىتىمىزنىڭ قىزىل گۈللىرىنى يېتىشتۈردى!

جۇڭگو كومپارتىيەسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائى ۋە ئىنقىلابى مەسىلىلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتە توغرا، مۇكەممەل ۋە ئەمىلى رەۋىشتە، ھەل قىلغۇچى، لېنىن، ستالىننىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ھەققىدىكى تەئلىماتىنى رىۋاجلاندۇرغۇچى ھەم پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابى ئىشلىرىنىڭ ئالغا بسىشىغا دائىمى يېتەكچىلىك قىلغۇچى ماۋزەيدۇڭدۇر. ماۋزەيدۇڭنىڭ 2-قىتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى نەزەرىيە ۋە سىياسەتلىرى جۇڭگو كومپارتىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بولشېۋىستىك ئىنقىلابى ئەنئەنىنىڭ داۋام قىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدۇر، شۇنىڭدەك بۇ نەزەرىيە ۋە سىياسەتلەر ئىنقىلاپ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىنقىلابى كولىمى ۋە ھەرخىل ئىنقىلابى سىياسەتلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر.

بۇ ئون ژىل، بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلاپقا قارشى ھەربى ۋە مەدەنى جەھەتتىن ھۇجۇم قىلغان ، يەنە بىر تەرەپتىن ، جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكى ئاستىدىكى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابى چوڭقۇرلاشقان - يېزا ئىنقىلابى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابى چوڭقۇرلاشقان بىر مەزگىلدۇر. شۇنىڭدەك بۇ ئون ژىل بىر تەرەپتىن ، ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى ھەدەپ بېسىپ كىرگەن ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋەتەن سېتىپ دۇشمەنلەر بىلەن مۇرەسسەگە كىرىشكەن، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقى ياپونغا قارشى كۆرەشكەن بىر مەزگىلدۇر.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىككى خىل ھۇجۇمىنىڭ ھەممىسى پاجىئەلىك رەۋىشتە مەغلۇپ بولدى. «ھەربى جەھەتتىن» «ئوراپ يوقۇتۇش» نىڭ نەتىجىسىدە، قىزىل ئارمىيە شىمالغا يۈتكۈلۈپ، ياپونغا قارشى تۇردى؛ مەدەنىيەت جەھەتتىن «ئوراپ يوقۇتۇش » نىڭ نەتىجىسىدە 1935 - ژىلىدىكى « 9 - دېكابر» ياشلار ئىنقىلابى ھەرىكىتى پارتلىدى. بۇ ئىككى خىل «ئوراپ يوقۇتۇش» نىڭ ئۇمۇمى نەتىجىسى شۇ بولدىكى ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىز ئويغاندى. بۇ ئۈچ تۇرلۇك ئىش ئۇنىڭ ئاكتىۋ نەتىجىسىدۇر....... ئىنقىلاپقا قارشى «ئوراپ يوقۇتۇش» نىڭ پاسسىۋ نەتىجىسى، ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىدىن ئىبارەت بولدى. كوممۇنىستلارغا قارشى ئون ژىللاپ قىلىن-

غان ئۇرۇشقا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى نەپرەتلىنىشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.» («يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2 توم 2 ـ نەشرى 695 ـ 696 ـ بەتلەر) .

1929 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ ئىقتىسادى كرىزىسى توغۇلغاندىن كېيىن ، ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى جۇڭگونى يالغۇز بېسىپ ئېلىش مەقسىتىدە «18 ـ سېنتەبىر» ۋاقىئەسىنى قوزغىدى. «18 ـ سېنتەبىر» ۋاقىئەسى خەلقئارا ئىمپېرىيالىزمنىڭ جۇڭگودىكى مۇناسىۋىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش توغۇلغانلىقىدىن ـ ئۇمۇمەن ئالغاندا، ئانگلىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا دېرژاۋالىرىنىڭ «پۇرسەتتىن تەڭ پايدىلىنىش» ۋەزىيىتىنىڭ مەيدانغا چىققانلىقىدىن ۋە بۇ ۋەزىيەتنىڭ ئاستىلاپ ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھەتتا مانوپولىيەلىك مەۋقەنى ئىگىلىگەن بىر ۋەزىيەتكە ئايلانغانلىقىدىن ئىشارەت بېرىدۇ. بۇ ئۆزگۈرۈشتە ئىمپېرىيالىستىك مەملىكەتلەر بىلەن ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى ئوتتۇرىسىدا كېيىن توغۇلىدىغان تېخىمۇ زور قارىمۇ ـ قارشىلىق يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەتتا مەنچىڭ خاندانلىقى ۋە يۇەنشىكەيمۇ يېتىشالمايدىغان دەرىجىدە ۋەتەن ساتتى ۋە چەت ئەللەرگە كۈچۈكلۈك قىلىپ قۇيرۇق شىپاڭلاتتى. ئۇلار شەرقى شىمال تۆرت ئۆلكىنى قولدىن كەتكۈزدى، شىمالى جۇڭگونى

«ئالاھيدە» لەشتۇر يۆەتتى. شاڭجەي، شيمالى ساخار، بۈيۈك سىپىل ھەتتا شەرقى شيمال پىدائىيلىرىنىڭ ياپونغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشايرىنى بۈزدى.

«9 ـ دېكابر» ياشلار ئىنقىلابى ھەرىكىتى، مەملىكەت خەلـقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يەتەكچىلىكىدە ياپونغا قارشى قوزغىغان يېڭى مىللى ئىنقىلابى دولقۇنىنىڭ بەلگۈسىدۇر. خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچىلەر سەردارى بولغان جاڭكەيشىنى جازالىغان شيەن ۋاقىئەسى تارىخى ۋەزىيەتنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. شۇندىن كېيىن، تارىخ ئاستىلاپ مەملىكەت خەلقى بىرلىكتە ياپونغا قارشى تۇرغان بىر مەزگىلگە كۆچتى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ چاقىرىقى، تەشەببۇسى ۋە تەشكىللەش خىزمىتى بولمىغاندا، جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيەسى ئىتتىپاق بولۇپ ياپونغا قارشى تۇرۇش نىشانىسىنى قەتئى قوللۇنۇپ نەمۇنە كورسەتمىگەندە، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سېپىنىڭ شەكىللىنىشىنى ۋە ياپونغا قارشى مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ئەمەلگە ئىشىشىنى ئىلگىرى سىلجىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئون ژىل جەريانىدىكى ياپونغا قارشى بارلىق مۇھىم ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يەتەكچىلىكى، تەشەببۇسى ياكى تەسىرى ئاستىدا تۇغۇلدى.

تۆرتىنچى قىسىم

ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى

(1945 _ 1937)

سەككىزىنچى باپ

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئستراتىگىك مۇداپىئە باسقۇچى

1

«7 ـ ئىيۇل» ۋاقىئەسىدىن تارتىپ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ياپونغا قارشى ئومۇمى يۈزلۈك ئۇرۇش قوزغالغانغىچە بولغان ۋاقىئەلەر ۋە ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپنىڭ قۇرۇلۇشى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا ئىككى يولنىڭ پەيدا بولۇشى

ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئەرپىسىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى ئىقتىسادى ئەھۋال ـ 1929 ـ ژىلى تۇغۇلغان دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ ئىقتىسادى كرىزىسى 1933 ـ ژىلنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى. 1934 ـ ژىلدىن كېيىنكى 3 ژىل سانائەت تۇرغۇنلۇقنى باشتىن ئوتكۈزگەن ۋە بىرقىسىم سانائەت ئاز ـ تولا جانلانغان بىر باسقۇچتىن ئىبارەت. ئەمما 1937 ـ ژىلغىچە، دۇنيا كاپىتالىزم سانائىتى 1929 ـ ژىلدىكى نورمىنىڭ

ئاران 95 پروتسنتيگە يېتىپ باردى. 1937 ـ ژىلنىڭ ئاخىرىدا يەنە يېڭى ئىقتىسادى كرىزىس دەۋرى باشلاندى. ھەممىدىن ئەۋۋەل ئامرىكىدا ئىقتىسادى كرىزىس تۇغۇلۇپ، ئىشسىز قال-غانلارنىڭ سانى 1937 ـ ژىلنىڭ ئاخىرىدا، ئون ميللىئونغا يېتىپ باردى. ئانگلىيەدىمۇ ئىشسىزلار ناھايىتى دەرىجىدە كۆپەيگىلى تۇردى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، سوتسىئالىستىك دولەت ـ سوۋىت ئىتتى-پاقىنىڭ سانائىتى شۇمەزگىل ئىچىدە توختىماستىن ئوستى. 2-بەش ژىللىق پىلان 1937 ـ ژىلى 1 ـ ئاپرىلدا ـ تورت ژىل ئۈچ ئايدا مۇددەتتىن ئىلگىرى تامام بولدى. سوۋىت ئىتتىپاقى سانائىتى 1937 ـ ژىلنىڭ ئاخىرىدا 1929 ـ ژىلدىكى نورمىغا نىس-بەتەن 428 پروتسنت ئارتتى، ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىكى نورمىغا نىسبەتەن 7 ھەسسىدىن كۆپراق ئارتتى.

ئىككى دۇنيانىڭ مۇنداق روشەن جىقىشتۇرمىسى، سوتسىئالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمنىڭ كاپىتالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمدىن ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەنلىگىنى كورسەتتى.

جۇڭگودا، ئىمپىرىئالىزم بىلەن جاڭكەيشى، سۇڭ زى ۋىن، كۇڭ شاڭ شى، چېڭ لى فۇلاردىن ئىبارەت تورت چوڭ ئا-ئىلە باشچىلىغىدىكى بيۇروكرات كاپىتالىزم ۋە فىئودالىزمنىڭ بۇلاڭچىلىغى ئارقىسىدا مەيدانغا چىققان ئېغىر ئىقتىسادى كرى-زىسمۇ ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تەجاۋۇزىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن

تەخىمۇ كەسكىنلەشتى. ياپونىيە ئىمپېرىئالىزمى ئۆزىنىڭ جۇڭ-گوغا قىلىۋاتقان ئىقتىسادى تەجاۋۇزىنى مانا بۇنداق ئىجرا قىلـدى : بىر تەرەپتىن ياپون ماللىرىنى كۆپلەپ سېتىش سىياسىتىنى قوللاندى. يەنە بىر تەرەپتىن، قاراقچىلارچە قوراللىق كونترا-باندچىلىق سىياسىتىنى قوللاندى، يەئنى شەرقى خەبەيدىكى قورچاق تەشكىلاتنىڭ مۇھاپىزىتىدىن پايدىلىنىپ، ئوغرىلىغان مالنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ، بەيدەيخەلەردە باجسىز ھالدا قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ، لوەنجۇ، چاڭلى، ستانسىلىرى ئارقىلىق تيەنجىنگە كىرگۈزۈپ، ئاندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ساتتى. شۇنداق قىلىپ جۇڭگو بازارلىرىنى ئار-زان ياپون ماللىرى بىلەن تولدۇرۇپ، مىللى سانائەتكە تەخى-مۇ ئېغىر زەربە بەردى. جۇڭگو بانكىچىلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1935- ژىلىنىڭ بېشىدا شاڭخەيدە 215 فابرىكا تاقى-لىپ قالغان، جۇڭگونىڭ ژىپەكچىلىك سانائىتى ياپونىيەنىڭ سۈنئى ژىپەكلىرى بىلەن رىقابەتلىشىشكە چارىسىز بولۇپ، تاما-مەن دېگىدەك ئىش توختۇتۇش ھالىغا چۈشۈپ قالغان. شاڭخەي-دىكى 113 ژىپەك فابرىكىسى ئىچىدە 1935- ژىللىرى ئاران 23 فابرىكا داۋاملىق ئىشلىيەلىگەن. جەجاڭ ئۆلكىسىدىكى ژىپەك-چىلىك فابرىكىسىنىڭ تولىسى تاقىلىپ قالغان. ياپون قاراقچى-لىرى يەنە شۇ بۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، بانكروت بولغان جۇڭگو كارخانىلىرىنى ئارزان باھادا سېتىۋېلىپ، جۇڭگودىكى ياپون

كاپىتالىنىڭ سالمىغىنى كۆپەيتتى. بولۇپمۇ شەرقى شىمالنىڭ ياپون قاراقچىلىرى قولىغا چۈشۈپ قېلىشى بىلەن شەرقى شىمالدىكى تۈگۈمەس ماددى بايلىق ۋە سانائەت تامامەن ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قولىغا كىرىپ كەتتى.

ئاشۇ ئەھۋاللار ئاستىدا، جۇڭگونىڭ تاشقى سودىسى ژىلدىن-ژىلغا ئازايدى. ياپونىيە ئىمپىرىئالىزمى ئۆزىنىڭ قەغەز ئاقچىسى ۋە تاشقى سوداسىياسىتى ئارقىلىق جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ قالايمىقانچىلىغىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

سانائەت كرىزىسىگە ئوخشاش دېخانچىلىق كرىزىسىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىر بولدى. 1935-ژىلدىكى ھوسۇل 1934-ژىلغا نىسبەتەن 20 پروتسەنت ئازايدى. سۇ، قۇرغاقچىلىق، زىيانلىق ھاشارەت ۋە مولدۇر ئاپەتلىرى ھەرژىلى دېگىدەك تۇغۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى.

ئۇمۇمەن، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئەرپىسىدە، جۇڭگو ئىقتىسادى تامامەن بانكروت بولغان ۋە سۇنغان بىر ھالدا ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، ئىشچى-دېخانلار ۋە ئۇلاردىن باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئۇرغۇن مىقتاردا ئىشسىز قالدى، يەر زىمىنلىرىدىن ئايرىلدى. مىللىئونلىغان ئادەم ئاچتىن ۋە سوغۇقتىن ئۆلدى. بۇ ھەقىقەتتە خەلىق گادايلاشقان، بايلىق قۇرۇغان بىردەۋر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى-دېخانلار ۋە ئۇلاردىن باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازلار ھەتتا

مىللى بۇرژۇئازلار سىنىپى ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، جۇڭ-
گونى ئىغىر ئەھۋالغا، ۋەتەن مۇنقەرىز بولۇش ۋە نەسىل يوقۇ-
لۇش خەۋپىگە چۈشۈرۈپ قويغان ئاساسى دۈشمەن – ياپونىيە
ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى ھايات ياكى مامات دەپ كۈرەش قى-
لىشقا مەجبۇر بولدى.

«7 – ئىيۇل» ۋاقىئەسىنىڭ تۇغۇلىشى، جۇڭگو
كومپارتىيەسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يا-
پونغا قارشى ئومۇمى يۈزلۈك ئۇرۇشقا چاقىرىشى –
دۇنيا كاپىتالىستىك دولەتلىرى 1929 – ژىلدىكى ئىقتىسادى
بوھراندىن پەيدا بولغان خاراپچىلىقنى تىكلەپ ئالغىچە، 1937 –
ژىلى يەنە يېڭى ئىقتىسادى كرىزىس تۇغۇلغانلىقىنى ژۇقۇرىدا
سوزلەپ ئوتتۇق. بۇ ئەھۋاللار ئىمپېرىيالىستىك دولەتلەر ۋە
بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-
قارشىلىقلارنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرىۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە ئىتالىيە باشچىلىقىدىكى تەجاۋۇزچى
فاشىزم دولەتلىرىدە مۇداپىئە كۈچى ئاجىز بولغان دولەتلەرنى
بۇلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوزىنىڭ ئىچكى ئىقتىسادى كرىزىسى-
دىن پەيدا بولغان زىيانلىرىنى تولەپ ئېلىش قەستىمۇ كۈچەي-
گىلى تۇردى. فاشىزم ئىتالىيەسى 1935 – ژىلى ھەبەشىستاننى
تەجاۋۇز قىلدى، گېرمانىيە، ئىتالىيە دولەتلىرى 1936 – ژىلى
يازدا ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىگە قوراللىق ئىنتېرۋېنسىيە باشلىدى،

ياپونيە ئىمپېرىئالىزمى 1937 ـ ژىلى جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىپ «7 ـ ئىيۇل» ۋاقىئەسىنى تۇغدۇردى.

ياپونيە ئىمپېرىئالىزمى پۈتۈن جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىش ئۈچۈن 1937 ـ ژىلى 7 ـ ئىيۇل كېچىسى بېيپىنىڭ جەنۇبىدىكى لۇگوچياۋغا هۇجۇم باشلىدى. بۇيەردە تۇرغان 29 ـ كورپۇسنىڭ جىشىگۈيىن پولكىنىڭ قوماندان ۋە جەڭچىلىرى دۈشمەن هۇجۇمىغا سۇكۇت بىرشىكەچىداپ تۇرالماي، گومىنداڭنىڭ قارشى تۇرماسلىق توغرىسىدىكى بۇيرۇقلىرىغا قارىماي قوزغىلىپ تەجاۋۇزغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. 8 ـ ئىيۇلدا جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزى كومىتېتى: «بېيپىن بىلەن تيەنجىن خەۋپ ئاستىدا قالدى! شىمالى جۇڭگو خەۋپ ئاستىدا قالدى! جۇڭخۇا مىللەتلىرى خەۋپ ئاستىدا قالدى!» دەپ ئۇمۇمى تېلېگرامما تارقىتىپ، «بىزنىڭ بىردىن بىر قۇتۇلۇش يولىمىز، پۈتۈن مىللەتنى قوزغاپ ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشدۇر، هۇجۇم قىلغان ياپون ئەسكەرلىرىگە قەتئى قارشى تۇرۇشنى، يېڭى چوڭ ۋاقىئەگە قارشى دەرهال تەييارلىق كۆرۈشنى تەلەپ قىلىمىز. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ژۇڭگوري ـ تووەن هەممە ئادەم ياپون قاراقچىلىرى بىلەن تىنچ ئامان ئەپلىشىپ كىتەلەيمىزدەيدىغان غەرەزدىن ۋازكېچىشى لازىم» دەپ چاقىردى. (ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2 ـ توم 2 ـ نەشرى 329 ـ بەت).

لۇگوچياۋدا ئېتىلغان توپ ئاۋازلىرى پۈتۈن مەملىكەت

خەلقىنىڭ سەۋرى قاچىسىنى توشقازدى، ۋەتەنپەرۋەر خەلىق دوخمۇش ـ دوخمۇشتاغەزدپ ئاۋازلىرىنى ياڭرىتىپ، ياپونغا قارشى ئۇمۇمى يۇزلۇك ئۇرۇش باشلاشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھوكۇمىتى سۇلھ قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆزىنىڭ جەبەى ۋە ساخارلاردىكى ئورگانلىرىنى ياپون قاراقچىلىرى بىلەن مەخپى سوھبەتكەسلىپ، 11 ـ كۇنى ياپون قاراقچىلىرىنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئانگلىيە، ئامرىكا ئەخباراتلىرىنىڭ باياناتىغا ئاساسلانغاندا: ئوشەرتلەرنىڭ مەزمۇنى: 1 ـ جۇڭگو ئەسكەرلىرى لۇگۇچياۋدىن چىكىنىپ كەتسۇن، 2 ـ جۇڭگو تەرەپتىن ئىش قوزغىغان ئوفىتسەرلەرگە قاتتىق جازا بىرىلسۇن، ياپونىيەگە رەسمى رەۋىشتە ئۆزۈرقويسۇن. 3 ـ ياپونغا قارشى ھەرىكەتلەر يوقۇتۇلسۇن. 4 ـ قىزىللارغا قارشى تۇرۇش پلانى قاتتىق ئىجرا قىلىنسۇن ـ دىگەنلەردىن ئىبارەت. ئەمما مەملىكەت خەلقىنىڭ دۇشمەنگە بولغان قاتتىق غەزىۋى ئارقىسىدا، گومىنداڭنىڭ سۇلھ قىلىش ھەرىكىتى ئوز قولىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قەتئى رەۋىشتە ياپونغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى توسالمىدى. شۇۋاقىتتا ماۋزەدۇڭ بىلەن جۇدەقىزىل ئارمىيەنىڭ بۇتۇن گېنىراللىرى بىلەن بىرلىكتە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاۋانگاردى بولۇميزدپ ئۇمۇمى تىلگراممى تارقاتتى. بۇتۇن قىزىل ئارمىيەمۇ ھەرىكەتكەچىقىشقا تەييار بولۇپ بۇيرۇق كۇتتى. جۇڭگو كومپارتىيەسى 15 ـ ئىيۇلدا گومىنداڭ تە-

رەپ بىلەن سوھبەتلىشىش ئۈچۈن لۇسەنگە ۋەكىل ئەۋەتكەن-
دىن كېيىن، جاڭكەيشى 17 - ئىيۇلدا ياپونغا قارشى قاتتىق
كەيپىياتىنى بىلدۈرۈدىغان لۇسەن سوھبىتىنى ئېلان قىلىشقا
مەجبۇر بولدى. ئەمما سوھبەتتە مۇمكۇن قەدەر «تىنچلىق بىلەن
ھەل قىلىش» ئارزۇسىنى بىلدۈردى. دېمەك جاڭكەيشىدە ھە-
قىقى ھالدا ياپونغا قارشى تۇرۇش نىيىتى يوق ئىدى. نەنجىن
ھوكۇمىتىنىڭ خارجى مىنىسترلىگى ئوزىنىڭ 19 - ئىيۇلدا ياپون
قاراقچىلىرىغا ئەۋەتكەن مىمورانىدۇمىدا «تىنچلىق بىلەن ھەل
قىلىش»نى تەلەپ قىلدى. ھەتتا ياپون قاراقچىلىرىغا سۇلھە
قىلىش ئۈچۈن 29 - كورپۇسنى بىيىن بىلەن تيەنجىندىن چېكىن-
دۇر مەكچى بولدى. 29- كورپۇس جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ
«ھۇجۇم بىلەن مۇداپىئەكورۇش» دېگەن ياپونغا قارشى جىد-
دى ئۇرۇش قىلىش تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىشقا ئامال قىلالمى-
غانلىقتىن، قىسمىيەن گىنىرال، جەڭچىلەر بىيىن، تيەنجىن خەلقى
ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياردىمى سايىسىدا، ياپونغا قار-
شى باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يېتەكچىلەرنىڭ
سۇلھەچىلىك يولىغا كىرگەنلىگى، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويى-
غانلىغى، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ نۇرغۇن مىقتاردا ئەسكەر كوپەي-
تىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالدى. 26- ئىيۇلدا ياپون قاراقچى-
لىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ياردەمچى ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ،
29- كورپۇسنىڭ كوماندىرى سۇڭ جېيۈەن باۋدىڭغا قېچىپ

كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن 28 ـ ئىيۇلدىن 30 ـ ئىيۇلغىچە بېيپىن بىلەن تيەنجىن مۇنقەرىز بولدى.

بېيپىن بىلەن تيەنجىن مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن، 29 ـ كورپۇسنىڭ قىسمەن باتۇر جەڭچىلىرى 4 ئەتراپتا قاتتىق تۇردى. بولۇپمۇ بېيپىننىڭ غەربىي سەھراسىدا ياپون قاراقچىلىرى بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ئەمما قوماندا ۋە ھەربىي ياردەم بولمىغانلىقتىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاخىرى مەغلۇپ بولدى.

بېيپىن بىلەن تيەنجىن مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيەسى «پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قوزغايلى»، «خەبەينى قوغدايلى» دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بېيپىن، تيەنجىن ۋە باۋدىڭلەردە تۇرغۇنلىغان ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى، ئىنقىلابىي ياشلارنى سەپەربەر قىلىپ، يېزىلارغا ئۇۋەتىپ، دېھقانلارغا قوشۇپ، شۇيەردىكى پارتىيەنىڭ يېتەكچىلىگى ئاستىدا شىمالىي جۇڭگو بويىچە ياپونغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قوزغاشقا باشلىدى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇمۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇشنى قوزغۇشى ۋە ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ قورۇلۇشى ـ ياپون قاراقچىلىرى كەڭ كۆلەمدە قۇراللىق ھۇجۇم قىلىپ، بېيپىن بىلەن تيەنجىننى بېسىپ ئېلىش بىلەنلا قانائەتلەنمىدى. «تېز ئۇرۇشۇپ، تېز ھەل قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللۇنۇپ جۇڭگونىڭ ياپونغا

قارشى ئەسكەرلىرىنى يوقۇتۇپ، نەنجىندىكى گومىنداڭ ھوكۇ-
مىتىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈ-
تۈن جۇڭگونى بسىپ ئالماقچى بولدى. شۇ مەقسەت بىلەن
13 - ئاۋغۇستتا ئۇشتۇمتۇتلا شاڭخەيگە ھۇجۇم قىلدى. ياپون
قاراقچىلىرىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمى ۋە مەملىكەت خەلقىنىڭ كە-
كىن غەزىۋى ئاستىدا قالغان نەنجىن ھوكۇمىتى ئۇرۇشقا چى-
قىشقا مەجبۇر بولدى. شۇكۇنى شاڭخەيدىكى جۇڭگو ئەسكەر-
لىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. نەنجىن ھوكۇمىتى 14 -
ئاۋغۇستتا ياپونغا قارشى تۇرۇپ ئۆزىمىزنى قوغدايلى دەپ
خىتابنامە ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ياپونغا قارشى رەسمى
رەۋىشتە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا پېتىنالمىدى. ھەتتا تەسلىم بو-
لۇشقا ئۇرۇن قالدۇرۇش ئۈچۈن - ياپون بىلەن مۇناسىۋەتنى
ئۈزمىدى. ئەمما پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيە-
سى يېتەكچىلىكى ۋە چاقىرىغى ئاستىدا نەنجىن ھوكۇمىتىنىڭ سول-
ھىگە قارىماستىن، مىللىتىمىزنى مۇداپىئە قىلىدىغان مۇقەددەس
ئازاتلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغان ۋاقىتتا
نەنجىندىكى گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسىتى
مەملىكەتنىكى ئەپكار ئاممىنىڭ ھايداقچىلىقى بىلەن، ئېلگىر-
كىگە نىسبەتەن ئاز - تولا ئۆزگۆرۈشكە مەجبۇر بولدى: ئالدى
بىلەن ۋەتەنپەرۋەرخەلىقنى فاشىستلارچە باسىدىغان «دولەتكەزى-

يان يەتكۈزگۈچىلەرگە جىددى چارە كۆرۈش قانۇنى» نى تۈزۈتۈپ، ۋەتەن قوغدىغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىرىدىن بول- غان شىن جۇنرۇ، زۇتاۋفىڭلەرنى ۋە بىر بولۇم «سىياسى گۇناھكار» لارنى قاماقتىن بوشاتتى. 22- ئاۋغۇستتا غەربى شى- مالدىكى قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاساسى كۈچىنى مىللى ئىنقىلاپ ئارمىيەسىنىڭ 8- ئارمىيەسىگە ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا جۇدەنى باش قوماندان، پېڭ دەخۇەينى مۇئاۋىن باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەنلىگىنى ۋە بۇكورپۇسقا 3 دىۋىزىيە (لىك بياۋنىڭ 115- دىۋىزىيەسى، خەلۇڭ نىڭ 120- دىۋىزىيەسى، لىۇبەچىڭ- نىڭ 129- دىۋىزىيەسى) قارايدىغانلىغىنى رەسمى ئېلان قىلدى. 8- ئارمىيە 25- ئاۋغۇستتا ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ماڭدى.

ماۋزېدۇڭ باشچىلىغىدىكى جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركى- زى كومىتېتى 25- ئاۋغۇستتا «ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە 10 ماددىلىق پروگرامما» ئېلان قىلدى. «ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت- تىكى ئەسكىرى كۈچلەرنى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئو- مۇمى سەپەربەرلىككە كەلتۈرەيلى. سىياسى ئورگانلارنى، يا- پونغا قارشى تاشقى سىياسەتنى ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى مالىيە ئىقتىسادى سىياسەتنى تۈزۈتۈپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، ياپونغا قارشى تەربىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، خائىن ۋەتەن ساتقۇچى ياپونپەرەستلەرنى تازىلاپ ئارقا سەپنى ۋە ياپونغا

قارشى مىللى ئىتتىپاقنى مۇستەھكەملەيلى» دېگەن تەشەببۇسلار-نى ئوتتۇرىغا ئاتتى. كومپارتىيە ئەئزالىرىنى «ئوزىمىزنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ژۇرىگىگە ئايلاندۇ-رايلى»- دەپ چاقىردى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىغا ياپون-غا قارشى ئۇرۇشنى ئۇزۇنغا سوزۇپ، ئاخىرقى غالىبىيەتنى قول-غا كەلتۈرەيلى دېگەن ئىستراتىگىيىلىك نىشانىنى قويدى ۋە خەلىق-قە روشەن كۆرەش نىشانىسىنى ۋە يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

شۇۋاقىتتا، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزى كومىتېتى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ گومىنداڭ بىلەن يەنە ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى خىتاپنامىنى گومىنداڭ تەرەپكە تاپشۇرغان ئىدى. نەنجىڭدىكى گومىنداڭنىڭ مەركىزى ئەخبا-رات ئىدارىسى بۇ خىتاپنامىنى كېچىكتۈرۈپ 23-سېنتەبىردە ئېلان قىلدى. شۇۋاقىتتا جاڭكەيشىمۇ بىرلىشىشنى قوبۇل كۆرۈ-دىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سوھبەت ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇندىن باشلاپ جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكىدە ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپ رەسمى قۇرۇلدى.

بەينەلمىلەل تەرەپتە: ئاۋغۇستتا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن يەنە «جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە تەجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى»نى تۈزۈپ، جۇڭگوغا كۈچلۈك دوستانە ياردەم بەردى. نەنجىڭ ھوكۇمىتى 12-ئوكتەبىردە يەنە جەنۇپ تەرەپتىكى قىزىل ئارمىيەنى يېڭى 4-

ئارمىيەگە ئۆزگەرتكەنلىگىنى يەتيك بىلەن شاڭ يىڭ نى كو-
ماندىر ۋە مۇئاۋىن كوماندىر قىلىپ تەئىنلىگەنلىگىنى رەسمى
ئىئلان قىلدى. قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاساسى كۈچى 1934 - ژىلى
ئوكتەبردە بۇيەردىن چىقىپ كەتكەندىن تارتىپ، جەنۇپ تە-
رەپتىكى 8 ئۆلكە - 40 نەچچە ناھىيەدىكى پارتىزانلىق رايئونى-
دا، ناھايىتى ئېغىر شارائىت ئاستىدا، خەلىق پارتىزانلىق
ئۇرۇشىنى داۋام ئەتتۇرگەن بۇ باتۇر ئىنقىلابى كۈچ ئەنە-
شۇ ئۆزگۈرۈشتىن باشلاپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىكى مۇھىم خە-
لىق قۇراللىق كۈچىگە ئايلاندى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا بىر-
بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى تۈرلۈك يول تۇ-
غۇلدى - جاڭگەيشى گۇرۇھىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش-
تىن مەقسىدى نىمەئىدى؟ ئۇلارنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش
قىلىشقا تۇتقان يولى قايسى؟ ئەسلىدە جاڭگەيشى قاتارلىق 4
چوڭ ئائىلە باشچىلىغىدىكى چوڭ پومششىك، چوڭ بۇرژۇئا-
زىيە لاگىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كىيىن،
ئانگلىيە، ئامرىكا ئىمپىرىئالىزمى ۋە 4 چوڭ ئائىلە باشچىلى-
غىدىكى چوڭ پومششىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئى-
تىنى ئاساس قىلدى. ئۇلار فىئودالليق يەر تۈزۈمىنى ساقلاشنى
ئاساس قىلغان، خەلىقنى ئېزىدىغان، ئۇرۇشقا پاسسىفلىق قىلىپ،
سۇلىھكە تەييارلىنىدىغان يولداماگدى. ئۇلارنى «13 - ئاۋغۇست»

دىن كېيىن، مەجبۇرەن ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىشقا 1ـ خەلقنىڭ ياپونغا قارشى دولقۇنى مەجبۇرقىلدى، ئەگەرئۇلار ياپونغا قارشى تۇرمايدىغان بولسا، مەملىكەت خەلقى ۋە بارلىق ياپونغا قارشى تەشكىللىك كۈچلەر ئۆز ـ ئۆزىدىن ياپونغا قارشى قوزغۇلۇدۇ، «...... مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاپ دولقۇنى جاڭگەيشىنى سوقۇپ كېتىدۇ» . («جاڭگەيشىنىڭ ئۇختۇرۇشى توغرىسىدا ئۇختۇرۇش» ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 1ـ توم 2ـ نەشىر 239ـ بەت) مۇنداق بولسا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ساقلاپ قالالمايتتى، 2ـ ياپون قاراقچىلىرىنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى بېسىپ ئېلىش ھەققىدىكى ئاساسى پلانى ۋە ھەرىكىتى ئانگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا جۇڭگودىكى زور مەنپەئەتلىرىگە تەجاۋۇز قىلدى؛ جاڭگەيشى باشچىلىقىدىكى 4 چوڭ ئائىلە مۇلكىنىڭ ۋە ھوكۇمرانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان ئوتتۇرا جۇڭگو ياپون قاراقچىلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەھدىدى ئاستىدا قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى قوراللىق كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ، ياپون قاراقچىلىرىغا بەلگۈلۈك زەربە بېرىپ، بىر ئاز پايدىلىق شارائىت پەيدا قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، سۈلھە قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىستىبداتچىلىقىنى داۋاملىق ساقلاشقا ھەمدە ياپون قاراقچىلىرىنى ئانگلىيە بىلەن ئامېرىكىغا بەلگۈلۈك چەكتە يول قويۇشقا مەجبۇرقىلىشنى كۆزلىدى. ئۇلارنىڭ «كومپارتىيە بىلەن

بىرلىشىش» دىن مەقسىدى «باشقىلارنىڭ قىلىچى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش» ئىدى. چۈنكى ئۇلار 10 ژىل «ھۇجۇم قىلىپ» جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيەسىنى يوقۇتالمىغان ئىدى. بۇ نۆۋەت «كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش» دېگەن نام ئاستىدا، بىر تەرەپتىن، ياپون قاراقچىلىرىدىن پايدىلىنىپ قىزىل ئارمىيەنى يوقاتماقچى بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قىزىل ئارمىيە كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ياپون قاراقچىلىرىغا زەربە بېرىپ پايدىلىق شارائىت يېتىپ كەلگەندە ياپون قاراقچىلىرى بىلەن سۈلھە قىلىشىپ، قىزىل ئارمىيەنى ئارىغا ئېلىپ يوقۇتۇپ، بىر تاياقتا ئىككى پاختەكنى سوقماقچى بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭگەيشى ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھى كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سىياسەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ھەر ۋاقىت تەييارتۇردى. چۈنكى ئۇلار ياپون قاراقچىلىرىغا نىسبەتەن خەلقتىن نەچچە ئون مىڭ ھەسسە قورقاتتى.

«7 ـ ئىيۇل» ۋاقىئەسىدىن كېيىن، جاڭگەيشىنىڭ نەنجىن ھۆكۈمىتى ياپون قاراقچىلىرى بىلەن «تىجلىق» سوھبىتى ئۆتكۈزۈپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئورۇنىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، ماۋزېدۇڭ 23 ـ ئىيۇلدا «ياپونىيەنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشنىڭ نىشانىسى، چارىسى ۋە ئىستىقبال» (ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2 ـ توم 2 ـ نەشرى 329 ـ 337 بەتلەر) دېگەن ماقالى-

سینی ئسلان قیلیپ، یاپونغا قارشی تۇرۇش مەسیلیسیدە 2تۇرلۇك
نیشانە ، 2 تۇرلۇك چارە ۋە 2تۇرلۇك ئیستیقبال بارلیغینی كور-
سەتتی. بۇنیڭ بیر تۇرلۇگی یاپونغا قارشی قەتئی ئۇرۇش قیلیش،
یاپونغا قارشی قەتئی ئۇرۇش قیلیش نیشانیسیغا سادیق بولغان
ئادەملەر ئەلۋەتتە خەلیق ئاممیسیغا یولۇنۇش چاریسینی قوللۇنۇدۇ،
شۇنیڭ بیلەن ئازات ئیستیقبالغا ئېریشیدۇ؛ ئەكسیچە نیشانە یا-
پونغا قارشی قەتئی ئۇرۇش قیلیش بولماستین، سولیھ قیلیش،
یول قویۇش بولسا، ئەگەر چاریسی خەلیققە یولۇنۇش بولمیسا،
نەتیجیدە ئۇلارنیڭ ئیستیقبالی هایۋان قاتاریدا قوللۇقتا چۇشۇش-
تین ئیبارەت بولۇدو. مانا بۇ بیر- بیریگە ئوخشیمیغان 2 تۇرلۇك
یول. جاڭكەیشی ئەكسییەتچیلیری گروهی ئەنەشۇكیینكی ۋەتەننی
مۇنقەرز قیلیش یولیغا ماڭدی. ماۋزەیدۇڭ یېتەكچیلیگیدیكی
پرولیتاریئات سینیپینی باش قیلغان خەلیق ئاممیسی بیرینچی تۇر-
لۇك یولنی میللی ئازاتلیق یولینی هەقیقی رەۋیشتە ئیجرا قیلدی.
بۇ 2تۇرلۇك یولنیڭ كورۇشی بۇتۇن یاپونغا قارشی ئۇرۇش جە-
ریانیدا داۋام قیلیپ تۇردی.

گومینداڭ ئەسكەرلیرینیڭ هەدەپ چېكینیشی
8- ئارمییەنیڭ ئارقیمۇ- ئارقا غەلیبە قازینیشی-

خۇددی ماۋزەیدۇڭ ئېیتقاندەك، جاڭكەیشی گروهینیڭ خەلیققە
قارشی یولینیڭ یېتەكچیلیگی ئاستیدیكی خەلیققە قارشی قوراللیق
كۇچلەر سوقۇشقان فرونتلاردا ئۇلار خەلیققە یولۇنۇش بۇیاقتا

تۇرسۇن، بەلكى ھەممە جايدا خەلىقنىڭ ياپونغا قارشى ھەرىكەت-لىرىنى باستى. شاڭخەيدە ئۇرۇش بولغان ۋاقىتلاردا ئۇرغۇن ۋە-تەن قوتقۇزۇش جەمئىيەتلىرى فرونتقا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، جاڭكەيشى ئىشپىئونلىرى «خائىنلاردىن ئېھتىيات قىلىمىز» دىگەن باھانە بىلەن ئۇلارنى رەت قىلدى. ئالدىنقى سەپتە قانغا چومۇلۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان جەڭچىلەر ئاچ قالدى، ياردار بولغانلارنى داۋالاشقا، ئۆلگەنلەرنى كۆمۈشكە ئادەم چىقمىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «خائىن»لارغا نىسبەتەن خەلىقتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. ئەمما ئەمىلىيەتتە خائىنلار ئۇلارنىڭ ئوز ھوكۇمىتى ئىچىدە ئۇرەتتى؛ مەسىلەن: شاڭخەيدە ئەمدىلەتىن ئۇرۇش باشلانغاندا نەنجىن ھوكۇمىتى جاڭجاڭ دەر-ياسىنى توسۇپ، بۇ دەريادىكى بارلىق ياپون ھەربى پاراخودلا-رىنى تۇتۇپ ئېلىشقا قارار قىلغان ئىدى. مەجلىس تۈگەر-تۈگۈ-مەستىنلا ياپون قاراقچىلىرى بارلىق پاراخودلىرىنى بىر كېچىدىلا جاڭجاڭدىن ئەپ چىقىپ كەتتى. ئەسلىدە گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئىچىدىكى مەخپى ھوججەتلەر كاتىۋى خائىن خۋاڭ يۈڭ ياپون ئىشپىئونى ئىدى، ئۇ مەجلىستىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى خەۋەرنى ياپون قاراقچىلىرىغا مەخپى ھالدا بىلدۇرۇپ قويغان ئىدى. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بەزى توۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسەر ۋە ئەس-كەرلەرنىڭ قەھرىمانلىقلىرى -مەسىلەن: باۋشەندىكى قانلىق ئۇ-رۇش، «سى خاڭ ئامبىرى» دىكى 800 قەھرىمان -جاڭكەيشىنىڭ

خەلىققە قارشى يولى يتەكچىلىگىدىكى ئەسكەرلەرنى مەغلۇبىيەت تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرالمىدى. شىمالى جۇڭگو فرونتىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاۋغۇستتىن-نويابىرگىچە نەنكۇ، جاڭجاكۇ، داتۇڭ، باۋدىڭ، ساڭجۇ، جىنىڭ، گۇيسۇي، باۋتۇ، شىجاجواڭ، شيەتەي، دەجۇ، ئەنياڭ، داميڭ ۋە تەييۈەن قاتارلىق ميڭلىغان يوللۇق يەرلىرىمىزنى بىر مەغلۇبىيەت بىلەن دىگىدەكلا قولدىن بەردى. گۈزەل زىمىنلىرىمىزنى ئازۋاقىت ئىچىدىلا، دۈشمەنگە بىرىپ قويدى. دىۋىزىيەلەپ ئەسكەرلەر يوقالدى، نۇرغۇنلىغان يەرلىرىمىز قولدىن كەتتى، شۇنداق قىلىپ بۇ ئەكسىيەتچى يول خەلىقنى قۇللۇق ئازاۋىغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئەمما ماۋزەيدۇڭچە خەلىق يولىنىڭ يتەكچىلىگى ئاستىدىكى خەلىق قۇراللىق كۈچلىرى ئوز ئۇستىگە ئالغان فرونتلاردا ئارقىمۇ-ئارقا غالىبىيەت قازاندى. ياپون قاراقچىلىرى 23-سىنتەبىردە پىڭشىڭگوەن، يامىڭگوەن فرونتىغا ھۇجۇم قىلغاندا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى دۈشمەننىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ياپون قاراقچىلىرى خۇددى ھاۋادا پەرۋاز قىلىپ ئۇچقاندەك مەغرۇرلۇنۇپ توپ-توغرى تەييۈەنگە بسىپ كىرىشكە قەست قىلدى. شۇۋاقىتلاردا ئالدىنقى سەپكە يتىپ كەلگەن 8-ئارمىيەنىڭ ئۇمۇمى سانى 30مىڭدىن ئارتمايتتى. شىمالى سەنشى فرونتىدىكى گىنىرال لىن بياۋ قوماندىسى ئاستىدىكى 115-دىۋىزىيە ئوزىنىڭ چىۋەر، جەسۇر ئۇرۇش قىلىش ئۇستىلى

بىلەن ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئوتتۇر بەنخىن دىۋىزىيەسىنىڭ 4،000دىن ئارتۇق كىشىلىك بىر برىگادىسىنى پىڭشىڭگوەندە مۇھاسىرىگە ئېلىپ 3،000دىن ئارتۇغىنى يوقاتتى. 100دىن ئارتۇق ئافتوموبىلنى بۇزۇپ تاشلىدى 1،000دىن ئارتۇق مىلتىق غەنىمەت ئالدى. زەمبىرەك، پۇلىميوت ۋە باشقا غەنىمەتلەرنىڭ ھېساۋى يوق. بۇ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ جۇڭگو فرونتىدا بىرىنچى قېتىم يىگەن نەجەللىك زەربىسى ئىدى. بۇ زور غالىبىيەت گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ زور چېكىنىشىنىڭ نەق ئەكسى بولدى. بۇ ئەھۋال پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا چوقۇم غەلىبە قازىنىدىغانلىق ئىشەنچىنى ھېساپسىز كۈچەيتتى.

2

نەنجىن قولدىن كەتكەندىن تارتىپ ئۇخەن قولدىن كەتكىچە، جاڭگەيشى گۇرۇھىنىڭ ئىككىلىنىشى، ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش ھەققىدە» دىگەن ئەسەرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى

جاڭگەيشى گۇرۇھىنىڭ ئىككىلىنىشى ۋە نەنجىننىڭ قولدىن كېتىشى - نويابىردا شاڭخەي قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ياپون قاراقچىلىرى نەنجىنگە قىستاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭگەيشى گۇرۇھى ئۈمىتسىز لىنىپ ئىككىلەنگىلى

تۇردى. جاڭكەيشى پارتىيەسى ھورمەت بىلەن باش ئۇرۇدىغان
گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرى ئەسلىدە ياپونىيە بىلەن جاڭكەي-
شى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۈزۈتۈش غەمىدا ژۈرەتتى. شۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گېرمانىيە ئەلچىسى تودى مەن 2-دېكا-
بردا (نەنجىن قولدىن كىتىش ئەرپىسىدە) نەنجىنگە كېلىپ
جاڭكەيشى بىلەن كورۇشۇپ، ياپون قاراقچىلىرى ئۇرۇشنى توختۇ-
تۇش ھەققىدە قويغان مۇنداق 6تۈرلۈك شەرتنى يەتكۈزدى:
(1)قورچاق مانجورىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە مۇستەقىللىقىنى ئىقرار
قىلىش؛ (2)خەيلىڭچى-ئۇمىسى توختۇمىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەي-
تىپ، شىمالى جۇڭگونى ئەسكەر تۇرغۇزۇلمايدىغان رايئون قىلىپ
بەلگۈلەش؛ (3)ئۇسۇڭكۇ-شاڭخەي توختۇمىدىكى قۇرالسىز راي-
ئوننى كېڭەيتىش، جۇڭگو ساقچىلىرى ئورنىغا خەلقئارا ساقچى-
لارنى قويۇش؛ (4)جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئىقتىسادتا بىرلىشىپ
ئىشلەش؛...... (5)جۇڭگو بىلەن ياپونىيە كوممۇنىزمغا بىرلىكتە
قارشى تۇرۇش؛ (6)ياپونغا قارشى ھەرىكەتلەرنى تۈپ ژىلتىزىدىن
يوقۇتۇش (گەنجىيەخۇنىڭ دولەت خەلىق سىياسى مەجلىسىگە
بەرگەن تېلىگراممىغا قارالسۇن). جاڭكەيشى ۋە گومىنداڭنىڭ سەر-
دارلىرى مەجلىس ئېچىپ، بۇ مەشھۇر ۋەتەن ساتقۇچ شەرتلەر
ئۈستىدە مۇزاكىرە ژۈرگۈزدى. مۇزاكىرە جەريانىدا، بەي-
جۇڭشى، گۇجۇتۇڭ، شۇ يۇنچاڭلار بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلسا،
بولۇدۇ-دىگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلىدى. تېلىگرام ئارقىلىق يەن-

شى سه ندىن مه‌سلىهه‌ت سورىغانـدا، ئۇ هه‌م قوبۇل قىلغانـلىغىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىله‌ن جاڭكه‌يشى: 1ـ گىرمانىيه‌نىڭ ئه‌پله‌شـتۈرۈپ قويۇشىنى ره‌ت قىلىش لازىم ئه‌مه‌س، چۇنكى بۇ شه‌رتـله‌رنى ۋه‌ته‌ننى مۇنقه‌رىز قىلىدىغان شه‌رت دىگىلى بولمايدۇ (؟!)؛ 2ـ شىمالى جۇڭگو هاكىمىيىتىنى ساقلاپ قىلىشىمىزلازىم(؟)دىدى (ئالى، دوله‌ت مۇداپىئه مه‌جلىسىنىڭ خاتىرىسىگه قارالسۇن). كه‌چقۇرۇندا جاڭكه‌يشى يه‌نه تودى مه‌نگه: ياپونىيه‌گه ئىشه‌نـگىلى بولمايدۇ، ياپونىيه‌نىڭ سوزىنىڭ ئىشتىبارى يوق، بىزنىڭ ئوبدان دوستىمىز گىرمانىيه، گىرمانىيه‌نىڭ ئه‌پله‌شتۈرۈپ قويۇش دىگه‌ن هىممىتىگه ره‌خمه‌ت بىلدۈرۈش ئۈچۈن، زۇقۇرىـدىكى شه‌رتله‌رنى سوهبه‌تكه ئاساس قىلىشقا ته‌يارمىز دىدى.

ياپونىيه بىله‌ن جاڭكه‌يشى ئوتتۇرىسىدىكى بۇسۇئى قه‌ستلىك ۋه‌ته‌ن سودىسى جۇڭگو كومپارتىيه‌سى بىله‌ن مه‌ملىكه‌ت خه‌لقىنىڭ ياپونغا قارشى قايناپ تاشقان ئوتلۇق ئه‌زىۋى ئاستىدا، گومىنـداڭ ئىچىدىكى ۋه‌ته‌ننى مۇنقه‌رىز قىلىشنى خالىمايدىغان به‌زى ئاده‌مله‌رنىڭ قارشىلىغى ئاستىدا، ۋۇجۇتقا چىقمىدى.

ياپون قاراقچىلىرى دىكابىردا، ئۈچ يولغا بولۇنۇپ، نه‌نجىنى مۇهاسىرىگه ئالدى. گومىنداڭنىڭ 150مىڭ ئه‌سكىرى جاڭكه‌يـشىنىڭ خاتائىستىراتىگىيك قوماندىسى ئاستىدا، شه‌هه‌رگه توپلۇنۇپ ئالدى، قول قوشتۇرۇپ هۇجۇمغا چىقماي ئولۇمنى كۈتۈپ ئولتۇـرۇشتى. كىيىن دۇشمه‌ن ئه‌سكه‌رلىرى قىستاپ كه‌لگه‌نده ئالدىـ

راپ- تنەپ چكيندى. چكينيش بۇيرۇغىدا 150مىڭ ئەسكەرگە چكينيش ئۈچۈن بىرلا يول كورسۇتۇلگەنلىكتىن، ۋاقىت ۋە تەر- تىپ كورسۇتۇلمىگەنـلىكتىن، نەتىجىدە يول تىخما-تىخما بولۇپ توسۇلۇپ، تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ، ئەسـكەر، خەلىق، قىرى- ياش پاتپاراقلىشىپ قېچىشتى. بەزىلىرى دەرياغا چۈشۈپ ئۆلدى، بەزىلىرى دەسسىلىپ ئۆلدى. گومىنداڭنىڭ زۇڧۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بارلىق قاتناش قوراللىرىنى ئوز قولىغا كىرگۈزۈپ ئالغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئوزىنىڭ خۇسۇسى نەرسە- كېرەكلىي- رىنى بىسىپ قاچتى. نەنجىن ئۇرۇشسىزلا دۇشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى. مىللىئونلىغان خەلىق ياپون قاراقچىلىرى شەھەرگە كىر- گەندىن كىيىن ۋەھشىلەرچە قىرغىنغا مۇپتىلا بولدى. كىيىن، ژىراق شەرق خەلىقئارا سودىنىڭ دۇشمەن باشلىغى گوشۇفۇ ئۇس- تىدىن چىقارغان ھوكۇمنامىسىدىكى ئىستاتىستىك ھۆججەتـلەرگە قارىغاندا: بىزنىڭ ئەسكەر ۋە خەلىق بولۇپ 190 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىمىز دۇشمەن قولىدا ئولگەن ۋەتىرىك كومۇلگەن. بۇندىن باشقا پارچە-پۇرات ئولتۇرۇلگەن ۋە كومۇلگەن جەسەدلەر 150 مىڭغا يىتىپ بارىدۇ. ئۇمۇمەن بىزنىڭ 300مىڭدىن ئارتۇق قېرىن- دىشىمىز ئېچىنىشلىق ھالدا ئولگەن! ياپون ئەسكەرلىرى شەھەر ئىچىدە «ئادەم ئولتۇرۇش مۇسابىقىسى» بىـلەن ھوزۇرلانـدى. 9 ياشتىن 76 ياشقىچە ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى. بەزى- لىرى باسقۇنچىلىق قىلىپ بولغاندىن كىيىن، ئاياللارنىڭ قورساق-

لىرىنى يىرىپ تاشلىدى. دېمەك، نەنجىن شەھىرى ژىغا-زىرە، داد-پەرياد بىلەن تولدى! (ھەر بىر ۋىجدانلىق جۇڭگو كىـ-شىسى بۇ قانلىق دەرت-ئەلەملەرنى ئۇنۇتماسلىقى لازىـمدى، ئەمما، ياپون تەسلىم بولغانـدىن كېيىن، ۋىجدانسىز جاڭـكەيشى «دۈشمەنگە مۇھەببەت باغـلىشىمىز لازىـم»-دەپ نۇرغۇن مۇھىم جاللات-ئۇرۇش گۇناھكارلىرىنى قاماقتىن بوشۇتـۇپ ياپـونىيەگە قايتۇرىۋەتتى).

شۇى جۇقولدىن كەتكەندىن تارتىپ-ئۇخەن قولدىن كەتكىچە، تېز غەلىبە قازىنىش تەئلىما-تى بىلەن مۇنقەرىزلىك تەئلىماتىنىڭ ئەۋج ئىلىشى -ياپون قاراقچىلىرى 1933-ژىلى مارتتا، سەندۇڭ ئولكىسىنىڭ تەي ئرجواڭ دىگەن يىرىگە ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن ئەسكەر-لىرى ئاجىزراق كەلگەنلىكتىن، جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلغانـلىقى ۋە تەي ئرجواڭ خەلقىنىـڭ ياردەم قىلغانلىقىدىن، 8-ئارمىيە بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ دۈشمەن ئارقاسىدە كەڭ كولەمدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ نۇرغۇن دۈشمەننى ملىكە قىلىپ، دۈشمەننى چارىسىز قالدۇرغانـ-لىقتىن تەي ئرجواڭ فرونتىدا بىرقىتىملىق غالىبىيەت قولغا كەل-دى. گومىنداڭ ھەربى يتەكچىلىرى ئازغىـنە غالىبىيەت بىلەن مەست بولۇپ «قايتارما ھۇجۇم باشلاندى» دەپ ۋاقىراپ نەچچە ئون دىۋىزىيە ئەسكەرنى شۇى جۇغا توپلاپ ياپون ئەسكەرلىرى

بىلەن «ھەل قىلـىنۇچ ئۇرۇش» قىلماقچى بولدى . نەتىجىدە ئارقا يولىنى دۈشمەن ئۈزۈپ قويدى . شۈي جۈنى ساقـلاپ ياتقان ئەسكەرلەر 19ـ مايدا ، يەنە بىر قېتىم ناھايىتى قاتتىق چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ، دۈشمەننىڭ ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ، ناھايىتى قاتتىق زىيانغا ئۇچرىدى . قوماندىدا ئاجىز كەلگەن ، دۈشمەنتى توسالمىغان جاڭگەيشى گۇروھى جىڭـجۈنىڭ شەرقى شىمالىدىكى خۇاڭخە دەرياسىنىڭ جاۋكۇ ، خۇاـيەنكۇدىگەن ئېغىزلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ ، دۈشمەنـنى خۇاڭخە دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن توسماقچى بولدى . نەتىجىدە خۇاڭخە دەرياسى ئېقىۋاتقان يولىنى ئۆزگەرتىپ تىشىپ 20 نەچچە ناھىيەنى سۇ بېسىپ كەتتى . بېيپىنـخەنكو تومۇر يولىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ زىمىنلار چاپسانلا كۆلگە ئايلاندى . ئېتىزـئېرىقنى سۇ باستى . نەچچە مىلىيونلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جانلىرى ۋە مال مۈلـكى زور ئاپەتكە ئۇچرىـدى . جاڭـكەيشى گۇروھىنىڭ «قايتارما ھۇجۇم» ، «ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش»لىرىنىڭ «ئاقىۋىتى» ئەنەشۇ !

شۈي جۇ قولدىن كېتىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن گومىنداڭ ھاـكىمدارلىرى گۇروھى ئىچىدە «مۇنـقەـرىـزلىك تەئـلىماتى» ۋە «چاپسان غەلىبە قازىنىش تەئلىماتى» ناھايـىتى ئەۋج ئالدى . ۋاڭجىڭۋى ، خەيىڭچىڭ ۋە جاڭچۈنلەر باشچىلىقىدىكى ياـپونپەرەست «مۇنقەرىزلىك تەئلىمات» چىلىرى «ھەممىنى ھەربى قورال ھەل قىلىدۇ» دىگەن تەئلىماتـنى تەشـكىتلەپ ، دۈشمەن

كۈچلۈك، يېزبولساق كۈچسىز، جۇڭگونىڭ قۇرال-جابدۇقلىرى
باشقىلارغا يەتىشالمايدۇ، بولۇپمۇ دېڭىز ۋە ھاۋا ئەسكەرلىرى
ناچار، شۇنىڭ ئۈچۈن «ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەغلۇپ بولماي
قالمايدۇ» ياكى «يەنە ئۇرۇشساقمۇ مەغلۇپ بولماي قالمايمىز»،
ئۇرۇش نەتىجىسىدە بەربىر «دولەت مۇنقەرىز بولىدۇ» دېيىشتى.
ئۇلار خەلقنى «ھەممىنى خانىۋەيران قىلىش يولى بىلەن ياپونغا
قارشى تۇرۇمىز» دەپ قورقۇتتى. «ئۇرۇشمىساقمۇ بەختىت ئۆگدىن
كەلىپ ئامان قىلىشىمىز مۇمكۈن» دەپ ۋاقىراشتى. ھەر قاچان
ئۇرۇش ۋەزئىيىتى پايدىسىز بولسىلا، ئۇلارنىڭ گەپ-سوزلىرى
باش كوتۈرۈپ سۇلھە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنە بىر گروھ
«چاپسان غەلىبە قازىنىش تەئلىمات» چىلىرى، ياپونىيەنىڭ
جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى 3 ئايدىن 6 ئايغىچە داۋام
قىلالايدۇ، ئەگەر 6 ئايدا ئۇرۇش توگىمەي قالسا، خەلقئارا
ئەھۋال ئوزگىرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ، شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇرۇش تۈگەپ، ھەل بولىدۇ-دېيىشتى. ھەر قاچان
ئۇرۇش ۋەزئىيىتى پايدىلىق بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ كاللىسى
قىسىپ «ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىمىز»، «قايتارما ھۇجۇم قىلىمىز»،
«يېرىم ژىلدا غەلىبە قازىنىمىز»، «بىر ژىلدا غەلىبە قازىنىمىز» دەپ
ۋاقىراشتى. ئۇلارنىڭ چاپسان غەلىبە قازىنىش مەپكۇرىسى فاكت
تەرىپىدىن تار-مار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئۈمىتسىزلىنىپ،
مۇنقەرىزلىك تەئلىماتى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. جاڭكەيشى بىر-

دەم «مۇنقەرىزلىك تەئلىماتى»نى ياقىلىدى، (ئۇ 1933 ـ ژىلى 2 ـ دېكابردا «ئالى دەرىجىلىك باشلىقلار مەجلىسى»دە سوزلىگەن نۇتقىدا: ياپونلار خۇددى ئەزرائىل ئادەمنىڭ جېنىغا يارماشقاندەك، جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. «ئۇ بىزنى قايسى كۈنى ئولتۇرمەكچى بولسا، شۇ كۈنى ئولۇشكە مەجبۇرمىز» دېدى)، بىردەم چاپسان غەلىبە قازىنىش تەئلىماتىنى ياقىلىدى. ئاساسەن ئۇ مۇنقەرىزلىك تەرەپتارى ئىدى. شۇي جۇ چېكىنىشىدىن كېيىن، مۇنقەرىزلىك تەئلىماتچىلىرى ئۇمىتسىزلىنىپ، ناھايىتى قاتتىق ئېككىلەندى. ۋاڭ جىڭ ۋې تىنچ كېلىشىشنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاشكارە سوھبەت ئىشلان قىلغان بولسىمۇ ئەمما مەملىكەتتىكى ئەپكار ئاممىنىڭ قاتتىق زەربىسى ئاستىدا ئۆزىنىڭ بۇ مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

ماۋزەيدۇڭنىڭ «ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش ھەققىدە» دېگەن ئەسەرىنىڭ ئىشلان قىلىنىشى ـ ئەنە شۇ ئەھۋال ئاستىدا، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا نىشان قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ئۇمۇمى يۈزلۈك بىر ئىلمى ئاناليزنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ماۋزەيدۇڭ 1938 ـ ژىلى مايدا، مەملىكەت خەلقى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ توغرى قىبلەنامىسى دەپ بىردەكلا تونۇغان «ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش ھەققىدە» دېگەن ئەسەرىنى ئىشلان قىلدى. ماۋزەيدۇڭ بۇ ئۇلۇق ئەسەردە «مۇنقەرىزلىك

تەئلىماتى» بىلەن «چاپسان غەلىبە قازىنىش تەئلىماتى»غا رەددىيە بەردى. ئۇ دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ نوتتۇرىمىزدا قارىمۇ-قارشى بولۇپ تۇرغان ئاساسى نۇقتىلارنى ئانالىز قىلدى: بىر تەرەپتىن، دوشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۈشمەن كىچىك، ئارقىدا كىتىۋاتقان ياردەمچىسى ئاز بىر مەملىكەت، بىز بولساق چوڭ، ئالغا بسىۋاتقان، ياردەمچىمىز كوپ بىر مەملىكەت. «مۇنقەرىزلىك تەئلىمات» چىلىرى پەقەتلا كۈچلۈك بىلەن كۈچسىزلىك قارىمۇ-قارشىلىقىنى كورگەن، «چاپسان غەلىبە قازىنىش تەئلىمات» چىلىرى كۈچلۈك بىلەن كۈچسىزلىك قارىمۇ-قارشىلىقىنى پەقەتلا ئۇنۇتقان. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا. توغرى خۇلاسە مانا بۇنداق بولۇش كىرەك: «جۇڭگو مۇنقەرىز بولامدۇ؟ جاۋاپ: مۇنقەرىز بولمايدۇ. ئاخىرقى غالىبىيەت جۇڭگونىڭ. جۇڭگو چاپسان غەلىبە قازىنالامدۇ؟ جاۋاپ: ياق. ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلودۇ.» (ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2-توم 2-نەشىر 432-433-بەتلەر.) شۇنىڭ ئۇچۇن، ئو سىياسەتتە ۋە ئىستراتىگىيەدە ياپونغا قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشنىڭ مەيكورەۋى نىشانىسىنى قەتئىلەشتۇردى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئىستراتىگىيەۋى مۇداپىئە، ئىستراتىگىيەۋى تىركىشىش ۋە ئىستراتىگىيەۋى قايتارما ھۇجۇم باسقۇچلىرى ئارقىلىق ئاخىرقى غالىبىيەتكە ئېرىشتۇرۇش يولىنى كورسەتتى. ماۋزەيدۇڭ بۇتۇن «ئۇرۇشنىڭ بۇيۇك قۇۋۋەتلىرىنىڭ ئەڭ

جوڭگۇر ژىلتىزى خەلىق ئىچىدە» دەپ ئالاھىدە كورسەتتى (ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2- توم 2- نەشىر 501- بەت). خەلىق ئۇرۇشىنى تەرەققى ئەتتۇرىدىغان روشەن ئىستراتىگىك پلاننى، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى تەرەققى ئەتتۇرۇپ، خەلىقنى غالىبىيەتكە ئېرىشتۇرۇش يولىنى ئوتتۇرىغا قاتتى. جوڭگو كوممۇنىستلىرى جوڭگو خەلقىنى ئىتتىپاقتا كەلتۇرۇپ ماۋزەيدۇڭ يولى بىلەن ئالغا باستى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ چوقۇم غالىبىيەت قازىنىدىغانلىغى، خەلىقنىڭ چوقۇم غالىپ بولىدىغانلىغىنىڭ ئەڭ زور كاپالىتى ئەنەشۇ.

تىركىشىش باسقۇچىغا كوچۇش- ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ باشلانغۇچ ۋاقىتلىرىدا، ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئازغىنە «ئىلغار»لىق كورسۇتۇشكە مەجبۇر بولدى. جوڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ھايداقچىلىغى بىلەن 1938- ژىلى ئىيۇلدا، «دولەت خەلىق سىياسى ژىغىنى» چاقىردى. كومپارتىيەدىن ماۋزەيدۇڭ، لىڭ زۇخەن، ئۇيۇۋيجاڭ، دۇڭبى ۋۇ، چىڭ شاۋيۇي، چىڭ باڭشەن ۋە دىڭ يىنجاۋ بولۇپ 7 كىشى سىياسى ژىغىن ئەزاسى بولدى. ياپونغا قارشى پارتىيە- گروھلار ۋە ئادەملەرمۇ ژىغىنغا قاتناشتى. ژىغىندا جوڭگو كومپارتىيەسى ئومۇمى يوسۇندا ماقۇللىغان «ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، دولەت قۇرۇش پروگراممىسى» تەستىقلەندى. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدىكى رايونلاردا، بەلگۇلۇك دەرىجىدە ئاز- تولا

سوز ئەركىنلىكىگە ۋە خەلىق ھەرىكەتلىرىگە يول بىرىلدى. شۇ مەزگىللەردە مەملىكەتتە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ يېڭى روھلىرى قاينىدى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ ھوكۇمىتى 1938- ژىلى ئىيۇل ۋە ئاۋغۇست ئايلىرىدا يەنە «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازاتلىق ئاۋانگاردى»، «يى شيە تەشكىلاتى» قاتارلىق 14 ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنى تاقاپ، فاشىستلارچە «بىر پارتىيە، بىر مەسلەك، بىر داھى» دىگەن ئەفسانىلارنى داۋاملىق ۋاقىرىدى. «ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، دولەت قۇرۇش پروگراممىسى» زادىلا ئىجرا قىلىنمىدى. دولەت خەلقىنىڭ سىياسى ژىغىنى ئەسلىدە ھوكۇمەتكە تەكلىپ بىرالايدىغان ئەمما ھوقوقى يوق بىر ئورگان ئىدى. بۇ ئورگان كىيىنكى ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىلىكىگە چۈشۈپ، ئىستىبدات ھوكۇمەرانلىغىنىڭ بىزىكى بولۇپ قالدى. يوروغلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا داۋاملىق كۆرەشتى.

ياپون قاراقچىلىرى نوكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا گۇاڭجۇ بىلەن ئۇخەننى بىسىپ ئالغاندىن كىيىن، بىسىپ ئالغان يەرلىرى كېڭىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، يېڭى ئىشغال قىلغان رايونلارنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئامالىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، 8- ئارمىيە بىلەن يېڭى 4- ئارمىيە دۈشمەن ئارقىسىدا، ياپونغا قارشى بازا بەرپا قىلىپ، خەلىق قوراللىق كۈچلىرىنى رىۋاجلاندۇرۇپ دۈشمەنگە زور تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن

دۇشمەن ئارقاسەپنى مۇستەھكەملەشكە نۇرغۇن ئەسكىرى كۈچىنى ئايرىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ باشلانغۇچ ۋاقىتلىرىدىكى دۇشمەن ئۈچقاندەك توپ-توغرى ئالغا باسىدىغان ئەھۋاللار ئۆز گەردى. دۇشمەننىڭ ھەرىكىتى توختاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونغا قارشى ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا ئۆتتى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى، «7-ئىيۇل» ۋاقىئەسىدىن ئۇخەن قولدىن كەتكەنگە قەدەرجەمئى 15 ئاي داۋام قىلدى؛ بۇ 15 ئاي ئىچىدە، يېرىم فېئوداللىق ۋە يېرىم مۇستەملىكىلىك تۈزۈمىنى قوغداپ كەلگەن جاڭكەيشى ھوكۇمرانلىق رايئونى (يەئنى يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودالىق جۇڭگو) ھەر كۈنى مەملىكەت زېمىنىنى قولدىن بېرىپ تۇردى. جاڭكەيشى گۇرۇھى بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ ياپونغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى باستى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئىشەنچىلىك قىسىملىرىنى ساقلاپ ۋە كېڭەيتىپ، بۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەيرىلەرنى يوقۇتۇشقا، جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكىدىكى خەلق قىسىملىرىنى ئاجىزلىتىشقا ھەمدە «پارچە-پۇرات ئەسكەر»، «يەرلىك ئەسكەر»لەرنى يوتۇپ ئېلىپ ۋە قورۇتۇپ تۈگۈتۈپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىستىبداتلىق ھوكۇمرانلىغىنى داۋام ئەتتۈرۈش قەستىگە كىرىشتى. بۇ 15 ئاي ئىچىدە جاڭكەيشى گۇرۇھى جۇڭگونىڭ يېرىمى بولغان دېڭىز

بويلىرى ۋەدەريا بويلىرىدىكى گۈزەل زېمىنلىرىمىزنى قولدىن بېرىپ، ئۆزى سىچۇەنگە قېچىپ بېرىۋالدى. «دۈشمەن ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشۇش» ئورنىغا «قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ ئۇرۇشنى تاماشا قىلىشقا» كىرىشتى.

3

دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايون — ياپونغا قارشى دېموكراتىك بازىلارنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈشى

ياپونغا قارشى دېموكراتىك بازىلارنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈشى — ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى فرونتتا ئارقا - ئارقىدىن چېكىنگەن بولسا، بۇنىڭ تامام ئەكسىچە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەن يول بىلەن ژۈرۈپ غالىبانە ئالغا باستى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ياپونغا قارشى تۇرۇش بىلەن فېئوداليزمغا قارشى تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ كۈچىنى خەلىق ئاممىسى ئاساسىغا قۇردى. دېخانلارنى ئازات قىلىش، ئىجارە ھەققى ۋە قەرز ئۆسۈمىنى كەمەيتىش ئاساسىدا، جۇڭگو كومپارتىيەسى تەشكىللىگەن ياپونغا قارشى كۈچلەر كۈندىن-كۈنگە زورايدى. ياپون قاراقچىلىرى قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىنغان ئازات رايونلار كۈندىن-كۈنگە كېڭەيدى. «18 - سىنتەبىر»

ۋاقىئەسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى چوڭ شەھەر يېزىلاردا سىستېمىلىق رەۋىشتە ياپونغا قارشى ھەرىكەت قىلدى. گومىنداڭ رەھبەرسىز رەۋىشتە بۇزۇپ بېسىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاممە ئىچىدە مۇستەھكەم كۈچ پەيدا قىلدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش تۇغۇلغاندىن كېيىن، ياپونغا قارشى چىقىلغان بۇ «ئۇرۇغ»لار كۆكلەپ ئاممىۋى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. 1937 - ژىلى سېنتەبىردە 8 - ئارمىيە پىڭ شىڭگوەندە زور غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزى كومىتېتى «شىمالى جۇڭگو خەلقى بىلەن ھاياتماماتىمىز بىرگە بولسۇن»، «دۈشمەن ئارقىسىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرايلى»، «ياپونغا قارشى بازىلارنى قۇرايلى» دېگەن شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. ياپونغا قارشى بىرىنچى بازا - سەنشى - ساخار - خېبەي چېگارا رايونى نويابىردا 115 - دىۋىزىيەنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى نى رۇڭ جېڭ نىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن رەسمى قۇرۇلدى. ھەمدە ياپونغا قارشى خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىنى تار-مار كەلتۇرۇپ 2 مىڭدىن ئارتۇق ياپون قاراقچىسىنى يوقاتتى. ھەمدە سەنشىدە بېيىن بىلەن تيەنجىندىن قېچىپ بارغان ياشلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ «ۋەتەنپەرۋەر پىدائىيلار ئىتتىپاقى» ۋە ياپونغا قارشى پىدائىيلار ئەترىدى تەشكىل قىلدى. ياپونغا قارشى

پىدائىيلار ئەترىدى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يېڭى ئارمىيەسى ئىدى. 8 ـ ئارمىيە ئۇلارنىڭ ئوسۇشىگە بۇرا دەرلەرچە ياردەم قىلدى. خەبەيدە تۇرغۇچى شەرقى شىمال ئارمىيەسىنىڭ 35 ـ كورپۇسىـ دىن پولك كوماندىرى لىيۇجىيڭ ساۋ بىر پولك ئەسكەرگە يېـ تەكچىلىك قىلىپ گومىنداڭنىڭ جەنۇبقا چېكىنىش ھەققىدە بەرـ گەن بۇيرۇغىنى رەت قىلىپ، ئوتتۇرا خەبەيدە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى داۋام ئەتتۇردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوتتۇرا خەـ بەي، سەنشى ـ ساخار ـ خەبەي بازىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانـ دى. ئوتتۇرا خەبەيدىكى تۇڭگان قېرىنداشلار تۇڭگانلار ئەتـ رىدى تەشكىل قىلىپ، مابىن زەي نىڭ يېتەكچىلىكىدە 8 ـ ئارمىيەگە قاتنىشىپ، دۈشمەنگە زەربە بەردى. سەنشى ـ ساخار ـ خەبەي چېگارا رايونى دەستلەپكى بەي يۈي رايونى (بېيپىن ـ سۈيۈەن، بېيپىن ـ خەنكو، تۇڭ پۇ، جىڭ تەي تومۇر يوللىرى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان رايون) دىن تەرەققى قىلىپ، ئوتتۇرا خەبەي، غەربى پىڭ يوەن، شىمالى پىڭ يوەن ۋە شەرقى خەـ بەيدىن ئىبارەت 1,000 يوللۇق كەڭلىكتىكى كەڭ رايونغا يېتىپ بېرىپ، شىمالى جۇڭگودىكى دۈشمەن ئارقىسىدا، ئۇرۇشنى داـ ۋام قىلدۇرغان مۇھىم ئىستراتېگىك قورغانغا ئايلاندى.

تەي خاڭ رايونىدا گېنېرال لىيۇ بەچېڭ، دېڭ شاۋپىڭلار يېتەكچىلىگىدىكى 129 ـ دىۋىزىيە دۈشمەننىڭ نەچچە تەرەپلەپ قىلغان بىر نەچچە ھۇجۇمىنى تار ـ مار كەلتۈرگەندىن كېيىن،

نويابردا شەرقىي جەنۇبى سەنشى بازىسىنى قۇردى . 8 ـ ئارمىيە نىڭ باش شتابى ئەنە شۇيەرگە جايلىشىپ، بۇيەر شىمال تەرەپ- تىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىدىغان مەركىزى رايئونغا ئايلاندى . دىكابردا شەرقىي جەنۇبى سەنشىدىكى ئەسكەر ۋە خەلىق دۈشمەننىڭ 6 تەرەپلەپ قىلغان ھۇجۇمىنى تار ـ مار كەلتۇردى . نويابىر ۋە دىكابر ئايلىرىدا ئاۋانگاردلار ئەترىدى ، شەرقتە قاراپ ئىلگىرلەش كالونىسى تەشكىللىنىپ بىپىن ـ خەنكۇ تومۇر يولىنى كىسىپ ئوتۇپ ، 1938 ـ ژىلى خە- بەي، سەندۇڭ ، خەنەن تۈزلەڭلىكلىرىگە كىرىپ، شۇ يەردىكى پارتىيە يىتەكچىلىگىدىكى ياپونغا قارشى يەرلىك قۇراللىق كۈچ- لەر بىلەن بىرلەشتى. ئاپرىلدا يەنە دۈشمەننىڭ 9 تەرەپلەپ قىلغان ھۇجۇمىنى تار ـ مار كەلتۇرۇپ، 4 مىڭ دۈشمەننى يوقات- تى. كىيىن شەرقىي جەنۇبى سەنشى بازىسى سەنشى ـ خەبەي ـ خەنەن بازىسىغا ئايلاندى .

سەندۇڭدا، كومپارتىيە يىتەكچىلىگىدىكى پارتىزانلارمۇ 1937 ـ ژىلى قىشتا تەي، يى تاغلىقلىرىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرا سەندۇڭ بازىسىنى قۇرۇپ، كىيىن بۇ بازا تەرەققى قى- لىپ سەندۇڭ بازىسىغا ئايلاندى .

1938 ـ ژىلى مارتتا، يەئنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى فىڭ- لىڭ دۇ قاتارلىق جايلارنى تاشلاپ قاچقان ۋاقىتلاردا، گىنرال خەلۇڭ، گوەن شاڭ يىڭلار يىتەكچىلىگىدىكى 120 ـ دىۋىزىيە

ياپون قاراقچىلىرىنىڭ 26 ـ دىۋىزىيەسىنى كە فۇڭ دىگەن جايدا يوقۇتۇپ، كەفۇڭ ۋەنىڭ ئۇ قاتارلىق 7 ناھىيەنى قولغا كەلتۇرۇپ، غەربى شىمالى سەنشى بازىسىنى قۇردى. ئاۋغۇستتا يەنە كۆچلۈك بىر برىگادىنى سۇيىۋەنگە ئەۋەتىپ دا چىڭ تاغلىرىغا كىرگۈزۈپ دا چىڭ بازىسىنى قۇردى. كىيىنكى ۋاقىتلاردا غەربى شىمالى سەنشى بازىسى كېڭىيىپ، سەنشى ـ سۇيىۋەن بازىسىغا ئايلاندى.

شۇ ژىلى مايدا يىڭى 4 ـ ئارمىيە چاڭجاڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بسىپ كىرىپ، قۇرال يارا غلىرى ناچار بولسىمۇ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تاشلاپ قاچقان جەنۇبى جاڭسۇ ۋە خوەيخە دەرياسىنىڭ جەنۇبى ھەم شىمالىدا بازا قۇرۇپ دۈشمەنگە ناھايىتى چوڭ زەربە بەردى. شۇ ئايدا 129 ـ ۋە 115 ـ دىۋىزىيەنىڭ ئاساسى كۆچلىرىنىڭ بىرقىسمى خەبەي ـ سەندۇڭ ـ خەنەن تۈزلىڭگە بسىپ كىرىپ 30 نەچچە ناھىيەنى قولغا چۈشۈرۈپ خەبەي ـ سەندۇڭ ـ خەنەن بازىسىنى قۇردى. بۇ ۋاقىت گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شۇي جۇنى تاشلاپ قاچقان بىر ۋاقىت ئىدى.

ئىيۇلدا 8 ـ ئارمىيەنىڭ دىڭ خوا بىلەن سۇڭ سىلۇڭ يىتەكچىلىكىدىكى ئەترەتلىرى شەرقى خەبەيگە بسىپ كىردى. شۇ يەردىكى كوممۇنىست لى يۈن چاڭ لارنىڭ يىتەكچىلىكىدە نەچچە يۈز مىڭلىغان خەلىق مەشھۇر شەرقى خەبەي قوزغىلى-

گىنى قوزغاپ، شەرقى خەبەي بازىسىنى قۇردى. كېيىن، بۇ بازا رەخە بىلەن لياۋنىڭغىچە كېڭىيىپ بېرىپ خەبەي ــ ساخار ــ رەخە ــ لياۋنىڭ بازىسىغا ئايلاندى. شۇ ئايدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى شەرقى جاڭسۇ بازىسىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئارمىيەمىز تەرىپىدىن زەربە يەپ چېكىندى. سېنتەبردە 50 مىڭ دۈشمەن 25 تەرەپلەپ سەنشى ــ ساخار ــ خەبەي بازىسىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ زەربىمىز بىلەن 7 مىڭ ئەسكىرىنى يوقىتىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يارىدار قىلىپ چېكىندى. ئوكتەبردە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى گۇاڭجۇ بىلەن ئۇخەننى قولدىن بەردى. كوممۇنىست زۇڭ سىك لەر گۇاڭدۇڭ بىلەن دۇڭجاڭدا ياپونغا قارشى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ تەشكىللىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. كېيىن بۇلار تەرەققىي قىلىپ جەنۇبى جۇڭگودىكى ياپونغا قارشى كالونىغا ئايلاندى.

جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكىدىكى ھاكىمىيەتلەر ھەر قايسى بازىلاردا، ئىجارە ھەققى بىلەن قەرز ئۆسۈمىنى ئازايتىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلدى. ھەمدە يەر بېجى ئېلىشنى توختاتتى. پارچە ــ پۇرات باجلارنى مەنئى قىلدى. ياپونغا قارشى ئەسكەرلەر ئائىلىسىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. ھەمدە يەنە «كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش» دېگەن توغراسلىقنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى تەئمىن قىلدى.

ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەردە دېموكراتىك تۈزۈم يولغا قو-
يۇلۇپ، خەلق يىغى ھاكىمىيەتكە خوجا بولدى. ئاممە سەپەر
بەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، خەلق قوراللاندۇرۇلۇپ، خەلق ئەس-
كەرلىرى تەشكىل قىلىنىپ، بازىلار كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى.

دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايونلارنىڭ زو-
رىيىشى، تىركىشىش باسقۇچىنىڭ يېتىپ كېلىش
سەۋەبىدۇر- ياپونغا قارشى خەلق كۈچلىرىنىڭ زورىيىشى،
دۈشمەن ئارقىسىدىكى ياپونغا قارشى بازىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە
ئوسۇشى، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئستراتېگىك مۇداپىئە باسقۇ-
چىدا ئېلگىرلىشىنىڭ ئاكتىۋ ئامىلىدۇر. بۇ ياپونغا قارشى بازىلار
خۇددى خەنجەرگە ئوخشاش دۈشمەن ژورىگىگەكىرىپ، دۈش-
مەننى ناھايىتى ئېغىر تەشۋىشكە چۈشۈردى.

دۈشمەنلەر گومىنداڭ فرونتلىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ۋە ئو-
خەننى ئىشغال قىلغان مەزگىللەردە دۈشمەن ئارقاسىدىكى
جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئازات رايون
فرونتلىرىدا جەمئى 1،000 نەچچە نوۋەت ئۇرۇش بولۇپ، 20 مىڭ-
دىن ئارتۇق دۈشمەن يوقۇتۇلدى. 8 مىڭدىن ئارتۇق مىلتىق
غەنىمەت ئېلىندى. 300 مىڭ دۈشمەن مەلىكە قىلىندى. بۇ ئەھ-
ۋال دۈشمەننى گۇاڭجۇ بىلەن ئوخەننى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن،
پىلان ئۆزگەرتىشكە، يەئنى گومىنداڭ فرونتىغا قارىتا سىياسى ئۇ-
سۇل بىلەن ئالداپ تەسلىم قىلىشنى ئاساس قىلىپ، ھەربى جە-

مەتتىن ھۇجۇم قىلىشنى قوشۇمچە قىلىش ۋە ئۇرۇش مەركىزىنى جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكىدىكى ياپونغا قارشى دېموكرا- تىك بازىلارغا يۆتكەشكە مەجبۇر قىلدى. دۈشمەننىڭ «چاپسان ئۇرۇشۇپ، چاپسان ھەل قىلىش» ئىستراتېگىيەسى تار-مار بول- دى. «جۇڭگونى 3 ئايدا مۇنقەرىز قىلىش» پىلانى مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى باس- قۇچى - ئىستراتېگىيەۋى تىركىشىش ۋەزىيىتى ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن ئارقاسىدىكى جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئازات رايون فرونتلىرى كۈچىنىڭ كۈن- دىن-كۈنگە كۈچىيىشى، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيە مۇداپىئە باسقۇچىدىن تىركىشىش باسقۇچىغا ئۆتەلىشىنىڭ ئاساسى ھەل قىلغۇچ ئامىلىدۇر. شۇندىن كېيىنكى تولۇق 7 يىل ئىچىدە دۈشمەن ئارقىسىدىكى فرونتلار جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇ- رۇشىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى؛ خەلق قوراللىق قىسىملىرى بولغان 8- ئارمىيە، يېڭى 4- ئارمىيە ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى ياپونغا قارشى كالونا ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاساسى كۈچ- لىرى بولۇپ قالدى.

4

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سىياسى ئابروينىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا زۇقۇرى كۆتۈرۈلۈشى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 6- نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ 6- پلېنۇمىنىڭ ئېچىلىشى

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سىياسى ئىناۋىتىيىنىڭ مىسلىسىز زۇقۇرى كوتۇرۇلۇشى- جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ داھىسى ماۋزېدۇڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ۋە ياپونغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى «مىللىئونلىغان ئاممىنى ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» قاچاقىردى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ، ئىلغار كىشىلەرنىڭ قوشۇلۇشى، تەشكىللىنىشى ۋە يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا ھەممە جايدا مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ خىزمەتكە كىرىشتى. مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان نەشرىياتلار نۇرغۇن مىقداردا تارقالغىلى تۇردى. ئىشچىلار، دېھقانلارمۇ كەڭ كولەمدە تەشكىللەندى. ئىشچىلار سىنىپى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا نۇرغۇن باتۇرانە كۈرەشلەرنى قىلدى.

مەسىلەن: شاڭخەيدىكى ياپون فابرىكىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشـ
چىلار ئىش تاشلاپ فابرىكىدىن چىقىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش
خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. بېيپىڭ ـ خەنكو تۆمۈر يولىنىڭ شىمالىي
قىسمىدىكى ئىشچىلار بۇزۇش ئەترەتلىرى تەشكىل قىلىپ، دۈشـ
مەن بېسىپ ئالغان تۆمۈر يوللارنى بۇزدى. شەرقىي خەبەينىڭ
تاڭشەن دېگەن جايىدا 7 مىڭ كان ئىشچىسى قوزغىلىپ 8ـ
ئارمىيەگە قوشۇلدى. ھەر قايسى جايلاردا ئۇرغۇنلىغان ياش ئوـ
قۇغۇچىلار، خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەلـ
لىملىرى ھېچقانداق قىيىنچىلىقتىن قاچماستىن 8ـ ئارمىيە بىلەن
يېڭى 4 ـ ئارمىيەنى تېپىپ ياپونغا قارشى خىزمەتلەرگە قاتناشـ
تى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سىياسىي تەسىرى كۈندىن ـ كۈنگە
كېڭەيدى. ماۋزېدۇڭ بولسا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى چىن
كۆڭلىدىن سۆيىدىغان داھىغا ئايلاندى. «ئالەمدىكى ھەممە ئاـ
دەمنىڭ كۆڭلى يەڭگەندە» دېگەن سۆز رېئال ھەقىقەتكە ئايلانـ
دى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى جايلاشقان يەگـ
گەن مەملىكەتتىكى مىللىيئونلىغان ئاڭلىق ياشلارنىڭ بىرنىيەت بىلەن
سۆيىدىغان دېموكراتىك مۇقەددەس ئورنىغا ئايلاندى؛ شۇنىڭـ
دەك مەملىكەت بويىچە ياپونغا قارشى دېموكراتىك ھەرىكەتكە
يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەركەزگە ۋە كادىر يېتىشتۈرىدىغان بازىغا
ئايلاندى. ئىلغار، ئىرادىلىك ياشلار ئەڭ يىراق يەرلەردىنـ
ئوكسانىيە، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ئۆلكىلىرى ۋە چاڭجاڭ دەرياـ

سىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرگە ئوخشاش مەملىكەتنىڭ ھەممە بۇ-
لۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن نۇرغۇن مەشەققەتلەرنى ئۇز باشلىرىدىن
ئوتكۇزۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بارلىق توسقۇنلىقلىرىغا
قارىماستىن يەنئەنگە كەلدى. شىئەندىن يەنئەنگىچە بولغان 7
يۈز يوللۇق تاغلىق يوللاردا ھەر قايسى ئولكىلەردىن چىققان
ئەر - ئايال ياشلار 4 - 5 تىن بولۇپ خورجۇن - قاچىلىرىنى يەلكى-
سىدە كوتۇرۇپ گومىنداڭ ئىشپىونلۇق ئىدارىلىرىنىڭ يول ئوس-
تىدىكى قاپقانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ يەنئەنگە پىيادە كەلدى.
شۇ ۋاقىتلاردا يەنئەندە شىمالى شەنشى مەكتىۋى، ياپونغا قار-
شى ھەربى مەئمۇرى ئونىۋېرسىتېت، لۇشۇن نامىدىكى سەنئەت
دارىلفۇنۇنى قۇرۇلغان ئىدى. ماۋزېدۇڭ ۋە پارتىيەنىڭ بىر
قانچە رەھبەرلىرى بۇ مەكتەپلەردە دەرس بەردى ۋە لېكسىيە
ئوقۇدى. ئىنقىلابچى ياشلار مانا بۇ يەردە يەنى ئىنقىلابى نە-
زەرىيەلەرنى ئوگىنىپ، توغرى سىياسى نىشان، جاپاچىكىپ
كۇرەش قىلىدىغان ئىش ئىستىلى ئورنىتىپ ئالدى ۋە بۇيەردىن
چىقىپ گروھ - گروھ بولۇپ، جەنۇپ ۋە شىمالدىكى ھەر قايسى
فرونتلارغا بېرىپ ئاممىنى تەشكىللەپ ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا
زەربە بېرىپ، ياپونغا قارشى دېموكراتىك بازىلارنى قۇردى.
جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 6 - نوۋەتلىك مەر-
كىزى كومىتېتىنىڭ 6 - پلېنومىنىڭ ئىچىلى-
شى - ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا جۇڭگو

كومپارتىيەسى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ كەتتى. زوگيى مەجلىسىـ
دىن كېيىن پۈتۈن پارتىيە ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى بولشە-
ۋىكلار مەركىزىنىڭ ئەتراپىغا مۇستەھكەم ئۇيۇشتى. 1938 ـ يىلى
ئاپرېلدا ۋىجدانسىز خائىن جاڭگوتاۋ پارتىيەدىن ھايدالدى.
شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىچى تېخىمۇ تازىلاندى ۋە ئىتتىپاقلاشتى.
جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزى كومىتېتى 10 نەچچە ئايلىق يا-
پونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن خۇلاسە چىقىـ
رىپ بۇندىن كېيىنكى نىشانىنى بەلگىلەپ ئېلىش ئۈچۈن 1938 ـ
يىلى ئۆكتەبىردە يەنئەندە 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتنىڭ
6 ـ پلېنۇمىنى ئاچتى. بۇ يىغىندا ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى پار-
تىيە مەركىزى سىياسى بيۇروسىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە
ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپ يولى تەستىقلاندى. يىغىندا
ماۋزېدۇڭ «جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مىللى ئۇرۇشتا تۇتقان ئور-
نى» توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، بارلىق يولداشلاردىن ياپونغا
قارشى ئۇرۇشنى روشەن تونۇشنى ۋە بۇ زور مەسئۇلىيەتنى توغ-
رۇلۇق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ماۋزېدۇڭ
مۇنداق دەيدۇ: «...... كومپارتىيە ئەزالىرى مەملىكەتتىكى
خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تۇرغۇلۇق ياۋۇز دۈشمەنگە ... ھادىسىلەرنى
يېڭىش مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق رەۋىشتە ئۆز ئۈستىگە ئالماي بول-
مايدۇ. بۇ يەردە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق ۋە
نەمۇنىلىك رول ئوينىشى ناھايىتى مۇھىم.» (ماۋزېدۇڭ سايـ

لانىما ئەسەرلىرى 2 ـ توم 2 ـ نەشرى 509 ـ 510 ـ بەتلەر) ژىغىندا بىرلىك سەپ مەسىلىسى ئۈستىدىكى ئوڭچىل ئوپـپورتۇنىزم خاتالىقلىرى تەنقىت قىلىندى. بىرلىك سەپتە ھەم ئىتتىپاق ھەم كۈرەش بولۇشى لازىم ـ دەپ كورسىتىلدى. بۇ مەسىلە ھەققىدە ماۋزېدۇڭنىڭ «بىرلىك سەپتىكى مۇستەقىللىق ۋە ئوز ـ ئوزىگە خوجا بولۇش مەسىلىسى» دېگەن ماۋزۇدا خۇلاسە چىقاردى. (ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2 ـ توم 2 ـ نەشرى 525 ـ 528 ـ بەتلەر). ژىغىن، پارتىيە خەلقنىڭ ياپونغا قارشى قۇراللىق كۈرىشىنى ئوز ئالدىغا مۇستەقىل ۋە تولۇق رەۋىشتە تەشكىللىشى لازىم ـ دېگەن نىشانىنى بەلگىلىدى. ژىغىندا يەنە پارتىيەنىڭ مۇھىم خىزمىتى ئۇرۇش رايونلىرىدا ۋە دۈشمەن ئارقاسىدا بولۇدۇ دەپ بەلگىلەندى. ياپون قاراقچىلىرىدىن غالىپ بولۇش ئۈمىدىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە باغلايدىغان ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى لىگال ھەرىكەتلەرگە باغلايدىغان خاتا مەپكۈرىلەرگە تەنقىت بېرىلدى. ماۋزېدۇڭ بۇ ھەقتە «ئۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيە مەسىلىسى» دېگەن ماۋزۇدا خۇلاسە چىقاردى (ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى ئىككىنچى توم 2 ـ نەشىر 529 ـ 542 ـ بەتلەر). بۇ مۇھىم ژىغىن توگىگەندىن كېيىن نۇرغۇن كادىرلار دۈشمەن ئارقىسىدىكى بازىلارغا ـ فرونتلارغا بېرىپ ئىشلىدى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ئىتتىپاقتا كې‍ـ
لىشى ھەم ئۇنىڭ توغرى يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىشى، ياپونغا
قارشى ئۇرۇشنى داۋام ئەتتۈرۈپ، غەلىبىنى قازىنىشنىڭ ھەل
قىلغۇچ شەرتىدۇر. ئەگەر ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى كۈچلۈك
جۇڭگو كومپارتىيەسى بولمىغان بولسا، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا
يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى داۋام ئەتتۈرۈشكە كۆز يەتمەيتتى.

توققۇزۇنچى باپ

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئستراتگىيك تىركىشىش باسقۇچىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرى

1

ئۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گروھىنىڭ تەسلىمچىلىكى ۋە كومپارتىيەگە قارشى ھەرىكەتلىرى، ماۋزەدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ، كومپارتىيەگە قارشى بىرىنچى قېتىملىق دولقۇنى چېكىندۇرۇشى

ئۇخەن قولدىن كېتىشتىن ئىلگىرى ۋە قولدىن كەتكەندىن كېيىن جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋىتى - ياپونغا قارشى ئۇرۇش تۇغۇلغاندىن كېيىن يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنتىرناتسىئونالچىلىق مەيداندا تۇرۇپ جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ھەقىقىي ھالدا نۇرغۇن ياردەملەرنى بەردى. سوۋېت ئىت-

تىپاقى ھەربى ماتېرىياللارنى شىنجاڭ ئارقىلىق 48 ئورتەك بىـ
لەن توشۇپ جۇڭگوغا نۇرغۇن مىقداردا ياردەم قىلدى. سوۋېت
ئايروپىلانلىرى ۋە ھاۋا ئەسكەرلىرى (جۇڭگونىڭ ياپونغا قارـ
شى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلىشقا كەلگەن ئىختىيارى ئەسكەرلىرى)
ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا جۇڭگوغا پايتەخت قىلىنغان ئۇخەن بىلەن چۇڭـ
چىڭنى قوغدىدى. ئەگەر چەت ئەللەر جۇڭگوغا قىلغان ياردەمـ
نى 6 ھەسسىگە بۆلسەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1941ـ يىلغىچە جۇڭـ
گوغا بەرگەن قەرز پۇلى ۋە ھەربى قوراللىرى 5ھەسسىنى تەشـ
كىل قىلىدۇ، ئانگلىيە، ئامېرىكا دولەتلىرى ۋە باشقا دولەتـ
لەرنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن بارلىق قەرز پۇللىرى ئاران بىر
ھەسسىنى تەشكىل قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشـ
كەندە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ئەنە
شۇنداق زور ياردەملەرنى قىلدى.

ۋەھالەنكى، ئانگلىيە، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ ئوز ۋاقىتـ
كى سىياسىتى خۇددى ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك «تاغنىڭ بېشىغا
چىقىپ ئولتۇرۇپ يولۋاسلارنىڭ ئۇرۇشىنى تاماشا قىلىش» سىـ
ياسىتىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار جۇڭگو خەلقى بىلەن ياپونىيە
ئىمپېرىيالىزمىدىن ئىبارەت ئىككى يولۋاسنى ئۇرۇشقا سېلىش ئۈـ
چۈن جۇڭگوغا ئاز تولا ياردەم قىلدى ۋە شۇ جەرياندا ھەرـ
بى قورال سودا سېتىۋېلىپ زور پايدا ئالدى. ئۇلار جۇڭـ
گو بىلەن ياپونىيە ئۇرۇشۇپ زەخمى يىگەن ۋاقىتدا جۇڭگونى

ياپونىيە بىلەن سۇلھە قىلىشقا قىستاپ شۇنىڭ سايىسىدا ياپونىيە-دىن ئاز - تولا ئىلتىپات ئېلىپ، تەييار پايدىغا شېرىك بولۇش قەستىگە چۈشتى. بىر ژۇرنال ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھۋالات توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى گەپ سوزسىز ھالدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلدى. ھەربى قو-راللار، بىنزىن ۋە ماشىنىلار غەربى شىمالدىن ئايىغى ئۈزۈلمەس-تىن كېلىپ تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەرت ئوغلانلىرى ھا-ۋادا ئۇچۇپ ژۇرۇپ جۇڭگونى قوغداش ئىشىگە قاتناشتى. بۇن-دىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئامرىكا كارغا يارىماس تومۇرلەربىلەن ياپونىيەنى قوراللاندۇردى. ئانگلىيە بولسا بىرما، يۇننەن تاش يولىنى توسۇپ جۇڭگونى بوغدى.»

ياپونىيە سودا-سانائەت باشقارمىسىنىڭ ھىساۋىغا قارىغاندا 1937 - ژىلدىن 1940 - ژىلغىچە بولغان ياپونىيە ھەربى لازىملىق-لىرى سودىسىدا 30%-40%نى ئامرىكا تەئمىنلىگەن. يەنە باشقا ئاشكارا ماتىرىئاللارغا قارىغاندا ياپونىيە جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىل-غان ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى 3ژىلىدا سەرىپ قىلىنغان بىنزىنلارنىڭ 70%نى ئامرىكا تەئمىنلىگەن. ئامرىكىنىڭ 1938 - ژىلى ياپونى-يەگە كىرگۈزگەن ئۇرۇش لازىملىقلىرى ياپونىيەنىڭ پۈتۈن ما-سارىپلىرىنىڭ 92%نى تەشكىل قىلغان. 1941 - ژىلى دىكابردا ئۇلۇق ئوكئان ئۇرۇشى باشلانغانغىچە ئامرىكا ئىمپىرىئالىستلىرى

ياپون قاراقچىلىرىنى جۇڭگو خەلقىنى رەھىمسىز رەۋىشتە قىرىدىغان قۇرال بىلەن تەئمىنلەپ كەلدى.

ئۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن ياپونغا قارشى ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا كىردى. ئانگلىيە، ئامرىكا ئىمپىرىئالىزمى «جۇڭگونى كىلىشىشكە داۋاملىق تەكلىپ قىلىش»قا كىرىشىپ، جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىش ۋە ياپونىيە بىلەن سۇلھە قىلىش مەزمۇنىدىكى ژىراق شەرق ميۇنخىن سۇئىي قەستىگە كىرىشتى. (ئەسلى «ميۇنخىن سۇئىي قەستى» دەپ 1938 - ژىلى سىنتەبردە ئانگلىيە، فرانسىيە، گىرمانىيە، ئىتالىيە دولەتلىرى گىرمانىيەنىڭ ميۇنخىن شەھرىدە ئاچقان بىر مەجلىسكە ئېتىلىدۇ. بۇ مەجلىستە ئانگلىيە، فرانسىيەلەر، چېخوسلوۋاكىيەنى ستىش ئۇسۇلى بىلەن گىرمانىيە بىلەن كېلىشىم تۈزدى، شەرقتىمۇ ئانگلىيە، ئامرىكا ئىمپىرىئالىستلىرى جۇڭگونى ستىش ئۇسۇلى بىلەن ياپونىيە بىلەن مۇرەسسە قىلماقچى بولدى. شۇڭا بۇ سۇئىي قەست «ژىراق شەرق ميۇنخىن سۇئىي قەستى» دەپ ئاتىلىدۇ).

1938 - ژىلى قىشتىن 1939 -- ژىلى باھارغىچە ئانگلىيە، ئامرىكا ئاخبارات ئىدارىلىرى - رەيتر، يونەيتىد پرېس ئانگلىيە، ئامرىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ «ئۇلۇق ئوكئان خەلىقئارا مەجلىسى» دىگەن مەجلىسنى ئېچىپ جۇڭگو- ياپون ئۇرۇشىنىڭ خەۋەرلىرىگە «ھىلە» قىلىشقا تەييارلىق كورۇۋاتقانلىقىنى خەۋەرقىلىپ تۇردى. ئانگلىيە ئەلچىسى كار چۇنچىن، شاڭگاڭ، شاڭخەي

ئوتتۇرىسىدا قاتناپ ژۇرۇپ «كىلىشتۇرۇش» ھەرىكىتى بىلەن شۇ-
غۇللاندى. بۇ ئەمۋال جاڭكەيشى ئەكسىيەتچىلىرى ھوكۇمران-
لىق قىلغان رايئونلارنى سۇلىھ قىلىش ھاۋاسىغا تولتۇرىۋەتتى.

ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تەسلىم قىلىشقا قىزىق-
تۇرۇشى - ئۇخەن قولدىن كەتكەندىن كىيىن ياپون قاراقچىلى-
رى گومىنداڭغا قاراتقان نىشانىسىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى.
يەئنى ھەربى ھۇجۇمنى ئاساس قىلىش نىشانىسىنى سىياسەت بى-
لەن قىزىقتۇرۇپ تەسلىم قىلىشنى ئاساس قىلغان نىشانغا ئۆزگەر-
تىشكە باشلىدى.

ياپون قاراقچىلىرى ئەنە شۇ نىشانە ئاستىدا گومىنداڭنى سى-
ياسەت بىلەن تەسلىم قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ، نۇرغۇن ھەرىكەتلەر-
نى قىلدى: ھەممىدىن ئەۋۋەل 1938 - ژىلى 3 - دىكابىردا يا-
پونىيە مىنىسترى جىڭۋى جۇڭگونىڭ «ژىراق شەرقتە يىڭى
تەرتىپ ئورنۇتۇش ھەرىكىتى» گە قاتنىشىشنى رەت قىلمايمىزدې-
گەن ئوختۇرۇشنى ئئلان قىلدى. ئۇنىڭدىن كىيىن يوشۇرۇن
رەۋىشتە دۇشمەنگە سېتىلغان ياپونپەرەست چوڭ بۇرژۇئازىيە-
نىڭ سىياسى ۋەكىلى گومىنداڭنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەئمۇرى
يالاتىنىڭ رەئىسى ۋاڭجىڭۋى ئوز خوتۇنى چىڭبىجۇن (گو-
مىنداڭ مەركىزى تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى) بىلەن يالاقچى
تاۋشىشىڭلارنى ئىلىپ 18 - دىكابىر كۇنى چونچىڭدىن ئايرو-
پلان بىلەن ۋىيتنامنىڭ خەنى دىگەن جايىغا بىرىپ دۇشمەنگە

تەسلىم بولدى. چڭ ۋى يەنە 22 ـ دېكابىردا «خوشنىلار بىلەن دوستلۇشۇش»، «بىرلىكتە كوممۇنىزمدىن ساقلىنىش»، «ئىقتىساتتا ھەمكارلىشىش»نى مەزمۇن قىلىپ جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى «تەرتىپكە سېلىش» پرىنسىپىنى ئېلان قىلدى. ۋاڭ جىڭۋېي «29 ـ دېكابىر»تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلىپ، چيڭ ۋېينىڭ ئۇختۇرۇشىغا قوشۇلۇپ، تەسلىم بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ھېساۋاتقا قارىغاندا گومىنداڭ مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى تەشۋىقات بولۇم باشلىقى جۇبوخەي، مەركىزى تەپتىش ئەزاسى، مەئمۇرى پالاتا باش كاتىپى جۇمىڭيى، مەركىزى كومىتېت ئەزاسى چڭ گوڭباۋ، مەركىزى كومىتېت كاندىدات ئەزاسى زېڭ جۇڭمىڭ، جاۋبىڭ بولۇپ گومىنداڭ مەركىزى كومىتېتىنىڭ 20 ئەزاسى ۋە بۇلاردىن باشقا «گومىنداڭنىڭ پارتىيە ۋە دولەت ئەربابلىرى»دىن جەمئى 24 ئادەم ۋاڭ جىڭۋېيغا ئەگىشىپ دۈشمەنگە سېتىلدى. بۇلار ياپون پادىشاسىنىڭ ئالدىدا شەرمەندىلەرچە تىز پۈكۈپ ژۈرۈپ 1940 ـ ژىلى مارتتا نەنجىندە يەنە «گومىنجيگفۇ» ـ «مىللى مەركىزى ھوكۇمەت» دەپ ئاتالغان قورچاق تەشكىلاتنى قۇردى. ۋاڭ جىڭۋېي بۇ«ھوكۇمەت»كە مۇۋەققەت رەئىس بولۇپ، «تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ كومپارتىيەگە قارشى تۇرايلى» دىگەن چاقىرىق بىلەن ياپون قاراقچىلىرىنىڭ جۇنچىندىكى گومىنداڭ ھوكۇمىتىنى قىزىقتۇرۇپ تەسلىم قىلىش ھەرىكىتىگە ياردەم بەردى.

جاڭكەيشى ئەكسىيەتچىلىرى گۇروھىنىڭ تەسلىم بولۇش ھەرىكىتى — ئانگلىيە، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ تەسلىم بولۇشقا ئۈندۈشى، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا جاڭكەيشى باشچىلىقىدىكى، ئانگلىيە، ئامېرىكا پەرەست چوڭ بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچىلىرى گۇروھى بەكقاتتىق ئارىسالدى بولۇپ قالدى. تەسلىم باھاسى ھەققىدە سودىلىشىپ ئۇرغۇن ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلدى. جاڭكەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرغۇچى ئەلچىسى خۇشى نيۇيوركتىكى ئادۋاكاتلار كلۇبىدا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «گۇاڭجۇ، خەنكۇ قولدىن كەتكەندىن كېيىن جۇڭگو كېلىشىش ھەققىدە ياپونىيەگە ۋاستىلىك ھالدا غەيرى رەسمى رەۋىشتە، تەكلىپ قويۇپ كەلدى، ئەمما ياپون تەرەپنىڭ قويغان شەرتلىرى جۇڭگونىڭ قوبۇل قىلىشىغا ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقتىن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا قارار قىلىندى». (ئامېرىكا ئاخباراتىنىڭ 1938 — ژىلى 5 — دېكابىردا نيۇيوركتىن بەرگەن خەۋىرىگە قارالسۇن).

جاڭكەيشى گۇروھىنىڭ «كېلىشىش تەكلىپى» نىڭ ھەقىقى مەزمۇنى نېمە؟ بۇ ھەقتە گومىنداڭنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «قانلىق يول» 1938 — ژىلى دېكابىردىكى 44 — سانىدا ئاشكارا ھالدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەگەر ياپونىيەدە جۇڭگو بىلەن ئۇرۇشنى توختۇتۇپ كېلىشىدىغان نىيەت بولسا، لۇگۇچاۋ ۋاقىئەسىدىن ئىلگىركى ھالەتنى دەرھال ئۆز ھالىغا كەلتۈرسۇن.»

جاڭكەيشى 1939 ـ يىلى يانۋاردا گومىنداڭ مەركىزى كو-
مىتېتىنىڭ 5 ـ پلېنۇمىدا ئاشكارا ھالدا ئۆزىنىڭ «ياپونغا قارشى
ئۇرۇشنى ئاخىرغا يەتكۈزۈش» دېگەن سوزىدىكى «ئاخىر»نىڭ
«لۇگۇچاۋ ۋاقىئەسىدىن ئىلگىركى ھالەتنى تىكلەش»دىن ئىبا-
رەت ئىكەنلىگىنى سوزلىدى. دىمەك 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ۋە ئانگ-
لىيە، ئامرىكا ئىمپىرىئالىزمىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبى جۇڭگودى-
كى مەنپەئەتلىرى ۋە ھوكۇمرانلىقلىرى ساقلىنىدىغان بولسىلا، ئۇ-
لار ياپون قاراقچىلىرى بىلەن سۈلھە قىلىدىغان بولدى. جاڭ-
كەيشىنىڭ بۇ سوزىمۇ ئانگلىيە، ئامرىكا ئىمپىرىئالىزمىنىڭ «جۇڭ-
گونى ياپونىيە بىلەن كېلىشىشكە داۋاملىق تەكلىپ قىلىش كې-
رەك» دېگەن قەستىنىڭ مەزمۇنىنى ئىنئىكاس قىلىدۇ. شۇنىڭ-
دەك 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خەلقئارا بازاردا تەسلىم بولۇش ئۈ-
چۈن قويغان باھاسىنى ئىنئىكاس قىلىدۇ. ئەمما بىر تەرەپتىن يا-
پونىيەنىڭ شەرتلىرى ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقتىن يەئنى «ياپون
تەرەپنىڭ شەرتلىرى جۇڭگونىڭ قوبۇل قىلىشىغا ناھايىتى قىيىن
بولغانلىقتىن» يەنە بىر تەرەپتىن، ئاساسەن جۇڭگو كومپارتىيە-
سىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىغى، كۈچلۈكلىگى، دۈشمەن ئارقى-
سىدىكى ئازات رايئون ئەسكەر ۋە خەلق كۈچىنىڭ زورۇيۇپ
جاڭكەيشى گوروھىنىڭ ئۆز مەيلىچە جۇڭگونى سېتىش قەستلىرى-
گە توسقۇن بولغانلىغى ئۈچۈن بۇ سۈلھە ۋە كېلىشىش ئۆز ۋاقتى-
دا ۋۇجۇتقا چىقالماي قالدى. جاڭكەيشى گوروھى جۇڭگونى ئو-

گۈشلۈك بىلەن ستېپ ياپونىيە بىلەن كېلىشىش ئۈچۈن كومپار-
تىيەگە قارشى تۇرۇش ۋە ئىلغار كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش ھە-
رىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، كومپارتىيەگە قارشى دولقۇن تەش-
كىللەپ تەسلىم بولۇشقا ئەمەلى تەييارلىق باشلىدى، ھەمدە سە-
مىمى كوڭلى بىلەن جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم
قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەددىدىن ئاشقان دۈشمەنلىك پو-
زىتسىيەسىنى قوللاندى.

ئۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن جاڭكەي-
شىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئىچكى ئۇرۇشقا
ئايلاندۇرۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن كومپارتىيەگە
قارشى تۇرۇشى، كومپارتىيەگە قارشى بىرىنچى قې-
تىملىق دولقۇنىنىڭ باش پەردىسى- جاڭكەيشى ياپون-
غا قارشى ئۇرۇشقا پاسسىپلىق قىلىش ۋە تەسلىم بولۇشقا ماسلاش-
تۇرۇپ، ياپون بىلەن كېلىشىش يولىدىكى توسقۇنلۇقلارنى سۈ-
پۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ھەمدە ياپون قاراقچىلىرىغا ياندىشىپ
جۇڭگو كومپارتىيەسىنى ۋە بارلىق ئىلغار كۈچلەرنى ئاستىلاپ يو-
قۇتۇش ئۈچۈن ئاساسى كۈچى بىلەن كومپارتىيەگە قارشى ئىچ-
كى ئۇرۇشنى باشلىدى.

جاڭكەيشى ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى جۇڭگو ۋە دۇنيا خەلقى-
نىڭ ئەپكارىنى ۋاقىتلىق ئالداش ئۈچۈن ئىككى يۈزلۈك رەڭ-
ۋازلىقنى ئىشلەتتى: بىر تەرەپتىن ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز

دىگەن بايراقنى كوتۈرۈپ، «ۋاڭ جيڭۋيغا قارشى تۇرۇمىز»،«تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇمىز» «قايتارما ھوجۇم قىلىش ژىلى»، «غالىبىيەت ژىلى» دەپ ۋاقىراپ ، يەنە بىر تەرەپتىن يەرئاستىدىن ۋاستە، بىۋاستە رەۋىشتە ياپون قاراقچىلىرى بىلەن تەسلىم بولۇش باھاسى توغرىسىدا سودىلىشىشقا كىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن چيڭ ۋىنىڭ 3 پرىنسىپىنى «كوممۇنىزمغا بىرلىكتە قارشى تۇرغاندا، جۇڭگو مۇنقەرىز بولۇپ كىتىدۇ» دەپ رەت قىلىپ يەنە بىر تەرەپتىن كومپارتىيەگە قارشى تولۇق پلان تۈزەپ تەسلىم بولۇشقا ئەملى تەييارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كومپارتىيە بىلەن سوركۇلۇش توغدۇرۇش ئىشى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇغۇلدى. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان رايئونلاردا ياپونغا قارشى تۇرۇشنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان بەئزى كوتۇرەنگى ئىسلاھار ، جانلىق روھلار چاپسانلا يوقۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا فاشىستلارچە تىررورلۇق تۇغۇلدى.

1939 ـ ژىلى يانۋاردا چۇنچىندە گومىنداڭنىڭ 5 ـ نوۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ 5 ـ پلنۇمى ئېچىلىپ، بۇ ژىغىنداسىياسەتنىڭ مەركىزىنى تاشقىرىدىن ئىچكىرىگە يوتكەپ «كومپارتىيەنى پارچىلاپ يوقۇتۇش»، «كومپارتىيەدىن مۇداپىئە قىلىش»، «كومپارتىيەنى چەكلەش»، «كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشقا قارارقىلىندى. ئاپرىلدا، گومىنداڭنىڭ سەندۇگدىكى ئەسكەر باشلىغى شڭ خۇگلىيە: «ياپونلار قولىدا مۇن‑

قەريز بولساق بولايلى، لېكىن كومپارتىيە قولىدا مۇنقەريز بول-
مايلى» دەپ «ئۇچرىغانلا ئادەمنى تۇتۇش كېرەك، ئۇچرىغانـلا
مىلتىقنى قولغا ئېلىش كېرەك، ئۇچرىغانلا كادىرنى ئۆلتۈرۈش كې-
رەك» دېگەن ئۈچ تۈرلۈك چارىنى ئېلان قىلدى. ئۇز قول ئاس-
تىدىكى چېكچىيۇڭ قىسمىغا يوليۇرۇق بېرىپ باۋسەندىكى 8-
ئارمىيەنىڭ سەندۇڭ كالوتىسىنىڭ 3- پارتىزان ئەترىدىگە ھۇ-
جۇم قىلىپ 8- ئارمىيەنىڭ پولك دەرىجىسىدىكى 400دىن ئار-
تۇق كادىرنى قىرىپ تاشلىدى. گومىنداڭ «ساداقەتلىك، ئىنى-
ساپلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيەسى»نىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى
خەشىنجەن مايدا جاڭسۇنىڭ جەنۇبىدا 50 مىڭ ئەسكەر بىلەن
دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ مەخسۇس يېڭى 4- ئارمىيەگە ھۇجۇم
قىلدى. گومىنداڭ ئىيۇندا مەخپى رەۋىشتە «غەيرى پارتىيەلەر-
نىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش چارىسى» نى ئېلان قىلىپ «كوم-
پارتىيەنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى جىددى رايونلاردا بىرلەشكەن
باۋجيا تەشكىلى بويىچە ئۇمۇمى جاۋابكارلىققا تارتىش چارىسىنى
ئىجرا قىلىش كېرەك»دەپ بەلگىلىدى. شۇندىن كېيىن كومپارتىي-
يەنى «خائىنلار پارتىيەسى» 8- ئارمىيە بىلەن يېڭى 4- ئارمىيەنى
«خائىنلار ئارمىيەسى»، «بانديتلار ئارمىيەسى»، ئازات رايون-
لارنى «قورچاق رايون،» «بانديتلار رايونى» دەپ ئاتىدى.
ياپونغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتقان نۇرغۇن كومپارتىي-
يە ئەزالىرى ۋە خەلق جەڭچىلىرى جاڭكەيشى خۇلىگانلىرى

قولىدا قۇربان بولدى. گومىنداڭ ئارمىيەسىدىن جاڭ يىگو 11 ـ ئىيۇندا 5مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ ئوتتۇرا خەبەيىنىڭ شىڭ شەن ناھىيەسىدىكى 8 ـ ئارمىيەنىڭ ئارقا سەپىگە ھۇجۇم قىلىپ خەلقنىڭ ياپونغا قارشى 4يۇزدىن ئارتۇق جەڭچىسىنى قىرىپ تاشلىدى. ھەمدە جاڭگە يىشىگە: «پاكار ئوغرىلار 8 ـ ئارمىيەگە قارشى قىرغىن زۇرۇگۇزسە، بەئزىلەر بۇنى بىشىمىزغا كەلگەن بالا دەيدۇ، ئەمما بىز بۇنى ھەربىي مەئمۇرى ئىشلىرىمىزنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئوبدان پۇرسىتى دەپ تونۇيمىز» دەپ ئۆزىنىڭ كورسەتكەن خىزمىتى ھەققىدە تىلگرامما بەردى. يەنە ئوز قىسمىغا: «ياپونغا قارشى ئارمىيە دۇشمەن تەرىپىدىن قوغلانغان ۋاقىتتا، تەرەددۇت قىلىپ تۇرماستىنلا ئارقىغا ئىلىپ زەربە بەرىش كىرەك، ياكى بىزنىڭ مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان يەرلىرىمىزدىن ئوتكەن ۋاقىتتا دەرھال قۇرالىق كۇچ بىلەن يوقۇتۇش كىرەك» دەپ تىلگراممابەردى. 12ـ ئىيۇندا يىڭى 4 ـ ئارمىيەنىڭ ئارقا سەپتەـخۇنەن ئولكىسىنىڭ پىڭجاڭ دىگەن جايىدا تۇرۇشلۇق ئاخبارات بولۇمىنى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ياڭسىڭ قىسمى مۇھاسىرە قىلىپ ئالدى، ئاخبارات بولۇمىدىكى مۇدىرەتۇجيىڭكۇڭ، مايور لاۋشيىڭمىڭ باشلىق بارلىق قوماندان ۋەجەڭچىلەر قىرغىنغا ئۇچرىدى. مەشھۇر «پىڭجاڭ پاجىئەسى» ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. سىنتەبردە شەرقى خۇبەيدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ چىڭ روخوەي قىسمى يىڭى 4 ـ ئارمىيەنىڭ ئارقاسە-

پىگە ھۇجۇم قىلىپ 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى.
شۇ ئايدا گومىنداڭ يەنە مەخپى رەۋىشتە «كومپارتىيەمەسىلىسىگە
چارە كورۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇ يوشۇرۇن چارىدا
ياپونغا قارشى تۇرۇش، دېموكراتىيە ۋە ئىچكى تەچلىق قورغىنى
بولغان شەنشى، گەنسۇ، نىڭشا چېگارا رايونىنى ئەترابىدىكى «ھەربى
كۆچنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ بەلگۈلىدى. ئوزىنىڭ ئەڭ ئىـ
شەنچلىك قىسىملىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا مۇھاسىرىنى
كۈچەيتىش»كە ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھـۇجۇم قىلىشقا
يوليورۇق بەردى. ئالدىنقى سەپتىكى ياپونغا قارشى مەشھۇرقور-
غان ـ شەنشى ـ ساخار ـ خەبەى چېگارا رايونىغا قارىتا «بىرقانـ
چە مۇھىم نۇقتىلارنى تالاپ پارتىيە، ھەربى، مەئمۇرى كۈچـ
لەرنى جايلاشتۇرۇپ ئاستىلاپ «ئەكسىيەتچى كۈچـلەر (ئىزاـ
ھات: ياپونغا قارشى خەلىق قۇراللىق كۈچلىرىنى دەيـدۇ) نى
يوقۇتۇش كېرەك» دەپ بەلگۈلىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە ھەرـ
بى تەرەپتە: «1 ـ كۈچلۈك كادىرلارنى پاكى مۇكەممەل، ساـ
دىق پارتىزانچى كادىرلارنى خەبەى، سەندۇڭغا ئەۋەتىپ، كوم-
پارتىيەنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەش، 2 ـ كۈچلۈك قىسىملارنـى
شىمالى سەنشىگە كىرگۈزۈش»كە قارار قىلدى. سىياسى تەـ
رەپتە: «مەركەزدىكى پارتىيە، ھەربى، ھەئمۇرى ئەمەلـدارلار
ھەر ئايدا بىر قېتىم كېڭەش ئوتكۈزۈپ، كومپارتىيە مەسىلىسىگە
چارە كورۇش ھەققىدە «مۇزاكىرە زۇرگوزۇپ تۇرۇش»قا ھەمدە

«ئيشپيئونلۇق خيزمەتليرىنى كۈچەيتىپ، پەۋقۇلئاددە پارتيىيە ۋە ئۇمەك تەشكىلاتليرىنى تەشكىللەپ كومپارتيىيە تەشكىلى ئىچىگە كىرگۈزۈش» كە قارار قىلدى. نويابىردا يىگى 4 ـ ئارمىيەگە قاراشلىق 8 ـ پولكنىڭ خەنەن ئۆلكىسىنىڭ جۈگو يېزىسىدىكى مۇداپىئە بولۇمى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، مۇداپىئە بولۇمىنىڭ دوختۇرخانىسىدىكى 2 يۈزدىن ئارتۇق مەجرۇھلار ۋە ياپونغا قارشى ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتليرى تامامەن قىرىپ تاشلاندى. مەشھۇر «جوسەن پاجىئەسى» ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. شۇئايدا گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ يەن شيسەن قىسمىنىڭ ئىككى ۋەكىلى ليكپۇنغا كېلىپ، جيڭ شۈيدىكى دۈشمەن دىۋىزىيەكوماندىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، توۋەندىكى شەرتلەرنى قويدى: 1 ـ ياپون ئەسكەرلىرى گومىنداڭنىڭ سەنشى، سۇيىۋەن ئەسكەرلىرىنىڭ 8 ـ ئارمىيەنى ۋە پىدائىيلارنى يوقۇتۇشقا ياردەم قىلسۇن، 2 ـ ياپون ئەسكەرلىرى سەنشى، سۇيىۋەن ئەسكەرلىرىگە ئوق ياراق ياردەم بەرسۇن.

گومىنداڭ ھوكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردا فاشىستلاشقان ئيشپيئونلۇق ئورگانلىرى ۋە ئيشپيئونلۇق ھوكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. گومىنداڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، فاشىستلاشقان «CC» ـ سى سى تەشكىلاتى بىلەن «فۇشىن شە» ـ تىكلەش تەشكىلاتىنى قۇرغان ئىدى. مانا ئەمدى «سى سى» تەشكىلاتى «گومىنداڭنىڭ مەركىزى تەكشۈرۈش بيۇروسى» نى قۇر ـ

دى. (بۇنىڭ قىسقارتىلغان ئىسمى جۇڭ تۇڭ)، تىكلەش تەشكىلا-تى «ھەربى ھەيئەتنىڭ تەكشۈرۈش بيۇروسى»نى قۇردى (بۇنىڭ قىسقارتىلغان ئىسمى جۇن تۇڭ) يەنە ئىشپىيونلۇق ئورگانى بولغان قۇشىنشە يەتەكچىلىگىدە دائىرىسى زور ئىنقىلابقا قارشى «سەن-مىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، بۇ تەشكىلات ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى قىستاپ زورلاپ، ئالداپ ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتكە سالدى. يەنە تيەنشۈي، شيگەن، چۇنچىن، شاڭراۋ ۋە گۈيجۇلاردا ئىنسانىيەت روھىنى خاراپ قىلىش ئۈچۈن دۇنيابويىچە ئەڭ مۇدھىش ۋە ئەڭ قورقۇنۇچلۇق فاشىست «جازا لاگېرلىرى» ۋە «ئەمگەك لاگېرلىرى»نى قۇرۇپ ھەر قايسى جايلاردىكى ئىلغار ياشلارنى تۇتۇپ قاماپ روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئازابلىدى. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا بۇ لاگېرلارغا قامالغان ئەر-ئايال ياشلار تەخمىنەن بىر ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتىدۇ! ياپونغا قارشى بارلىق ئىلغار تەشكىلاتلار، كىتاپخانىلار، كىتابلار ۋە گېزىتلەر تىمۇ داۋاملىق رەۋىشتە خانە ۋەيران قىلدى ۋە بۇزدى.

مەكتەپ مۇئارىپى جەھەتتە، مەشھۇر فاشىست ئىشپىيون باشلىغى چېڭ لىفۇ مۇئارىپ مىنىستىرى بولۇپ، گىتلىردىن ئۈگەنگەن چارىلارنى قوللىنىپ ھەر قايسى مەكتەپلەردە فاشىستلاشقان «تەئلىم - تەربىيە» تۈزۈمىنى قۇرۇپ ۋە كۈچەيتىپ فاشىستلاشقان نادانلىق مۇئارىپىنى يولغا قويدى.

ئىقتىسادى جەھەتتە، جاڭگەيشى باشچىلىقىدىكى 4 چوڭ ئائىلە

گومینداڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدىكى رايونلارنىڭ خەلقىنى تۇر-
لۇك ئورگانلاردىن پايدىلىنىپ يىڭى - يىڭى ئۇسۇللار بىلەن
كەڭ كولەمدە بۇلۇدى. مەملىكەت خەلقى شۇنچە ئېغىر تۇرمۇش
ئوتكۇزۇۋاتقان بولسىمۇ ئەمما قان تەرلىرىنى ئاقتۇزۇپ ياپونغا
قارشى مۇقەددەس ئۇرۇشقا ياردەم بىرىۋاتقاندا 4 چوڭ ئائىلە
ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز دىگەن نامدىن پايدىلىنىپ ۋەتەن
بىشىغا ئېغىر كۇنلەر كەلگەن چاغدا تېخىمۇ ئورغۇن بايلىق توپ-
لاپ ئالدى. ئۇلار ياپون قاراقچىلىرى بىسىپ ئالغان شاڭخەي-
نى بازە قىلىپ تۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدە ۋە سودا ئىشلى-
رىدە كەڭ كولەمدە ئىسپىكولاتلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللان-
دى ۋە مۇشۇ ئىسپىكولاتلىق ئىقتىسادى مەنپەئەت ئاساسىدا
ياپون قاراقچىلىرى بىلەن يىڭى مۇناسىۋەت باغلىدى. ياپون قا-
راقچىلىرى بىلەن بولغان بۇ يىڭى مۇناسىۋەت ۋە خەلقنى ھەد-
دىدىن ئارتۇق بۇلاشتىن كىلىپ چىققان زورقارىمۇ - قارشىلىق،
جاڭگەيشى ئەكسىيەتچىلىرى گۇروھىنى، سىياسەتتە كومپارتىيە-
گە ۋە خەلققە تېخىمۇ قاتتىق قارشى تۇرۇشقا ۋە تەسلىم بولۇش
ھەرىكىتىگە تېخىمۇ جىددى كىرىشىشكە مەجبۇر قىلدى.

1 - قىتىملىق كومپارتىيەگە قارشى دولقۇننىڭ
ئوتمۇشى ۋە ئۇنىڭ چەكىندۇرۇلىشى - 1939 - ژىلى
سىنتەبردە ئانگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇشى
باشلاندى. ئانگلىيە، ئامرىكا ئىمپرىيالىستلىرى بارلىق كۈچىنى

غەربى ئاۋرۇپاغا تويلاش ئۈچۈن ، شەرقتە ياپونىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىش قەستىگە چۈشتى، ئانگلىيە، ئامرىكا ئىمپىرىئالىزمىنىڭ جىددى قۇتۇرتىشى ئارقىسىدا چۇنچىين ھوكۇمىتىنىڭ خارجى مىنىسترى ۋاڭ لۇڭخۇى ئامرىكىنىڭ كىلىشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز دىگەن مەزمۇندا سوھبەت ئېلان قىلدى . ئانگلىيە، ئامرىكا ئەلچىلىرىمۇ چۇنچىندە باش قوشۇشقا تىرىشتى. جاڭكەيشى ئەكسىيەتچىلىرى گروھى تەسلىم بولۇش ھەرىكىتىنى ئوڭۇشلۇق بىلەن ئېلىپ بىرىش ئۈچۈن ، 1939 ــ ژىلى قىشتىن 1940 ــ ژىلى باھارغىچە بىرىنچى قېتىم كومپارتىيەگە قارشى دولقۇن كوتەردى.

جاڭكەيشى 1939 ــ ژىلى دىكابىردا شەنشى ــ گانسۇ ــ نىڭشا چىگارا رايئونىنى قورشاپ ياتقان ئېشەنچىلىك ئەكسىيەتچى ھەربى قىسىملىرىدىن نۇرغۇن قۇرۇغلۇق ۋە ھاۋا ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ چىگارا رايئونغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لەنخۇا، شۇنيى، جىڭ ميڭ، نىڭ شەن، جىڭ يۈەن ناھىيەلىرىنى بسىپ ئالدى . ھەمدە نامۇس قىلماستىن «يوقالسۇن ئازات رايئون»، «يوقالسۇن كومپارتىيە»، «8 ـ ئارمىيە بسىپ ئالغان جايلارنى قايتۇرۇپ ئالايلى» دىگەن ئەكسىيەتچى شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. يەن شىسەن بولسا، غەربى شەنشىگە 6 كورپۇس ئەسكەر تويلاپ، ياپونغا قارشى قەتئى كۈرەش قىلىۋاتقان ئىلغار كوچ ـ پىدائىلار كالونىيىسىغا ئوشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ 20 نەچچە كۈن قانلىق ئۇرۇش بولدى. ياپونغا

قارشی پیدائیلار کالونیسی بوییۇلارنیڭ یتەکچیلیگیدە شەن‐ شینیڭ غەربی شیمالدیکی ئازات رایئونلارغا ئوتۇپ کەتتی. شیمالی جوڭگودیکی دۇشمەن ئارقاسپیدە، 1940‐ ژیلی باهاردا جاککەیشی جۇخۇەیینگنی ئۇەتیپ تەی خاڭ رایئونیدا تۇرغان 8‐ ئارمیەنیڭ باش شتابیغا هۇجۇم قیلدی. شۇۋاقیتدا ۋەزئیەت ناهایتی ئنغیرلاشقان ئدی. 8‐ ئارمیە ماۋزەیدۇڭنیڭ «باش‐ قیلار بیزگە هۇجۇم قیلمیسا، بیزئۇلارغا هۇجۇم قیلمایمیز، ئەگەر باشقیلاربیزگە هۇجۇم قیلیدیکەن، بیز قاراپ تۇرمایمیز» دیگەن یولیۇرۇغی بوییچە ئۇزینیڭ مۇداپیئە مەیدانیدا قەتئی تۇرۇپ، قایتارمازەربە بەردی. هۇجۇم قیلیپ کیرگەن جۇخۇەیینیڭ ئۇرۇش ۋاقیدا یاپون قاراقچیلیری بیلەن بیرلیشیپ ئالدی. ئۇنیڭ ئەسکەرلیری یاپونغا قارشی ئۇرۇش قیلیۋاتقان 8‐ ئارمیەگە هۇجۇم قیلیشقا بەك غەزەپلینیپ، ئۇرۇشتین زیریکتی، ئاخیری جۇخۇەیینیڭ قیسمی 8‐ ئارمیەنیڭ قەتئی قارشی هۇجۇمی ئاستیدا تارمار بولدی، جۇخۇەیینیڭ بولسا، یاپون ئەسکەرلیری جایلاشقان گەن شەنگەقیچیپ بریپ بیپن ‐ خەنکۇتومۇر یولی ئارقیلیق دۇشمەن پویزدیغا چۇشۇپ گومینداڭ هۆکۈمرانلیق قیلیۋاتقان رایئونغا قیچیپ کەتتی. بیرینچی قیتیملیق کومپارتییەگە قارشی دولقۇن، جوڭگو خەلیق ئارمیەسینیڭ 8‐ ئارمیە، یىڭی 4‐ ئارمیە ۋە یاپونغا قارشی پیدائیلار کالونیسینیڭ قەتئی مۇداپیئەسی ئاستیدا چەکیندۈرۈلدی. ئانگلیە، ئامریکا ئیمپریئالیزمینیڭ شەرقی.

میۇنخین سوئی قەستی ۋە جاگكەیشی گروھینیڭ تەسلیم بولۇش
ھەریکیتی يەنە بیرقتیم بۇرنیغا يېدی. 1940 ـ ژیلی 9 ـ فۇرالدا
چۇنچیندە گومینداڭنیڭ بیر ئەمەلـداری ئۇز نامیـنی يوشـۇرغان
ھالدا سوھبەت ئېلان قیلیپ، ئۇرۇشنی ئاياغلاشتۇرۇش مەسیلیـ
سیدە: «كومپارتییەگە قارشی تۇرۇش مەسیلیسی مۇھیم بیر مەسیـ
لیگە ئايلینیپ قالدی، تاھازیرغیچە بۇمەسیلینی توغری ھەل قیـ
لیش چاریسی تېپیلمیدی» دېدی. شاڭخەيدە چیقیـدیغان «ۋون
خۇی باۋ» گېزیتی 11 ـ فۇرالـدا ھەـلیقی سوھبەت توغریسیـدا
ئوبزور يېزیپ: «ئوچۇغیراق ئېتساق جۇڭگونیڭ بۇگۈنكی كۈندە
ياپونغا قارشی ئۇرۇشنی داۋام قیلدۇریشی ۋەشەرقی میۇنخین
توختیمینیڭ ۋۇجۇتقاچیقالمای قېلیشینیڭ سەۋیبی تامامەن كوم ـ
پارتییەگەقارشی تۇرۇش مەسیلیسینی ھەل قـیلیشنیـڭ مۇمكۇن
بولمیغانلیغیدین بولدی. ئەگەر كومپارتییە بولمیغان بولسا، جۇڭگو
ئاللیقاچان ياپونیيەنیڭ شەرتلیرینی قوبۇل قیلیپ كېلیشیپ كە ـ
تەتتی» دەپ يازیدۇ.

ماۋزەيدۇڭنیڭ «يېڭی دېموكراتییە ھەققیدە»
دیگەن ئەسیرینیڭ ئېلان قیلینیشی ـ ژۇقۇریدا ئېیتقاندەك كوم ـ
پارتییەگە قارشی تۇرۇش ۋەتەسلیم بولۇش تـۇتـۇنلیری ھەممە
ياقنی قاپلاپ تۇرغان بیر ۋاقیتتا، 1939 ـ ژیلی «7 ـ ئیيۇل» ياپونغا
قارشی ئۇرۇشنیڭ ئیككی ژیللیق خاتیرە كۈنیدە جۇڭگو كومپار ـ
تییەسینیڭ مەركیزی كومیتتی خیتابنەمە ئېلان قیلیپ، نوۋەتتە

جۇڭگو بويىچە ئەڭ زور ئىككى تۈرلۈك خەۋپ بارلىغىنى، بۇنىڭ بىرسى سۈلھ قىلىش، ئىككىنچىسى بولۇنۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ، مەملىكەتتىكى خەلقنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئى داۋام ئەتتۈرۈپ، ئىتتىپاق بولۇپ ئالغا چامداشقا ھەم تەسلىم بولۇش، بولۇنۇش ۋەچېكىنىشكە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى.

بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ماۋزېدۇڭ يەنە 1940- ژىلى 19- يانۋاردا جۇڭگو ئىنقىلابى ھەققىدە ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ماركسىزم نەزەرىيەسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەسىرى- «يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» نى ئېلان قىلدى. بۇكىتاپ جۇڭگونىڭ تارىخى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئانالىزقىلىپ، كېيىنكى 100 ژىلدىن بۇيانقى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، جۇڭگونىڭ كونادېموكراتىيە ئىنقىلابىدىن يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلابىغا ئۆتۈش قانۇنلىرىنى كۆرسۈتۈپ بەردى، جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك دولەت قۇرۇلۇشىنى ۋە سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدىكى نەزەرى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. «يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» دېگەن كىتاپتا مۇنداق دەپ كۆرسۈتۈدۇ: رۇسىيەدىكى سوتسىيالىستىك ئوكتەبر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ۋەجۇڭگودىكى «4- ماي ھەرىكىتى» دىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى يېتەكچىلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپقا ئايلاندى؛ جۇڭگو ئىنقىلابى يېڭى دېموكراتىزم باسقۇچى بىلەن سوتسىيالىزم باسقۇچىغا ئايرىلىشى لازىم. كىتاپتامۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئوچۇق

مەئلۇمكى ، ھازىرقى ۋاقىتتىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتىرى، مۇستەملىكىلىك ، يېرىم مۇستەملىكىلىك ۋە يېرىم فىئوداللىق خاراكتىر-دىن ئىبارەت بولغانلىقتىن، ئۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى ئىككى قەدەمگە بولۇشنىڭ زەرۇرلىكىنى بەلگۈلىدى. بىرىنچى قەدىمى، بۇمۇستەملىكىلىك، يېرىم مۇستەملىكىلىك ۋە يېرىم فىئودالىق ئىجتىمائى ھالەتنى، مۇستەقىل دېموكراتىك جەمئىيەتكە ئۆزگەرتىشتۇر؛ ئىككىنچى قەدىمى ئىنقىلابنى ئالغا قاراپ رىۋاجلاندۇرۇپ سوتسىيالىستىك بىرجەمئىيەت قۇرۇشتۇر، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىنقىلابى بۇنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ئىجرا قىلماقتا» (ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2 - توم2- نەشرى 659- بەت) «يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» دېگەن كىتاپتا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسۈتۈلۈدۇ: جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھازىرقى باسقۇچى- يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ مەزگىلىدە پارتىيە، ھەم كاپىتالىزمدىن ھەم سوتسىيالىزمدىن پەرق قىلىدىغان سىياسى پروگرامما، ئىقتىسادى پروگرامما ۋە مەدەنىيەت پروگراممىسىنى قوللۇنۇشى لازىم.

بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى يېڭى جۇڭگوغا قاراپ ئالغا باسىدىغان روشەن يول ۋە نىشانغا ئىگە بولدى، يولدىن ئېزىپ كەتمەيدىغان بولدى. «يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» دېگەن ئەسەر جۇڭگو كومپارتىيەسىگە ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىچى خەلقىغە تولۇق روھى قۇرال بەردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابى تېخىمۇ كۈچەيدى، ياپونغا قارشى بىرلىك سەپ

تىخىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە زورايدى. كومپارتىيەگە قارشى جاھىل گرۇھنىڭ روھى قۇرالى تارتىپ ئېلىندى، جاھىل گرۇھ يەنىمۇ قاتتىق ئېتىم قالدۇرۇلدى. «يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» دېگەن ئەسەر جاڭكەيشىنىڭ فېئودال، دەللال ھاكىم مۇتلەق، ئىنقىلابقا قارشى تۈزۈملىرى ۋە كومپارتىيەگە قارشى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بولدى. بۇ كىتاپ جاڭكەيشى ۋە كومپارتىيەگە قارشى بارلىق جاھىللارنى: «كىم كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇمەن دېسە، تالقان بولۇشقا تەييار لانغان بولۇدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. (ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى2 - توم2- نەشرى 684- بەت.)

بۇ ئەسەر پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە مەركەزلەشكەن ھالدا ۋەكىللىك قىلدى. مەملىكەت خەلقى يېڭى دېموكراتىيە بايرىقى ئاستىغا مۇستەھكەم ئۇيۇشۇپ، ھەممىدىن ئەۋۋەل جاڭكەيشى ئەكسىيەتچىلىرى گروھى قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق كومپارتىيەگە قارشى دولقۇننى ۋە ئۇز ۋاقتىدىكى ئامرىكا، ئانگلىيە ئىمپېرىيالىزمنىڭ شەرقى مىيونخېن سۇئى قەستىنى تار-مار كەلتۈردى.

2

8- ئارمىيە بىلەن يېڭى 4- ئارمىيە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاساسى كۈچى بولۇپ يېتىشتى

8- ئارمىيە بىلەن يېڭى 4- ئارمىيە ياپونغا قار-

شى ئۇرۇشنىڭ ئاساسى كۈچى بولۇپ يەتىشتى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى (1937-ژىلى ئىيۇلدىن 1938-ژىلى ئوكتەبرگىچە) دىكى 15 ئاي، خەلىق قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ 8-ئارمىيە، يەڭگى 4-ئارمىيە ۋە ياپونغا قارشى جەنۇبى جۇڭگو كالوتىيسىنىڭ دۈشمەن ئارقىسىغا بېسىپ كىرگەن ۋە دۈشمەن ئارقاسىپىدە ئازات رايونلارنى بەرپاقىلغان بىر مەزگىلدۇر. ياپونغا قارشى ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا كىرگەندىن تارتىپ 1940-ژىلى قىشقىچە بولغان ئىككى ژىل، دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايونلار ۋە خەلىق قۇراللىق كۈچلىرى تىخىمۇ تەرەققى قىلغان ۋە زورايغان بىر مەزگىلدۇر. 1938-ژىلى دىكابىردا ياپون قاراقچىلىرىنىڭ «شىمالى جۇڭگو تەرەپتىكى ئارمىيەشتابى» نىڭ بىر ھوججىتىدە «باندىتلارنى يوقۇتۇش ئىشىنىڭ مەركىزىنى كومپارتىيەگە قارىتىش لازىم» دەپ كورسۇتۇلدى. شۇندىن كېيىن دۈشمەنىڭ ئاساسى كۈچى 8-ئارمىيە بىلەن يەڭگى 4-ئارمىيەنى «ئوراپ ئىلىش» ۋە «يوقۇتۇش» قاتوپلاندى. دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايون فرونتلىرى داۋاملىق رەۋىشتە كەڭ كولەمدىكى قانلىق ئۇرۇش ئىچىدە قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى ژىل ھەم ئىستراتىگىك تىركىشىش باسقۇچىنىڭ باشلانغۇچ مەزگىلى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

1939-ژىلى فىۋرالدا خەلۇڭ بىلەن گۇەن شاڭ يىڭلار 120-دىۋىزىيەنى باشلاپ ئوتتۇرا خەبەيگە كىرىپ لۇيجىڭ ساۋ

قىسمى بىلەن بىرلىشىپ، ئوتتۇرا خەبەي بازىسىنى كىڭەيتتى. مارتتا لاۋيىڭخىڭلەر 115- دىۋىزىيەنىڭ بىرقىسمىنى باشلاپ سەن-دۇڭغا كىرىپ، ئاپرىلدا دۈشمەننىڭ 7 يولغا بولۇنۇپ سەندۇڭ-دىكى بازىغا قىلغان ھۇجۇمىنى تار-مار قىلدى. 120-دىۋىزىيە ئاپرىل ئايلىرىدا دۈشمەننىڭ بىرلەشكەن 27- دىۋىزىيەسىنىڭ بىرقىس-مى بىلەن ئوتتۇرا خەبەيدىكى جىخۇيدا قاتتىق ئۇرۇشۇپ 2 مىڭ-دىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقۇتۇپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى تامامەن ھالاكەتكە ئۇچراتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئوتتۇرا خەبەيدىكى دۈشمەنلەربىزنىڭ ئارمىيەمىزنىڭ ئاساسى كۈچىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش ئوتتۇرا خەبەي تۈزلەڭلىكىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى داۋام ئەت-تۈرۈش ۋە قانات يايدۇرۇشتا زور ئەھەمىيەتكە ئىگە بولدى. ماي ئايلىرىدا سەنشى-ساخار-خەبەي چېگارا رايونىدىكى نيەيۇن جىڭ قىسمى مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقۇتۇپ دۈش-مەننىڭ ئاشلىق تالاش ئۈچۈن قىلغان ھۇجۇمىنى تار-مار كەل-تۈردى. جەنۇبى جاڭسۇدىكى يېڭى 4- ئارمىيە باھارپەسلى بىلەن ياز پەسلى ئوتتۇرىسىدا شەرققە ئىلگىرىلەش ئالوتنىسى تەشكىل-لەپ جاڭيىڭ، ئۇشى، جاڭرە، تەيساڭ، سوجۇلارغاۋە شاڭخەي ئەتراپىغا بىسىپ كىرىپ جاڭ تەينى مەركەز قىلغان بازىنى قۇردى. يېڭى 4- ئارمىيەنىڭ خۇەيخەنىڭ جەنۇبىدىكى قىسمى باھار ۋە ياز پەسلى ئوتتۇرىسىدا ئاۋشەن ناھىيەسىدە دۈشمەننىڭ مىڭدىن

ئارتۇق پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار كەلتۇرۇپ، خۇبېيخەنىڭ جەنۇبىدىكى بازىنى كېڭەيتتى. يېڭى 4-ئارمىيەنىڭ خۇبېيخەنىڭ شىمالىدىكى قىسمىمۇ باھار ۋە يازپەسلى ئوتتۇرىسىدا شۇيمىڭ تاش يولىدىكى بەي جاۋ ئۇرۇشىدا غەلىبە قازىنىپ شىمالى خۇبېيخە بازىسىنى كېڭەيتىپ شۇي جۇغا تەھدىد سالدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا خۇبەيدىكى كومپارتىيە يېتەكچىلىكىدىكى پارتىزانلار لى شەنيەن-نىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى 4-ئارمىيەنىڭ خۇبەي-خەنەنگە ئىلگىرىلەش كالۇننىسى تەشكىللىنىپ خۇبەي-خەنەن-ئەنخۇي بازىسىنى قۇرۇپ ئوخەننى مۇھاسىرە ئىچىگە ئالدى. گۇاڭدۇڭنىڭ دۇڭ جاڭ دېگەن جايىدىكى ياپونغا قارشى خەلق پارتىزانلىرىمۇ شۇ يىلى باھار ۋە يازپەسلى ئوتتۇرىسىدا گۇاڭجۇ-جۇلۇن يولىنىڭ ئىككى ئەتراپىدىكى دۇشمەن ئارقاسىدا ھەرىكەتلىنىپ ژۇرۇپ دۇڭ ۋەن، خۇي ياڭ، دەن شۇي لەردە دۇڭجاڭ پارتىزان بازىسىنى قۇردى. سەنشى-ساخار-سەندۇڭ-خەنەن بازىسى ئىيۇل ئايلىرىدا ھۇجۇمغا كەلگەن دۇشمەنلەر بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، 140 مىڭ دۇشمەننىڭ زور ھۇجۇمىنى چېكىندۇردى. سەنشى-ساخار-خەبەي چېگارا رايونىنىڭ لېڭشۇ دېگەن جايىدا سېنتەبىر ئايلىرىدا بولغان «چېڭ جۇاڭ ئۇرۇشى» دا 120-دىۋىزىيە لېڭشۇغا ھۇجۇم قىلغان 2 مىڭدىن ئارتۇق دۇشمەننى چېڭ جۇاڭدا تامامەن يوقاتتى. بۇ دۇشمەننى پۇتۇنلەي يوقۇتۇشتا نەمۇنىلىك بىر ئۇرۇش

بولدى. يىگى 4- ئارمىيەنىڭ خوبەي - خەنەن - ئەنخۇيدىكى قىسمى ئوكتەبر ئايلىرىدا دۈشمەننىڭ، جىگسەن رايئونىدىكى ئارمىيەمىزگە قىلغان ھۇجۇملىرىنى 2 نۆۋەت تار - مار كەلتۈرۈپ، دۈشمەننى ئادەم جەھەتتە ناھايىتى چوڭ چىقىمدار قىلدى. نويابىردا دۈشمەن 20 مىڭ ئەسكەر توپلاپ 12 تەرەپتىن سەنشى-ساخار - خەبەي چىگارا رايئونىغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما چىگارا رايئونىدىكى ئەسكەر ۋە خەلىق بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت باتۇرانە ئۇرۇش قىلىپ، 4 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتتى، قالغان دۈشمەنلەر ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچتى. ئۇنىڭ بىرلەشكەن بىرىگادا كوماندىرى گېنىرال ئابە خۇاڭ تۇلىگدا ئوق تېگىپ ئۆلدى. بۇنىڭ ئۆلگەنلىگىنى ياپون قاراقچىلىرى ئېغىر چىقىم دەپ ھېساپلىدى. دېكابىردا ئوتتۇرا خەبەيدە ئون مىڭدىن ئار-تۇق دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلۈپ، مىڭدىن ئارتۇغى قىرىپ تاشلاندى. شۇ ژىلى خەينان داۋ خەلقىمۇ فېۋرال ئايلىرىدا بۇ جاي مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن، كومپارتىيە ئەزاسى پېڭ-بەيجۇيلەرنىڭ يېتەكچىلىگىدە ياپونغا قارشى چوڭ يەن پارتىزانلىرى ئەترىدى تەشكىللەپ، چوڭ سەننى مەركەز قىلغان ھال-دا چوڭ يەن پارتىزانلىق بازىسىنى قۇردى. بۇلار سېنتەبر ئايلىرىدا مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننىڭ 4 تەرەپلەپ قىلغان ھۇجۇمىنى تار - مار كەلتۈردى.

1940- ژىلى فېۋرالدا دۈشمەن قاراقچىلىرى 10 مىڭدىن ئار-

تۇق ئەسكەر بىلەن غەربى شىمال سەنشى بازىسىغا هۇجۇم قى-
لغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئارمىيەمىز تەرىپىدىن تار-مار كەلتۇرۇ-
لۇپ، دۈشمەننىڭ مىڭدىن ئارتۇغى ئۆلدى. مارت ئايلىرىدا
10 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن 10 تەرەپتىن پىلىك بەيدىكى بازىمىزغا
هۇجۇم قىلغان ئىدى، ئارمىيەمىز تەرىپىدىن تار-مارقىلىنىپ، مىڭ-
دىن ئارتۇغى ئۆلدى. ئاپرېلدا شىمالى خۆبېيخەدىكى يېڭى 4-
ئارمىيە قىسىملىرى 2مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن ۋە قورچاقلارنىڭ
هۇجۇمىنى تار-مار كەلتۈردى. مايدا شەرقى خەبەي بازىسىغا
دەھشەتلىك تازىلاش هۇجۇمى قىلغان 10 مىڭدىن ئارتۇق دۈش-
مەننىڭ هۇجۇمى تار-مار كەلتۈرۈلۈپ، بىرمىڭ بەش يۈز دۈش-
مەن ئۆلتۈرۈلدى. خەبەي-سەندۇڭ-خەنەن بازىسى ئىيۇندا
دۈشمەن قاراقچىلىرىنىڭ 3 تەرەپلەپ قىلغان هۇجۇمىنى تار-مار
كەلتۈردى. خۆبېيخەنىڭ شىمالىدىكى يېڭى 4-ئارمىيە قىسىمى شۇ
ئايدا دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ئۇرۇشلۇق ئارمىيەمىزنىڭ ئاسا-
سلىق كۆچىگە 3 تەرەپلەپ قىلغان هۇجۇمىنى تار-مار كەلتۈردى.

بۇ ئىسسىق قان بىلەن يېزىلغان تارىخلار، پەقەت شۇ 2 ژىل
ئىچىدە يۈز بولۇك ئۇرۇشىدىن قالسىلاكولىمى زور ئۇرۇشلار دې-
دۇر. ئۆمۈمەن ئالغاندا دۈشمەن شىمالى جۇڭگودا مىڭ كىشىدىن
ئارتۇق كۈچ بىلەن 109 نوۋەت هۇجۇم قىلدى. بۇ هۇجۇمغا 500
مىڭ ئەتراپىدا ئەسكەر ئىشلەتتى. چاڭ جاڭ دەرياسىنىڭ
جەنۇبىدا، شىمالىدا بولغان پارتىزان ئۇرۇشلىرى ھەرقايسى جاي-

لاردىكى ئۇششاق- چۇششەك ئۇرۇشلار دۇشمەن ئارقىسىدا دۇش-
مەن بىلەن كېچە-كۈندۈز تىركىشىپ تۇرغان ۋەزىيەت ئاستىدا،
داۋاملىق بولۇپ تۇردى. شۇنداق دەپ ئېيتىش مۇمكۈنكى،
دۇشمەن ئارقاسىدە ئازات رايئون قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇرۇش
زادىلا توختىماي داۋام قىلدى. باتۇر جۇڭگو خەلقى قاراقچى
دۇشمەنلەر بىلەن قانلىق كۈرەشنى ھېچ توختاتمىدى. قاراقچى
دۇشمەن ھۇجۇمغا ماسلاشتۇرۇپ يەنە تۆمۈر يول، تاش يول،
قورغان، پوتەيلەرنى قۇرۇپ دۇشمەن ئارقىسىدىكى ئازات راي-
ئونلارنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىشقا، مۇھاسىرە قىلىشقا ۋە
پارچىلاپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. ئوتتۇرا جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدە بۇن-
داق پوتەي ئىستىھكاملارنىڭ ھەددى- ھېساۋى يوق ئىدى. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن بوسىياسەت «ھەددى- ھېساپسىز» پوتەي سىياسىتى
دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ دۇشمەن ئازات رايئونلارغا
قارىتا ئۇرۇلۇك رەھىمسىز خانە ۋەيران قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى.
1939- ژىلى يازدا دۇشمەن ئوتتۇرا خەبەيدىكى يۇندىڭ، زىيا،
لۇتۇ، داچىڭ دەريالىرىنىڭ توغانلىرىنى بۇزۇپ، ئوتتۇرا خەبەي-
دىكى 30 دىن ئارتۇق ناھىيەنى سۇغا باستۇردى؛ 2- مىلليونديىن
ئارتۇق خەلق سۇئاپىتىگە ئۇچرىدى، دۇشمەنلەر شۇ يول بىلەن
ئوتتۇرا خەبەيدىكى ئەسكەر ۋە خەلقنى قىناپ ھالاك قىلماقچى
بولدى. ئەمما ئوتتۇرا خەبەيدىكى ئەسكەر ۋە خەلقلەر يەنە
ئۆزسېپىنى مەھكەم تۇتۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۈزلەڭدىكى

پارتيزان ئۇرۇشىنى باتۇرلارچە داۋام ئەتتۇردى.

دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئەسكەر ۋە خەلىقلەر ئەنە شۇنداق جىد-دى ۋە كەسكىن كۈرەشلەردە كۈچلۈك ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى دۈشمەننىڭ «مۇھاسىرە»سى، «پارچىلاپ تاشلىشى»، «ھۇجۇمى»ۋە «خانىۋەي-ران قىلىشى»نى داۋاملىق تار-مار كەلتۈرۈپ، شىمالى ۋە ئوت-تۇرا جۇڭگودىكى ئازات رايونلارنى تىخىمۇ كېڭەيتتى. جەنۇبى جۇڭگودىمۇ دوڭجاڭ ۋە جۇڭ يەن پارتىزانلىق رايونلىرى قۇرۇلدى ھەم كېڭەيدى. ۋەتەننىڭ پايرىقى دۈشمەن ئارقى-سىدا يەلپۈلدىدى. خەلىقنىڭ قۇراللىق كۈچى تىخىمۇزورايدى. 8-ئارمىيە 80 مىڭ ئەسكەردىن 4 يۈزمىڭغا، يىڭى 4-ئارمىيە 12 مىڭدىن يۈزمىڭغا يەتتى.

1940-ژىلى ئىيۇلدا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزى كومى-تىتى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 3-ژىللىقىغا بىغىشلاپ خىتاپنا-مە چىقارغان ۋاقىتتا، 8-ئارمىيە بىلەن يىڭى 4-ئارمىيە جۇڭگو-دىكى ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىغا قارشى تۇرۇۋاتىد-دۇ-دەپ ئېلان قىلدى. شۇ ئايدا 8-ئارمىيە باش شتابى: 8-ئارمىيە 3 ژىلدىن بۇيان 150 ناھىيەنى قايتۇرۇپ ئالدى، 2 يۈز-مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن-قورچاق ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈردى، يارىدار قىلدى ۋە ئەسىر ئالدى، دەپ ئېلان قىلدى.

گومىنداڭ فرونتىدا 1938-ژىلى قىشتىن بۇيان چوڭ ئۇرۇش

بولمىدى. ئازغىنە دۈشمەنلەر بەئزىدە ئەتىگەن كلىپ ئاز - باز توقۇنۇشۇپ قويۇپ كەچكىرگەندە قايتىپ كتىدىغان ئۇرۇشلارلا بولدى-خالاس. 1940 - ژىلى ئىيۇندا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ساسى، يى چاڭ قاتارلىق كەڭ جايلارنى داۋاملىق قولدىن بەردى. تومۇردەك فاكتلار شۇنى ئىسپات قىلدىكى: ئۇخەن قولدىن كەتكەندىن بۇيان جۇڭگو كومپارتىيەسى يتەكچىلىكىدىكى ئازات رايئون فرونتلىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا ئاساسى فرونت بولدى؛ 8- ئارمىيە، يىڭى 4- ئارمىيە، جەنۇبى جۇڭگودىكى ياپونغا قارشى كالونغا ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاساسى كۈچى بولدى. تىركىشىش باسقۇچى ئەمەلىياتتا ئازات رايئونلارنىڭ دۈشمەن بىلەن قىلغان تىركىشىشىدىن ئىبارەت بولدى. ئەگەر ئازات رايئوندىكى ئەسكەرۋە خەلقلەر باتۇرانە ئۇرۇش قىلمىغان بولسا، تىركىشىش باسقۇچىنى بەرداشلىق بىلەن داۋام قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يۈز پولك ئۇرۇشى - 1940 - ژىلى كۈزدە شىمالى جۇڭگودىكى خەلق ئارمىيەسى بىرىنچى قتىم كوللىكتىۋ هۇجۇمغا چىقتى. بۇ، ئۇرۇش يۈز پولك ئۇرۇشى دەپ شوھرەت قازاندى. ئۇچاغلار خەلقئارا فاشىستلارنىڭ غالجىرلىقى تازاەۋج ئالغان بىر ۋاقىت ئىدى. 1939- ژىلى كۈزدە باشلانغان ئىمپىرئالىزم ئۇرۇشىغا بىر ژىل تولغان چاغلار ئىدى. شۇ ۋاقتىكى خەلقئارا ۋەزئىيەت بۇنداق ئىدى: ئاۋروپادىكى ئۇرغۇن دۆلەتلەر گىرمانىيە، ئىتالىيە

فاشيستلىرىنىڭ چاقماق ئۇرۇشى زەربىسى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ ئىشغال قىلىندى. ئانگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە فرانسىيەنىڭ تەسلىم بولۇشى ئامرىكىغا تەھدىد سالدى. ئامرىكىمۇ ئاۋروپا ئۇرۇشىغا ئاشكارا قاتنا شماقچى بولدى. ياپون قاراقچىلىرى بولسا «جۇگگو - ياپون ۋاقىئەسى»نىڭ ياتراق تۈگۈشىنى ئۈمىت قىلىپ گىرمانىيە ئىتالىيە فاشىستلىرى گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ، ئوكيانىيەگە ھۇجۇم قىلىش قەستىگە چۈشتى. ياپون قاراقچىلىرى يەنە بىر تەرەپتىن ۋيتنام بىلەن بىرماغا قىستاپ بېرىپ ئانگلىيە بىلەن كېلىشكەندىن كېيىن بىرما - يۈنەن يولىنى، يۈنەن - ۋيتنام يولىنى بوغۇپ، جۇگگونىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خەلقئارا قاتناش يوللىرىنى كېسىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياپون قاراقچىلىرى جاڭگەيشى ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىنى سىياسەت بىلەن قىزىقتۇرۇپ تەسلىم قىلىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. گومىنداڭنىڭ تەسلىمچىلىرى تېخىمۇ قاتتىق ئىككىلىنىشكە، ئۈمىدسىزلىككە چۈشتى. سۈلھ قىلىش ۋە تەسلىم بولۇش تۇمانلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنى قاپلاپ كەتتى. دۈشمەن قورۇغلاۋق ئەسكەرلەر مىنىستىرى تۇدزىيۇ «جۇگگو - ياپون ۋاقىئەسى» تۈگۈسەمكەن دەپ تاتلىق چۈش كۆرۈپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا، شىمالىي جۇگگودىكى 5 مىڭ يولدىن ئۈزۈن دۈشمەن ئارقا سەپلىرىدە قۇدرەتلىك يۈز پولك ئۇرۇشى تۇغۇلدى. بۇ ئۇرۇش 1940 - ژىلى 20 - ئاۋغۇست كەچ سائەت 8 دە باشلاندى. 8 - ئارمىيەنىڭ

شىمالى جۇڭگودىكى بەش ئۆلكىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان 4 يۈز مىڭ كىشىلىك 115 پولكى بىر سائەت ئىچىدە پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا چىقىپ، كەڭ كولەمدىكى خەلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەمكارلىقى سايىسىدە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ 2 يۈزمىڭ ئەسكىرى بىلەن دىسكابرغىچە ئۇرۇشتى. ئۈچ يېرىم ئايلىق مۇددەت ئىچىدە چوڭ-كىچىك بولۇپ جەمئىي 1824 قېتىم ئۇرۇش بولدى، 20 مىڭدىن ئارتۇق ياپون ئەسكىرىنى ۋە 5 مىڭدىن ئارتۇق قورچاق ئەسكەرنى قىردى ۋە يارىلىدى. 281 ياپون ئەسكىرىنى ۋە 18 مىڭدىن ئارتۇق قورچاق ئەسكەرنى ئەسىر ئالدى. دۈشمەن-قورچاقلارنىڭ 2993 ئىستىھكامىنى يوقاتتى. جىڭ دىڭ-تەيۈەن، بەيجىن-خەنكو، تۈڭ كو-پۇجۇ تومۇر يوللىرى بولۇپ 948 يول ئۇزۇنلۇقىكى تومۇر يولنى، 3 مىڭ يول ئۇزۇنلۇقىكى تاش يولنى، 250 تىن ئارتۇق كوۋرۇكنى بۇزۇپ تاشلىدى. بىزنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقان قىسىملىرىمىز قاتناش قىيىن، تۇرمۇش ئېغىر جايلاردا، تەئمىنات ئىشلىرى بەك قىيىن بولغان شارائىت ئاستىدا ئۈچ يېرىم ئاي جىددى ئۇرۇش قىلىپ يۈكسەك كورەشچانلىق ۋە قىيىنچىلىقنى يېڭىش روھىنى جارى قىلدى. بىزنىڭ قوماندان جەڭچىلىرىمىزدىنمۇ 22 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم شەرەپ بىلەن يارىلاندى، زەھەرلەندى ۋەچوللەردە قۇربان بولدى. ياپون قوروۋالۇق ئەسكەرلەر مىنىسترى تۇدزىيو 1941-ژىلى 21-يانۋاردا ياپونىيەنىڭ ئاق سۆڭەكلەر پالاتىسى بىلەن ئاۋام پالاتىسىدا

ئۇرۇش ئەھۋالىدىن دوكلاد بېرىپ: «جاۋخەنىڭ 15 ـ ژىلى (يەنى 1940 ـ ژىلى) جۇنچىن تەرەپ دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتا ناھايىتى پاسسىپلىق قىلدى. تاھازىرغىچە ئاساسى كۈچ بىلەن قايتارما ھۇجۇم قىلمىدى. پەقەت كومپارتىيە ئەسكەرلىرىلا ئۆتكەن ژىلى ئاۋغۇستتا شىمالى جۇڭگودا كەڭ كولەمدە قايتارما ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا جاڭگە بېشىنىڭ ئىشەنچلىك قىسىملىرى ۋە باشقا قىسىملار ئۆزلىرى ساقلاپ ياتقان ئورۇندىن تەۋرەپمۇ باقمىدى» ـ دەيدۇ. ئىككى فرونتىكى ئوخشاشماسلىقلارنى دۈشمەننىڭ ئىقرارىدىنمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

3

«جەنۇبى ئەنخۇي ۋاقىئەسى» ـ ئىككىنچى قېتىملىق كومپارتىيەگە قارشى دولقۇن ۋە ئۇنىڭ چېكىندۈرۈلىشى

«جەنۇبى ئەنخۇي ۋاقىئەسى» ـ ئىككىنچى قېتىملىق كومپارتىيەگە قارشى دولقۇننىڭ تۇغۇلۇش سەۋەبى ـ بۇزپولك ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپون قاراقچىلىرى ئالدىراپ تېخىمۇ نۇرغۇن ئەسكەر چېقىرىپ ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن گومىنداڭ فرونتى بولغان نەننىڭ، جاۋجۇ، جەنشەنلەردىن ئۆز ـ ئۆزىچە ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، گومىنداڭنى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشقا كىرىشتى. شۇ ۋاقىتلاردا

گېرمانىيە ،ئىتالىيە، ياپونىيەلەرنىڭ ھەربى توختىمى ئىملان قىـ
لىنغان ئىدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرىمۇياپونىيەنىڭ ئۇلۇق
ئوكتىابر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش
ئۈچۈن، ياپونىيەنىڭ پۈتىنى جۇڭگو باتقىغىدىن تارتىپ چىقار-
ماقچى بولۇپ قىستىدى، جاڭكەيشىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى،
شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ چاغلاردا ئامرىكا بىلەن ياپونىيەمۇ سوھ-
بەت ژۈرگۈزمەكتە ئىدى. شۇ سەۋەپ بىلەن گومىنداڭ ئىچىـ
دىكى ياپون پەرەستلەر ۋە يوشۇرۇنۇپ ئالغان خائىنلار ياپون
قاراقچىلىرىنىڭ بىۋاسىتە قۇتۇرتۇشى بىلەن پۈرسەتتىن پايدىلىـ
نىپ كەڭ كولەمدە ھەرىكەت قىلغىلى تۇردى. جاڭكەيشى كوم-
پارتىيەگە كەڭ كولەمدە قارشى تۇرۇش پۈرسىتى يېتىپ كەلدى
دەپ، كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇش يولى بىلەن ياپونلارغا تەسـ
لىم بولۇش ئۈچۈن ئۇمۇمى يۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇشنى ۋۇجۇتقا-
چىقىرىشقا ئۇرۇندى.

شۇنىڭ بىلەن كومپارتىيەگە قارشى دولقۇن پۈتۈن مەملىكەتـ
نى قاپلىدى. شەنشى - گەنسۇ - نىڭشا چېگارا رايونىنى قور-
شاپ تۇرغان گومىنداڭ فاشىست ئەسكەرلىرى 1940 - ژىلى ئوك-
تەبردە كوپەيتىلىپ 2 يۈز مىڭدىن ئارتتى ، بۇلار بۇ يەردە 5
قۇر مۇھاسىرە سېپى قۇردى. گومىنداڭ ئوتتۇرا جۇڭگودا 25
مىڭ ئەسكەر توپلاپ، جاڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەكسىيەتچى رەئىسى
خەن دەجىڭ قوماندىسى ئاستىدا چاڭجاڭنىڭ شىمالىدىكى يـ

گى 4 ـ ئارمىيەنىڭ جىڭ يى قىسمىغا ھۇجۇم قىلدى. جىڭ يى قىسمى ئىتتىپاقلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا يول قويۇپ، تا چاڭجاڭ دەرياسىغا ئانچە ژىراق بولمىغان خۇاڭچاۋ- غىچە چېكىنىپ باردى. داۋاملىق چېكىنىشكە يول قالمىغانلىقتىن ئۆزلىرىنى قوغداشقا كىرىشىپ خەندەجىڭ قىسمىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ پۇشايمان قىلىش ئورنىغا مەخپىي رەۋىشتە ياپون قاراقچى- لىرى بىلەن كېلىشىپ مەملىكەت بويىچە كومپارتىيەگە قارشى ئىككى ئۇرۇش قوزغاش پىلانىنى تۈزدى.

«جەنۇبىي ئەنخۇي ۋاقىئەسى» نىڭ ئۆتمۈشى - ياپونلار، جاڭكەيشى ۋە ۋاڭجىڭۋېيلارنىڭ ئورتاق پىلانى - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى پىلانلىغان جەنۇبىي ئەنخۇي ۋاقىئەسى پەيدىن پەي ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى. 1940ـژىلى 19 ـ ئوكتەبىردە خەيىڭچىڭ بىلەن بەي چۇڭشى شتاپ باشلىقى ۋە مۇئاۋىنى نامى بىلەن، باش قوماندان جۇدە، مۇئاۋىن باش قوماندان پىڭ دەخۇەي، يېڭى 4 ـ ئارمىيە كوماندىرى يەتىڭ مۇئاۋىن شاڭ يىڭلارغا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇ- بىدىكى يېڭى 4 ـ ئارمىيە بىلەن 8 ـ ئارمىيە قىسىملىرىنى بىر ئاي ئىچىدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا توپلاڭلار دەپ تېلېگرام بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى. جاڭكەيشى ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ بۇيرۇقنى چۈشۈرۈشتىن مەقسىدى، بىر تەرەپتىن يېڭى 4 ـ

ئارمىيە يوتكۇلۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ئوشتۇمتۇت هۇجۇم قىلىپ ئۇنى «بىرپەشۋا بىلەنلا يوقۇتۇش» ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ياپون قاراقچىلىرى ئوتتۇرا جۇڭگودىكى «ژۇرەككە قادالغان تىكەن» دەپ تونىغان يىڭى 4 - ئارمىيەنى ئوتتۇرا جۇڭگودىن چىقىرىپ، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى ئازات رايئونلارنى ياپون قاراقچىلىرىغا بىرىپ، شۇنىڭ بىلەن ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئىشەنچىنى قازىنىپ، سوهبەت ئۇستىدىكى «جۇڭگو - ياپون سۇلىهى» نى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئىدى. جۇدە، پىڭ دەخۇەي، يەتىڭ ۋە شاڭ يىڭلار 9 - نويابىردا گومىنداڭ تەرەپكە ۋە پۇتۇن مەملىكەت خەلقىغە: «مەملىكەت ئىچىدە قىسمەن ئادەملەر كومپارتىيەگە قارشى يىڭى دولقۇن دەپ ئاتالغان نەرسىنى يەنە كوتۇرۇشكە قۇتراپ، تەسلىم بولۇش ئۇچۇن، تەييارلاشقا ئۇرۇنماقتا .... جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بىرلىشىپ «كومپارتىيەنى يوقۇتۇش» ئارقىلىق ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى توگۇتۇشنى ئويلىماقتا ......» دەپ تېلگرام تارقاتتى. شۇنداق بولسىمۇ جۇدە، پىڭ دەخۇەي، يەتىڭ، شاڭ يىڭلار ئومۇمى ئىتتىپاقنى نەزەرگە ئىلىپ، چاڭجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قىسىملارنى شىمال تەرەپكە يوتكەشكە ماقۇل بولدى. 1941 - ژىلى 4 - يانۋاردا يىڭى 4 - ئارمىيەنىڭ كوماندىرلىرى يەتىڭ، شاڭ يىڭلار يىڭى 4 - ئارمىيەنىڭ شتابىنى 10 مىڭ ئەسكەر بىلەن بىللە جاڭگەيشى كورسەتكەن يول بويىچە شىمالغا يوتكەشكە باشلىدى. بۇلار 5 - يانۋاردا جەنۇبى ئەنخۇينىڭ

چيكشەن بىلەن تەيپىك ناھىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ماۋلىك يېزى-
سىغا يېتىپ كەلگەندە، جاڭگەيشىدىن « بىر پەشۋا بىلەن ھەمە-
مىسىنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار، يەتىك بىلەن شاڭ يىگنى تىرىك تۇتۇپ ئە-
لىڭلار» دېگەن مەخپىي بۇيرۇق ئالغان گوجۇتوڭ ئېلگىرىدىن يو-
شۇرۇن تەييارلاپ قويغان 80 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن تۇش-
تۇمتۇتلا يېڭى 4 - ئارمىيە شتابىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. باتۇر
يېڭى 4 - ئارمىيە شتابىدىكى بارلىق قوماندان ، جەڭچىلەر ،
كوماندىر يەتىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە 6 - يانۋاردىن 13-يانۋارغى-
چە مۇھاسىرىگە كەلگەن جاڭگەيشى فاشىستلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى
بىلەن 7 كېچە- كۈندۈز قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرى ئوق ۋە
ئوزۇق تۈگەپ كەتكەنلىكتىن 14 - يانۋاردا بۇلارنىڭ تولىسى
قۇربان بولدى. پەقەت مىڭدىن ئارتۇق ئادەم مۇھاسىرىنى يېرىپ
چىقتى. كوماندىر يەتىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. مۇئاۋىن
كوماندىر شاڭ يىڭ قۇربان بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆ-
كۈمىتى بۇ جىنايەتنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن 17 - يانۋاردا يې-
ڭى 4 - ئارمىيەنى «ئىسيانچى» دەپ ئەيىبلەپ «يېڭى 4-
ئارمىيە»دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئېلان قىلدى.

شۇ ۋاقىتتا ياپون ئەسكەرلىرىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
ھە - ھۇ دېيىشىپ بەردى، ياپون قاراقچىلىرى 14 - يانۋاردا
«جەنۇبى ئەنخۇيدا كومپارتىيەنى يوقۇتۇشتا ئورۇندالماي قال-
غان خىزمەتلەرنى ئورۇندايمىز» دېگەن شۇئار بىلەن شۇەنچېڭ ،

جيڭتەن ئەتراپىدىكى يىگىي 4 ـ ئارمىيەگە كەڭ كۆلەمدە ھۇ-
جۇم قىلدى. ۋاڭ جىڭۋى «مىللىي ھوكۇمىتى» نىڭ «تىنچلىق
ساقلىغۇچى قىسىملىرى» مۇ ھەرقايسى جايلاردىكى يىگىي 4 ـ
ئارمىيە قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭجىڭ-
ۋى نەنجىڭدە تەبرىك مەجلىسى ئۆتكۈزدى، ئۇ بۇ ژىغىندا
سۆزلىگەن نۇتقىدا: «جاڭگەيشى بۇ ئىشنى خېلى ئوبدان قىل-
دى» دېدى. جاڭگەيشى يەنە تاڭ ئىگىبىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ
2 يۈز مىڭ ئەسكەرلەن جاڭجاڭنىڭ شىمالىدىكى يىگىي 4 ـ
ئارمىيەگە ھۇجۇم قىلدى. شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگارا راي-
ونىنى مۇھاسىرىگە ئالغان ئەسكەرلەرمۇ ھۇجۇمغا چىقىشقا تەييار-
لاندى. مانا بۇلار جەنۇبىي ئەنخۇي ۋاقىئەسى ياپونىيە، جاڭ-
گەيشى ۋە ۋاڭ جىڭۋىلارنىڭ ئورتاق پىلانى بويىچە بولغانلىقى-
نى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ماۋزېدۇڭنىڭ قەتئىي سىياسىتى، كومپارتىيە-
گە قارشى دولقۇننى چېكىندۈردى ـ ۋەزىيەت ناھا-
يىتى تېزىر باسقۇچقا كىلىپ قالدى. ئۈچ يېرىم ژىل داۋام قىل-
غان ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئەكسىيەتچىلەر قولىدا سىتىلىش، بۇ-
زۇلۇش خەۋپىگە چۈشۈپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا ماۋزېدۇڭ ئوتتۇ-
تۇرۇش تاشلان قىلدى: «ئەگەر جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى قانداق
بولىدۇ؟ دەپ سورالسا، بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى روشەن. يا-
پون قاراقچىلىرى بىلەن ياپون پەرەستلەرنىڭ پىلانى ئەمەلگە

ئاشقان تەۋرىدىمۇ بىز جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقى كوكرەك كىرىپ چىقىپ ۋەزىيەتنى ئۇڭلاپ، ياپون قاراقچىلىرى بىلەن ياپون پەرەستلەرنىڭ زومىگەرلىكىنى ئاداقىچە داۋام قىلدۇرۇشىغا يول قويماسلىققا مەسئۇلمىز. شۇنىڭدەك مۇنداق قىلىشقا بىزدە ئىشەنچ بار.» (ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2-توم 2-نەشرى 779-بەت). ماۋزېدۇڭ يەنە ئۇختۇرۇشتا: جەنۇبى ئەنخۇي ۋاقىئەسى گومىنداڭنىڭ كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇپ تەسلىم بولۇش سۇئىي قەستىنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىكەنلى-گىنى كورسۇتۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بۇ سۇئىي قەستنى توسۇشقا چاقىردى. يەنە گومىنداڭ تەرەپكە:

1. ھۇجۇم توختۇتۇلسۇن، قوغلاش توختۇتۇلسۇن؛

2. 17-يانۋاردىكى ئەكسىيەتلىك بۇيرۇق كىرەكسىز قى-لىنسۇن، ھەمدە تامامەن خاتالاشتۇق دەپ ئېلان قىلىنسۇن؛

3. جەنۇبى ئەنخۇي ۋاقىئەسىنىڭ باش جىنايەتكارى خەي-يىڭچىڭ، گوجۇتۇڭ، شاڭگەنيۇگشالارغا جازا بىرىلسۇن؛

4. يەتىگنى ئازات قىلىپ، داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ يېڭى 4-ئارمىيە كوماندىرى قىلىپ قويۇلسۇن؛

5. يېڭى 4-ئارمىيەنىڭ جەنۇبى ئەنخۇي ۋاقىئەسىدە تۇتۇپ ئېلىنغان پۈتۈن ئادەم ۋە ياراغلىرى قايتۇرۇلۇپ بىرىلسۇن؛

6. يېڭى 4-ئارمىيەنىڭ جەنۇبى ئەنخۇي ۋاقىئەسىدە يارى-دار ۋە قۇربان بولغان بارلىق ئەفىتسەر ۋە جەڭچىلىرىگە ھالى-

دىن خەۋەر ئېلىش يولى بېرىلسۇن.

ھەمدە «بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى كېرەكسىز قىلىنىپ، دېمو-
كراتىك سىياسەت ئىجرا قىلىنسۇن، ياپون بەرەستىلەرنىڭ باشلىق-
لىرى قولغا ئېلىنىپ دۆلەت سوتىغا تاپشۇرۇلسۇن» دېگەنلەرنىڭ
ۋەزىيەتنى ئاساسى بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە 12 ماددىلىق
شەرت ۋە ۋاقىتلىق ھەل قىلىش ھەققىدە 12 ماددىلىق شەرتنى تاپشۇ-
رۇلدى. (ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2 - توم 2 - نەش-
رى 779 بەت.) كومپارتىيە ئەنئەزالىرى شۇ ۋاقىتتا جاڭگەيشى
چاقىرغان خەلق سىياسى يىغىنىغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. جۇڭ-
گو كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزى ئىنقىلابى ھەربى ھەيئىتى 20 -
يانۋاردا جېك يېڭنى يېڭى 4 - ئارمىيەگە مۇۋەققەت قوماندان
قىلىپ، جاڭ يۈنيىنى مۇئاۋىن قوماندان قىلىپ، ليۇشاۋچىنى سىيا
سى كومىسسار قىلىپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇلار ئوتتۇرا جۇڭگوغا
تارقالغان 90 مىڭدىن ئارتۇق يېڭى 4 - ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ
چاڭجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى
داۋام ئەتتۈرۈشىگە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇ-
شىغا داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلدى. 8 - ئارمىيە ۋە باشقا ئازات
رايئون خەلقلىرىمۇ ئۇلارغا كۈچلۈك ياردەم بەردى. بۇ جەريانلار ئارقى-
سىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يېڭى 4 - ئارمىيەنى يوقۇ-
تۇش، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشا چېگارا رايئونىغا ھۇجۇم قى-
لىش دېگەن ھەربى پىلانلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىلدى، شۇنىڭ

بىلەن بۇ پلانلار ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

ماۋزېدۇڭنىڭ قەتئىي ئىنقىلابىي سىياسىتى مەملىكەت ئىچىنى ۋە تاشىنى تىترەتتى. جەنۇبىي ئەنخۇي ۋاقىئەسىدىن كېيىن كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ئىلغار كۈچلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئالەمگە سىغماس جىنايەتلىرىگە قاتتىق غەزەپلەندى. مىللىي بۇرژۇئازىيە بىلەن شەھەرلەردىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنى ئاساس قىلغان «دېموكراتىك سىياسىي جەمئىيەتلەر ئىتتىپاقى» (كېيىنكى جۇڭگو دېموكراتچىلار ئىتتىپاقى) جەنۇبىي ئەنخۇي ۋاقىئەسىدىن كېيىن مەيدانغا چىقتى. ھەتتا ھەرقايسى جايلاردا ئۆز ئالدىغا تەئسىر دائىرىسى بار گۇرۇھلار ۋە جاڭكەيشى سىستېمىسىغا كىرمەيدىغان ئەسكەرلەرمۇ جاڭكەيشىنىڭ «غەيرىلەرنى يوقۇتۇش» ھەرىكىتىگە نارازى بولدى. گومىنداڭ دېموكراتچىلىرىدىن بولغان سۇڭچىڭلىڭ، خەشاڭنىڭ، لۇيازى ۋە پىڭ زەيمىڭلەر بىرلىشىپ جاڭكەيشىگە خەت يېزىپ، نارازىلىق بىلدۈردى، ھەمدە سۇڭجۇڭسەننىڭ ئۈچ چوڭ سىياسىتىنى توغرۇلۇق بىلەن ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. جاڭكەيشىنىڭ بۇ جىنايىتى، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىغىدىكى فاشىزمگە قارشى خەلق ئاممىسىنىڭمۇ قارشىلىغىنى قوزغىدى. ئانگلىيە، ئامرىكا خەلقىمۇ ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ۋاقىئەنىڭ تەرەققى قىلىپ كېتىشىگە دىققەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. جاڭكەيشى سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ يېتىم قالدى. ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قارشى سىرى تېخىمۇ پاش بولدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كومپارتىيەگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇننى پەسەيتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

كومپارتىيەگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇن بىرلىك سەپتىكى ئوڭچىل تەسلىمچىلىك مەپكۇرىسىنىڭ خاتالىقىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىسپات قىلدى. ئىككىنچى قېتىملىق كومپارتىيەگە قارشى دولقۇننىڭ ساۋاقلىرى، ۋەتەنپەرۋەر خەلق پەقەت ماۋزېدۇڭنىڭ قەتئىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلغاندىلا ئىنقىلاب كۈچىنى ساقلاپ كومپارتىيەگە قارشى دولقۇننى چېكىندۈرەلەيدىغانلىقىنى، ئىقتىدارسىزلىق، ئاجىزلىق ۋە گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى سىياسەتلىرىگە يول قويۇش سىياسىتى ئىنقىلاب كۈچىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئەمەلىي رەۋىشتە ئىسپاتلىدى.

ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپتىكى تارىخىي ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە پارتىيەمىز مانا شۇنداق تەسلىمىيەتچى مەپكۇرىلەرگە (بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى چېن دۇشيۇ تەسلىمچىلىكىنى ئەيتماقچى - خۇخوا) يېقىن بولغان مەپكۇرىلەرگە، يەنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسىتىگە يول قويۇش، گومىنداڭغا ئاۋام خەلققە ئىشەنگەندىنمۇ ئارتۇغراق ئىشىنىش، ئەركىن رەۋىشتە ئاۋام خەلق كۈرىشى قوزغاشقا پېتىنالماسلىق، ياپونلار بېسىپ ئالغان يەرلەردە ئازات رايونلار-

نى ۋە خەلق ئارمىيەسىنى كېڭەيتىشكە پېتىنالماسلىق ، ياپونغا
قارشى ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش هوقۇقىنى گومىنداڭغا بېرىش-
لەرگە ئوخشاش پىكىرلەرگە قارشى تۇردى . بۇنداق ئاجىزلىق ،
لاياقەتسىزلىك ۋە چىرىكلىكتىن ئىبارەت بولغان هەم ماركسىزم ،
لېنىنىزم پرىنسىپلىرىگە خىلاپ بولغان مەپكۇرىلەرگە قارشى قەتئىي
كۈرەش ئېلىپ باردى . «ئىلغار كۆچلەرنى ئوستۇرۇش ، ئوتتۇ-
رىدا تۇرغۇچى كۈچلەرنى ئۆز تەرىپىگە ئېلىپ ، جاهىل كۈچ-
لەرنى يالغۇز قالدۇرۇش » سىياسىي يولىنى قەتئىي ئىجرا قىل-
دى .» (1947 - يىلى دېكابىردا ئېلان قىلىنغان «كۆز ئالدى-
مىزدىكى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز»).

يېڭى 4 - ئارمىيە جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدە ئەكسىيەت-
چىلەرنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ،
ئەمما ماۋزېدۇڭ بىلەن لىيۇشاۋچىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە
يېڭى 4 - ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا تارالغان 90 مىڭ كىشى-
لىك هەربىي قىسىملىرى ئۇرۇشتا يېڭىۋاشتىن تىخىمۇ كۈچلۈك
داۋام قىلدۇردى . تەشكىلىي جەهەتتىن كېڭەيىپ 7 دىۋىزىيە
بولۇپ تەشكىللىنىپ پارتىزان بۆلەكلىرى هالىدىن چاپسانلا مۇنتە-
زىملەشكەن ئارمىيە باسقۇچىغا ئۆتتى . ئوتتۇرا جۇڭگودىكى ئازات
رايونلارمۇ كۈندىن-كۈنگە مۇستەهكەملىنىپ يېڭى ۋەزىيەت يا-
راتتى . ئازات رايون ئوتتۇرا جاڭسۇ ، جەنۇبىي خۇەيخە ، شى-
مالىي جاڭسۇ ، شىمالىي خۇەيخە ، خۇبەي - خەنەن - ئەنخۇي ، جە-

تۈۋىي جاڭسۇ، ئوتتۇرا ئەنخۇي بولۇپ 7 گە يېتىپ، بۇ ئوتتۇرا
جۇڭگودا ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرقى غالىبىيەتكىچە داۋام
ئەتتۈرۈشكە تىرەك بولدى.

4

دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ، دۈشمەن، قورچاق ۋە جاڭكەيشىنىڭ ئارىغا ئېلىپ قىلغان زەربىسى ئاستىدا باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشى

يۈز پولك ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپون قاراقچىي-
لىرىنىڭ ئازات رايونلارغا ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە
ئەڭ مۇدھىش ھۇجۇم قىلىشى - يۈز پولك ئۇرۇشىدىن
كېيىن ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 5 - ژىلى (1941 - 42 - ژىلى)
ئىستراتېگىك تىركىشىش باسقۇچىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى بولۇپ
ھېساپلىنىدۇ. بۇ ژىل ئىچىدە دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئەسكەر
ۋە خەلقنىڭ كۆرىشى مىسلى كۆرۈلمىگەن جاپالىقتا ئۆتتى.
ياپون قاراقچىلىرى، قورچاق ئەسكەرلەر ۋە جاڭكەيشى ئەس-
كەرلىرى دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايونلارنى يوقوتۇشقا
پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىشتى. ياپون قاراقچىلىرى يۈز پولك
ئۇرۇشىدىن كېيىن دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ

بۈيۈك كۈچىدىن چۈچۈپ: «شىمالىي جۇڭگونى يېڭىۋاشتىن چۈشۈنۈش كېرەك ئىكەن» دەپ دادلىدى. ياپون قاراقچىلىرىنىڭ شىمالىي جۇڭگو تەرەپتىكى باش قوماندانى تاداشۇن خىزمەتتىن بوشۇتۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئوگامۇرا ئەيجى قويۇلدى. ياپون قاراقچىلىرىنىڭ بۇ ئەشەددىي جاللاتى جاڭكەيشىنىڭ كومپارتىيەگە قارشى 10 يىل قوللانغان «ئۈچ ھەسسە ھەربىي كۈچ قوللانىش، 7 ھەسسە سىياسەت قوللىنىش كېرەك» دېگەن جىنايەتلىك چارىسىنى داۋام ئەتتۈرۈپ «تىنچلىق ساقلاشنى كۈچەيتىش ھەرىكىتى» نى ئوتتۇرىغا ئاتتى. 1941 ـ يىلى دېكابىردا ئۇلۇق ئوكئان ئۇرۇشى قوزغالغاندىن كېيىن يەنە «بۈيۈك شەرقى ئاسىيا ئۇرۇشىنى ئادا قىلىشنىڭ ھەربىي بازىسى» دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا ئېتىپ، شىمالىي جۇڭگونى ياپون فاشىستلىرىنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئارقا سەپتىكى بازىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. (ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قولى بوشىمايدىغان، ئۇرۇش گۇناھكارى بولغان ئوگامۇرا ئەيجى ياپون تەسلىم بولغاندىن كېيىن جاڭكەيشى تەرەپتىن ئىززەتلىك مېھمان دەپ ھۆرمەتلىنىپ نەنجىن ھۆكۈمىتىنىڭ «پاراكەندىچىلىكنى بېسىقتۇرۇش مەسلىھەتچىسى» لىككە تەكلىپ قىلىندى. 1949 ـ يىلى فېۋرالدا جاڭكەيشى بىلەن لى زۇڭرېننىڭ قورچاق نەنجىن سوتى ئۇنى ئاشكارە رەۋىشتە «گۇناھسىز» دەپ ھۆكۈم قىلىپ ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخودى بىلەن ئۆز دۆلىتىگە ئۇزىتىپ قويدى).

ياپون قاراقچىلىرى «تىنچلىق ساقلاشنى كۈچەيتىش ھەرىكىتى» دە شىمالى جۇڭگونى «تىنچ رايون» (يەنى دۈشمەن بەسىپ ئالغان رايون) ، «تىنچلىق ساقلىنىدىغان رايون» (يەنى دۈشمەن بىلەن بىز تالىشىپ تۇرغان پارتىزانلىق رايون) ۋە «تىنچسىز رايون» (يەنى ئازات رايون) دېگەن 3تۈرلۈك رايئونغا بۆلۈپ ئۇلارغا ئوخشاشمىغان سىياسەتلەرنى قوللاندى. «تىنچ رايون» دا «تازىلاش» نى ئاساس قىلىپ جاگكەيشىدىن قالغان باۋجا تۈزۈمىنى داۋام ئەتتۈرۈپ، ئۆمۈمى جاۋاپكارلىققا تارتىش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ قورچاق ھاكىمىيەتنى ئوستۇردى، يېزىلارنى «كەنتلەرنى دائىرىلەش» ئۇسۇلى بىلەن زورايتتى. ئىشپىئونلۇق ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى «گۇمانلىق ئۇنسۇرلار»نى تازىلىدى، ئاشلىق، مال-مۈلۈك ۋە تەبىئى بايلىقلارنى بۇلىدى، زەھەرلىك نەرسىلەرنى ساتتى، يالغان ئاقچىلارنى كۆپلەپ تارقاتتى، قۇللاشتۇرۇش مۇئارىپىنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە مەجبۇرى يوسۇندا ياپون تىلى كىرگۈزدى، جۇڭگو تارىخىغا تەتۈر مەنا بەردى، فاشىستلاشقان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقىتىپ، «بۈيۈك شەرقى ئاسىيا يېڭى تەرتىۋى» ، «خان ئەسكەرلىرىنىڭ مۇقەددەس ئۇرۇشلىرى»، «داغ - دۇغۇلۇق ئۇرۇش مۇۋەپپىقىيەتلىرى» ، «كوممۇنىست باندىتلارنى يوقۇتۇش» ، «شىمالى جۇڭگونى يورۇتۇش» دېگەن نەرسىلەرنى تەشۋىق قىلدى. پاھىشە ۋازلىق، رەسۋا-

لىق، قاراقچىلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان تىئاتر، كىنولارنى قويدى، «جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ مەدەنىيىتى بىر، نەسلى بىر، شۇڭا بىرلىكتە ياشاپ، بىرلىكتە تەرەققى قىلىمىز» دېگەن ئەپسانىلارنى تەشۋىق قىلدى. شۇ يوللار بىلەن ئۇ خەلقنىڭ مىللىي ئاڭىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئىشغالىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە، ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇندى. «تىنچلىق ساقلىنىدىغان رايون» دا «مىتىدەك يېيىش» نى ئاساس قىلىپ قورقۇتۇش ۋە ئالداش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ خەلقنى «ياپونلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرۇش» قا ۋە «تەرتىپ ساقلاش» قا مەجبۇر قىلدى، ئىنسانىيەتسىز ئۇسۇللار بىلەن «ئادەمسىز رايون» لارنى پەيدا قىلىپ، پارتىزانلىق رايونلاردىكى خەلقنى دۈشمەن ئىشغالى ئاستىدىكى رايونلارغا ھەيداپ كەتتى، شۇ يول بىلەن پارتىزانلىق رايونىدىكى يېزىلارنى چۆلگە ئايلاندۇرۇپ، ياپونغا قارشى كۈچلەرنى پارتىزانلىق رايونلاردا ھەرىكەت قىلالمايدىغان قىلىشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايونلاردا مۇھاسىرە خەندەكلىرى كولاپ، پوتەيلەر قۇرۇپ 8 - ئارمىيەنىڭ خەلق ئىچىگە كىرىپ ھەرىكەتلىنىشىنى توسماقچى بولدى. «تىنچسىز رايون» غا قارىتا «يوقۇتۇش» نى ئاساس قىلىپ ئىلگىرى جاڭگەيشى ئىچكى ئۇرۇش ۋاقتىدا «كەشىپ» قىلغان ناھايىتى ۋەھشى «ئۈچ تۈگۈتۈش سىياسىتى» - كۆيدۈرۈپ تۈگۈتۈش، ئۆلتۈرۈپ تۈگۈتۈش، بۇلاپ تۈگۈتۈش - نى ئىجرا قىلىپ، ئازات رايون خەلق ئىچىدە ئېغىر ماددىي قىيىنچىلىق ۋە مەغلۇبىيەت

كەيپىياتى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى. «يوقۇتۇش» ئۇرۇشىدا مەغ-لۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىنگەن ۋاقىتلاردا ھەتتا يوقۇملۇق كسەل باكتىرىيەلىرىنى تارقىتىپ خەلىقنى زەھەرلىدى. تاكتىكا جەھەت-تە « بولۇنۇپ تۇرۇپ بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىش»، «قاسساپ پى-چىقى تاكتىكىسى»، «تومۇر تاملار بىلەن مۇھاسىرە قىلىش»، «ئۆتۈپ ئېلىپ كارامەتلىك ھۇجۇم قىلىش »، «توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىغا ژۇرۇپ يوقۇتۇش»،«تايىنىپ تۇرۇپ ، قىرىپ تاشلاش» دىگەن نەرسىلەرنى قوللاندى. ئازات رايونلارنى ۋە 8- ئارمى-يەنى يوقۇتۇپ «شىمالى جۇڭگونى تولۇق ساقلاش» مەقسىدىدە «يېزىلارنى تازىلاش»، «مىتىدەك يېيىش» ۋە «يوقۇتۇش» سىيا-سەتلىرىنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتتى. دۇشمەنىڭ ئوتتورا جۇڭگو ئازات رايونلارغا قارىتا قوللانغان سىياسەتلىرى-مۇ ئۇمۇمەن ئالغاندا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

دۇشمەن 1941 ـ 1942 ـژىللىرى شىمالى جۇڭگو ئازات، راي-ئونلىرىنى «يوقۇتۇش» ئۇچۇن ئۇرۇشقا چىققاندا، ھەر نوۋەت مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەربىلەن جەمئى 174 نوۋەت ئۇرۇش قىلدى يەنى ئۇنىڭ ھۇجۇمى ئىلگىركى ئىككى ژىلغا نيسبەتەن ئۇچتىن ئىككى ھەسسە كوپەيدى. بۇ ئۇرۇشلارغا جەمئى 833 900 يەنى ئىلگىر-كى ئىككى ژىلغا نيسبەتەن بىر ھەسسە ئارتۇق ئەسكەر ئىشلەت-تى، «يوقۇتۇش» نىڭ خاراكتىرى بارغانسىرى ئەشەددىلىشىپ كەتتى. خۇسۇسەن « قالدۇرماستىن يوقۇتۇش » دىگەن قەبىھ

ئۇرۇشقا كىرىشكەندە ھەرنوۋەتلىك ئۇرۇش ھەتتا 3_4 ئاي داۋام
قىلدى. يوقۇتۇش جەريانىدا دۈشمەننىڭ ھايۋان ئەسكەرلىرى ئايىغى
تەككەنلا يەردە ئادەم، ھايۋان، مال_مۈلۈك، نوي - ئىمارەت-
لەرنىڭ ھېچ بىرسىنى ئامان قالدۇرمىدى، نۇرغۇن يېزىلارنى
چۆلگە ئايلاندۇرۇۋاتتى. ئۇلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشتە قىلغان
ۋەھشىلىكلىرى تارىختا كۆرۈلمىگەن دەرىجىلەرگە يېتىپ باردى.
«قەپەز سىياسىتى» نى يەنە داۋاملىق كۈچەيتتى. ياپون قاراق-
چىلىرى قول ئاستىدىكى تۆمۈر يول ۋە تاش يوللارنىڭ ئىككى
تەرىپىگە مۇھاسىرە خەندەكلىرى ۋە مۇھاسىرە تاملىرى سالدى.
خەندەكنىڭ كەڭلىكى، تامنىڭ ئېگىزلىكى 7 گەزدىن 10 گەز-
گىچە يېتىپ باردۇ. بۇ خەندەك ۋە تاملار ئەتراپىغا يەنە تې-
كەنلىك سىم تور تارتتى. تۆمۈر يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
خەندەك ۋە تاملار بەزى جايلاردا 7 قاتار قىلىپ سېلىندى.
دەريالارنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن چوڭ دەريا-
لارنىڭ ئىككى قىرغىقىغا پوتەيلەرنى سالدى ۋە دەريا ئىچىدە
ماتورلۇق كېمىلەر بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇلاردىن
باشقا يەنە ناھىيە بىلەن ناھىيە ئوتتۇرىسىغا يېزا بىلەن يېزا ئوت-
تۇرىسىغا ئايلاندۇرۇپ خەندەكلەر قازدۇردى. بۇ چارىلارنىڭ
ھەممىسى ئازات رايونلىرىمىزنى پارچىلاپ ۋە ئۇنى ئاستىلاپ
كىچىكلىتىپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئارمىيەمىزنىڭ ھەرىكىتىنى چەك-
لەپ بىزنى ھايات كەچۈرەلمەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

1942 - يىلى ئۆكتەبىردە دۈشمەننىڭ شىمالى جۇڭگودىكى ئەسكەرلىرىنىڭ شتاب باشلىقى ئەنداشىشاڭ: «شىمالى جۇڭگودا يېڭىدىن 7مىڭ 7 يۈزدىن ئارتۇق قورغان سالدۇردى، 11 مىڭ 860 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا خەندەك كولاتتى. بۇ خەندەكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەنخۇەي گۇەندىن تارتىپ جاڭجاكۇدىن ئۆتۈپ ئېنشاغا يېتىپ بارىدىغان ئۇزۇن سېپىلدىن 6 ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، يەرشارى ئېكۋاتورىنىڭ تۆرتتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ.» دەپ ماختاندى. دۈشمەننىڭ بۇ قۇرۇلۇشقا ئىشلەتكەن ئەمگىكىنىڭ كۆپلىكى، قۇل قىلىپ ئىشلەتكەن خەلق ئاممىسىنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن جاپا مۇشەققەتلەرنى، ئاڭلىغان ئادەم سەۋر قىلىپ تۇرالمايدۇ. بۇ قورغان ۋە خەندەكلەر تامامەن پۇخرالارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنى بۇزۇپ ئالغان ماتېرىياللار بىلەن خەلقنىڭ زىرائەت ئېتىزلىرى ۋە باغلىرىنى ۋەيران قىلىپ، يەنە شۇ خەلقنى مەجبۇرى ئىشلىتىش ئۇسۇلى بىلەن قۇرۇلدى. ئەمگەككە تۇتۇلغان پۇخرالار قىلچە ھورۇنلۇق قىلسا قامچىغا باستۇرۇلدى، ياكى ئازاب بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

جاڭكەيشىنىڭ گەمىسەن تىمغىدا ئولتۇرۇپ ئوتنى تاماشا قىلىشى ۋە ئۆز قىسىملىرىنى قورچاق ئەسكەرلىككە كىرگۈزۈشى - ياپون قاراقچىلىرىنىڭ دۈشمەن ئارقىسىدىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن «يوقۇتۇشى»غا ھەمھۇد بېرىشىپ، جاڭكەيشى ئەكسىيەتچى گۇرۇھىمۇ

كومپارتىيەگە قارشى كۈچ تەيارلاشقا تۇتۇش قىلدى. ماۋزەيـ
دۇڭ «بىرلەشمە ھوكۇمەت ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق
دەپ يازىدۇ: تىركىشىش باسقۇچىدىن بۇيان، جاڭكەيشى گەمىسەن
تىنىدا يېتىپ «ھەربى كۈچنى ساقلىدى، ئۇرۇشنىڭ بارلىق ژۈكـ
لىرىنى ئازات رايئون فرونتلىرىغا ئارتىپ قويدى. ياپون قاراقـ
چىلىرىنى ئازات رايئونلارغا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى
تاغدا ئولتۇرۇپ يولۋاس ئۇرۇشىنى تاماشا قىلدى» (ماۋزەيدۇڭ
سايلانما ئەسەرلىرى 3 ـ توم، 2 ـ نەشىر 1042 ـ بەت).

گومىنداڭنىڭ ياپون قاراقچىلىرىغا قاراتقان سىياسىتى سولەت
ئۈچۈن ئانچىكىلا ئۇرۇشۇپ قويۇش ۋە «ئۇرۇشنى تاماشا قىلىش»
دىن ئىبارەت بولدى، ئۇ نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى سىچۇەندە ساقـ
لاپ ئىچكى ئۇرۇشقا كۈچ توپلىدى. گۈزەل زېمىنلىرىمىزنى
داۋاملىق رەۋىشتە دۈشمەنگە تاشلاپ بەردى. 1941 ـ ژىلى
ئاپرېلدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شاۋشىڭ، نىڭپو، فۇڭخۇا،
ژۈيئەن، فۇجۇلارنى داۋاملىق قولدىن بەردى. 1942 ـ ژىلى
ئىيۇندا يەنە فۇۋجو، چۈنجو، شاڭراۋلارنى قولدىن بەردى.
ئىيۇلدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى جەجاڭ بىلەن جاڭشى ئوتتۇرىـ
سىدا ياپون قاراقچىلىرىنىڭ زەربىسىدىن يىگىلىپ جەجاڭ، جاڭشى
تومۇر يولىنى ۋە ۋىنجونى قولدىن بەردى. كومپارتىيەگە قارشى
تۇرۇپ خەلىققە ئاپەت كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، دۈشمەن ئارقىـ
سىدىكى جەنۇبى سەنشىنىڭ جوڭتياۋسەن دېگەن يېرىگە ئىۋەـ

قىلغەن بىر-ئىككى يۈزمىڭ گومىنداڭ ئەسكىرىمۇ 1941-يىلى مايدا دۈشمەننىڭ بىر ھۇجۇمى بىلەنلا يەكسەن بولدى. يۈزمىڭى ئەسىر چۈشتى، دىۋىزىيە كوماندىرى گۇڭ بىڭخەن باشلىق 20-30مىڭ ئەسكەر ئۆزلىگىدىن دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. ئەسلىدە دۈشمەن ئارقىسىدىكى فرونتلارغا تەخمىنەن بىر مىللىئون (شىمالى جۇڭگوغا 8يۈز مىڭ، ئوتتۇرا جۇڭگوغا 200مىڭ) گومىنداڭ ئەسكىرى كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەمما بۇ ئەسكەرلەر جاڭ كەيشىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا پاسسىپلىق قىلىپ مەخسۇس كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇش، ئازات رايونلارنى بۇزۇش دېگەن ئەكسىيەتچىلىك سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دۈشمەننىڭ بىرپەشۋاسىغا چىدىيالماستىن جەجاڭ، جاڭشى، جۇڭتياۋسەن ئۇرۇشلىرىدا ھالاك بولدى ۋە تەسلىم بولۇپ تۈگىدى مانا بۇ ئەھۋال خەلىققە قارشى ئەسكەرلەرنىڭ دۈشمەن ئارقىسىدا تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇ ۋاقىتتا جاڭ كەيشى ۋىجدانسىزلىق بىلەن قول ئاستىدىكى بىر بۆلۈم ئەسكەرلەرنى دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، قورچاق ئەسكەرگە ئايلىنىپ، ئازات رايونلارغا قارشى «ئۈچ تۇگۇتۇش» ھۇجۇمى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرىدى. كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن جاڭ كەيشى كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئاشكارا قارشى تۇرساق ھەر قايسى تەرەپنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدىكەنمىز دەپ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ «ۋەتەننى ئەگرى يول بىلەن قۇتقۇزۇش» دېگەن ئالدامچىلىق تەشۋىقاتىنى

ژۇرگۇزۇپ، بىرقىسىم ئەسكىرىنى «خانىنىڭ ياردەمچى ئەسكەر-لىرى» دېگەن نام بىلەن ياپون قاراقچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كومپارتىيەگە ۋە خەلققە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەنگە تەسلىم قىلدۇردى، ھەمدە ۋاڭجىڭۋى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئالدى. گومىنداڭنىڭ جاڭسۇ، سەندۇڭ ئۆرۈش رايونىدىكى پارتىزان كالونىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى لىچاڭجاڭ 1941-يىلى 13-فېۋرالدا 5قوماندان ۋە 8ئەترەتنى باشلاپ جەمئى 40مىڭ ئەس-كەر بىلەن دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. مارتتا گومىنداڭنىڭ جاڭسۇ ئۆلكىسىدىكى تەچلىق ساقلايدىغان 8-بىرىگادىسىنىڭ كوماندىرى ياڭ جۇڭخۇا ۋە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 5-كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى لويۇەتىڭلەر پۈتۈن ئەسكىرى بىلەن دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. ئىيۇندا يەنە گومىنداڭنىڭ 69-كورپۇس كوماندىرى بىزەيۇ ئۆزقىسمى بىلەن دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. 1942-يىلى فېۋرالدا گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 1-كورپۇسىنىڭ جاۋرۈي، ياڭچىڭ دىۋىزىيەلىرىمۇ غەربى سەنشىدە دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. ئاپ-رىلدا گومىنداڭنىڭ بىرلەشكەن 29-كورپۇسىنىڭ مۇئاۋىن كوماند-دىرى سۈڭلەنچىڭ 3دىۋىزىيە كوماندىرى، 3بىرىگادا كوماند-دىرى، 2كالونا كوماندىرى بىلەن بىللە غەربى سەندۇڭدا دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. گومىنداڭنىڭ ئالى دەرىجىلىك گېنې-راللىرى ئۇرغۇن مىقداردا ئۆز قىسىملىرى بىلەن دۈشمەنگە تەسلىم بولغانلىقتىن «ئەفيتسەرلەر خۇددى باشتىكى چاشتەك،

گېنېراللار خۇددى دولقۇندەك دۈشمەن قولىغا بېرىلگىلى تۇر-
دى» دېگەندەك دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش دولقۇنى كوتۇرۇلۇپ،
قورچاق ئەسكەرلەرنىڭ ئالاھىدە كوپىيىشىگە سەۋەبچى بولدى.
جاڭكەيشىنىڭ بۇقىسىملىرىنىڭ پىلانلىق رەۋىشتە ياپون قاراقچىلى-
رىغا تەسلىم بولۇشتىن مەقسىدى، زورەكلىك رەۋىشتە ياپون قا-
راقچىلىرىنىڭ، خەلق قوراللىق كۈچلىرىگە 8-ئارمىيە بىلەن
يېڭى 4-ئارمىيەگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئىدى.

دۈشمەن ئارقىسىدىكى ۋەزىيەتنىڭ مىسلى كو-
رۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆزگىرىشى، ئازات رايون-
لاردىكى ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ باتۇرانە كۈرەش-
لىرى- دۈشمەن، قورچاق ۋە جاڭكەيشى تەرەپلەرنىڭ
پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا،
1941-1942-يىلغىچە دۈشمەن ئارقىسىدا مىسلى كورۈلمىگەن
ئېغىرچىلىق ۋە قىيىن كۈرەش ۋەزىيىتى پەيدا بولدى. 1941-
يىلىنىڭ باشلىرىدىكى جەنۇبى ئەنخۇي ۋاقىئەسىدىن كېيىن يېڭى
4-ئارمىيە فۇرالدا قورچاق لى چاڭجاڭ قىسمى بىلەن قاتتىق
ئۇرۇش قىلىپ ئونلارنىڭ مىڭدىن ئارتۇقىنى قىرىپ تاشلىدى.
شۇ ئايدا غەربى شىمالى سەنشى بازىسى دۈشمەننىڭ 13تەرەپتىن
قىلغان ھۇجۇمىنى تار-مار كەلتۈردى. ئاپرىلدا 10مىڭدىن ئار-
تۇق دۈشمەن سەنشى-خەبەي-سەندۇڭ-خەنەن ئازات راي-
ونىغا كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئەسكەر-

لىرىمىز مىڭدىن ئارتۇغىنى قىرىپ، قالغانلىرىنى چېكىندۈردى.
مايدا دۈشمەنلەر جوڭتياۋسەندىكى گومينداڭ ئەسكەرلىرىگە
هۇجۇم قىلغاندا، بىزنىڭ ئارمىيەمىز گومينداڭ ئەسكەرلىرىنى خە-
ۋۇپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، شىمالى جۇڭگو تومۇر يوللىرى
بويلىرىدا ئوزلىكىدىن هۇجۇمغا چىقىپ دۈشمەن ۋە قورچاقلار-
دىن 10مىڭنى قىرىپ تاشلىدى. ئىيۇندا 40مىڭ دۈشمەن شەرقى
خەبەيگە هۇجۇم قىلىپ بىزنىڭ ئارمىيەمىز تەرىپىدىن تار-مار
كەلتۈرۈلدى. بۇ ئۇرۇشتا 2مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن ئولدى.
22-ئىيۇندا گىتلېر گېرمانىيەسى ۋەدىسىگە خىيانەت قىلىپ سوۋېت
ئىتتىپاقىغا هۇجۇم قىلىپ، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى باشلانغاندىن
كېيىن ياپون قاراقچىلىرى تىخىمۇ غالجىرلاپ دۈشمەن ئارقىسى-
دىكى ئازات رايونلارغا هۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۈش-
مەن ئارقىسىدىكى ئەسكەر ۋە خەلق مىسلى كورۈلمىگەن ئېغىر
كۈرەش ئىچىدە قالدى، ئىيۇلدا 25 مىڭ دۈشمەن ۋە قورچاق
ئەسكەرلىرى 4تەرەپلەپ شىمالى جاڭسۇدىكى بازىغا هۇجۇم قىل-
دى. بۇ يەردە 34كېچە-كۈندۈز قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ ئاخىرى
دۈشمەن تار-مار كەلتۈرۈلدى. دۈشمەن سەردارى ئوگامورا-
نەيجى 1941-يىلى ئاۋغۇستتا تاداشوننىڭ ئورنىغا شىمالى
جۇڭگودىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا ئولتۇ-
رۇپ يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى توپلاپ سەنشى-ساخار-
خەبەي ئازات رايونىغا 13تەرەپتىن هۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا

دۈشمەن «تومۇر تام بىلەن مۇھاسىرىگە ئېلىش»، «تاراق بىلەن تارىغاندەك، تازىلاپ يوقۇتۇش»، «ئات تۇۋۈقى شەكلىدىكى قورغان سېپى تەشكىل قىلش»، «بېلىق دۈمبىسى شەكلىدىكى مۇھاسىرەسېپى تەشكىل قىلىش» دېگەندەك يېڭى تاكتىكىلارنى ئىشلەتتى، ھەمدە زەھەرلىك گازچاچتى. ئۇرۇشنى دۈشمەنلەر «مىللىئون ئەسكەر ئۇرۇشى» دەپ ئاتىدى. دۈشمەنىڭ بۇقتىمقى مىساى كورۈلمىگەن چوڭ ھۇجومىدا دوشمەنلەر 5مىڭ پۇخرانى ئولتەردى، 150مىڭ ئىغىز ئوي ۋە 50 مىللىئون جىڭ ئاشلىقنى كويدۈرۈۋاتتى. پۈتۈن جىگارا رايئوندىكى خەلىق ۋە ئەسكەرلەر 2ئاي داۋامىدا جاپاچكىپ 8يۈز نەچچە نوۋەت ئۇرۇش قىلىپ، 8مىڭ دۈشمەننى ئۆلتەردى ۋە ئەسىر ئالدى، 8يۈز نەچچە چاقرىم يولنى بۇزدى. نتىجىدە ئوكتەبرنىڭ ئاخىرىدا دۈشمەن سەنشى - ساخار - خەبەي ئازات رايئونىدىن تامامەن قوغلاپچىقىرىلدى. ئۇرۇش جەريانىدا جىگارا رايئونىدىكى ئەسكەر ۋە خەلىقلەر نۇرغۇن تەسىرلىك قەھرىمانلىقلارنى كورسەتتى. مەسىلەن: لاڭ ياسەن تىغىدا چوقىنى ئېگىلەپ ئالغان 5قەھرىمان 2500دۈشمەنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇپ ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كىيىن ياردىن ئوزىنى تاشلاپ قۇربان بولدى. مانا بۇ، شۇ ئۇرۇشتىكى قەھرىمانلىقلارنىڭ بىر مىسالى. ھۇجۇمى تارمار كەلتۇرۇلگەندىن كىيىن دۈشمەن سەردارى ئۇگامۇرا نەيجى مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئوز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلىشقا مەجبۇربولدى.

شۇ چاغلاردا شەرقى جەنۇبى شەنشى ئازات رايونىمۇ 20 ميڭ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، دۈشمەننىڭ 2مىڭىنى يو- قۇتۇپ قالغانلىرىنى چېكىندۈردى. 8-دېكابىردا ئۇلۇق ئوكتان ئۇرۇشى قوزغالغاندىن كېيىن، ياپون قاراقچىلىرى يەنە خاتاجۇنرۇڭ نى ئەۋەتىپ 50مىڭ ئەسكەر بىلەن سەندۇڭ ئازات رايونىغا ھۇ- جۇم قىلدى. بىزنىڭ ئارمىيەمىزنىڭ باتۇرانە زەربىسى بىلەن بۇ دۈشمەنلەردىن 6مىڭى ئولۇپ قالغانلىرى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى.

1942-ژىلى دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايونلاردا دۈش- مەن قاراقچىلىرىنىڭ قىرىپ تۈگۈتۈش ئۇچۇن زۇرگۈزگەن ھۇجۇم- لىرىدىن كېيىن ئادەم ۋە ماددى كۈچ ناھايىتى ئازايدى، قىيىنچىلىقمۇ كۆپەيدى. ئەمما ئازات رايونلاردىكى خەلىق ۋە ئەسكەرلەر چىشىنى مەھكەم چىشلەپ باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەنگە زەربە بېرىشنى داۋام قىلدۇردى. يانۋاردا، ئوتتۇرا خەبەي ئازات رايونى يۈز ميڭ ئەسكەر ۋە خەلىقنى تەشكىللەپ يول- لارنى بۇزۇپ دۈشمەننىڭ ئوتتۇرا خەبەي ئازات رايونىنى پارچىلاپ تاشلاش قەسدىنى تار-مار قىلدى. فېۋرالدا غەربى شىمال سەنشى ئازات رايونى 20مىڭ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار كەلتۈرۈپ 4مىڭ دۈشمەننى قىرىپ تاشلىدى. شۇ ئايدا 14مىڭ دۈشمەن شەرقى جەنۇبى سەنشى ئازات رايونىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، بىر ئايغىچە قايتا-قايتا ئوت قويۇش، قىرىش،

زەھەرلەنچیش ئۇسۇللىرى بىلەن 13مىڭ ئادەمنى قىربۇەتتى. تەيخاڭ رايئونىنى «ئادىمى يوق رايئون»غا ئايلاندۇرۇمىز دەپ ۋاقىرىدى. ئەمما بىزنىڭ ئەسكەر ۋە خەلقىمىز جاپاچەكىپ كۆرۈشۈپ 3مىڭ 5يۈز دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ئاخىرى دۈشمەنلەرنى بۇ رايئوندىن ھايداپ چىقاردى. ئاپرىلدا گومىنداڭ 2دىۋىزىيە كۈچ بىلەن گۇاڭدۇڭ، دۇڭجاڭ پارتىزانلار كالونىيسىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ ۋاقىتتا دۇڭجاڭدىكى پارتىزانلار كالونىيسى ئېغىر چىقىمدار بولغان بولسىمۇ ئەمما خەلقىنىڭ خەير خاھلىقى ۋە ياردىمى بىلەن ئۆز كۈچىنى داۋاملىق ئۆستۈردى. كالونىيا كېڭىيىپ ئون نەچچە مىڭ كىشىلىك بىر ھەربى قىسىمغا ئايلاندى. شۇ ۋاقىتلاردا خەينەن ئارىلىدىكى جۇڭيەن پارتىزانلار ئەترىدىمۇ تەرەققى قىلىپ نەچچە مىڭ كىشىلىك ئەترەتكە ئايلاندى. بىرىنچى مايدا دۈشمەن قاراقچىلىرى ئوتتۇرا خەبەي تۈزلەڭلىكىگە ياپونغا قارشى ئۇرۇش تارىخىدا ئەڭ مۇدھىش بولۇپ سانالغان مەشھۇر «بىرىنچى ماي ھۇجۇمى»نى قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا دۈشمەن ئۈچ دىۋىزىيە ۋە 2برىگادا ئەسكەر توپلاپ ئوتتۇرا خەبەيگە ئۇمۇمى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. 60مىڭ كىلومېتر زىمىندىكى 8مىڭ يېزىدا 1500 قورغان قۇردى. 7يۈزدىن ئارتۇق ئافتوموبىل بىلەن 10مىڭ يول ئۈزۈنلىقتىكى تورشەكىلدىكى تاش يوللاشتۇرۇش ئىشىنى تەكشۈرۈش ژۇرگۈزدى. «توغرىسىدىن ۋە ئۈزۈتىدىن بىرلىكتە زەربە بېرىش»، «بۆرجەكلەردىن تازىلاپ يوقۇتۇش»

«تورۇسىپ بىلىق تۇتۇش» دىگەن تاكتىكىلارنى ئىشلىتىپ قايتا ـ قايتا ھۇجۇمغا چىقىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ ۋەھشى بولۇپ ھىسابلانغان «ئۈچ تۈگۈتۈش سىياسىتى»نى قوللاندى. «چۇماۋا ـ باسىنىڭ مىكروبلىرىنى تارقاتتى»، «خەندەكلەرگەزە ھەرچاچتى»، قىسقىسى ئىنقىلابنى سىغدۇرۇشقا مۇمكۇن بولمايدىغان بارلىق ۋەھشىيـ لىكلەرنى قىلدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا دۈشمەنلەر ئوتتۇرا خەـ بەيدە 50مىڭ ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى ۋە قىرىپ تاشلىدى. پۈـ تۈن رايوندا «ماتەم توتمىغان يېزا، يىغا-زىرە قىلمىغان ئورۇن» قالمىدى. بۇ ئۇرۇش توپ-توغرى 2ئاي داۋام قىلدى، ئوتـ تۇرا خەبەي تۈزلەڭلىگىدىكى باتۇر ئەسكەر ۋە خەلىقلەر مەشـ ھۇر «سۈڭجاك ئۇرۇشى» قاتارلىق ئۇرۇشلاردا دۈشمەنگە ئەڭ قاتتىق ئەجەللىك زەربىلەرنى بىرىپ، ئاخىرى دۈشمەننى تاماـ مەن قوغلاپ چىقاردى. دۈشمەننىڭ ساكا مۇزۇ بىرىگادىسىنىڭ كوماندىرى بولۇپ 8مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى قىرىپ تاشلىدى. ئىيۇندا شەرقى جەنۇبى سەنشى ئازات رايونى 30مىڭ دۈشـ مەننىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار كەلتۈرۈپ 5مىڭىنى قىرىپ تاشلىدى. بۇقېتىمقى قايتارما ھۇجۇمدا 8- ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن شتاپ باشـ لىقى زوچۈەن دولەت ئۈچۈن قۇربان بولدى. شۇ ئايدا يىڭى 4- ئارمىيە شەرقى جەجاڭنىڭ سى مىڭسەن رايونىنى دۈشمەنـ دىن قايتۇرۇپ ئىلىپ، شەرقى جەجاڭ بازىسىنى قۇردى.

ئىيۇلدا 8- ئارمىيە بىلەن يىڭى 4- ئارمىيەنىڭ باش شتابى:

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 5-ژىلىدا دۈشمەن ۋە قورچاقلاردىن بولۇپ 140مىڭ ئەسكەر قىرىلدى، ياريدار قىلىندى، ئەسىر ئېلىندى دەپ ئېلان قىلدى. شۇ ئايدا سەنشى-سۇيۈەن چېگارىسىغا جايلاشقان داچىڭ سەن بازىسىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 30مىڭ دۈشمەننىڭ زور ھۇجۇمىنى تار-مار كەلتۈردى. ئاۋغۇستتا بىزنىڭ ئارمىيەمىز شەرقىي خەبەيدە 10مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، دۈشمەننىڭ گېنېرال تاۋۋۇرا باشلىق مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى قىرىپ تاشلىدى. ئۆكتەبردە 10مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن سەنشى-ساخار-خەبەي ئازات رايونىغا ھۇجۇم قىلدى، 20مىڭ دۈشمەن شەرقىي جەنۇبىي سەنشى ئازات رايونىغا ھۇجۇم قىلدى، 40مىڭ دۈشمەن سەندۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئارمىيەمىز تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شىمالىي جاڭسۇ ئازات رايونى ياپونلارنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك پىڭلىك دىۋىزىيەسى ۋە 30مىڭ قورچاق ئەسكەرنىڭ مۇھاسىرە ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى.

دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئەسكەر ۋە خەلق پولاتتەك تاۋلىنىپ، دۈشمەن ھۇجۇملىرىنى باتۇرلارچە چېكىندۈردى-8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە ياپونغا قارشى جەنۇبىي جۇڭگو كالونىسى دۈشمەنلەرنىڭ ئوراپ قىلغان ھۇجۇمى ۋە قىرغىنلىرىنى تار-مار كەلتۈرۈش جەريانىدا ماۋزېدۇڭنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش دەۋرىدە

قوللانغان ئۇنۇملۇك موھاسىرە ھۇجۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئىستراتېگىيەسى ۋە تاكتىكىسىدىن ئوبدان پايدىلاندى. دۈشمەن دەستلەپ ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىمىز پارچىلىنىپ ناھايىتى شالاڭ تارقىلىپ كېتىپ دۈشمەننىڭ يان ۋە ئارقا تەرەپلىرىگە ئۆتۈپ ئېلىپ، دۈشمەنگە ئارقا سەپتىن زەربە بەردى. دۈشمەن بازىلارغا كېلىپ يوقۇتۇشقا كىرىشكەن ۋاقىتتا بىرقىسىم ئەسكەرلىرىمىز قايتا توپلىنىپ خەلق ئەترەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ دۈشمەننى پاراكەندە قىلدى. شۇ داۋامدا دۈشمەننىڭ ئاجىزنۇقتىلىرىنى تېپىپ، ئۈستۈن كۈچلەرنى شۇيەرگە توپلاپ، ئۇنىڭغا بىر تەرەپتىن ياكى بىر نەچچە تەرەپتىن زەربە بېرىپ ئاندىن كېيىن ئۇنى تامامەن مەغلۇپ قىلدى. ياپونغا قارشى خەلق ئارمىيەسى ماۋزەدۇڭنىڭ «ئاساسىي ئۇرۇش پارتىزانلىق ئۇرۇش بولۇشى لازىم. ئەمما پايدىلىق شارائىت ئاستىدا ھەرىكەتلىنىپ ئۇرۇش قىلىشنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم» (ماۋزەدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 2-توم، 2-نەشىر 489-بەت) دېگەن ئۇرۇش پرىنسىپىنى قەتئىي ئىجرا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يىللە ئاممىۋى خاراكتېردىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئەترەتلىرى ۋە پارتىزان گۇرۇپپىلىرىنى كۆپەيتتى. خەلق ئەترەتلىرى تاغلىق جايلاردا مىناسىپ قۇردى، يەنە ھەممە يەردە مۇداپىئە سەپلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ھەممە جايغا مىنا كۆمۈپ بازىلارغا كىرگەن دۈشمەننى ھەمىشە مىناغا يولۇقتۇرۇپ گۇم-

ران بولۇش خەۋپى ئاستىدا قالدۇردى؛ تۈزلەڭ يەرلەردە، يەر ئاستىغا لەخمىلەر كولاپ، ئاشۇنداق يەر ئاستى لەخمىلىرى ياردىمى بىلەن يېزىلارنى- يېزىلارغا تۇتاشتۇرۇپ ئۇزلىرىنىڭ يوشۇرۇنىشىغا، دۈشمەنگە زەربە بېرىشىگە ئاسانلىق تۇغدۇردى. شۇيول بىلەن پارتىزانلارغا، دۈشمەنلەر يېزىلارغا كىرگەندە، تاملارنىڭ يوچۇقلىرى ۋە يەر ئاستى لەخمىلىرىدە تۇرۇپ ھەر ۋاقىت ئوق چىقىرىپ دۈشمەننى قىرىش ئىمكانىيىتى ھازىرلىدى.

دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئەسكەر ۋە خەلق يول ئالاقە تورۇشىنى كەڭ كولەمدە قانات يايدۇردى. ئامىنىڭ كۆچى بىلەن يوللارنى بۇزۇپ دۈشمەن ئەسكەر توشۇپ، خەلق قىنىنى شوراشقا ئىشلىتىدىغان تومۇر يول ۋە تاش يوللارنى بۇزۇپ، دۈشمەننىڭ قاتناش ئىشلىرىنى توختۇتۇپ قويدى. تۈزلەڭلىكتە يەنە خەندەك قېزىش ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى بۇ خەندەكلەر ئاكويلار تەخلىتىدە كەڭ قېزىلغان بولۇپ، خەندەك ئىچىدە چوڭ ھارۋىلار ژۇرەلەيتتى. بۇنداق خەندەكلەر تەرەپ- تەرەپكە تۇتاشتۇرۇلۇپ قېزىلغانلىقتىن، ئارمىيەمىزنىڭ يوشۇرۇنۇپ ژۇرۇپ ھەرىكەت قىلىپ دۈشمەننى توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى، ئافتوموبىللىرى، برونىلىق ماشىنىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق چاپسان ھەرىكەت قىلىدىغان قىسىملىرى توسۇلۇپ قىلىپ ئوزروللىرىنى ئوينىيالماي قالدى.

ئازات رايونلارنى كېڭەيتىپ دۈشمەننىڭ «تىنچلىق ساقلاشنى

كۈچەيتىش ھەرىكىتى» ۋە «مىتىدەك يېيىش سىياسىتى»نى تار-مار كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە كەڭ كولەمدە «قوراللىق خىزمەت ئەترىتى» ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ ئەترەتلەر دۈشمەن ئارقىسىدىكى فرونتلارغا (دۈشمەن ئىشغال قىلغان رايونلارنىڭ ئەتراپىغا) خىزمەتكە ئەۋەتىلدى. بۇ ئەترەتلەر قوراللىق كۈرەش بىلەن ئاممىۋى خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى پاراكەندە قىلغان ئۇششاق گۇرۇپپىلىق دۈشمەن ۋە قورچاق ئەسكەرلەرگە زەربە بەردى، بىزنىڭ سىياسىتىمىزنى تەشۋىق قىلىپ، ياپونغا قارشى ھاكىمىيەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى كېڭەيتتى.

ماۋزېدۇڭنىڭ خەلق يولى يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان دۈشمەن ئارقىسىدىكى ھايات-مامات كۈرىشىدە ئەسكەر بىلەن خەلقنىڭ ھايات-ماماتى ۋە ئېغىرچىلىقلىرى بىر بولدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئەسكەر ۋە خەلق بىر تەن بولۇپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا يەنە «ئەسكەرلەرنى ئىخچاملاشتۇرۇپ كۈچەيتىش، مەمۇرىيەتنى ساددىلاشتۇرۇش» سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشمايدىغان خادىملار مۇمكىن قەدەر ئازايتىلىپ ھەربى كۈچ تولۇقلىنىپ خەلقنىڭ ئېغىرچىلىقلىرى يېنىكلىتىلدى. مۇشۇنداق قىلىپ، ئازات رايونلاردىكى ئەسكەر ۋە خەلقلەر دۈشمەن، قورچاق ۋە جاڭگەيشى ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ توختىماستىن قايتا-قايتا قىلىۋاتقان ھۇجۇملىرىنى تار-مار كەلتۈرۈپ ھەددىدىن ئارتۇق قىيىن شارائىت ئاستىدا ئېغىر باس-

تۇچلاردىن ئوتتۇپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ دۈشمەن ئارقىسىدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش فرونتىنى غەلىبىلىك رەۋىشتە داۋام ئەتتۈردى.

1941 ــ ۋە 1942 ــ يىللىرى دۈشمەننىڭ «يوقۇتۇش سىياسىتى»، «مىتىدەك يېيىش سىياسىتى»، «ئۈچ تۈگۈتۈش سىياسىتى»، «تەچلىق ساقلاشنى كۈچەيتىش سىياسىتى» تازا ئەۋج ئالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىزنىڭ ئارمىيەمىز ئازىيىشقا مەجبۇر بولدى. 8 ــ ئارمىيە 4 يۈز مىڭدىن 3 يۈزمىڭغا چۈشتى. بازىلار كىچىكلىنىپ نۇپۇسى يۈز مىلليوندىن 50 مىلليونغا چۈشۈپ قالدى. ئۇرۇش تازا دەھشەتلىك بولغان، قۇربان كۆپەيگەن 1942 ــ يىلى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزى كومىتېتى ئېلان قىلغان «7 ــ ئىيۇل خىتابنامىسىدا: بۇ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بويانقى ئەڭ قىيىن بىر يىل، شۇڭا دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئەسكەر ۋە خەلق ئىگىلمەستىن پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى داۋام ئەتتۈرۈپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرقى قىيىن باسقۇچتىن ئۆتۈشلىرى لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى دۈشمەن ئارقىسىدىكى كۈرەشنى داۋام ئەتتۈرۈشتە ئۈلگۈلۈك رول ئوينىشى لازىم ــ دەپ كۆرسەتمە بەردى. ئۇ ۋاقىتلار دۈشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە شىمالى جۇڭگودا پەيدا بولغان ئاپەت نەتىجىسىدە ئاشلىق قەھەتچىلىكى پەيدا بولغان ۋاقىت ئىدى. شىمالى جۇڭگودىكى دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايون خەلقى ۋە ئەسكەرلەر كۆكۈرۈپ

كەتكەن قارا بۇرچاق ۋە ئاق قوناقلار ھەم دەرەخ قوۋزاقلىرى ۋە ئوت-چوپ ژىلتىزلىرى بىلەن قورساق بقىپ يەنە روھلۇق ھالدا كۇرەشنى داۋام ئەتتۇردى. ئەنە شۇ جەنىقىش ئارقىسىدا ئازات رايئونلاردىكى ئەسكەر ۋە خەلق پولاتتەك تاۋلىنىپ جاپالىق كۇرەشلەر ئىچىدە يەنىمۇ ئوبدان چىنىقىپ قەددىنى ژۇقۇرى كوتۇرۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيىتىنى قولغا كەلتۇرۇدىغان بىردىن-بىر ئىشەنچلىك كۇچكە ئايلاندى.

ئونئۈنچى باپ

ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇچىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى — قىسمەن قايتارما ھۇجۇم، ئىستراتېگىيىلىك قاي- تارما ھۇجۇم باسقۇچىنىڭ يېتىپ كېلىشى، خەلقنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا قىلغان قايتارما ھۇجۇمىنىڭ غالىبىيەت قازىنىشى

1

ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتى 3 — قېتىملىق كومپارتىيەگە قارشى دولقۇن ۋە ئۇنىڭ چېكىندۈرۈلۈشى

ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو كومپار- تىيەسىنىڭ ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتى - پارتىيە- نىڭ مەپكۇرىۋى يېتەكچىلىكىنى ۋە بىرلىكىنى كۈچەيتىش پۈتۈن پارتىيەنى ئىتتىپاقتا كەلتۈرۈپ، دۈشمەندىن غالىپ كېلىش تۈ-

چۈن، ماۋزەيدۇڭ 1942- ژيلى فېۋرالدا پارتىيە ئىچىدە «پار-
تىيە ئىستىلىنى تۈزەش» توغرىسىدا ئىككى نوۋەت تارىخى ئە-
ھەممىيەتلىك دوكلاد بېرىپ، پۈتۈن پارتىيەنى ئىستىلنى تۈ-
زەپ، ماركسىزم، لېنىنىزم ئارقىلىق پارتىيە ئىچىدەكەڭ كولەمدە
مۇۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مەپكۇرىسى ۋە
ئىستىلىنى بولۇپمۇ سوبىكتىۋىزم ۋە گرۇھۋازلىق ئىقىملىرىنى ھەمدە
بۇ ئىككى تۈرلۈك ئىقىمنىڭ ئىپادىسى بولغان پارتىيە دوگماتىز-
مىنى تونۇپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ ئۇمۇمى ھە-
قىقەتلىرى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كونكرېت پراكتىكىسىنى بىر-
لەشتۈرۈشكە چاقىردى. 1942- ژيلى 3- ئاپرېلدا جۇڭگو كومپار-
تىيەسىنىڭ مەركىزى تەشۋىقات بولۇمى يەنە قارار چىقىرىپ، پۈ-
تۈن پارتىيەدىكى يولداشلارنى ماۋزەيدۇڭنىڭ دوكلادلىرى ۋە
ئىستىل تۈزەش ھەققىدە مەركەزدىن ئىشلان قىلىنغان ھوججەتلەر-
نى ئۆگۈنۈشكە چاقىردى.

شۇندىن باشلاپ پۈتۈن پارتىيە كادرلىرى ئىچىدە ئىستىل
تۈزەش توغرىسىدا ئۆگۈنۈش ھەرىكىتى قانات يايدى. بۇ ھەرىـ
كەت ئۆزۈنغا قالماستىن پۈتۈن ئازات رايونلاردىكى ئەسكەر،
ھوكۇمەت ۋە خەلىق ئاممىسى ئىچىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادر-
لار ئىچىگە يېتىپ باردى. پۈتۈن ئازات رايونلاردىكى كادر-
لار 1942- 1943- ژيللىرى ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىگە كىرىشتى.
شۇنىڭ ئارقىسىدا ھەر دەرىجىلىك كادرلار ماۋزەيدۇڭنىڭ

«ئوگۇنۇشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى»، «پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈتەيلى»، «پارتىيە دوگماتىزمىغا قارشى تۇرايلى»، «يەنگەندىكى ئەدەبىيات سەنئەت سۆھبىتىدە قىلىنغان لېكسىيە» دېگەن نۇتۇقلىرى ۋە لىيۇشاۋچىنىڭ «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيەسى ھەققىدە»، «پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەش ھەققىدە» دېگەن ھۆججەتلىرىگە ئاساسەن مەپكۇرە جەھەتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەنقىت ژۈرگۈزۈپ، شۇ يول بىلەن مېتودولوگىيەدە ئىنقىلاپ پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پرولېتارىيات مۇۋەققىيتى تىخىمۇ مۇستەھكەملەندى، ئاممىۋى نۇقتەئىي نەزىرى تىخىمۇ كۈچەيدى، پارتىيە ئىچىدە ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئىفىر دوگماتىزم ئىقىملىرى تازىلاندى. بۇ ھەرىكەت، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ قىيىن مەزگىللىرىدە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ غالىبىيەتنى قولغا ئېلىشقا مەپكۇرەۋى ئاساس قۇردى. ماۋزېدۇڭ 1947-ژىلى دىكابىردا شۇ قېتىمقى ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىرىنى خۇلاسىلاپ بۇنداق دەپ يازدى: «پارتىيەمىزدە ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ژۈرگۈزۈلگەن ئىستىل تۈزۈتۈش ھەرىكىتى، ئومۇمەن ئالغاندا ئۆز نەتىجىسىنى كۆرسەتتى. بۇ نەتىجە ئاساسەن بىزنىڭ يېتەكچى ئورگانىمىز ۋە بىر مۇنچە كادىرلىرىمىزنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ ئومۇمى ھەقىقەتلىرى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كونكرېت پراكتىكىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئىشىنى بىر قەدەم ئىلگىرى چامداپ ئىگىلىگەنلىكىدە كۆرۈلدى.

بۇ ئۇقتىدا پارتىيەمىز ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن ئەۋۋەلقى بىرقانچە تارىخى دەۋىرلەرگە قارىغاندا بەك زور ئالغا باستى.»(كوز ئالـ دىمىزدىكى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز).

3 ـ قىستىملىق كومپارتىيەگە قارشى دولقۇننىڭ چەكلىندۇرۇلۇشى ـ ئازات رايونلاردىكى ھەر دەرىجىـ لىك كادىرلار ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىگە كىرىشىۋاتقان، ئازات رايونلاردىكى پۈتۈن ئەسكەر ۋە خەلق 1941 ـ 1942 ـ يىللار ـ دىكى قىيىن باسقۇچلارنى غالىبىيەت بىلەن يېڭىپ، ئازات رايـ ئونلار تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ كېتىۋاتقان بىر ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھالۇۋقوپ قالدى. ئۇلار: ياپون قاراقچىلىرى ئازات رايونلارنى يوقۇتالمىدى، ئەگەر دەرھال ياپون قاراقـ چىلىرىغا ياندىشىپ ئۇلار بىلەن بىللە ئازات رايونلارنى يوقاتـ مايدىغان بولساق، ئازات رايونلارنى ئەبەدىل ـ ئەبەد يوقۇتالـ مايدىكەنمىز ـ دىگەن ئويغا كەلدى. ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى «نەزەرىيەۋى» سەپەر ـ بەرلىككە ئاساس قۇـ رۇش ئۈچۈن جاڭكەيشى 1943 ـ يىلى مارتتا ئۆزى ئىمزالىغان، سىسىق نامى ھەممە يەرگە تارقالغان ئەسىرىنى ـ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» نى چىقاردى. بۇ كىتابتا ئۇ تارىخنى ساختىلاشتۇـ رۇپ، كومپارتىيە ۋە خەلققە قارشى فىئودال، فاشىزم «نەزەـ رىيە» سىنى سىتىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى مەسىلىلىرىنى ئىككى يىل ئىچىدە ھەل قىلىمىز، يەئنى كومپارتىيە ۋە بارلىق ياپونغا

قارشى دېموكراتىك كۈچلەرنى ئېككى زىل ئېچىدە يوقۇتۇمىز-دېدى. بۇ كىتاپ نەشىر قىلىنىش بىلەن ياپون فاشىستلىرىنىڭ ئېتتىپاق ئاگىتىستۋاسى: «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتابنىڭ بايان قىلىش نىشانىسىدا خاتالىق يوق، ئەمما بىز ياپونلارنىڭ قارىشىمىزچە بۇ كىتابتا ياپون ئىمپىرىيەسى تەكرار-تەكرار ئۇختۇرۇش قىلىپ سوزلەپ بولغان شەرقى ئاسىيا يېڭى تەرتىۋى مەقسىدىكى نەزەرىيەلەر تەكرارلىنىپ بۇيۇك ئاسىياچىلىقتا ماسلاشتۇرۇلۇپتۇ. ۋاڭ جىڭۋېينىڭ تىنچلىق بىلەن دولەت قۇرۇش نەزەرىيەسىمۇ كوچۇرۇپ ئېلىنىپتۇ، -دەپ باھالىدى. خەلىقتە «ئۇرۇش ئەللان قىلىشتىن ئىبارەت بولغان» بۇ«كىتاپ»نى جاڭكەيشى ئۆزىنىڭ ياشلارنى زەھەرلەش مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن گومىنداڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدىكى رايونلاردىكى مەكتەپ ۋە ئىدارىلاردا پىششىق ئۆگۈنۈشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ يەنە ھەر قايسى جايلاردىكى ئىشپىئونلۇق ئىدارىلىرىنى جىددى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، كومپارتىيەگە قارشى 3-قېتىملىق دولقۇننى قوزغىدى.

ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا جاڭكەيشى خۇاڭخە دەرياسىدا مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئەسكەرلىرىگە شەنشى-گەنسۇ-نىڭشا چېگارا رايونىنىڭ ئەتراپىغا يوتكۇلۇپ يەككەنگە 9 تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كورۇشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى ئىشپىئونلارنى قۇ-

تۇرتۇپ «خەلىق تەشكىلاتلىرى»دىگەن نام بىلەن ئۇلارغا جۇڭـ
گو كومپارتىيەسىنى«تارقىتىش»نى تەلەپ قىلدۇردى. ئىيۇندا
گومىنداڭ ئەسكەرلىرى چگارا رايونىنىڭ مۇداپىئە سەپلىرىنى
توپقا تۇتۇپ، 8ـ ئارمىيە «چگارا رايوننى بوشاتسۇن» دەپ
ۋالاقلىدى.

ئەمما كومپارتىيەگە قارشى بۇ قېتىمقى دولقۇن يەنە ماۋزېـ
دۇڭنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى كۈچلەر بىلەن قەتئى كۈرەش قىلىش
سىياسىتى ئاستىدا كۈچلۈك قايتارما زەربىگە ئۇچرىدى. يەنئەن
ۋە ھەر قايسى ئازات رايونلار مەجلىس ئېچىپ نامايىش ئۆتكۈـ
زۈپ، بارلىق ئەسكەر ۋە خەلىقنى سەپەربەر قىلىپ، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرى قوزغىغان ئىچكى ئۇرۇشقا ئەمىلىي ھەرىكەت
بىلەن قايتارما زەربە بېرىشكە قەتئى تەييارلىق كوردى. كومپارـ
تىيەگە قارشى 3ـ قېتىملىق دولقۇن ئازات رايونلاردىكى ئەسـ
كەر ۋە خەلىق قۇۋۋىتىنىڭ سۇرى ئاستىدا يەنە چېكىندى.

بۇ قېتىمقى كومپارتىيەگە قارشى دولقۇندىن ئىلگىرى ۋە
كېيىن جاڭكەيشى ئەكسىيەتچى گۇروھى ياپون قاراقچىلىرى بىـ
لەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدى. 1942ـ ژىلى مارتتا
گويلىگدا ئۇشتۇمتۇتلا خىتەن دەپ ئاتالغان بىر ياپون پەيدا بوـ
لۇپ گۇاڭشى ئولكولوك ھوكۇمەت رەئىسى خۇاڭ شۇي چۇ بىـ
لەن كورۇشتى. خۇاڭ شۇي چۇ تېلگرام بىلەن جاڭكەيشىدىن
يوليورۇق سورىغاندا جاڭكەيشى: «ۋاقىتلىق نازارەت ئاستىغا

ئالغان بولۇپ مەخپى سوھبەت قىلىشقان» دەپ جاۋاپ قايتار-
دى. بۇ ياپون 1943 - ژىلى باھاردا ئىسىل مىھمان قاتارىدا
جۇنچىڭگە ئالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مەخپى سوھبەت ئۆتكۈ-
زۈلدى. 1943 - ژىلى مايدا ياپون قاراقچىلىرى، شاڭخەيدە
دۈشمەنگە تەسلىم بولغان گومىنداڭ مەركىزى كومىتېتى ئەزاسى،
گومىنداڭنىڭ مەركىزى تەشۋىقات بولۇمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
ئۆكەيشەننى جۇنچىڭگە ئەۋەتتى، ئۆكەيشەن دۈشمەن مەسلىھەت-
چىسى گېنېرال مايور شاۋلىڭ تاپشۇرغان مەخپى شەرتلەرنى
ئېلىپ جاڭكەيشىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئايروپىلان
بىلەن جۇنچىڭگە كەلدى. ئۆكەيشەن جۇنچىڭگە كەلگەندە گو-
مىنداڭنىڭ 3 يۈزدىن ئارتۇق ئالى مەنسەپدارلىرى ئايرودرومغا
چىقىپ قارشى ئالدى. جاڭكەيشى خۇددى گەۋھەر تېپىپ
ئالغاندەك خۇرسەن بولۇپ، ئۇنى «ئالى مىھمان» ئورنىدا كورۈپ
كۈتتى. 1943 - ژىلى دۈشمەن سەردارى گودى ئاشكارا رە-
ۋىشتە گومىنداڭنى 4 قېتىم تەسلىم بولۇشقا ئۈندۈدى. گومىنداڭ
بۇنىڭغا قارشى لام-مىم دېمىدى. مانا بۇلار، كومپارتىيەگە
قارشى ھەرقېتىمقى دولقۇنىڭ تەسلىم بولۇش ھەرىكەتلىرى بى-
لەن بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

2

ئازات رايونلارنىڭ جۇڭگودىكى دۈشمەن، قۇرچاق ئەسكەرلەرنىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىغا قارشى تۇرۇشى، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ يەكمۇئاشتىن قىلغان ھۇجۇمى ئاستىدا گومىنداڭ فرونتلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى-خەنەن، خۇنەن گۇاڭشى ئۇرۇشلىرى

ئازات رايونلارنىڭ جۇڭگودىكى دۈشمەن، قۇرچاق ئەسكەرلەرنىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىغا قارشى تۇرۇشى- دۈشمەن، 1943- يىلى دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايونلارغا يەنە ئىلگىركىدەكلا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئەمما دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئەسكەر ۋە خەلق جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك يېتەكچىلىكى ئاستىدا، شۇنداق قىيىن كۈرەشلەردە يەنە چېنىقتى. ئۇلار جۇڭگو كومپارتىيەسى ئوتتۇرىغا ئاتقان 10 زور سىياسەتنى (دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىجارە ۋە قەرز ئۆسۈمىنى ئازايتىش، ئەسكەرلەرنى ئىخچاملاشتۇرۇپ كۈچەيتىش، مەمۇرىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش، ئۈچ تۈرلۈك ئىستىلنى تۈزۈتۈش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ

خەلىقنى سۇيۇش ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي ئەتتۇرۇش ، ئىشپىيـ
ئونلارنى تازىلاش، خەلىق ئەترەتلىرىنى كۆپەيتىش) ئىجرا قىلـ
غانلىقتىن ئاخىرى دۈشمەننىڭ بارلىق ھۇجۇملىرىنى چېكىنـ
دۈردى.

دۈشمەن 1943-ژىلى بىزنىڭ ئازات رايئونلىرىمىزغا ھەر نوۋەتتە
مىڭ كىشىدىن ئارتۇق كۈچ بىلەن 150 نوۋەت ھۇجۇم قىلدى. بۇ
ھۇجۇملار ئىلگىركىگە قارىغاندا تېخىمۇ دەھشەتلىك بولدى ۋە
ئۇزۇنغا سوزۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۈشمەننىڭ سىنتەبردىن
دېكابىرغىچە 40 مىڭ ئەسكەر بىلەن سەنشى- ساخار- خەبەي
چېگارىسىدىكى بېي يۆ رايئونىغا قىلغان زور ھۇجۇمى ناھايىتى
كەسكىن ۋە ئىغىر بولدى. ئەمما بىزنىڭ ئارمىيەمىزمۇ كەڭ كو-
لەمدە ھۇجۇمغا چىقىپ ئۇرغۇن دۈشمەننى قىرىپ تاشلىدى.
ھىساۋاتقا قارىغاندا، شۇ ژىلى 8- ئارمىيە دۈشمەن بىلەن
جەمئىي 24 مىڭ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەن ۋە قورچاق
ئەسكەرلەردىن 135 مىڭنى قىرغان ۋە يارىدار قىلغان؛ 51 مىڭدىن
ئارتۇق قورچاق ئەسكەرنى 421 دىن ئارتۇق ياپون ئەسكىرىنى
ئەسىر ئالغان. 6500 دىن ئارتۇق قورچاق ئەسكەر ھەقىقەتكە
ئۆتكەن، 90 نەچچە ياپون ئەسكىرى ئۆزلىگىدىن ھەقىقەتكە
ئۆتكەن. بىزنىڭ ئارمىيەمىز 740 نەچچە قورغاننى قولغا چۈشۈر-
گەن. يېڭى 4- ئارمىيە 5 مىڭ نەچچە يۈز قېتىم ئۇرۇش قى-
لىپ، دۈشمەن ۋە قورچاق ئەسكەرلەردىن 62 مىڭ نەچچە يۈز

ئادەمنى قىرغان ۋە يارىدار قىلغان، دۈشمەن ۋە قورچاق ئەس-كەرلەردىن بولۇپ 9.300 نەچچە ئادەم ھەقىقەتكە ئۆتكەن، 2 يۈز نەچچە دۈشمەن قورغانىنى قولغا چۈشۈرگەن. جەنۇبى جۇڭگودىكى پارتىزانلار كالونىيسىمۇ دۈك ۋەنگە «قىرغىن» غا چىققان ئون مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسكىرىنى مەغلۇپ قى-لىپ، ئون نەچچە يولغا بولۇنۇپ بىرلىكتە باۋئەن ئەترابىدىكى دېڭىز بويلىرىدا دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلغان، بۇلاردىن بەش مىڭ ئادەم جۇڭسەننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئاخىرى غالىبىيەت قازانغان. بىزنىڭ ئارمىيەمىز ئۇرۇش جەريانىدا ئوز تەجرىبىلى-رىنى بايىتتى، ئارمىيەمىزنىڭ سۈپىتىمۇ زۇقۇرى كونۇرۇلدى. جەڭچىلەرنىڭ سانى 469مىڭدىن ئارتىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈ-چۈن 1943 - ژىلدىن كىيىن، ئازات رايونلارنىڭ ئەھۋالى يەنە ياخشىلىنىپ كەتتى. ئارمىيەمىز 1944 - ژىلدىن باشلاپ كەڭ كو-لەمدىكى قىسمەن قايتارما ھۇجۇمغا كوچتى.

بۇنىڭ ئەكسىچە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشنى داۋام قىلدۇرىۋەدى. 1943 - ژىلغا كەلگەندە دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش قاينىمى قايناپ كەتتى. تولۇقسىز ھىساۋاتقا قا-رىغاندا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئىلگىرى كىيىن بولۇپ جەمئى 18 تۇركۇم گىنىرال دۈشمەنگە تەسلىم بولغان، بۇلار بىلەن تەس-لىم بولغان ئەسكەر سانى 5 يۈز مىڭدىن ئارتىدۇ. دۈشمەنگە تەسلىم بولغان ئەمەلدارلار ئىچىدە يالغۇز گىنىراللار، مايور دە-

ريجيسىدىن ژۇقۇرى ئەسكەر باشلىقلىريىلا 77 دىن ئارتۇق.
ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بويان گومىنداڭنىڭ پارتىيە
ۋە ھوكۇمىتىدىن بولۇپ 67 مۇھىم مەنسەپدارى دۈشمەنگە تەسلىم
بولدى. ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغان پاڭ بىڭشۇن بىلەن سۇڭ دىي-
يەن يىڭ 1943 - ژىلى ئاپرىل - ماي ئايلىرىدا دۈشمەنگە تەس-
لىم بولدى. پاڭ بىڭشۇن ئەسلىدە گومىنداڭ مەركىزى تەپتىش
ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، خەبەى ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ھەم بىرلەش-
كەن 24 - كورپۇسنىڭ باش قوماندانى ئىدى. سۇڭ دىيەن يىڭ
بولسا، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 5 - كورپۇسنىڭ كوماندىرى ئىدى.
بۇلار دۈشمەنگە تەسلىم بولغاندىن كىيىن گومىنداڭ مەركىزى
تەكشۈرۈش بيۇروسى بىلەن ھەربى ھەيئەت تەكشۈرۈش بيۇروسى
قاتارلىق ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ ئادەملىرى بىلەن دائىمى
مۇناسىۋەتتە بولۇپ جاڭكەيشىنىڭ كومپارتىيەگە قارشى بۇيرۇق-
لىرىنى (بۇ بۇيرۇقلار 1947 - ژىلى سۇڭ دىيەن يىڭ بىزنىڭ
قولىمىزغا تىرىك چۈشكەندە تېپىلدى). قوبۇل قىلدى. پاڭ
بىڭشۇن دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ خى-
تابنامە چىقارغان ۋە بۇ خىتابنامىنى ياپونىيە ئىتتىپاق ئاگىنتستۋا-
سى ئىئلان قىلغاندىن كىيىن گومىنداڭنىڭ گىنىرالنى شتاپ باش-
لىقى خەيىڭچىڭ جۇڭ ياڭ شەدە سوھبەت ئىئلان قىلىپ پاڭ
بىڭشۇننى «ۋەتەن يولىدا ئىشلەۋاتقان ۋەتەنگە سادىق» ئادەم
دەپ تەرىپلىدى.

گومینداڭنیڭ بۇنداق ئادەملەرنیڭ دۈشمەنگە تەسلیم بولۇپ قورچاق ئەسکەر بولۇشیغا یول قویۇش ھەم ئۇلار بیلەن یوشۇرۇن ئالاقە قیلیشتین مەقسیدی ، یالغۇز كومپارتیيەگە قارشی تۇرۇش ۋە ئازات رایئون خەلقلیرینی قیریش بولۇپلا قالماستین، بەلكی ئۇنیڭدا چوڭقۇر سۇئی قەست بار ئىدی. يەئنی ئیتتیپاقداش دولەتلەر جۇڭگو خەلقی بیلەن بیرلیكتە یاپون قاراقچیلیرینی مەغلۇپ قیلغاندین كیین، یاپون قاراقچیلیری چوڭ شەھەرلەر ۋە مۇھیم قاتناش یوللیریدین چكینگەن ۋاقیتتا بۇ قورچاق ئەسكەرلەر دۈشمەن بایراقلیرینی ئۆزگەرتىپ قویۇپ، «مەقیقەتكە قایتتۇق» دەپ ئىئلان قیلیپ، چوڭ شەھەرلەر ۋە قاتناش یوللیرینی ئیگەللەپ ئالماقچی، ئاندین گومینداڭ بۇ ئەسكەرلەرنی گومینداڭنیڭ باشقا ئەسكەرلیری بیلەن بیللە كومپارتیيەگە قارشی ئۇمۇمی یۈزلۈك ئۇرۇشقا سالماقچی ئىدی. جاڭكەیشی ئەكسیيەتچیلیرینیڭ ۋیجدانسیزلیق بیلەن میللەتكە خیانەت قیلیپ ژۆرگۆزمەكچی بولغان «ئەگری یول بیلەن ۋەتەن قۇتقۇزۇش» دیگەن سیياسیتی ئەنە شۇنیڭدین ئیبارەت ئىدی.

دۈشمەن ئارقاسیدیكی فرونتلاردا 780 میڭدین ئارتۇق قورچاق ئەسكەر بار ئىدی. بۇلارنیڭ 62% دۈشمەنگە تەسلیم بولغان گومینداڭ ئەسكەرلیریدین ئیبارەت ئىدی، 38% دۈشمەن ۋە قورچاق ھاكیمیيەت مەجبۇری ئۇسۇللارنی قوللۇنۇپ تۇتقان ئادەملەردین ۋە باندیت لۈكچەكلەردین تەشكیللەنگەن ئىدی.

بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان قورچاق خەلىق ئومەكلىرى ۋە ساقچىلار بار ئىدى، بۇلارنى قوشساق قورچاق ئەسكەرلەر جەمئى 900 مىڭدىن ئارتىدۇ. بارلىق قورچاق ئەسكەرلەر تامامەن دىگىدەك ئازات رايئونلارغا قارشى قارىتىلغان ئىدى. ئازاتلىق ئارمىيە باش شتابىنىڭ باشلىغى يەجەن يىڭ1944 - ژىلى ئىيۇندا يەڭگەندە جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن سوھبەت ئوتكەزگەندە بۇنداق دەيدۇ: 8 - ئارمىيە يىڭى 4 - ئارمىيە ۋە ياپونغا قارشى جەنۇبى جۇڭگوكالونىيسى 1944 - ژىلى مارتقىچە جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلغان ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ 64%تىگە، قورچاق ئەسكەرلىرىنىڭ 95% تىگە قارشى تۇردى. ئەگەر بارلىق دۇشمەن ۋە قورچاق ئەسكەرلەرنى قوشۇپ ھىسابلىساق 1944 - ژىلى مارتتىن ئىلگىرى ئازات رايئون بارلىق 1 مىللىئون 340 مىڭ دۇشمەن ۋە قورچاق ئەسكەرلەرنىڭ 1 مىللىئون بىر يوز مىڭىگە يەئنى 84%گە ياكى ئالتىدىن بەش قىسمىدىن ئارتۇغراغىغا قارشى تۇرۇشتى. گومينداڭ ئەسكەرلىرى بارلىق دۇشمەن ئەسكىرىنىڭ 16% تىگە يەئنى ئالتىدىن بىرگە يەتمىگەن قىسمىغا قارشى تۇردى. (مارتتىن كىيىن دۇشمەن يەنە بىرقىسىم ئەسكەرنى كوپەيتىپ خەنەن - خونەن - گۇاڭشىلاردىكى گومينداڭ فرونتلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن گومينداڭ فرونتىغا چۇشكەن سالماق بىر ئاز ئوزگەردى. ئەمما دۇشمەنىڭ بۇ ئۇچ ئولكىدە كوپەيتكەن قىسىملىرى كوپ دىگەندە ئون

ئەچچە دىۋىزىيەدىن ئارتمىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۆزگۆرۈش ئانچە چوڭ ئەمەس).

8 ژىللىق ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا جوڭگو كومپارتىيەسى يىتەكچىلىكىدىكى ئارمىيە 7 ژىل داۋامىدا ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بارلىق ئىغىر چىلىقلىرىنى ئۆزى يالغۇز كوتەردى. بۇ 7 ژىل جەريانىدا شىمالى، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبى جوڭگودىكى دۈشمەن ئارقىسىدىكى فرونت خەلقى ۋە ئەسكەرلەر جوڭگو كومپارتىيەسى يىتەكچىلىكىدە ياپونغا قارشى ناھايىتى ئىغىر كۆرەشلەرنى ئىلىپ باردى . ئەگەر دۈشمەن ئارقىسىدىكى فرونتلار باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ ، دۈشمەننىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىغا قارشى تۇرمىغان بولسا، جوڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غالىبىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكۈن بولماس ئىدى.

ياپون قاراقچىلىرىنىڭ يەڭگىۋاشتىن قىلغان ھۇجۇمى ئاستىدا گومىنداڭ فرونتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، خەنەن-خۇنەن-گۇاڭشى ئۇرۇشى-1944-ژىلى ياپون قاراقچىلىرى گومينداڭغا قاراتقان تەدبىرنى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشتىن ھۇجۇمغا ئۆزگەرتكەن بىرژىلدۇر. ياپون قاراقچىلىرى ئاۋروپا فرونتىدا سوۋت ئارمىيەسىنى ئاساسى كۈچ قىلغان ئىتتىپاقچىلار ئارمىيەسىنىڭ ھەممە ياقتىن قايتارما ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازانغانلىقىنى، ئىتتىپاقچىلار ئارمىيەسىنىڭ تۇلۇق ئوكيان ئارالدىن-ئارالغا ئوتۇپ، ھۇجۇم قىلىشقا

باشلىنانلىغى سەۋەپلىك دېڭىز ئۈستىدىكى قاتناش يولىنىڭ ئۈزۈلۈپ كىتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرغانلىقىنى كورۇپ ، قوروغلۇقتا قاتناش يولى ئىچىپ ئىلىپ بىرتەرەپتىن ئىتتىپاقچى دولەتلەر بىلەن جوڭگو قوروغلۇغىدا ھەل قىلغۇچى ئۇرۇش قىلىشقا ئاسانلىق توغدۇرۇپ، دېڭىز ئۈستىدىكى ئۇرۇشقا قوروغلۇقتا ياردەملەك بولۇش ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوكيانىيەدە ژىتىم بولۇپ قالغان ياپون ئەسكەرلىرى بىلەن ئالاقىنى موستەھكەملەش قەستىگە گىرىشتى . مارتتا ياپون قاراقچىلىرى 50_60 مىڭ ئەسكەر بىلەن خەنەنگە ھۇجۇم قىلدى . خەنەندە گومىنداڭ ئەسكىرىدىن جاڭ دىڭۋېن، تاڭ ئىئېبە، خۇزۇڭنەن قىسىملىرى بولۇپ 400 مىڭ ئەسكەر بارئىدى . بۇلار ياپون قاراقچىلىرىنىڭ بىر ھۇجۇمى بىلەنلا مەغلۇپ بولدى . شۇنىڭ بىلەن جيڭجۇ ، لوياڭ بولۇپ 49 ناھىيەنى قولدىن كەتتۇردى . ياپون قاراقچىلىرى بېيپىن_خەنكۇ تومۇريولىنى ئىشقا سالدى . گومىنداڭنىڭ 200 مىڭ ئەسكىرى يوقالدى . مايدا ياپون قاراقچىلىرى 120 مىڭ ئەسكەر بىلەن يەنە شىمالى خۇنەندە ھۇجۇم قوزغىدى . خۇنەندە گومىنداڭنىڭ 300 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بارئىدى . بۇلارغا ئامرىكىنىڭ ھاۋائەسكەرلىرى ۋە توپچى ئەترەتلىرى ياردەم قىلماقتا ئىدى . بۇلارمۇ بىر بەشۋا بىلەنلا مەغلۇپ بولدى . 18 ئىيۇندا چاڭشا قولدىن كەتتى . ئاۋغۇستتا خېڭياڭ قولدىن كەتتى . جاڭكەيشىنىڭ ئىشەنچىلىك ئەسكەرلىرىدىن كورپۇس

كوماندىرى فاڭ شەنجوە دۇشمەنگە تەسلىم بولدى. (كېيىن دۇشمەن ئۇنى جاڭگە يېنىغا ئۆتتى). شۇندىن باشلاپ گۇاڭدۇڭ ـ خاڭكو تۆمۈريولىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ زېمىنلىرىمىز دۇشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چىرىكلىكى ئېتىقادسىزلىقى ۋە دۇشمەننىڭ شەپىنى ئاڭلابلا ئارقا ـ ئارقىغا قارىماي چېكىنىشى، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ خۇددى قومۇش سىندۇرغاندەك ئوڭايلىق بىلەن توپ ـ توغرى ئىلگىرىلىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا خۇنەن بىلەن گۇاڭشى ئۇرۇشى باشلاندى. گومىنداڭ تەرەپ پىلانسىز ھالدا خەلقنى تارقىتىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، گۇيلىڭ بىلەن ليۇجۇنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. خۇنەندىن گۇاڭشى ۋە گۇيجۇغا يېتىپ بارىدىغان يول ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە تىقىلىپ كەتتى. پويىزدلاردا قىستى ـ قىستاقچىلىق كۆچۈيۈپ ئادەم ئۆلۈش ھادىسىلىرى تۇغۇلدى. چوڭ مەنسەپدارلار، چوڭ سودىگەرلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېيىدى. دوختۇرخانە ۋە ئاشخانىلار تامامەن يېپىلدى، شەھەرلەرنى مۇداپىئە قىلىشنى خالىمىغان ئەفىتسەر ۋە جەڭچىلەر يول بويىداييىشكە كوك ـ تات، ئىچىشكە تۇسۇلۇق تاپالمىدى. ۋەتەن پەرۋەر ياشلار فرونتقا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئىشپىئونلار ئۇلارنى تۇستى. ئەنە شۇنەھۋاللار ئاستىدا نامۇسلۇق چېكىنىش پەيدا بولدى. 10 ـ نويابردا گۇيلىڭ قولدىن كەتتى. بۇيەردىكى ھاۋائەس ـ

كەرلەر بازىسىمۇ باكاردىن- باكار پارتلىتىلدى. 11- نويابىردا لۈيجۇ قولدىن كەتتى. 2- دېكابىردا دۈشمەن توپ- توغرى گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ دوسەن ناھىيەسىنى بسىپ، ئېلىپ، سىچۈەنگە قىستاپ كەلدى، چۇڭچىن تەھدىد ئاستىدا قالدى. 10- دېكابىردا ياپون قاراقچىلىرى گۇاڭشىنىڭ نەنىن دىگەن جايىدا ۋېيتنامنىڭ شىمالىدىكى ياپون ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. دۈشمەن جۇڭگونىڭ شەرق-شىمالىدىن توپ- توغرى ۋېيتنامنىڭ خەنى شەھىرىگىچە يېتىپ بارىدىغان قۇرۇغلۇق يولىنى تۇتاشتۇردى. ھەمدە جەجاڭ، فۇجەن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىنىڭ تۇرغۇنلىغان جايلىرىنى بسىپ ئېلىپ گومىنداڭ قولىدا قىلىپ قالغان شەرقى جەنۇبى دېڭىز بويلىرىدىكى تۇرغۇن جايلارنى ئىدارە ئاستىغا ئېلىۋالدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇ رەسۋاچىلىقىنىشىنى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا خەلىقنى ئالداپ «دۈشمەننى ئازغاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا كىرگۈزۈش»- دەپ چۈشەندۈرگەن بولدى. ئەمما دۈشمەننى ئىچكىرى كىرگۈزۈپ، بىر بىر قانچە ئۆلكىنى قولدىن كەتكۈزگەندىن كېيىن ئوزسوزىنى نىمە بىلەن ھەقىقەتلەشكە چارەقىلالماي قالدى. شۇندىن باشلاپ گومىنداڭ قوماندانلىغىنىڭ چىرىكلىكى، ئىقتىدارسىزلىغى ۋە مەغلۇبىيەتچىلىگىنىڭ سىرى پاش بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىدى.

ئۇمۇمەن مارت، ئاپرېلدىن دىكابىرغىچە، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى فاشىستلاشقان

سىياسى بۇيرۇق، مەغلۇبىيەتچى ھەربى بۇيرۇق ۋە كومپارتىيە
بىلەن خەلىققە قارشى يولىيورۇقلارنىڭ يەتەكچىلىكىدە ياپونغا
قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان تارىختا ئەڭ ئېچىنىشلىق
بولغان 2 ـ قېتىملىق زورچېكىنىشنى مەيدانغا چىقاردى. بۇچېكىنىشتە
6 ـ 7 يۈزمىڭ ئەسكەرچىقىم تارتتى. لوياڭ، چاڭ سا، فۇجۇ،
گۇيلىڭ قاتارلىق ئۆلكەمەركەزلىرىنى ۋە جىلىڭ جۇ، شۇي چاڭ،
خىڭ ياڭ، باۋچىڭ، لىڭ لىڭ، چۈەن جۇ، ئۇجۇ، نەن نىڭ
قاتارلىق 146 چوڭ ـ كىچىك شەھەرنى، ۋەتىنىمىزنىڭ 2 مىللىـ
ئوندىن ئارتۇق كۋادرات كىلومېتر زېمىنىنى، 60 مىللىئوندىن
ئارتۇق خەلقىنى قولدىن كەتتۈردى. خىڭ ياڭ، لىڭ لىڭ،
باۋچىڭ، گۇيلىڭ، لىۇجۇ، دەن جۇ، نەن نىڭ قاتارلىق 10
جايدىكى ھاۋائەسكەرلەر بازىسىنى ۋە36 ئايرودرومنى قولدىن
بەردى. خەنەن، خۇنەنگۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، فۇجەن، گۇاڭشى
ئۆلكىلىرىنىڭ سانسىز ماددى بايلىقلىرىنى قولدىن بەردى. بېيپىن
خەنكۇ تۆمۈر يولىنىڭ جىڭ جۈدىن شىڭ ياڭغىچە بولغان قىسـ
مىنى لۇگۇخەي تۆمۈر يولىنىڭ كەيفىڭدىن لىڭ باۋغا بارىدىغان
قىسمىنى، گۇاڭدۇڭ ـ خەنكۇ تۆمۈريولىنىڭ يۆەياڭدىن لەيـ
ياڭغا بارىدىغان قىسمىنى پۈتۈن خۇنەن گۇاڭشى تۆمۈر يولىنى
يۈننەن ـ گۇاڭشى تۆمۈر يولىنىڭ جەنۇبى قىسمىنى ۋە گۇاڭشىـ
ۋېتنام يولىنى قولدىن كەتتۈردى. جاپاكەش جۇڭگو خەلقى
يەنە بىر قېتىم زورزىيانغا ئۇچرىدى. مەملىكەت خەلقىنىڭ قاـ

شىستلاشقان سىياسى بۇيرۇقنى، مەغلۇبىيەتچى ھەربى بۇيرۇقنى كىرەكسىز قىلىپ بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇپ، زور ئارقا سەپنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاۋازلىرى شۇندىن باشلاپ كۈندىن-كۈنگە ئۇلغايدى.

3

گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى زۇلمەت ۋە خەۋپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ بىرلەشمە ھوكۇمەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرى

گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى زۇلمەت ۋە خەۋپ - گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ياپون قاراقچىلىرى يېڭىۋاشتىن قىلغان ھۇجۇم ئاستىدا خەنەن-خونەن، -گۇاڭشى فرونتىنىڭ تار-مار بولۇشى بىلەن گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئېغىر ھەربى، سىياسى كرىزىس پەيدا بولدى. بۇ قېتىمقى زورچېكىنىش يالغۇز گومىنداڭ قوماندانلىغىنىڭ چىرىكلىگى، ئىقتىدارسىزلىغى ۋە مەغلۇبىيەتچى ھەربى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغانلىغىنىڭ نەتىجىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئۇخەن قولدىن كەتكەندىن بۇيانقى 5-6 يىلدىن بۇيان گومىنداڭنىڭ سىياسەتتە فاشىستلىق ئىستىبدادىنى يولغا قويۇپ، دېموكراتىيە-

نى بوقانلىغىنىڭ ئىقتىساتتا 4 چوڭ ئائىلە بيۇروكرات كاپىتا-
لى پۈتۈن ئىقتىسادنى مانوپولىيە قىلىپ ئېلىپ خەلقنى غالجىر-
لارچە تالاپ، دۆلەتنىڭ بېشىغا قىيىنچىلىق كەلگەن پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ بېيىغانلىقىنىڭ ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان
رايونلاردا ئادەم چوچىگىدەك زۇلمەت ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنىڭ
نەتىجىسىدۇر.

سىياسى جەھەتتە: ئۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن فا-
شىستلاشقان ئېشپېئون ھۆكۈمرانلىقى بارغانسېرى كۈچىيۈپ،
دېموكراتىك كۈچلەرنى بارغانسېرى ۋەھشىيلەرچە ئەزدى.
كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىنقىلابچى ياشلارنى كورگەنلا جاي-
دا تۇتۇپ قامىدى، ئۆلتەردى. ئىشچى-دېھقانلار ئامىسى
بارلىق دېموكراتىك ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قالدى. جۇڭگو
كومپارتىيەسىنىڭ چۇڭچىڭدە، چىقىدىغان گېزىتى «شىنخۇاژى-
باۋ» ھەمىشە زۇلۇمغا ئۇچراپ تۇردى. ياپونغا قارشى تۇرۇشنى
تەشەببۇس قىلىدىغان بارلىق ئىلغار مەدەنى ھەرىكەتلەر، سوز-
لەر بارغانسېرى ۋەھشىيلەرچە قىيىن-قىستاققا ئۇچرىدى. مە-
سىلەن: مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەرلەر يېتەكچىسى زۇتاۋفېن ئاچقان
«سىڭ خوشۇدىيەن» - تۇرمۇش كىتاپ خانىسى ۋە ئۇنىڭ نەچچە
ئونلىغان شۇئبىسى تامامەن ياپتۇرۇلدى. زۇتاۋفېن گومىنداڭ
ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا تۇرالمىدى. مەشھۇر ئىقتىسات
پروفېسسورى مايۇنچۇبەئزى سوزلىرىدە بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ

دۆلەت قىينچىلىقىدىن پايدىلىنىپ بىيغانلىقىنى ئەيىبلىگەنلىگى ئۈچۈن جاڭگەيشى ئۇنى شى كاڭنى «تەكشۈرۈش» كە ئېۋەتكەن نام بىلەن نەزەربەن قىلىپ قويدى.

ئىقتىسادى جەھەتتە: دۆلەتنىڭ بارلىق ئىقتىسادى تومۇرلىرى جاڭگەيشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شاڭشى، چېڭ لىفولاردىن ئىبارەت 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ــ بيۇروكرات دەللاللىرى قولىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار «ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش» ۋېۋىسكىسىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى تالىدى، بسىمدارلىق قىلدى، دۈشمەن تەرەپ بىلەن ئەتكەزچىلىك قىلدى...... شۇ يوللار بىلەن 1 ــ 2 يۈز ميللىيون ئامرىكا دوللىرى توپلاپ ئۇنىڭ توليسىنى ئامرىكا بانكىلىرىغا ئامانەت قويدى. يەر ــ زىمىنلار مۇچاپسانلىق بىلەن بيۇروكرات چوڭ يومشىشكىلارنىڭ قولىغا توپلىنىپ تىرىلغۇيەرلەر ئازايدى. ئىشلەپچىقىرىش كامايدى، ھەممە جاينى ئاپەت باستى. مەسىلەن: خەنەن ئۆلكىسىدىكى 117 ناھىيەنىڭ 70 نەچچىسى قۇرغاقچىلىق ۋە زىيانلىق ھەشارەت ئاپىتىگە ئۇچرىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەئمۇماتىغا قارىغاندا، 11 ميللىيون 400 مىڭ ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىغان. گومىنداڭنىڭ خەنەندە تۇرغۇچى تاڭ ئىگبە قىسمى يەنەمەجبۇرى رەۋىشتە ئاشلىق چىچىپ، ئاشلىق ئېلىپ، ئادەم تۇتۇپ خەلقنى ئوت چۆپلەرنىڭ يىلتىزلىرى ۋە دەرەخ قوۋزاقلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر قىلدى. ھەتتا ئادەمنى ــ ئادەم يەيدىغان ئېچىنىشلىق ھادىسەلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەپ بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن خەنەندە «خەنەندە 4 ئاپەت بار: سۇ، قۇرغاق-
چىلىق، زىيانلىق ھاشارەت ۋە تاڭ (تاڭ ئىگىبە ۋە ئۇنىڭ
ئەسكەرلىرى)» دېگەن ئېچىنىشلىق ماقال پەيدا بولدى. گۇاڭ-
دۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خەي فۇڭ، لوفۇڭ دېگەن جايلىرىدا كىچىك
قىزباللىلارنى جىڭلاپ بىرجىڭىنى 10 دوللاردىن ساتىدىغان
ئەھۋاللار تۇغۇلدى. خەلق تۇرمۇشى ئەنەشۇنداق ئېچىنىشلىق
بىر ئەھۋالدا تۇرغاندا، زورباي كوڭ شاگشىنىڭ ئىككىنچى
قىزى ئايروپىلان بىلەن ئامرىكىغا بىرىپ توي قىلدى، ھىسا-
ۋاتقا قارىغاندا، بۇتويغا ئۇ، ئاپەتكە ئۇچرىغان 10مىڭ ئادەمنى قۇ-
تۇلدۇرغىلى بولۇدىغان، مۇكەممەل بىر ئونىۋېرسىتت ئاچقىلى
بولۇدىغان قىممەتلىك ئاقچىنى تويلۇققا ئىشلەتكەن. يالغۇز
تويلۇق كىيىمىنىڭ سىمكارى بىلەن ئىككى دىۋىزىيە ئەسكەر-
نىڭ كىيىمىنى تەييارلاش مۇمكۈن. گومىنداڭنىڭ چوڭ-كىچىك
ئەمەلدارلىرىنىڭ خىيانىتى، چىرىكلىكى، دۈشمەن بىلەن
ئەتكەزچىلىق قىلىشى ئادەتتىكى بىر ھادىسە بولۇپ قالدى.
شۇڭا مەنسەپدار قىستىسا، خەلق قارشى قوزغۇلۇدۇ دېگەن-
دەك خەلق ھايات ئۈچۈن قوزغۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. 1944-
ژىلى ئىيۇلدا جەنۇبى خەنەندە نەچچە ئون مىڭلىغان خەلق
قوزغۇلاڭ كۆتەردى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ۋۇ-
جۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلىرى-گو-

مىنداڭنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىكى زۇلمىتى، ھەر-
بى جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئۇرۇش
مۇددىتىنى قىسقارتىپ، قايتارماھۇجۇمغا كۈچ تەييارلاش ئۈچۈن
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خاتا سىياسى ۋە ھەربى بۇيرۇق-
لىرىنى يوقاتماي بولمايدىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈردى.
شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيەسى 1944 - يىلى سېنتەبىردە
«گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن باش قوماندانلىقنى ئۆزگەرتىپ
دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەك» دېگەن چاق-
رىقنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. جۇنچىڭدىكى ھەر قايسى پارتىيە ۋە
قاتلاملار ۋەكىللىرىدىن فېڭ يۇشياڭ، شېن جۈنرۇ، خۇاڭ يەن-
پېي، جاڭ بەيجۈن قاتارلىق 500 دىن ئارتۇق ئادەم ھەممىدىن
ئەۋۋەل بۇچاقىرىققا قوشۇلۇپ مەجلىس ئېچىپ، گومىن چىڭفونى
(گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنى) ئۆزگەرتىپ، بىرلەشمە ھۆكۈ-
مەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو دېموكراتچىلار ئىتتىپاقى
ۋەزىيەتكە قارىتا خىتابنامە ئېلان قىلىپ، بىر پارتىيە دىكتا-
تورلىقىنى دەرھال توختۇتۇپ، ھاكىمىيەتنى خەلققە تاپشۇرۇپ،
مەملىكەت بويىچە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىل-
دى. 7 - ئوكتەبىردە چىڭدۇدا 2 مىڭ ئوقۇغۇچى بىرلەشمە
ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئوت كۆتۈرۈپ نامايىش قىل-
دى. كۈنمىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 10 - ئوكتەبىر خاتىرىسىدە 5 مىڭ
كىشىلىك زور يىغىن ئۆتكۈزۈپ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تە-

ئەبۇسىنى ھىمايە قىلىپ، خىتابنامە چىقاردى.

جۇڭگو كومپارتىيەسى 1944-يىلى مايدا لىك بەچوي باش-
لىق دەلىگاتسىيە ئەۋەتىپ ئېچكى دېموكراتىك رېفورما ۋە
باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھ-
بەت ئۆتكەزدى. ئەمما گومىنداڭ سۆھبەت جەريانىدا ھارام-
زادىلىك قىلىپ، ئامېرىكا ۋەكىلى ئىمپېرىيالىست خېرلىنىڭ
قوللىشى ئاستىدا خەلقنىڭ تەلىپىگە تامامەن زىت كەلگەن
«تەكلىپ» نى ئوتتۇرىغا ئېتىپ «ھەربى ۋە سىياسى بۇيرۇقنى بىر
لىككە كەلتۈرۈش» دېگەن نام بىلەن فاشىستلاشقان سىياسى
بۇيرۇقىنى ۋە مەغلۇبىيەتچى ھەربى بۇيرۇقلىرىنى ئازات رايو-
نلارغا يەتكۈزۈشكە ئۇرۇندى. ھەتتا ياپونغا قارشى ئاساسى
كۈچلەرنى — جۇڭگو كومپارتىيەسى يېتەكچىلىكىدىكى خەلق
ئارمىيەسىنىڭ بەشتىن تۆرت قىسمىنى ئازايتىش كېرەك دېگەن
تەلەپنى قويدى. سۆھبەت يېرىم يىل داۋام قىلغان بولسىمۇ
قىلچە نەتىجە چىقمىدى. نويابىردە مەملىكەت ئىچىدە دېموكراتىك
ھەرىكەتلەرنىڭ دولقۇنلىنىشى ۋە خەلقئارا جەھەتتە ئەپكار
ئامىنىڭ بېسىمى ئاستىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى
خەلقنى ئالداش مەقسىدى بىلەن ھۆكۈمەت تەركىبىدە بىر
نەچچە مىنىستىرلەرنى يۆتكىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. جاڭگە-
شى ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىنىڭ بۇنداق رەسۋا قىلىقلىرى مەم-
لىكەت خەلقىنىڭ، ئۇلارنىڭ ھەقىقى سىرىنى تېخىمۇ ئوچۇق

تونۇشىغا پايدا بەردى. دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەش پۈتۈن مەملىكەت خەلقى-نىڭ ئورتاق كۈرەش نىشانىسىغا ئايلىنىشقا باشلىدى.

4

ئازات رايونلارنىڭ قايتارما ھۇجۇمنىڭ ئاساسى كۈچىگە ئايلىنىشى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 7- قۇرۇلتايى

ئازات رايونلار، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غا-لىبىيىتىگە بۈيۈك تۆھپە قوشتى. 1944- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارتىزان ئارمىيەسى گېرمان قاراقچىلىرىغا كەڭ كۆلەمدە قايتارما ھۇجۇم قىلىپ، زور غەلىبىلەر قازاندى. شۇ-يىلى يازدا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى سوۋېت- پولشا چېگارى-سىغا يېتىپ باردى ھەمدە گېرمان قاراقچىلىرىنىڭ كونا ئۇۋىسىغا قاراپ چاپسان ئىلگىرىلىدى. پۈتۈن دۇنيانىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبىلىك ھالدا چاپسان ئالغا باستى.

گومىنداڭ فرونتلىرىدىكى چېكىنىشنىڭ ئەكسى بولغىنى ھال-دا، ئازات رايون فرونتىدا 1944- يىلنىڭ باشلىرىدا تەخمىنەن- زور قىسمەن قايتارما ھۇجۇم باشلاندى. شىمالى، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبى جۇڭگو فرونتلىرىدا تەخمىنەن زور غەلىبىلەر قولغا كەلدى.

شىمالى جۇڭگو فرونتىدا: سەندۇڭدىكى لاۋيۇڭخېڭ قىسمى
1944 - ژىلدىكى ھۇجۇملاردا جىڭشۇي قاتارلىق 8ناھىيەنى قاي-
تۇرۇپ ئېلىپ، 4مىللىئون 400مىڭ خەلىقنى ئازات قىلدى. سەن-
شى- ساخار- خەبەي چېگارا رايئونىدىكى نېيۇنجېڭ قىسمى
شۇ ژىلدىكى بىر قانچە ھۇجۇملاردا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 29
ناھىيەگە بېسىپ كىردى. شىجاجۇاڭ، باۋدىڭ،گاۋياڭ شەھەرلىـ-
رىگە 2قېتىمدىن بېسىپ كىردى، 1500ھەربى پۇنكىتنى تارتىپ
ئالدى. 5مىڭدىن ئارتۇق يېزىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈردى؛ سەنشى-
خەبەي- سەندۇڭ- خەنەن چېگارا رايئونىدىكى لىۇبەچېڭ
قىسمى شۇ ژىلى جەمئى مىڭدىن ئارتۇق ھەربى پۇنكىتنى،
7ناھىيەنى قايتۇرۇپ ئېلىپ 5مىللىئوندىن ئارتۇق خەلىقنى ئازات
قىلدى؛ بۇ رايئون تولۇق 11ناھىيەنى ئۆز قولىغا كىرگۈزدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە لىۇبەچېڭ 1943- ژىلى سىنتەبىردە غەربى
جەنۇبى سەنشىدىن خۇاڭخە دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربى خەنەن
بازىسىنى بەرپا قىلدى. 3ئاي ئىچىدە 130نەچچە نوۋەت ئۇرۇش
قىلىپ، 50مىڭ كۋادرات كىلومىتر جايدا ھەرىكەت قىلدى،
بېيپىن- خەنكۇ تومۇر يولى، لۇڭخەي تومۇر يولىغا ۋە جىڭجۇ
بىلەن لوياڭدىكى دۈشمەنلەرگە تەشۋىش چۈشۈردى سەنشى-
سوييۈەن چېگارا رايئونىدىكى لۈيجېڭساۋ قىسمى 1944- ژىلى
دۈشمەن قولىدىن 95پۇنكىتنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، 3108يېزىنى، 370
مىڭ خەلىقنى ئازات قىلدى.

ئوتتۇرا جۇڭگو فرونتىدا: يىڭى 4- ئارمىيەنىڭ لى بو قوماند-
دىسىدىكى 1- دىۋىزىيەسى 1944- يىلى 15مىڭدىن ئارتۇق
دۈشمەننى قىرىپ ۋە يارىدار قىلىپ، 135 يۇرتنى قايتۇرۇپ
ئالدى. بۇ دىۋىزىيە مارتنىڭ باشلىرىدا شىمالى جاڭسۇدىكى
چەچاۋ ئۇرۇشىدا زور مۇۋەپپىقىيەت قازىنىپ، ياپونغا قارشى
ئۇرۇشتىن بۇيان كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كوپ دۈشمەننى ئەسىر
ئالدى. 3- دىۋىزىيەنىڭ خۇاڭ كەچىڭ قىسمى بىر نەچچە قېتىم-
لىق ھۇجۇمدا دۈشمەننىڭ شىمالى جاڭسۇنى پارچىلاپ تاشلاش
قەستىنى تار- مار كەلتۈرۈپ ئوز بازىسىنى 1- دىۋىزىيەنىڭ
بازىسىغا تۇتاشتۇردى. پىڭ شوەفىڭ قوماندىسىدىكى 4- دىۋىزىيە
مارتتىن باشلاپ شىمالى خۇەيخەدە ھۇجۇم قوزغاپ قورچاق
خۇەيخە ئولكىسىنىڭ ئاساسى كۈچى بولغان خەفېنجۇي قىسمىنى
تار- مار كەلتۈرۈپ خوڭزەيخۇ كولىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى
تامامەن ئوز قولىغا ئالدى. ئىيۇندا غەربكە ئىلگىرلەپ دولەتنىڭ
نۇرغۇن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ ئالدى. دىۋىزىيە كوماندىرى
پىڭ شوەفىڭ ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا جەڭچىلەرنىڭ ئالدىدا
تۇرۇپ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بەختكە قارشى سېنتەبىر-
دىكى قايتارما ھۇجۇمدا شاۋشەن ناھىيەسىدە قۇربان بولدى.
لى شەنيەن قوماندىسىدىكى 5- دىۋىزىيە ئاپرېلدىن باشلاپ خە-
نەن- خونەن- گۇاڭشى ئۇرۇشىدىن كېيىن جەنۇبقا چۇشۇپ يەنە
شىمال تەرەپكە ئوتۇپ جەنۇبى خەنەندە چۇپىڭ، رونەن ناھىيە-

يەلىرىنى، خونەن-خوبەي چېگارىسىدا يەياڭ، خۋايىڭ قاتار-
لىق جايلارنى قولغا ئېلىپ، بىر يېرىم مىللىئون خەلقىنى ئازات
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەنەن-خوبەي-خونەن-جاڭشى-
ئەنخۇي چېگارا رايونىنىڭ دائىرىسىنى 300 مىڭ كۋادرات
كىلومېترغا، نۇپۇسىنى 9مىللىئونغا يەتكۈزدى. يېڭى 4-ئارمىيە
جاڭسۇ بىلەن جېجياڭ چېگارىسىدا ئىككى قېتىم ھۇجۇم باشلاپ،
چاڭشىڭ، لىياڭ ناھىيەلىرىگە بېسىپ كىرىپ تارقاق پار-
تىزانلىق رايونىنى كەڭ بازىغا ئايلاندۇردى. تەن شىلىڭ قو-
ماندىسىدىكى 7-دىۋىزىيە دولەتنىڭ 18 مىڭ كۋادرات كىلو-
مېتر زېمىنىنى دۈشمەندىن قايتۇرۇپ ئالدى. 600مىڭ خەلقنى
ئازات قىلدى. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز توپ-توغرى چاڭجاڭ
بويىدىكى پۈكو قاتارلىق جايلارغا يېتىپ بېرىپ 7 يۈز كىلومېتر-
لىق دەريا مۇدابىئەسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇپ، ئەنجىڭ شەھەر-
لىرىنى مۇھاسىرە قىلدى.

جەنۇبى جۇڭگو فرونتىدا: دۇڭجاڭ كالونىيسى دۈشمەننىڭ
20 نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى تار-مار كەلتۈرگەندىن كېيىن
جەنۇبى جۇڭگودىكى ياپونغا قارشى دېموكراتىك بازا 3مىللىئون
نوپۇسقا، نەچچە ئون مىڭلىغان خەلق قوراللىق كۈچىگە، 15مىڭ-
دىن ئارتۇق مۇنتىزىم ئارمىيەگە ئىگە بولدى. ھەممىدە مىسلى
كۆرۈلمىگەن ھالدا چاپسان تەرەققى قىلدى. خەينەن ئارىلىدىكى
چۇڭ يەن بازىسىمۇ تەرەققى قىلدى. ئۇمۇمەن ياپونغا قارشى

جەنۇبى جۇڭگو كالونىيسى ئوسۇپ 20مىڭ 200ئەسكەرلىك بىر ھەربى قىسىمغا ئايلاندى.

ھىساۋاتقا قارىغاندا، 1944 ـ ژىلدىن كىيىن 8 ـ ئارمىيە يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە ياپونغا قارشى جەنۇبى جۇڭگو كالونىيسى قىسمەن قايتارما ھۇجۇم قىلىپ، 20 نەچچە مىڭ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، 220مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن ۋە قورچاق ئەسكەرنى قىردى ۋە يارىدار قىلدى. 60مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن ۋە قورچاق ئەسكەرنى ئەسىر ئالدى. 30مىڭغا يېقىن قورچاق ئەسكەرنى ھەقىقەتكە قايتۇردى.

بىزنىڭ ئارمىيەمىزمۇ قىسمەن قايتارما ھۇجۇم جەريانىدا زورايدى. 1944ـ ژىلى 8ـ ئارمىيە 507،600دىن ئارتتى، يېڭى 4 ـ ئارمىيە 251،300دىن ئاشتى. ياپونغا قارشى جەنۇبى جۇڭگو كالونىيسى 20،700دىن ئارتتى. ئومۇمەن بىزنىڭ ئارمىيەمىز جەمئى 779 مىڭدىن ئارتتى.

قىسمەن قايتارما ھۇجۇم جەريانىدا، ئازات رايونلاردىكى خەلق ئەترەتلىرىنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپەيدى. 1944 ـ ژىلى ئازات رايونلاردىكى خەلق ئەترەتلىرىنىڭ سانى 1مىليون 685مىڭدىن ئارتتى، سەندۇق ئۆلكىسىنىڭ جىڭمىن تاغلىرىدىكى خەلق ئەترەتلىرى تەرەققى قىلىپ، پۈتۈن خەلق نوپۇسىنىڭ 8%گە يېتىپ باردى. ئايرىم يېزىلاردا 20%گە يېتىپ باردى. خەلق ئەترىدى قىلغان ئۇرۇشلارنى ھىسابلىغاندا، يالغۇز تەيىوە،

جەنۇبى سەندۇڭ، ئوتتۇرا سەندۇڭ، خەبەي ـ سەندۇڭ ـ خەنەن رايونلىرىدىلا 10200قېتىم ئۇرۇش بولدى. 91قورغان قايتۇرۇلۇپ ئېلىندى. 6688 دۇشمەن ۋە قورچاق ئەسكەر ئۆلتۈرۈلدى ياكى يارىدار بولدى. تاغلىق جايلاردىكى مىنا ئۇرۇشى، تۈزلەڭلىك-لەردىكى خەندەك ئۇرۇشى دۇشمەنگە ناھايىتى زور زەربە بەر-دى. خەلق ئەترەتلىرى يېزىلارنى بىرلىكتە مۇداپىئە قىلىش، موھاسىرە قىلىش، دۇشمەننى پاراكەندە قىلىپ ئامىنىنى قوغداش، ئارمىيەگە ياردەم بېرىش ئىشلىرىدە دۇشمەن ئارقىسىدىكى ئۇ-رۇشلاردا ناھايىتى چوڭ روللارنى ئوينىدى. ئازات رايونلار-دىكى ئەسكەر ۋە خەلق بىر-بىرىگە زىچ ماسلىشىپ ئومۇمى يۈزلۈك خەلق ئۇرۇشىنى يولغا قويۇپ، خۇددى ياۋاكالا ئوت ئىچىگە كىرىپ قالغاندا ھەر تەرەپتىن زەربە يېگەندەك دۈشمەنگە ھەممە تەرەپتىن زەربە بەردى. ئازات رايونلار مانا شۇنداق خەلققە تايانغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىپ كىتەلىدى ۋە قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى.

1945- يىلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، دۇنيادا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش غالىبىيىتى يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىشارەت بەرەتتى، ئەمما جۇڭگودا، گومىنداڭ فرونتلىرى 1944- يىلى كەڭ كۆلەمدە چېكىنىپ دۇشمەن قولىدىكى رايونلارنى تىخىمۇ كۆپەيتىۋەتتى. ئازات رايونلار ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەن قۇتقۇزىدىغان مەركەزگە ئايلاندى. ماۋزېدۇڭ 1944- يىلى دېكابىردا «1945

-ژىلدىكى ۋەزىپىلەر» دېگەن نۇتقىنى ئېلان قىلىپ: «پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىزنىڭ ئازات رايونلىرىمىزدىن جۇڭگونى قۇتقۇزۇشنى ئۈمىت قىلماقتا. بىزدىمۇ ئەنەشۇنداق نىيەت ۋە غەيرەت بار» - دېدى. ھەمدە: «ئازات رايونلاردا ياپونغا قارشى خىزمەتنى كۈچەيتۈرەيلى»، «دۈشمەن ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى رايون خەلقىنى تەشكىللەيلى»، «زور ئارقاسەپ خەلقىگە ياردەم بېرەيلى»، «دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرايلى» دېگەن 4 تۈرلۈك مەركىزى شۇئارنى ئوتتۇرىغا ئاتتى.

ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ ئۇلۇغ چاقىرىقى ئازات رايون خەلق ۋە ئەسكەرلىرىگە روشەن كۆرەش نىشانىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھەمدە قايتارما ھۇجۇمغا ئەمەلىي يوسۇندا كۈچ ھازىرلىدى. بۇ چاقىرىق گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ۋە دۈشمەن ئىشغالىدىكى رايونلاردىمۇ زور تەسىرات تۇغدۇردى.

سەنشى-ساخار-خېبېي ئازات رايونى ماۋزېدۇڭنىڭ «ئازات رايونلارنى كېڭەيتەيلى» دېگەن چاقىرىقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن 1945-ژىلى باھار ۋە يازدا ئومۇمى ھۇجۇم قوزغىدى. خوەيخەنىڭ شىمالى، ساخارنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ، بېيپىڭنىڭ شىمالى، خېبېينىڭ شەرقىغىچە ۋە ئوتتۇرا خېبېي تۈزلەڭلىكىدىن بوخەي قولتۇغىغىچە بولغان ئارىلىقتا دۈشمەن ھەرقايسى تۆمۈر يوللار بويىدىكى چوڭ شەھەرلەرگە ھەيدىلىپ تامامەن ئارمىيەمىزنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالدى. سەنشى-ساخار-خېبېي

ئازات رايونىنىڭ باھار ۋە يازلىق ھۇجۇمى زور قايتارما ھۇ-
جۇم كارنىيىنى چالدى. مۇندىن باشقا ئازات رايونلارمۇ 1945-
ژىلى باھار ۋە يازپەسىللىرىدە كۈچلۈك قايتارما ھۇجۇم باشلىدى.

خەلىق ئارمىيەسىنىڭ 8-ئارمىيە، يىڭى 4-ئارمىيە ياپونغا
قارشى جەنۇبى جۇڭگو كالونىيسىنىڭ 1937-ژىلى سىنتەبردىن
1945-ژىلى مارتقىچە بولغان 7يىرىم ژىللىق ئۇرۇش مۇۋەپپىقىيەت-
لىرى، باش قوماندان جۇدەنىڭ 1945-ژىلى ئاپرىلدا جۇڭگو
كومپارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتايىدا بەرگەن «ئازات
رايئون فرونتلىرى ھەققىدە» دىگەن دوكلادى بويىچە ئەيتقاندا،
مانا مۇنداق: دۇشمەن بىلەن چوڭ-كىچىك بولۇپ جەمئى
115مىڭ قېتىم ئۇرۇش بولدى. 960مىڭدىن ئارتۇق دۇشمەن ۋە
قورچاق ئەسكەر قىرىلدى ۋە يارىدار قىلىندى. 280مىڭدىن
ئارتۇق دۇشمەن ۋە قورچاق ئەسكەر ئەسىر ئېلىندى. 100مىڭ-
دىن ئارتۇق قورچاق ئەسكەر ھەقىقەتكە ئۆتتى، ياپون قاراقچى-
لىرى جەمئى بىر مىلليون 360مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چىقىم
تارتتى (ياپونغا قارشى جەنۇبى جۇڭگو كالونىيسى 1934-ژىلدىن
ئېلگىرى يوقاتقان دۇشمەنلەر تىخى بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ).

7يىرىم ژىل ئىچىدە ئاساسەن قولغا ئېلىنغان غنىمەتلەر: تۈر-
لۈك توپ زەمبىرەك 1028؛ پۇلىمىوت 7،700، تۈرلۈك مىلتىق، 430
مىڭدىن ئارتۇق. قولغا ئېلىنغان پوتەيلەر 34مىڭدىن ئارتۇق، ھەربى
پۇنكىتلار 11مىڭدىن ئارتۇق.

خەلىق ئارمىيەسى 1944 ـ ژىلى ئاپرىلدا ياپون قاراقچىلىرى خەنەن ـ خۇنەن ـ گۇاڭشىلاردا ئۇرۇش قوزغاشتىن بۇرۇن جۇڭ ـ گوغا تەجاۋۇز قىلغان ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ 64%تىگە پۇتۇن قور ـ چاق ئەسكەرلەرنىڭ 95%تىگە قارشى تۇردى. خەنەن ـ خۇنەن ـ گۇاڭشى فرونتىدىكى ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپ ياپون تەسلىم بولغىچە جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلغان ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ 56%تىگە قورچاق ئەسكەرلەرنىڭ يەنە 95%تىگە قارشى تۇردى.

بۇ ئۇرۇش مۇۋەپپىقىيەتلىرى ۋە غەنىمەتلەر تامامەن خەلىقنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە قولغا كەلدى.

دىمەك ياپون تەسلىم بولغىچە، ئازات رايونلار بىر مىللىيونغا يېقىن مۇنتىزىم ئەسكەرگە، 2 مىلليون 200 مىڭ كىشىلىك خەلىق ئەترىدىگە شەرقى شىمال، شىمالى جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو، جەنۇبى جۇڭگو ۋە غەربى شىمالدا بولۇپ 19 ئازات رايونغا ـــ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشا ئازات رايونى، سەنشى ـ سۇييۈەن ئازات رايونى، سەنشى ـ ساخار ـ خەبەي ئازات راي ـ ئونى، خەبەي ـ ژەخە ـ لياۋنىڭ ئازات رايونى؛ سەنشى ـ خەبەي ـ خەنەن ئازات رايونى؛ سەندۇڭ ئازات رايونى؛ شىمالى جاڭسۇ ئازات رايونى؛ ئوتتۇرا جاڭسۇ ئازات رايونى؛ جەنۇبى جاڭسۇ ئازات رايونى؛ شىمالى خۇەيخە ئازات رايونى؛ جەنۇبى خۇەيخە ئازات رايونى؛ ئوتتۇرا ئەنخۇي ئازات رايونى؛ شەر ـ قى جەجاڭ ئازات رايونى؛ گۇاڭدۇڭ ئازات رايونى؛جۇڭ ـ

يەن ئازات رايئونى؛ خۇنەن ـ خۇبەى ـ ئەنخۇى ئازات رايئونى
ۋە خەنەن ئازات رايئونىغا ئىگە بولدى. بۇ ئازات رايئونلار-
نىڭ خەلىق نوپۇسى بىر مىللىئونغا يېتىپ باردى. خەلىق قوراللى-
لىق كۈچلىرى جىيىڭدە، بېيىن دىن تارتىپ گۇاڭجۇ، جولۇڭغىچە
بولغان چوڭ شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ بېيىن ـ لياۋنىڭ
تۆمۈر يولىدىن تارتىپ گۇاڭدۇڭ ـ خەنكو، گۇاڭدۇڭ ـ جولۇن
تۆمۈر يوللىرىغىچە بولغان بارلىق تۆمۈر يوللارغا ھۇجۇم قىلىپ،
پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دېڭىز بويلىرىنىڭ زور قىسمىنى ئىدارە ئاستىغا
ئالدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ قايتارما ھۇجۇم
قىلىپ غەلىبە قازىنىدىغان بىردىن ـ بىر ئاساسى كۈچىگە ئايلاندى.

ئازات رايئونلاردا سىياسەت، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جە-
ھەتلىرىدە تۈرلۈك ئىشلارغا مۇۋاپىق رېفورمىلار ۋە قۇرۇلۇشلار
يولغا قويۇلۇپ، ئازات رايئونلار ئۇرۇش شارائىتىدە پارلاق يېڭى
دېموكراتىك جەمئىيەت قۇرۇپ، ياپونغا قارشى بۈيۈك ئۇرۇشنىڭ
غالىبىيىتىنى قولدىدى.

بىرىنچىدىن، سىياسەتتە خەلىق دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇ-
رۇلۇپ، ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپ مۇستەھكەملەندى
ۋە كېڭەيتىلدى؛ ئازات رايئون بەرپا بولغان كۈندىن تارتىپلا
كونا، خەلىققە قارشى ھاكىمىيەت كرەكسىز قىلىنىپ، ياپونغا قار-
شى مىللى بىرلىك سەپلىك خەلىق دېموكراتىك ھاكىمىيەت
قۇرۇلدى، ئاندىنكىيىن ئازات رايئونلاردا دېموكراتىك ئاساسى

قانۇنلۇق سىياسەت ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تۇۋەندىن يۇقۇرىغا ئۇمۇمى رەۋىشتە دېموكراتىك سايلام ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ھەمىشە خەلقنىڭ 80%ـ90%تى سايلامغا قاتنىشىپ يېزىدىن ناھىيە، چېگرا رايون ياكى ئۆلكىگە قەدەر ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە كېڭەش ھەيئەتلىرىنى سايلىدى. ھاكىمىيەتتە «3.3.لىك تۈزۈم» ئىجرا قىلىندى، يەنى ھۆكۈمەتتە كومپارتىيە ئەزالىرى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{3}$ ىنى تەشكىل قىلىدىغاندىن باشقا قالغان $\frac{2}{3}$ سىنى باشقا دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھ ۋە پارتىيە گۇرۇھسىز ئادەملەر ئىگىلىدى. بۇ يەرلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت، يەنى ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپلىك ھاكىمىيەت ئىدى، بۇنىڭ بىلەن ياپونغا قارشى مىللى بىرلىك سەپ مۇستەھكەملەندى ۋە كېڭەيدى. جۇڭگو تۇپرىقىدا پەقەت مۇشۇ ھۆكۈمەتلا بىردىن ـ بىر قانۇنى ھۆكۈمەت ئىدى. چۈنكى ئۇنى ھەقىقەتەن خەلق سايلىغان ئىدى، ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسا، بىر پارتىيە تەرىپىدىن قويۇلغان، خەلقنى ئېزىدىغان ئورگان ئىدى.

ئىككىنچىدىن: ئىقتىسادى جەھەتتە ئىجارە ھەققى ۋە قەرز ئۆسۈمىنى كەمەيتىش ھەرىكىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، زور ئىشلەپچىقىرىش قانات يايدۇرۇلدى. دېھقانلارنى قوزغاپ ئۇلارنى ياپونغا قارشى قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھەمدە پومېشچىكلار بىلەن بىرلىشىپ ياپونغا قارشى

تۇرۇش تۇچۇن ئازات رايونلاردا ئۇمۇمى يۈسۈندا ئىجارە ھەققى ۋە قەرىز ئۆسۈمىنى كامايتىش ئىجارە ھەققى ۋە قەرىز ئۆسۈمىنى بىرىش سىياسىتى ئىجرا قىلىندى. بۇ ئىشلار سايىسىدا دىخانلارنىڭ ياپونغا قارشى پائالىيىتى ژۇقۇرى كوتىرۈلۈپ ئۇلار ئارمىيەگە ۋە خەلق ئەترەتلىرىگە كىردى. ھەرقايسى قاتلام خەلقلىرىمۇ ئىتتىپاقتا كلىپ بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلدى. زور ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئازات رايونلارنىڭ ئۆزۈن مۇددەتكىچە بەرداشلىق بىرەلىشىگە سەۋەپ بولغان ئەڭ مۇھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرسى بولدى. 1939 ـ ژىلى گومىنداڭ 8 ـ ئارمىيە بىلەن يىڭى 4 ـ ئارمىيەنى ئىقتىسادى جەھەتتىن موھاسىرىگە ئالدى، 8 ـ ئارمىيە بىلەن يىڭى 4 ـ ئارمىيە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ئىلىپ بىرىش يولى بىلەن بۇ قىيىنچىلىقنى يەڭدى. 1943 ـ ژىلى ماۋزەيدۇڭ پۈتۈن ئازات رايوندىكى خەلق ۋە ئەسكەرلەرنى زور ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى ئىلىپ بىرىشقا چاقىردى. 1944 ـ ژىلى شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشا چىگارا رايونىنىڭ تىرىلغۇيەرلىرى تۇرۇشنىڭ ئالدىدىكىدىن 97%ئارتتى. 4ژىلدىن بۇيان خەلق 2مىللىئون 600مىڭ مۇيەرئاچتى. 1944 ـ ژىلدىن ھىساپلىساق ئاشلىق مەھسۇلاتى 1937 ـ ژىلغانىسبەتەن 60%ئارتتى. پاختا مەھسۇلاتى 1941 ـ ژىلغانىسبەتەن 4 ھەسسە ئارتتى. شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشا چىگارا رايونىدىكى ئەسكەرلەر باش قوماندان جۇدەنىڭ «يەر ئىچىش سىياسىتى» دىگەن چاقـ

ريغىنى ئورۇنداپ، 80 نەچچە مىڭ دادەن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ
ئوز ئېھتىياجىنىڭ 71%نى تەئمىنلىدى. نەن نىۋەندىكى يەر
ئاچقۇچى قىسمىلار ئوز ئېھتىياجىنى پۈتۈنلەي تەئمىنلىدى ھەمدە
قاقاس چول يەر بولغان نەن نىۋەننى توق «شىمالى شەنشى
جىمەنزارى»غا ئايلاندۇردى. 1944 ـ ژىلدىكى تولۇقسىز ھىسا-
باتلارغا قارىغاندا، ئازات رايونلار تىرىلغۇيەرلىرىنى 2مىلليون
موئار تىۇردى. ئەمگەك ، ئىشلەپچىقىرىش ئازات رايونلاردىكى
ھەر بىركادىر، ھەربىر جەڭچىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى بولۇپ
قالدى. ھەربىر ئادەم ھەر ژىلى ھوكومەتكە بەلگۈلۈك مەھسۇلات
تاپشۇرۇپ خەلىق ئىغىرچىلىقلىرىنى يەڭگىللەتتى. دىخانچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشنى زۇقۇرى كوتۇرۇش ئۇچۇن ھەر قايسى جايلاردا
ماۋزەدۇڭ ئوتتۇرىغا ئاتقان «تەشكىللىنەيلى» دىگەن چاقىرىق
ئىجرا قىلىندى. دىخانلار كەڭ كولەمدە ئەمگەك ھەمكارلىق
گرۇپپىلىرى، لاپقۇتلىشىش گرۇپپىلىرى ۋە كوئوپىراتىفلار تەشكىل
قىلدى. بۇ يىڭى تەخلىتتىكى كوللىكتىۋ ئەمگەك، ئەمگەك ئونۇ-
مىنى زۇقۇرى كوتەردى. بەئزى دىخانلار «ئۇچ ژىل قىلغان
دىخانچىلىقتىن بىر ژىللىق ھوسۇلنى ئاشۇرۇپ ئالىدىغان» ، «بىر
ژىل تىرىسا، بىر ژىللىق ھوسۇلنى ئاشۇرۇپ ئالىدىغان» ھالغا
كەلدى. ئورۇش كەسكىنلەشكەن رايونلاردا ئەمگەك كۇچى بىلەن
ھەربى كۇچ بىرلەشتى. ئاساسى ئارمىيە، يەرلىك قۇراللىق
كۇچلار ۋە خەلىق ئەسكەرلىرى خەلىقنىڭ يەر تىرىپ ئىلىش

ۋە ھۇسۇل ژىغىپ ئېلىش ئىشلىرىنى ھەمىشە قوغدىدى. دىخان-
چىلىقنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن باشقا ئائىلە قول ساناىئىتى ۋە
قول سانائەت كارخانىلىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا يەنە بىر
قەدەم تەرەققى قىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ۋە كوئو-
پىراتىۋ ئىشلىرىمۇ تەرەققى قىلدى.

ئۈچۈنچىدىن، مەدەنىي مائارىپ جەھەتتىمۇ يېڭى دېموكراتىك
رېفورما يولغا قويۇلدى. كۆرەش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە مائارىپ،
ئازات رايونلاردا ئۈچ چوڭ ۋەزىپىگە ئايلاندى. دۈشمەن
ئارقىسىدىكى ئىنقىلابى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش دىغان مەكتەپلەرجا-
پالىق كۆرەش ئىچىدە ئاداقىچە كۆرەش قىلىپ، ئۆز ئىشىنى
ئۈزلۈكسىز داۋام ئەتتۈردى. خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ ئوگۈنۈش
ئىشلىرى ئۇرۇش ئىچىدە بولسىمۇ توختىماي داۋام قىلدى. ئاممىنىڭ
ساۋاد ئېچىش ھەرىكىتى ھەمىشە قىزغىنلىق بىلەن داۋام قىلدى.
قىشلىق مەكتەپ، كەچكى مەكتەپ، ساۋات كۇرسى، قاراتاختا
گرىتى ۋەكىچىك مۇئەللىم تۈزۈملىرى ئومۇمى يوسۇندا يولغا
قويۇلدى. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر خىزمىتىنى توختاتماي
داۋام ئەتتۈردى. ئەدەبىيات سەنئەت خىزمەتچىلىرى ماۋزەيدۇڭ-
نىڭ 1942-ژىلى ئوكتەبردىكى يولىۇرۇقىغا-«يەنگەندىكى ئەدە-
بىيات سەنئەت سۆھبىتىدە سوزلىگەن نۇتقى»غا ئاساسلىنىپ، «ئىش-
چى-دىخان، ئەسكەرلەرگە خىزمەت قىلىش» دىگەن ئەدەبى-
سەنئەت نىشانىسىنى ئىجرا قىلىپ، يېزا، زاۋود، فابرىكا ۋە ئەس-

كەرلەر ئىچىگە چوڭقۇر كىرىپ ئەمگەكچىلەرنىڭ پائالىيىتىنى ئى-
پادىلەيدىغان نۇرغۇن يېڭى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنى
ئىجات قىلدى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 7-قۇرۇلتايى-ئازات
رايونلار كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىۋاتقان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون-
تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان
شۇنداق بىر مەزگىلدە، يەنى 1945-
يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كومپارتىيەسى يەنئەندە مەم-
لىكەتلىك 7-قۇرۇلتايىنى ئاچتى. بۇ، ھازىرقى زامان جۇڭگو
تارىخىدا ئەڭ مۇھىم ۋاقىئەلەرنىڭ بىرسى. بۇ قېتىمقى قۇرۇل-
تاينىڭ ۋەزىپىسى: جۇڭگودا قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئەرپىسى
ئالدىدا تۇرغان بىر چاغدا، مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلا كەل-
تۈرۈپ گومىنداڭنىڭ خاتالاشقان سىياسىتىدىن كېلىپ چىققان
خەۋپلىك ۋەزىيەتنى تۈزۈتۈپ قايتارما ھۇجۇمغا تەييارلىق كۆ-
رۈپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى قەتئىي مەغلۇپ قىلىپ ۋە يوقۇ-
تۇپ، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك بىرلەشكەن ۋە كۈچ-
لۈك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

قۇرۇلتايغا پۈتۈن جۇڭگو كومپارتىيەسىدىكى بىرمىلليون 210
مىڭ ئەزاغا ۋاكالىتەن 544 رەسمىي ۋەكىل، 208 كاندىدات
ۋەكىل قاتناشتى.

قۇرۇلتاي كۈن تەرتىۋىگە 4 ماددە كىرگۈزۈلدى. يەنى:
ماۋزېدۇڭنىڭ سىياسىي دوكلادى، جۇدېنىڭ ھەربىي ئىشلار

توغرىسىدىكى دوكلادى، ليۇشاۋچىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى دوكلادى، مەركىزى كومىتېتنى سايلاش.
جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ داھىيسى ماۋزېدۇڭنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن ماقالىدىكى بۇ سىياسى دوكلادى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي كۈن تەرتىۋىنىڭ مەركىزى مەسىلىسى بولدى.
ماۋزېدۇڭ ئۆز دوكلادىدا نۆۋەتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتى بىلەن ئىچكى ۋەزىيەتنى ئانالىزقىلىپ، پارتىيە ۋە مەملىكەتتىكى خەلقنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غالىبىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ماۋزېدۇڭ بۇ دوكلادتا ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى ئىككى تۈرلۈك يولنى ـ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى ئىزىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا پاسسىپلىق قىلىش يولى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغىنىپ ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ئۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىنى تەپسىلى بايان قىلدى. ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ پۈتۈن يېڭى دېموكراتىزم باسقۇچىدىكى ئومۇمى پروگراممىسىنى ۋە نۆۋەتتىكى كونكرېت پروگراممىسىنى بايان قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ دېموكراتىك پروگراممىسىنى مەملىكەت بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەتئى كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 7 ـ قۇرۇلتاينىڭ ئىككىنچى تارىخى ئالاھىدىلىكى شۇبولدىكى، جۇدې: «ئازاتلىق رايون فرونتلىرى ھەققىدە»

دىگەن دوكلادىدا ماۋزېدۇڭنىڭ ھەربى تەئلىماتىغا ۋە 17 يىل-
لىق قوراللىق كۈرەش تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ خەلىق ھەربى
بولىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى تۈزەپ چىقتى. قۇرۇلتاينىڭ
ئۈچۈنچى تارىخى ئالامىتى شۇ بولدىكى، بۇ قۇرۇلتايدا پارتىي-
ەنىڭ يېڭى نىزامنامىسى تۈزۈلدى. بۇ، پارتىيە ئىچىدىكى تۇر-
مۇشنىڭ ۋە پارتىيە بىلەن خەلىق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتنىڭ ماۋزېدۇڭ نىشانىسىغا ئاساسەن تۈرغۈن ئالغا باسقان-
لىقىنى بىلدۈردى. لىۇشاۋچىنىڭ دوكلادى جۇڭگو كومپارتىيە-
سىنىڭ تەشكىلى يولىنىڭ خۇلاسىسى ۋە رىۋاجلاندۇرۇلىشىدۇر،
قۇرۇلتاينىڭ ئاخىرقى تارىخى ئالامىتى بەلكى ئەڭ مۇھىم تارىخى
ئالامىتى شۇ بولدىكى، بۇ قۇرۇلتايدا ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسى
جۇڭگو كومپارتىيەسى بويىچە پارتىيەنىڭ يېتەكچى مەپكۇرىسى
بولۇدۇ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ قىبلە
نامىسى بولۇدۇ دەپ تونۇلدى.

يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئۇمۇمى پروگراممىسىدا بۇنداق
دەپ بەلگۈلەندى: «جۇڭگو كومپارتىيەسى ماركسىزم-لېنىنىزم نە-
زەرىيەسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابى پراكتىكىسىنىڭ بىرلىشىشىدىن
ھاسىل بولغان مەپكۇرىنى-ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسىنى ئۆزىنىڭ
بارلىق خىزمەتلىرىگە قىبلەنامە قىلىپ ھەرقانداق دوگماتىزم ۋە
ئىمپىرىتسىزم ئەقىملىرىغا قارشى تۇرۇدۇ.» بۇ ئۇمۇم پروگراممىدا
ئاھايىتى ئاددى سوزلەر بىلەن ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسىنىڭ مەز-

مۇنى بايان قىلىندى. جۇڭگو كومپارتىيەسى 24 ژىل ئىچىدە 3 قېتىملىق ئىنقىلابى ئۇرۇشنىڭ، بولۇپمۇ 1935 ـ ژىلى يانىۋاردا پارتىيەنىڭ زۇڭيى مەجلىسىدىن كېيىنكى جۇڭگو ئىنقىلابى كۈرەشلىرىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ موشۇ، مەملىكەت ئەھۋالىغا يۇتۇنلەي مۇۋاپىق كېلىدىغان جۇڭگولاشقان ماركسىزمنى كەشىپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىلى بولغان ماۋزەيدۇڭنى تاپتى. بۇ جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن بۈيۈكلۈكدە تەڭدىشى بولمىغان غالىبىيەتتۇر. ماركسىزمنىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ بەشتىن بىرى ئىچىدە ھەل قىلغۇچ غالىبىيەتكە ئېرىشكەنلىگىنىڭ تارىخى ئالامىتىدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، جۇڭگو كومپارتىيەسى پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى بىردەك تونىغان داھىغا، جۇڭگو خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ھېچ بولۇپ باقمىغان ئۇلۇق داھى ماۋزەيدۇڭغا ئىگە بولدى. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئۆز داھىسىغا ئىگە بولغىنى، پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقىنى يۈزدە ـ يۈز ھەسسە كۈچەيتتى. بۇ، پارتىيەنىڭ پىششىق بىر پارتىيەگە ئايلانغانلىغىنى، غالىپ بولىدىغان پارتىيەگە ئايلانغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ. خەلىق ئۆز داھىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەرگىشىپ ئالغا باسقاندىلا چوقۇم غالىبىيەت قازىنىپ، يۈزلەرچە ژىللاردىن بۇيان سانسىز قەھرىمانلار ئېسسىق قانلىرىنى توكۇپ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان نىشانىغا يېتىپ بارالايدىغانلىغىنى بىلدى. بۇ ئەھۋال خەلىقنىڭ ئازاتلىق ئىرادىسىنى ۋە غالىبىيەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى يۈزدە ـ يۈز كۈچەيتتى، خەلىقنىڭ قۇۋۋىتىنى يۈزدە ـ يۈز ھەسسە

كۆچەيتتى. بۇ مەسىلە، ئاخىردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇلۇق جۇڭگو كومپارتىيەسىنى يوقۇتۇشقا قىلغان تۈرلۈك پەس سۇئىي قەستلىرىنى تار-مار كەلتۈرۈپ، خەلىق ئازاتلىغىنىڭ غالىبىيەت قازىنىشىغا كەپالەت بەردى ۋە بۇ غالىبىيەتنىڭ قولغا كىلىشىنى جاپسانلاشتۇردى. ياپون قاراقچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى ئىتتىپاقداشلىرى ئۈچۈن پەقەتلا ئۆلۈم يولى قالدى.

7- قۇرۇلتايدا ئىپادىلەنگەن پارتىيەنىڭ بۇنداق ئىتتىپاقى، پارتىيە تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىتتىپاق بولدى، 7- قۇرۇلتاي پارتىيە تارىخىدا ئىتتىپاق قۇرۇلتايى ۋە غالىبىيەت قۇرۇلتايى دەپ ئاتالدى.

قۇرۇلتاي ماۋزەدۇڭ باشچىلىغىدىكى يىڭى مەركىزى كومىتىتنى سايلىدى. مەركىزى كومىتىت سىناقتىن ئۆتكەن، تۈرلۈك خىزمەتلەردە تەجرىبىسى بولغان، خەلىق ئىچىدە زور ئىناۋىتى بولغان، قۇرۇلتاينىڭ يولىنى ئىجرا قىلالايدىغان يولداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

5

سوۋىت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە ئۇرۇش ئىلان قىلىشى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم باشلۇچىنىڭ يىتىپ كېلىشى، ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەسلىم بولۇشى

سوۋىت ئىتتىپاقىنىڭ ياپون قاراقچىلىرىغا ئۇ-

رۇش ئىشلان قىلىشى، ماۋزەيدۇڭنىڭ قايتارما هۇجۇم-
ىا چاقىرىشى - ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا فاشىزمدىن
غالىپ كلىديغان ئاساسى كۈچ - سوۋىت قىزىل ئارمىيەسى 1945 -
ژىلى 8 - مايدا برلىنگە بسىپ كىردى، - گىتلر باندىتلىرى
شەرتسىز تەسلىم بولدى. فاشىست تەجاۋۇزچىلىرى - ئىتا -
لىيە ۋە گرمانىيەلەر كەينى - كەينىدىن هالاك بولغاندىن كىيىن،
ياپون فاشىستلىرى هەربى جەهەتتە ياردەمچىسىز ژىتىمسىراپ قال -
دى. ئەمما ئۇ ئۇزىنىڭ تىخى ئاساسەن زىيانغا ئۇچرىمىغان دە -
ڭىز، قۇرۇغلۇق، هاۋائەسكەرلىرىگە تايىنىپ ئەۋۋەل ئۇلۇق ئوكە -
ئاندىكى، ئاندىن كىيىن جۇڭگو قۇرۇغلىقىدىكى (بولۇپمۇ جۇڭ -
گونىڭ شەرقى شىمالىدىكى) پايدىلىق ئستراتگىيك ئورنىنا
يولۇنۇپ ئاخىرغىچە قارشى تۇرۇش قەستىگە چۇشتى.

سوۋىت ئارمىيەسى گرمان قاراقچىلىرىنى هالاك قىلغاندىن
كىيىن، ئىتتىپاقچى دولەت ئەسكەرلىرى جىددى قايتارما هۇ -
جۇم قىلىش ئۇچۇن، ئۇرغۇن مىقتاردا ژىراق شەرققە يوتكەل -
دى. شۇنىڭ بىلەن ياپون قاراقچىلىرى دڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىكى
ئۇرۇش سەپلىرىنى كىچىكلىتىپ، ئەسكىرى كۈچىنى توپلاپ، قايتارما
هۇجۇم قىلىۋاتقان ئىتتىپاقچىلاردىن ئانگلىيە، ئامرىكىلارنىڭ
ئارمىيەسىگە خىليلا قاتتىق قايتارما زەربە بەردى. ئىتتىپاقچىلار -
نىڭ ئارمىيەسى لوخاڭ ئارىلى (ياپونىيەنىڭ شەرقىدىكى ئارال -
لارنىڭ بىرسى)غا هۇجۇم قىلغاندا ياپون ئەسكەرلىرى بىر قايتارما

زەربە بىلەنلا ئامىرىكىنىڭ نەچچە تۈمەن ئەسكىرىنى قىردى، يارىدارقىلدى. ئامىرىكا ئەسكەرلىرى چۇڭ شىڭ ئارىلىغا ھۇجۇم قىلغاندا يەنە ياپون ئەسكەرلىرى قايتارما ھۇجۇم قىلىپ 100 مىڭ-دىن ئارتۇق ئامىرىكا ئەسكىرىنى قىردى ۋە يارىدار قىلدى. ئامىرىكىنىڭ يۈزدىن ئارتۇق ئۇرۇش پاراخودى چۆكۈپ بولدى. روزۋېلىت باشچىلىقىدىكى ئامىرىكا، ئانگلىيە باشلىقلىرى ياپون قاراقچىلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن خېلى ۋاقىتھەم نەچچە يۈزمىڭلىغان ئادەم چىقىم بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئۆتكۈر قوراللىق ئارمىيەسى - گۇەندۇڭ ئارمىيەسىنى تار-مار كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئامىرىكا، ئانگلىيە دۆلەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى 1945-يىلى يانۋاردا يالتىدا مەجلىس ئاچقاندا ئانگلىيە بىلەن ئامىرىكا تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيەنى يەڭگەندىن كېيىن ياپونغا قارشى ئەسكەر چىقارسا ئىكەن دېگەن تەلەپنى قويغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاخىرغىچە ئىجرا قىلىش، ئۇرۇشنى بالدۇرراق توختىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئېغىر-چىلىقىنى ئازايتىش ئۈچۈن گېرمانىيەنى مەغلۇپ قىلىپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ياپونغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ ئۇرۇش قىلىشقا ۋەدە بەرگەن ئىدى. دېگەندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى 8-مايدا گېرمانىيە قاراقچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ 8-ئاۋغۇستتا ياپون قاراق-چىلىرىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ ئۇرۇش باشلىدى.

8 ـ ئاۋغۇستتا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئىستراتېگىك بازىسى بولغان جۇڭگونىڭ شەرقى شىمالىغا 4 تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ناھايىتى تېزسۈرئەت بىلەن بېسىپ كىردى. 10 ـ ئاۋغۇستتا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق دەپ ھېسابلىغان ئىستراتېگىك ئورۇنلىرى ۋە مۇھىم ئىستراتېگىك بازىلىرى تار ـ مار بولدى. مىللىئون ئادەملىك ئوتكۇر گوندۇن ئارمىيەسى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمى ئاستىدا تار ـ مار بولدى.

9 ـ ئاۋغۇستتا ماۋزېدۇڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئومۇمىيۈزلۈك قايتارما ھۇجۇمغا چاقىرىپ ئۇختۇرۇش ئېلان قىلىپ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى بىلەن ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى خېلىلا قىسقىرىدىغان بولدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھازىر ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتا تۇرماقتا، جۇڭگو خەلقىنىڭ بارلىق ياپونغا قارشى كۈچلىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زور قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتىشى لازىم. جۇڭگو خەلقى ئىچكى ئۇرۇش خەۋپىنى دىققەت بىلەن توسۇپ، مىللى دېموكرات بىرلەشمە ھۆكۈمەت قورۇشنى تېزلەشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم ـ دېدى («ياپونغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش» ماۋزېدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرى 3 ـ توم، 2 ـ نەشر 129 بەت).

ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تەسلىم بولۇشى، جۇڭگو

خەلقىنىڭ قايتارما ھۇجۇمىنىڭ غالىبىيەت قازى-
نىشى-جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى
جۇدە 10-ئاۋغۇست كېچىسى بارلىق ئازات رايونلاردىكى ئەس-
كەرلەرگە، ھەممە جايدىكى ياپون ئەسكەرلىرى ۋىسقا مۇددەت
ئىچىدە قورالسىزلاندۇرۇلسۇن، تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرۇشقا
قارشىلىق قىلغۇچىلار بولسا، قەتئىي يوقۇتۇلسۇن-دەپ بۇيرۇق
بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئازات رايوندىكى ئەسكەرلەر قايتارما
ھۇجۇم باشلاپ، ياپون قاراقچىلىرى قولىدىكى شەھەرلەرگە ۋە
قاتناش يوللارغا بىسىپ كىردى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ ياپونىيەنىڭ خارجى مىنىستىرى دوڭ شاڭ
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسىگە ياپونىيە ھۆكۈمى-
تى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇش بۇيرۇغىنى
قوبۇل قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى ئۇختۇرۇشقا باشلىدى. 14-ئاۋ-
غۇستتا ياپون خانى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.
پۈتۈن دۇنيا خەلقى ۋە 8 ژىللىق ئۇرۇش ئازاۋىنى تارتقان جۇڭگو
خەلقى ئۆزىنىڭ بۈيۈك غالىبىيىتىنى ناھايىتى زور قىزغىنلىق ۋە
خوشاللىق بىلەن تەبرىكلىدى.

ياپون قاراقچىلىرى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان
بولسىمۇ ئەمما جۇڭگو خەلق ئارمىيەسىنىڭ تەسلىم بولۇشقا بەر-
گەن بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلماستىن جۇڭگونىڭ ھەر قايسى فرونت-
لىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جاڭ-

كەيشى ۋە قورچاق ھاكىمىيەت بىلەن بىرىولغا كىرىپ ئىلىپ جۇڭگو خەلقىغە ئۇنىڭ قوراللىق كۈچى بولغان خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىگە تەسلىم بولغۇلى ئۇنۇمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەربىر غالىبىيىتى كەسكىن قايتارما ھۇجۇم ئارقىلىق قولغا كەلدى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ يەنئەندىكى باش شتابىنىڭ بىرلەشكەن بۇيرۇغى بىلەن لىن بىياۋ، لوي جىيڭ ساۋ، ۋەن يى، جاڭ شۆەسى قىسىملىرى ۋە خەبەي، ژەخە، لياۋنىڭ چىگارا رايونىدىكى لى يۈن چاڭ قىسمى بېيىن — لياۋنىڭ تومۇر يولىنى بويلاپ شەرقى شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە ۋە شەرقى شىمالدىكى ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەگە ياندىشىپ شەرقى شىمالدىكى قرىنداشلارنى ئازات قىلدى؛ نىيەيۈنجىڭ قىسمى بېيىن — سۈيۈەن تومۇر يولىنىڭ شەرقى قىسمىغا، بېيىن — خەنكۇ تومۇر يولىنىڭ شىمالى قىسمىغا، تەنجىن — پوكۇ تومۇر يولىنىڭ شىمالى قىسمىغا قايتارما ھۇجۇم قىلىپ، ساخار ئۆلكىسىنى ئازات قىلىپ، بېيىن، تيەنجىن، باۋدىڭلەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. خەلوڭ قوماندىسىدىكى ھەربى قىسىملار داتوڭ — پوجۇ تومۇر يولىنىڭ شىمالى قىسمىغا، بېيىن — سۈيۈەن تومۇر يولىنىڭ غەربى قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، سۈيۈەن ۋەشەنشى ئۆلكىلىرىنى ئازات قىلدى. لىيۇبەچىڭ بىلەن دىڭ شاۋپىڭنىڭ قوماندىسىدىكى ھەربى قىسىملار، بېيىن — خەنكۇ تومۇر يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، لوڭخەي تومۇر يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بېسىپ

کیریپ ، خۇاگخە دەرياسى بويىدىكى كەڭ زىمىنلەرنى ئازات
قىلدى. شۇڭ شيۇلارنىڭ قوماندىسىدىكى ھەربى قىسىملار تيەن-
جىن - پۇكۇتومۇر يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، ۋە جىنەن - چىڭداۋ
تومۇر يولىغا ھوجۇم قىلىپ سەندۇڭدىكى 180 ناھىيەدىن يۈز
ناھىيەنى ئازات قىلدى. چېڭ يى، راۋشۇشىلار قوماندىسىدىكى
قىسىملار شاڭخەي نىڭپو، شاڭخەي - خاڭجۇ - نىڭپو جەنۇبى
چاڭ جاڭ، جيەجاڭ - گواڭشى، خۇيخەنىڭ جەنۇبىدىكى تومۇر
يوللارغا ۋە تيەنجىن - پۇكۇتومۇر يولىنىڭ جەنۇبى قىسمىغا، لۇگ-
خەي تومۇر يولىنىڭ شەرقى قىسمىغا قايتارما ھوجۇم قىلدى. يا-
پونغا قارشى جەنۇبى جۇڭگو كالۇنىيىسى گواڭدۇڭ - جۇلۇڭ،
چاۋجۇ - سەنتۇ، تومۇر يوللىرى بويلىرىغا بسىپ كىردى. ئازاتلىق
ئارمىيە كەڭ كولەمدە قايتارما ھوجۇم قىلىپ، كەسكىن ئۇرۇش
قىلىش ئارقىسىدا 11 - ئاۋغۇستتىن 10 - دىكابىرگىچە بولغان ئىككى
ئاي ۋاقىت ئىچىدە، مەملىكەتنىڭ 315،200 كۋادرات كىلومېتر
زىمىنىنى قايتۇرۇپ ئالدى، 18 ميللىيون 717 مىڭ ئاھالىنى ئازات
قىلدى. 196 شەھەرنى قايتۇرۇپ ئالدى. 160 مىڭدىن ئارتۇق
دۈشمەن ۋە قورچاق ئەسكەرنى يوقاتتى. 30 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن
ۋە قورچاق ئەسكەر ھەقىقەتكە قايتتى. شۇندىن باشلاپ، مەملىكەت
بويىچە 150 ميللىيون خەلق ھەقىقى غالىپ دېموكراتىك ئەركىن تۇر
مۇشنى باشلىدى. شەرقى شىمال بىلەن شىمالى جۇڭگودا ئازغىنە
چوڭ شەھەرلەر ئامېرىكا، جاڭكەيشى ياپون ۋە قورچاقلارنىڭ

بىرلەشكەن قۇراللىق ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالغاندىن تاشقىرى نۇر-
غۇن زىمىنلەر خەلىق ئازاتلىق ئارمىيەسى تەرىپىدىن قايتۇرۇپ
ئېلىندى. ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى 3-سېنتەبردە رەسمى رەۋىشتە
شەرتسىز تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا
قارشى ئۇرۇش دەۋرى غەلىبىلىك ھالدا ئاياغلاشتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئامرىكا ئىمپېرىيالىزمى ياردىمى
ئاستىدا، جۇڭگو خەلقى قانلىق كۈرەشلەرنى قىلىپ قولغا كەلتۈر-
گەن غالىبىيەت مېۋىلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەپ ئالماقچى بولۇپ،
دۈشمەن ۋە قورچاق ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ خەلىق ئازات-
لىق ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش قوز-
غاشقا كىرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو خەلقى ياپونغا قارشى
8 ژىللىق ئۇرۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە بۈيۈك 3-قېتىملىق
ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەزگىلىگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى.

6

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلى ھەققىدە ئاخىرقى سوز

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى مۇقەددەس مىللى ئازاتلىق
ئۇرۇشى توپ-توغرى 8 ژىل (1937-ژىلدىن 1945-ژىلغىچە)
داۋام قىلدى. بۇ 8 ژىل جەرىيانىدا ئۇرۇشنىڭ نەقىمى تامامەن

ماۋزەيدۇڭ ئىلگىرى مۇلچەرلىگەن ۋە ئىلگىرى كورسەتكەن يول بىلەن ماڭدى. ئۇ خۇددى ماۋزەيدۇڭ تەھلىل قىلغاندەك 3 باسقۇچقا ئايرىلدى.

ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى، 1937 ـ ژىلى «7 ـ ئىيۇل»دا ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپ، 1938 ـ ژىلى ئۇ- خەن قولدىن كەتكىچە ئىلگىرى كىيىن بولۇپ بىر ژىل 3 ئاي داۋام قىلدى. بۇ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستراتىگىك مۇ- داپىئە باسقۇچىدۇر.

بۇ باسقۇچ جەريانىدا خەلق قوراللىق كۈچلىرى ـ 8 ـ ئار- مىيە يىڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە ياپونغا قارشى جەنۇبى جوڭگو كا- لونىيسى دىگەندەك تەرەققى قىلىپ ئۇلگۇرمىگەنلىگى كەڭ راي- ئونلاردىكى خەلق بىلەن بىرلىشىپ كەتەلمىگەنلىگى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى كوپ بولسىمۇ ئەمما جاڭگەيشى باشچىلى- قىدىكى ژۇقۇرى قاتلام ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىنىڭ خەلققە قارشى يولىنىڭ يەتەكچىلىكى ئاستىدا تىگىشلىك رول ئوينىيالمى- غانلىغى ئارقىسىدا، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا توغ- رى بارلىق فرونتلاردا بىرىنچى قىتىملىق زور چىكىنىش يەئنى بىپىن، تيەنجىن، شاڭخەيدىن تارتىپ ئۇخەنگىچە بولغان چىكىنىش پەيدا بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىستراتىگىك مۇداپىئە جەريا- نىدا ئىلگىرلەشنىڭ پائال ئىلمىنتى رىۋاجلاندى، يەئنى خەلق ئارمىيەسى دۇشمەن ئارقىسىغا بىسىپ كىرىپ خەلق ئاممىسى

بىلەن بىرلىشىپ دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايون فرونتلىرىنى ئاچتى، ياپونغا قارشى مۇستەھكەم دېموكراتىك بازىلارنى قۇردى؛ بۇ ئەھۋال ياپون قاراقچىلىرىنى گۇاڭجو بىلەن ئۇخەننى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن داۋاملىق ئالغا باسالماي، ئەسكەرلىرىنى ئارقىسىغا قايتۇرۇپ، ئارقاسىدىكى ياپونغا قارشى ئەسكەر ۋە خەلققە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى؛ بۇ ئەھۋال ياپون قاراقچىلىرى ئىستراتېگىك ھۇجۇم قىلغان، جۇڭگو رەسمىي فرونتلاردا ئىستراتېگىك مۇداپىئەدە تۇرغان باسقۇچنىڭ ئىككىنچى باسقۇچقا - ئىستراتېگىك تىركىشىش باسقۇچىغا ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولدى.

ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى - ئىستراتېگىك تىركىشىش باسقۇچى 1938 - ژىلى ئوكتەبىردە ئۇخەن قولدىن كەتكەندىن تارتىپ 1945 - ژىلى 8 - ئاۋغۇستتا سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلىغانغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 7 ژىل داۋام قىلدى.

تىركىشىش باسقۇچىدا خەلق ئارمىيەسى جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلغان بارلىق دۈشمەن ۋە قورچاق ئەسكەرلەرنىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىغا قارشى تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئازات رايون فرونتلىرى 8 ژىللىق ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي فرونتى بولدى، ئازات رايون ئەسكەرلىرى 8ژىللىق ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي كۈچى بولدى. تىركىشىش باسقۇچى ئەمەلىيەتتە

ئازات رايئون فرونتلىرىنىڭ دۈشمەنگە قارشى تىركىشىشىدىن ئىبارەت بولدى.

تىركىشىش باسقۇچىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇرۇشنى باسسىقلىق قىلىش، ئۇرۇشنى تاماشا قىلىش، كومپارتىيە ۋە خەلققە ئاكتىپ قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى. 7 ژىل جەرياىدا يالغۇز دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالتىدىن بىرقىسمىغا قارشى تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى دۈشمەن، ئاساسەن توختاپ قالغان دۈشمەن ئىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى 1944 ـ ژىلى دۈشمەنىڭ چوڭراق بىر ھۇجۇم قوزغىشى بىلەنلا ئىككىنچى قېتىم زور كۆلەمدە چېكىندى، يەئنى خەنەن، خۇنەن، گۇاڭشىدىن تارتىپ توپ ـ توغرى گۇيجوۇدىكى دۇسەنگىچە چېكىندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ 7 ژىل جەريانىدا قىلغان مۇھىم خىزمىتى كومپارتىيەگە قارشى ھەر ئىككى ژىلدا بىرقېتىم دولقۇن قوزغاشتىن ئىبارەت بولدى. گومىنداڭ ئىلگىرى ـ كىيىن بولۇپ كومپارتىيەگە قارشى 3 قېتىم (1939 ـ 1941 ـ 1943 ـ ژىللىرى) دولقۇن كوتەردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى دۈشمەن بىلەن بىرلىشىپ تەسلىم بولۇشقا قىلغان ھازىرلىغىنىڭ بىر باسقۇچى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن گېنىراللىرىنى ئۆز قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرى بىلەن دۈشمەنگە تەسلىم قىلدۇرۇپ، قورچاق ئەسكەرلەر نامى بىلەن ياپون قاراقچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئازات رايئونلاردا رەھىمـ

سىز 3 تۇگۇتۇش (كويدۇرۇپ تۇگۇتۇش، قىرىپ تۇگۇتۇش، بۇلاپ تۇگۇتۇش) سىياسىتىنى ژۈرگۈزدى، ئوزى بولسا سىچۈەندىكى گەمىسەن تەغىدا پايدا ئىلىشتا پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى.

ياپون قاراقچىلىرى بارلىق كۈچى بىلەن دۈشمەن ئارقىسىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كىيىن جاڭگەيشى ئەكسىيەتچىلىرى قىزغىنان كومپارتىيەگە قارشى 3 قېتىملىق دولقۇن ۋە جاڭگەيشى ئەكسى-يەتچىلىرىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن 500 – 600 مىڭ قورچاق ئەسكەر-نىڭ ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشى، دۈشمەن ئارقىسىدىكى فرونتلارنى ئومۇمەن ئادەملەر ئەقلىغا كەلتۈرالمايدىغان ئېغىر، قىيىن، ئىچىنىشلىق ئۇرۇش مۇھىتى ئىچىدە قالدۇردى. بۇ ئەھ-ۋال ياپونغا قارشى خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ بالدۇرراق تولۇق تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە توسالغۇ بولۇپ، تىركىشىش باسقۇ-چىنىڭ 7 يىلغا سوزۇلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئەمما دۈشمەن ئارقىسىدىكى ئازات رايون خەلقى ۋە ئەس-كەرلەر ماۋزېدۇڭ باشچىلىغىدىكى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك يىتەكچىلىكى ئاستىدا ئۇرۇش داۋامىدا تاۋلاندى. ئۇ-لار دۈشمەننىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىغا قارشى تۇرۇپلا قالماس-تىن، بەلكى 1943 – يىلى قىسمەن قايتۇرما ھۇجۇم باشلاپ دۈش-مەن ئارقىسىدىكى ئازات رايونلارنى كېڭەيتتى، ئازات رايون-لاردا كۈچلۈك يېڭى دېموكراتىك سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنى- مۇئارىپ قورۇلۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. دۈشمەنلەرنى

شەھەر ۋە قاتناش يولليرى ئەتراپىدىكى تاردائىرە ئىچىگە قىسە-
تاپ بېرىپ مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ ئەھۋال جۇڭگو خەلقىنىڭ
قايتارما ھۇجۇمدا غالىبىيەت قازىنىشىغا ئالدىنقى شەرت ھازىرلاپ بەردى.

1945 - ژىلى 8 - ئاۋغۇستتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قار-
شى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ مۇھىم ئىسترا-
تېگىيىلىك بازىسى بولغان جۇڭگونىڭ شەرقى شىمالىغا ھۇجۇم قىلىد-
شى ئارقىسىدا جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ 3 - باسقۇ-
چى - ئومۇمى يۈزلۈك قايتارما ھۇجۇم باسقۇچى يېتىپ كەلدى.
ياپون قاراقچىلىرى چاپسانلا تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان
بولسىمۇ، ئەمما ئامرىكا ئىمپىرىيالىزمى بىلەن جاڭگەيشى ئەكسى-
يەتچىلىرى گۇروھىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى يالغۇز ئىگىلەپ
ئېلىش سۇيى قەستى ئاستىدا جۇڭگو خەلقىگە تەسلىم بولمىدى.
جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەر بىر غالىبىيىتى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىد-
رى بىلەن قىلغان قايتارما ھۇجۇملىرى بەدىلى بىلەن قولغا كەلد-
دى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەرىد-
يانىدا قايتارما ھۇجۇم باسقۇچىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش توغ-
رى ئەمەس.

جۇڭگو خەلقى ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا ئىككى سەپتە
كۆرەش ئېلىپ باردى: بۇنىڭ بىرسى، جۇڭگو خەلقى چەتتىن
كەلگەن دۈشمەنلەر - ياپونىيە ئىمپىرىيالىزمىغا قارشى ھايات -
ماماتلىق دەۋ ئېلىپ بارغان مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشى، يەنە بىر-

سى، جۇڭگو خەلقىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ياپونغا قارشى لا-گېرىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە ۋە كومپارتىيەگە قارشى قوللانغان يولىغا قارشى، يەئنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزۇدىغان يولىغا قارشى قىلغان ئىنقىلابى كۈرىشى. بۇ ئىككى سەپ-تىكى كۈرەشنىڭ ھەر ئىككىسى ماۋزېدۇڭنىڭ يولىيورۇغى ئاس-تىدا غالىبانە كۈرەش بولۇپ چىقتى. جۇڭگو خەلقى ئاخىرى يا-پونىيە ئىمپېرىيالىزمىنى تار-مار كەلتۈردى، گومىنداڭ ئەكسىيەت-چىلىرى قوزغىغان كومپارتىيەگە قارشى 3 قېتىملىق دولقۇننى چې-كىندۈردى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دۈشمەنگە تەسلىم بو-لۇش سۇيى قەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقى پۈتۈن دۇنيادا سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلى-قىدا فاشىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشنىڭ غالىبىيىتىگە ياردەم بېرىپ ياپونغا قارشى مىللى ئۇرۇشنىڭ بۈيۈك غالىبىيىتىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ غالىبىيەتلەرنى ماۋزېدۇڭنىڭ نامىدىن ئايرىغىلى بولمايدۇ، ماركسىزم-لېنىنىزم-ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسىنىڭ يېتەك-چىلىكىدىن ئايرىغىلى بولمايدۇ. ماۋزېدۇڭ باشقا تارىختا جۇڭگو خەلقىنىڭ غالىبىيەت باغرىغا ئىگە نىلىگى تەكرار-تەكرار ئىسپاتلاندى.

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيە-سىنىڭ ۋە خەلق ئازاتلىق رايونلىرىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى تەرەققىياتى ۋە غالىبىيىتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ 3-قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى تەرەققىياتى ۋە

غالىبىيىتىنى بەلگۈلىدى . غالىبىيەتنىڭ شەرىپى ئەبىدى رەۋىشتە خەلىققە مەنسۇپ بولۇدۇ! جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنپىئىتىگە ۋەكىلىلىك قىلىدىغان جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيەسى-جۇڭگو كومپارتىيەسىگە مەنسۇپ بولۇدۇ! پارتىيە ۋە خەلىقنىڭ داھىيسى ماۋزەيدۇڭغا مەنسۇپ بولۇدۇ!

تۈزۈتۈلگەن 11 - نەشرى ھەققىدە تۈگەنچى سوز

بۇ كىتاپ 1950 - ژىلى مارتتا نەشر قىلىنغاندا «كىرىش سوز»دە : بۇ كىتاپ پىششىق ئىشلەنمەستىنلا ئىشلان قىلىندى. بۇنى بىر تەرەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە دەرسلىك قىلىش ۋە ئۇمۇمەن كادىرلارغا ئوقۇش كىتاۋى قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن موشۇنىڭ بىلەن يولداشلاردىن پىكىر ئېلىش مەقسىدى بىلەن نەشر قىلدۇق - دىيىلگەن ئىدى. نەشر قىلىنغاندىن كىيىنكى ئىككى يېرىم ژىل جەريانىدا نۇرغۇن يولداشلارنىڭ تۈزۈتۈش ھەققىدە پىكىر بەرگەن خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم؛ بەئزى يولداشلارنىڭ بۇ كىتاپنى تۈزۈتۈش ھەققىدە گىزىت ، ژۇرناللارغا يازغان پىكىرلىرىنى كوردۇم. بۇ تۈزۈتۈش ۋە پىكىرلەرگە ناھايىتى چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. بۇ پىكىرلەر، كىتاۋىمىزنىڭ ئاستىلاپ، خاتالىقلارنى ئازايتىپ توغرىلىنىشىغا ياردەم بىرىدۇ. بولۇپمۇ 1951 - ژىلى ماۋزەيدۇڭ سايلانما ئەسەرلىرىنىڭ 1 - 2 - توملىرى نەشر قىلىنىپ يولداش خۇچياۋ مۇنىڭ

«جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 30 ژىللىغى» دىگەن كىتاۋى ئىشلان قىلىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈتۈشكە تەخمىنەن ئوبدان ئاساس بولۇپ بەردى. ئىككى يېرىم ژىلدىن بۇيان بۇ كىتابنى 3 قىتىمدىن كۆپرەك (يەئنى 1 ـ قىتىم 1950 ـ ژىلى سىنتەبردە بېجىندە 4 ـ قىتىم نەشر قىلىنغاندا، يەنە بىر قىتىم 1951 ـ ژىلى ئوكتەبردە بېجىندە 8 ـ قىتىم نەشر قىلىنغاندا ۋە ئەمدى بۇ نۆۋەت بېجىندە 11 ـ قىتىم نەشر قىلىنغاندا) تۈزەتتۈك. بۇ كىتاپ يېزىلىش ۋاقتىدا يېتەرلىك تەتقىق قىلمىغانلىق ۋە ئاساسلانغان ماتىرىئاللار دىگەندەك توغرى بولمىغانلىق سەۋەبلىك نەشر قىلىش ئالدىدا نۇرغۇن يولداشلار ياردەم قىلغان ۋە تۈزەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە نۇرغۇن كەمچىلىكلەر بولۇشى مۇمكۈن. بولۇپمۇ بەئزى ژىل، ئاي، كۈنلىرى، سان، ئادەم ۋە يەر ئىسىملىرىدە كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار بولۇشى مۇمكۈن. بۇ ھەقتە ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزۈر سورايمەن. بۇ قىتىم تۈزۈتۈشتە يەنە نۇرغۇن يولداشلار بولۇپمۇ «خەلق نەشرىياتى»دىكى يولداشلار ياردەملەشتى ۋە تۈزۈتۈشتى. بۇ قىتىم تۈزەتكەندىن كىيىن ئىلگىرىكىگە نىسبەتەن خېلى تولۇقلانغان بولسىمۇ، ئەمما مىنىڭچە كەمچىلىك، خاتالىق ۋە تولۇقسىز جايلار يەنە يوق ئەمەس. يولداشلارنىڭ داۋاملىق تۈزۈتۈشىنى سەمىمىيەت بىلەن ئۆتۈنىمەن.

خۇخۇا

1952 ـ ژىلى 25 ـ ئاۋغۇست. بېجىن

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "MTIxMjgzMzguemlw",
  "filename_decoded": "12128338.zip",
  "filesize": 28569612,
  "md5": "f409c81f03232e435ef7af8491f27910",
  "header_md5": "ad950aeeec6fd6f0485099643db80aa5",
  "sha1": "613393d345e64b6d5c259fd3c4160dd8ea810fd3",
  "sha256": "514968dd2ff01cdddd9e487ce1b96042f574fb1b6523cd2e37ed97e77d569632",
  "crc32": 1364121758,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 29256455,
  "pdg_dir_name": "",
  "pdg_main_pages_found": 527,
  "pdg_main_pages_max": 527,
  "total_pages": 538,
  "total_pixels": 426921348,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}